# مۇھاجىرەتتىكى ئويلار

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

دۇنيا شەرقىي تۈركىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى

ھېيتاخۇن مەتمىن

# مۇھاجىرەتتىكى ئويلار

دۇنيا شەرقىي تۈركىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى
DÜNYA D.TÜRKİSTAN YAZARLAR DERNEĞİ
WORLD EASTERN TURKESTAN WRITERS ASSOCIATION

# مۇھاجىرەتتىكى ئۇيلار

ئاپتورى: ھېيتاخۇن مەمتىمىن

مۇھەررىر: ئابدۇرېھىم پاراچ

2025 - يىلى يانۋار، بىرىنچى نەشرى

ISBN: 978-1-959397-72-4

دۇنيا شەرقىي تۈركىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 11
سۆيگەن كىشىنى ئەسلەش بىدئەت ئەمەس ........ 13
كۈنىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ........ 15
توغرا چۈشىنىڭلار! ........ 16
ئويلاپ باققۇلۇق! ........ 18
يازمىلىرىمىغا خاتا تەبىر بەرمىگەن بولساڭلار ........ 19
رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ........ 20
بىز ھېلىھەم دىنى ئەسەبىي كۈچ ئوخشايمىز؟ ........ 22
تۆنۈگۈن «لېنىنچى» ئىدى، بۈگۈن «غەرپچى» بولدى ........ 24
ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ........ 25
بىلىشتىن ئاۋال ئاڭ مۇھىم ........ 27
رەسۇلۇللاھنىڭ يادرولۇق سۈننەتلىرى ........ 29
لۇت قوۋمىنىڭ قىلىقى ........ 30
رەسۇلۇللاھنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە ........ 33
قۇرئان پۇلاڭلاتسا چوڭ ئىشمۇ؟ ........ 37
ئۆزىمىزنى ئەمەس، دىنىنى ئىسلاھ قىلامدۇق؟ ........ 38
بىزدە سىپايە سۆزلەرمۇ، مىننەتدارلىق تۇيغۇسىمۇ بەك كەملەپ كېتىپتۇ ........ 39
بەش ۋاقىت ناماز غەرىبتىمۇ پەرز ........ 42
ئارىمىزدا ئۇيغۇر «شاگشۈجۈنلەر» يوقتۇر - ھە؟ ........ 45
ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن ........ 46
دەۋرنىڭ روھىغا ماس قۇراللىنىش ........ 47
خىتاي جىنى ........ 48

قۇرئاننى چۈشىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەك 49
خىتايلار چەت ئەللەردە نېمىشقا بۇتخانا سېلىشقا ھېرىسمەن؟ 50
غەربلىك ئەمەسلەر كۆزىمىزگە غېرىپ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ 52
خىتاينىڭ خېمىيەلىك تېتىتقۇلىرى ھالال ۋە پاكىزمۇ؟ 54
«ئىت ئۇرغۇچىسىغا ئامراق» دېگەن گەپ راستتەك قىلىدۇ 56
ئاللاھ تەئالا كىملەرنى سۆيىدۇ، كىملەرنىڭ يېنىدا؟ 58
بىزنىڭ قۇربان ھېيتىمىز تۈگىدى، ئۇلارنىڭ يۇھاننۇس بايرىمى باشلاندى 59
بىز مۆمىنلەرنىڭ ھەرۋاقىت قىلىدىغان دۇئايىمىز 61
مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان ئىشلار 63
بىزگە مەرەزدەك يېپىشىۋالغان خىتاينىڭ ئايتوقىچى 65
كوكاكولاغا دەلىل بار، ئايتوقاچقا دەلىل يوقمىكىنا؟! 67
ھاجىمنىڭ خىلى بولغاندەك، ساقالنىڭمۇ تۈرى بار، جۇمۇ! 69
بۈگۈنكى دۇئا ـ تىلىكىم 70
بىزنىڭ يۇرتتىكى ئۇ ئۆلىما ... 71
ھەركىم بىر ئىش بىلەن ئاۋارە 72
ۋىجدان ۋە ئادىمىيلىك يوقالسا، شەرىئەتتىن دەلىل تاپالمايسىز 73
ھەركىم «ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى» نى ئۆزمەيلىچە ئۆزگەرتمىگەي! 74
ئىككى تۈرلۈك كىشىدە بىزگە ياخشىلىق يوق 75
يۈزيىللىق ئامانەت كۆرگەزمىسىدىكى ئەسىر لاگېرلىرى 76
ئەزىز قارىنىڭ كىتاب كاتولوگى باشقا ئەزىزلەرگىمۇ ئىلھام بولغۇسى! 77
قاچان، قەيەردە قەبزى روھ بولىدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلەلمەيمىز 79
تۇتۇلۇش باھانە، ھۇجۇم شاھانە 80
مېھرى ـ مۇھەببەت 82
شەيتاننىڭ يېڭى تەشۋىقاتىغا ئىدىيەۋى تەييارلىقىمىز بولسۇن! 83
ئايەت ۋە ھەدىسنى تۈزۈمگە خىلاپ ئىشلارغا دەلىل قىلماسلىق كېرەك 84

بىر قىزىلپاچاققا رەددىيە ........ 86
بېرلىن كۈتۈپخانىسىدىكى توپا بېسىپ كەتكەن ئۇيغۇرچە كىتابلار ........ 88
قۇربان ھېيتتا نېمىنى بوغۇزلايمىز؟ ........ 89
قۇرئاننى قولىغا ئالسىلا ھىدايەتكە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟ ........ 92
مەسىلىگە ئىجابى تەرەپتىن قاراشنى ئۆگۈنۈشمۇ پەزىلەتكە ياتىدۇ ........ 95
قۇرئان كەرىمنى ئوڭ چۈشۈنۈش ئۈچۈن ئوڭ تۇتۇش كېرەك ........ 97
قىزىل گالاستۇقلۇق دوستۇم، قورقما! ........ 98
خورازنى ئۆلتۈرىۋېتەمدۇق ياكى ناچار ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتەمدۇق؟ ........ 99
دولقۇن ئەيسانىڭ ئورنىغا قايسىڭلار نامزات؟ ........ 101
كىمنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتىمىز؟ ........ 103
سالاغا كەتكەن قېرىنداشلىرىمغا ........ 104
تۇنجى تاشنى گۇناھسىز بىرى ئاتسۇن! ........ 106
خىتاي دۆلىتى بۇتىڭىزغا ئايلىنىپ قالمىسۇن؟ ........ 109
بىز نېمىدىن ھۇزۇرلىنىپ، نېمىدىن سەسكىنىمىز؟ ........ 111
«مىيۇنخىن ئۇچرىشىشى» ھەققىدە ئىككى كالام ........ 112
دىندا ھەددىدىن ئېشىش ........ 114
ئۇۋال قىلماسلىق ........ 116
«پىرقەتۇنناجىيە» نى قانچىڭلار ئەسلىيەلەيسىلەر؟ ........ 119
شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ........ 121
مەسچىتكە سىياسەت كىرسە ئىبادەت چىقىپ كېتىدۇ ........ 122
خىتايپۇرۇشلار بىزدىن قاچسۇن، بىز ئاللاھ تەرەپكە قاچايلى! ........ 124
ئىنكارچىلار ئاخىرى نەگە بېرىپ توختىماقچى ؟ ........ 125
ئادالەتتە چىڭ تۇرۇشمۇ ئاللاھنىڭ تەلىۋى ........ 126
ئۆلۈمدىن قاچالمايمىز ........ 127
جاھىلىيەتتىن قالغان «ئۇلۇغ مىللەت» چۈشەنچىسى ........ 128
ئىككى ئوخشاشلىق ........ 129
ئىنسان نېمىشقا ئۆز قۇسۇرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؟ ........ 130
ئۆلۈككە تەزىيە بىلدۈرگىلىمۇ قويمامسىلەر؟ ........ 131
ئۆزىنى ئىنقىلابچى دەيدىغانلار بىر ئوقۇپ باققاي! ........ 133

چەت ئەلدىكى ئىمكانىيەتنىڭمۇ قىيامەتتە سورىقى بار 134
جەننەتتىنمۇ ئۇلۇغ مۇكاپات قايسى، بىلەمسىز؟ 135
ئىشغالچىلارنىڭ تارىخ يېزىش مەنتىقىسى ئوخشاش 136
بىزنىڭكىلەرمۇ رەينا ۋە موسكۋادا بولغان ھۇجۇمدىن ئىبرەت
ئالغاي! 138
تىل، دىل، كۆز ۋە قۇلاقنىڭمۇ جاۋابكارلىقى بار 140
ئەيسا ئەلەيھىسسالاممۇ ۋاپات بولغان 141
غەربتە ياشاشمۇ بىر نېمەتكەن 144
رەسۇلۇللاھنىڭ مەھشەر كۈنىدىكى شىكايىتىنى بىلەمسىز؟ 145
رامىزاندا كىملەرنىڭ شەيتىنى باغلانغان بولىدۇ؟ 146
مېنى سۆيۈندۈرگەن دۇئا 148
«ئايدىنلىق» قا ئىشەنگەنلەر ئۇيغۇرنىڭ ئاھىغا قالىدۇ 150
باشقا مىللەت ئۈچۈن قۇربان بولۇش، شېھىت بولۇش 151
كاناداغا ئادەم تاللاش ۋە شاللاش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم 152
ئىنكارچىلىق كېسەللىكى ھەققىدە 155
فىنلاندىيە ئۇيغۇرلىرى ھامان بىر كۈنى «ئىست» دەپ قالىدۇ 157
ھەمىشە خاتانىڭ يېنىدا نامىمىز چىقسۇنمۇ؟ 159
يولداشلار، بىزدىن قورقماڭلار! 160
ۋەتەنگە كىمنىڭ بارغۇسى يوق؟ 162
ئەنسىرەيمەن! 163
پەرھاتكامىنىڭ پىلانى يەردە قالمىغاي! 164
ئۇيغۇر ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى 166
مۇھاجىرەتتىكى ئۆلىمالىرىمىزغا سەمىمىي تەكلىۋىم 171
داۋاغا ئىگە چىققانغا ئىگە چىققۇلۇق! 173
ماڭا نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلىدىنمۇ قەدىرلىك 174
ئۆزىنى بېغىشلاش روھى 175
دىللىرى ۋە تىللىرى نېمانچە ئوخشاش؟ 176
ھازىر بىزگە قانداق زىيالىلار كېرەك؟ 178
ئەۋلىيا، ئەزىز، دېئىست ۋە ئاتېئىست 180

مېنى ھەيران قالدۇرغان تۇراقسىزلىق ..... 181
«تىيانشان» قارىغايلىرىنىڭ يىلتىزى بىر تۇتاش ..... 182
ئوگچى، سولچى يوقمۇ؟ ..... 183
مۇستەملىكىدە قېلىشنى ئاللاھ پۈتۈۋەتكەن ئەمەس ..... 184
ھەر ئىنسان ئىسلام فىترىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ ..... 186
خىتايچە زېھنىيەتلىك دۇنيا قاراش ..... 188
جەننەت، ئاخىرەت، نۇبۇۋۋەت چاقچاق تېمىسى قىلىدىغان
ئاددىي ئۇقۇملار ئەمەس ..... 189
كاشكى، خىتاينىڭ قۇرئان كۆيدۈرگىنىگە قارشىمۇ نامايىشلار
بولغان بولسا! ..... 190
گۇناھسىز كىم بار؟ ..... 191
مۇنداق گەپلەرنى تاشلىۋېتەيلى ..... 194
قۇش بىلەن دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى ..... 195
ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلىدىنمۇ باي ..... 196
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىمىز پىت بازىرىغا چۈشۈپ قالمىغاي! ..... 198
قۇرئان كەرىمنىڭ يېڭىچە تەرجىمىلىرى ھەققىدە ئىككى كەلىمە ..... 200
يەھۇدىيغا قارشى تۇرغان يەھۇدىيلار ..... 203
نيويوركتا قويمىچى تاكسىچىغا يولۇقتۇم ..... 207
نيويورۇكقا تۇنجى كېلىشىمدە يولۇققانلىرىم ..... 209
غەربتىكى يېڭى خىرس — نەشكەشلىك ..... 212
تۇرمىدىكى ئۇستازىم توغرا دەپتىكەن ..... 214
ۋەتەننى مۇستەملىكىچىگە تارتتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئىككى خىل
شەرھى ..... 217
ئۆلىمانىڭ قىلمايدىغان ئىشى ۋە كېيىنىنمۇ ئويلاش ..... 220
سايلامدىن كېيىنگىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويغان ياخشى ..... 221
مۇھەممەد تۇرسۇن ئۇيغۇرنىڭ ئىككى كىتاۋى ..... 222
روزا ھېيت خۇتبىسى ..... 225
رەھمانى ئەقىل ۋە شەيتانى ئەقىل ..... 229
سەن نېمىلىشىپ كەتتىڭ؟ ..... 230

كىتاب ئامبىرى توربەتلىرىمىزگە ئىگە چىقايلى 232
خۇش كەلدىڭ ئەي قۇرئان ئېيى — شەھرى رامىزان 234
تېرمىنلىرىمىزغا دىققەت قىلايلى! 236
كىملەرگە بەكرەك ئېچىنىمىز؟ 238
خاسلىققا ھۆرمەت قىلىشمۇ پەزىلەت 239
شەيتانلار رامىزاندىمۇ باغلانماپتۇ دېمەڭلار! 241
چەت ئەلدە ئۇيغۇرلۇقنى كىملەر ساقلاپ قالىدۇ؟ 244
«نېمە ئىدىم» ئەمەس، «نېمە بولۇپ قالارمەن» دەپ ئەندىشە قىلىش كېرەك 246
تايلاند تۈرمىسى ۋە سۇرىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا سەمىمىي تەكلىپ 248
گوللاندىيە خاتا قىلمىدىمۇ؟ 251
ئاللاھ تائالانى ئەستە چىڭ ساقلاش 252
ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ئۆزگەرمەس كېسىلى 253
ماركسىزم مۇھەببەتنى قەلبىگە سىڭىپ كەتكەنلەر 254
نورۇزنى ئاتالمىش «شىنجاڭچىلار» غا تاشلاپ قويمايلى! 257
خىتاينىڭ قارا قولى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرچە كىتابلاردا 259
ئۇيغۇرنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن «ئۇلۇبەقىيە» لەر بىلەن ئىسلاھاتچىلار كېرەك! 261
بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇلغان 263
ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قۇرۇق گەپلەر 264
«چاۋنى چىتقا يېيىش» ھەققىدە دىنىمىز نېمە دەيدۇ؟ 265
ماڭا كۆرۈنمەس بولۇپ قالغانلار 267
خىتاي ياكى خىتايپۇرۇشلار بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇۋاتقانلار ھەققىدە ئاللاھ نېمە دەيدۇ؟ 268
بىزگە نېمە بولغاندۇ؟ 269
ئۇنىڭ روجىستىۋا بايرىمى ئۆزىگە، مېنىڭ قۇربان ھېيتىممۇ ئۆزۈمگە 271

ياۋروپادا ئىلتىجا تەلىۋىڭىز رەت قىلىنسا قانداق قىلىسىز؟ ..... 275

ئەلۋىدا 2022 ! خوشكەلدىڭ 2023 ! ..... 277

گەپنى قاراتمىلىقىدىن بۇرىۋېتىش ..... 281

بەلەد سۇرىسىدىكى دەۋان نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ..... 284

داشقال پىكىرلەر يېڭىلانسۇن! ..... 287

چاقنىغان يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىمىزدىن ئىزدەيلى! ..... 289

مەمەت رىزا پاشا ۋاپاتىنىڭ 12- يىلىدا ..... 290

بۇ ئۇرۇشمۇ بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ئەمەس ..... 293

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئەھمىيىتى ..... 294

ئاللاھسىز ۋە كىتاپسىز خىتاي قانداق ئۇيغۇرنى ياقتۇرىدۇ؟ ..... 296

ئىسلام دىنىغا يېپىشىشىمىزنىڭ سەۋەبى ..... 298

ئېنتېگراسىيون ۋە ئاسسىمىلياتسىيون ..... 300

خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان مالىم چىققان يەردە خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان قارىم چىقماسمۇ؟ ..... 302

دىنى ئاتالغۇدا «زۇلۇم» ئۇقۇمى ..... 304

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ئېغىر گۇناھلىقى ھەققىدە ..... 306

سىز شەرقىي تۈركىستانلىقمۇ ياكى خىتايمۇ؟ ..... 309

خاتا تەبىر بېرىلىپ كېلىنگەن ئايەت — «ئۇلارنى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار» ..... 311

بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا سىلەر نېمە ئويلايسىلەر؟ ..... 316

ۋالۋۇل ئاتالغۇلار بىزنى ئازدۇرۇپ كەتمىگەي! ..... 318

مىنى قايتىدىن ئويلاندۇرغان 31 يىل ئىلگىرىكى سۆز ..... 320

ئېچىنىمەن ..... 322

«كۈن فەيەكۈن» ئايىتىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ..... 323

مۆئمىن ئۈچۈن ئەرەبلەر ئۇلۇغمۇ؟ ..... 325

ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن دۇرۇس بول ..... 328

ئامېرىكا ئۇيغۇرنى راستىنلا قوللاپ كۈشكۈرتۈۋاتامدۇ؟ ..... 329

دۇئا قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە قائىدىسى ..... 331

كۆرەشتىن قاچقان نەپسلەرگە ئىككى كەلىمە خىتاپ ..... 333

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار ........ 334
«لا اله الا الله محمد رسول الله» نىڭ زاغرا تىلدىكى يەشمىسى ........ 335
قەدىر كېچىسى ........ 339
رەسۇلۇللاھنى ياراتمىغان ئۈچ كىشىلىك گورۇھنىڭ ئىبرەتلىك ھېكايىسى ........ 341
نىيەتنى رۇسلاش ........ 343
ئىچىمىزدىكى خىتاي قورقۇنچىسىنى پاچاقلاپ تاشلايلى! ........ 345
دىنىنى مىللىيلەشتۈرۈشنىڭ خەتىرى ........ 347
رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ئەبۇجەھىلى بار يەردە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئەبۇجەھىللىرى بولمامتى؟ ........ 349
ھەممىمىز ئوخشاش كېمىدە ........ 351
ئاۋۋال نىيەتنى ئوڭشاش كېرەك ........ 353
پان ئىسلام ۋە پان تۈركىزم ئەيىبنامىسىنىڭ پاتېنتى خىتاي ۋە رۇسقا تەۋە ........ 354
دىن ۋە دىندارلىق دېگەن نېمە؟ ........ 356
ئىستىقلال مارشى ........ 359
دۆڭۋاغ مەدرىسى ........ 360
باشقىلار ئۇلۇغ بىلگەن نەرسىگە تىل تەگكۈزمەسلىك ........ 362
بىز ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ ياكى بەندىچىلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ ........ 363
كۈچلۈك بولۇش پەزىلەتتۇر ........ 365
ئاكتىپ ئېنېرگىيەمۇ دېدىڭىز؟ ........ 366
قەلەم ئارقىلىق گۇناھ ئۆتكۈزۈش ........ 367
ئۇيغۇرنىڭ كۆز يېشى رومانلىشىپتۇ ........ 369
قۇرۇش مۇھىم ئەمەس، گەپ ئۇنى ماڭدۇرۇشتا ........ 371
«شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مېتاۋەرسەدە» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاشقا تەقەززامەن ........ 372
يىغلىما بالام، ۋاڭجىن يەۋەتمىسۇن! ........ 374
ھەر ئىشنى ئەھلىگە تاپشۇرۇش كېرەك! ........ 376

ئاۋۋال ۋاكسىنا ئەملىتىڭ، ئاندىن تەۋەككۇل قىلىڭ 378
ئابلەت مەخسۇمنىڭ ئۈزۈم پەتىۋاسى 380
مىھىر-مۇھەببەت 383
خىتاي پانۇسى ئاستىدا قۇرئان ئوقۇش 385
سىموۋۇلنى ئاددى چاغلىماڭ 387
ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمنىڭ سىرلىق ۋاپاتىنىڭ 5- يىلى 389
ھەركىم ئۆزىگە ياراشقىنىنى قىلسۇن! 392
نېمە ئۈچۈن ھەجدە جېدەل قىلماسلىق تەكىتلىگەن؟ 394
قەبىلىۋازلىقتىن پايدىلىنىپ پارچىلاپ يوقىتىش ھېيلىسى 396
ئۇيغۇرنىڭ پىسخىك ئانالىزى 398
ئىنكارچىلىق تەكپىرچىلىكنىڭ يېڭى ۋاريانتىمۇ؟ 400
«شىئەۋىن» نىڭ زۇلمى پىرئەۋنىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى 403
ياۋروپادىكى ئىندىجىنس پىپىل- ساملار 407
خىتاينىڭ تۈگىمەس ۋەسۋەسىسى 411
بىكار تەلەت جامائەتتىن دەشنام ئىشىتكەن ئىمامغا ئاللاھتىن
سەۋر-تاقەت تىلەيمەن 413
گەپنى كونتېكسىدىن بۇرۇۋېتىش ۋە يالغانغا قولاق سېلىش 415
خاتا يەرگە ئىشلىتىپ كېلىنگەن «تەۋەككۇل» سۆزى 418
توردا «ھۇمەزە» ۋە «لۇمەزە» لىك قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر 423
ئۆز گەپ قىلىش مۆمىنلەرنىڭ، سەت گەپ قىلىش
مۇناپىقلارنىڭ خىسلىتى 425
سەلمان رۇشتىنى باغرىغا باسقانلار گوللاندىيەلىك لالەگۈلنىمۇ
باغرىغا باسقان 427
بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈش — پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرۈش 429
ياۋروپا ھەققىدە ئىككى شىڭگىل قاڭسىق گەپ 431
توۋا دېمىسە! 434
ياۋروپا، تۈركىيە ۋە مەككە-مەدىنىمۇ ئاللاھنىڭ 436

# كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچىدا نەچچە يىلدىن بۇيان بىر قىسىم ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرى ۋە فېيسبۇك سۇپىسىدا ئېلان قىلىپ كەلگەن قىسقا يازمىلىرىم يەر ئالغان بولۇپ، مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خوتەندە ئىرادە ۋە جاسارەتنى، شۇنداقلا توغرىنى دادىل توغرا، خاتانى دادىل خاتا دېيەلەيدىغان روھنى «بىينى بىي دەيتمىز» دەپ ئىپادىلەيتتۇق. كىتابنىڭ ئىسمىنى شۇنداق قويۇپ بولۇپ تەكشۈرۈپ باقسام مەزكۇر نامدا يېزىلغان بىر باشقا كىتاب بار ئىكەن، مېنىڭ يازمىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى تەنقىدى ھەم شۇنداقلا ھەق دەپ بىلگەن نۇقتىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۇھاجىرەتتىكى ئويلىرىم بولغاچقا «مۇھاجىرەتتىكى ئويلار» نامىدا قايتىدىن رەتلەپ كىتابلاشتۇردۇم ۋە ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى كەڭ خەلقىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. ۋەتەندىن ئايرىلغىنىمغا ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۆز تىلىم بولغان ئۇيغۇر تىلىدىن زىنھار ئايرىلغۇم كەلمىدى. كەمىنە (مەن) ياۋۇز دۈشمەنىڭ سەۋەبىدىن ۋەتەن ئىچىدە مىللىتىم بىلەن بىر جامائەت بولۇپ ياشاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان بولسامۇ، ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستانغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىمنى ئىچىمدە ياشىتىپ كەلدىم. بۇ يازمىلىرىم شۇنىڭ تىرىك شاھىتى.

ھېس-تۇيغۇلىرىم، چۈشەنچىلىرىم ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «خاتا» دەپ قارىغان مەسىلىلەرگە بولغان مەيدانىمنى ئېنىق ئىپادىلەش يۈزىسىدىن «كۈندىلىك خاتىرە» دېيىشكىمۇ بولىدىغان قىسقا يازمىلىرىمنى تور يۈزىدە پات-پات ئېلان قىلىپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلى خىرىسقا دۇچ كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرچە يېزىش، كىتاب چىقىرىش قاتارلىق قەلەمكەشلىك ئىشلىرىنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە شەرەپلىك ئىش دەپ قارايمەن. بۇ كىتابچە ھېچبولمىسا كەلگۈسىگە يالداما بولۇپ قالغۇسى!

پەقەت مېنىڭ شەخسى كۆز-قاراشلىرىم ۋە يولۇققان مەسىلىلەرگە

بولغان ئىنكاسلىرىم ئەكس ئەتكەن بۇ يازمىلىرىمدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق كەمچىلىك، ھەتتا خاتالىقلارنى سادىر قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ھېيتاخۇن مەمتىمىن

*فىنلاندىيە-خېلسىنكى، 2024-يىلى 12-ئاينىڭ 11-كۈنى*

# سۈيگەن كىشىنى ئەسلەش بىدئەت ئەمەس

بىدئەت دېگەن نېمە؟

بىدئەت، دىندا يېڭى ئىبادەت شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: پەرز نامازنى ئۆز مەيلىچە «ئالتە ۋاقىت» ياكى «ئۈچ ۋاقىت» قىلىپ بېكىتىشكە ئوخشاش. ھازىرچە بەزىلەرنىڭ «قۇرئاندا ‹ئېشەك گۆشى ھارام› دېيىلمىگەندىكىن، ئېشەك گۆشى ھالالدۇر» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە بەرمەي تۇرايلى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ ۋە قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىك تەرەپلىرىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىش كېلىش، خاتىرىلەش، ياد ئېتىش ئىنسانىيەتتىكە ئورتاق بىر ئەنئەنە. ھەرقانداق بىر كىشى ياقتۇرمايدىغان ئادەملەرنى ئەسلەشنى ئەمەس، ھەتتا ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنىمۇ خالىمايدۇ. جۈملىدىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋلىد كۈنىدە ئەھلى ئىماننىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ «مەۋلىدى شېرىپ» ئوقۇشى، دۇرۇت ئوقۇشى ۋە رەسۇلىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنىڭ ئەسلىنىشىدىن پۇتاق چىقىرىپ يۈرگۈچە، شۇ سورۇنغا بېرىش ئىمكانىيىتى بارلار قاتنىشىپ، بەھىر ئالغىنى ئەۋزەل.

ئىنگلىزلار ئوسمانىيە خىلاپىتىنى يىقىتىش كۆرىشىدە مۇھەممەد بىننى ئابدۇلۋاھاب ئىسىملىك بىر شەخسكە «بىدئەتكە قارشى تۇرايلى!» دېگەن تۇغنى كۆتۈرگۈزۈپ، يۇقۇرىقىدەك مۇراسىملارنىلا ئەمەس، بەلكى بەك كۆپ ئەنئەنىلەرنى يوق قىلغان. ھەتتا ساھابى كىراملارنىڭ ئابىدە خاراكتېرلىك قەبرىلىرىنىمۇ تۈزلىۋەتكەن. قەبرىلەرنى تۈزلىۋېتىشنىڭ قانداق يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇزرۇكلىرىمىزنىڭ، قەھرىمانلىرىمىزنىڭ، ئاتا-بوۋا ۋە ئەجداتلىرىمىزنىڭ مازار ۋە قەبرىستانلىقلىرىنى خىتاي فاشىستلىرىنىڭ يوق قىلىۋېتىشىدىكى شۇم نىيەتلىرىدىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

ماڭا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتكەن مەرھۇم تاغام سىراجىدىن ئاخۇنۇم ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ھەر يىلى «مەۋلىدى شېرىپ» پائالىيىتى ئۆتكۈزەتتى. بۇ ۋاقىتتا كالتە پەم ۋە دىتسىز بىر قىسىم ۋاھابى باللار شىلتىڭ ئېتىپ بۇنى «بىدئەت» دەپ جۆيلۈپ يۈرىشەتتى. بۇ خىل

زىھنىيەتتىكى گورۇھلار ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز يەرلەردىمۇ ھەممە ئىشنى رەسۇلۇللاھقا تاقاپ، مۇستەقىللىق بايراملىرىمىزغىمۇ، ئىستىقلال مارشى ئوقۇغاندىكى ھۆرمەت بىلدۈرۈشكىمۇ دىن نامىدىن قارشى چىقىپ باقىدۇ. ھەتتا «رەسۇلۇللاھ نامايىش قىلمىغان» دەپ خىتايغا قارشى نامايىش قىلىشقىمۇ رايى بارمايدۇ. بۇنداق بەدەۋى زىھنىيەتتىكى ئادەملەر ھېلىھەممۇ يوق ئەمەس.

# كۆنىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى

بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ ياخشى زىيالىي — مەيلى ئۇ قانداق ياشىسا ياشىسۇن، نېمىگە ئىشەنسە ئىشەنسۇن، نېمىنىڭ كەينىدىن ماڭسا ماڭسۇن، گەرچە مىللەتكە بەك پايدىلىق ئىش قىلىپ كەتمىسىمۇ خىتايدىن يىراق تۇرىدىغان، خىتاينىڭ دۈمبىقىبى چالمايدىغان، دىنغا قارشى چىقمايدىغان ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىغا زىيان سالمايدىغان زىيالىيدۇر. ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى كۈتۈش ئەخمەقانىلىكتەك تۇرىدۇ. ھەم شۇنداقلا، ئەڭ ياخشى ئەھلى ئىلىم — مەيلى ئۇ سەلەپى، ۋاھابىي، قۇتۇپچى، سوپى بولسۇن، ھەرقانداق سۇلۇك ياكى تەرىقەتكە مايىل بولسا بولسۇن، ئۇيغۇر قوۋمىنى ئەرەب قوۋمىدىن تۆۋەن بىلمەيدىغان، ئۇيغۇر تىلىنى ئەرەب تىلىدىن تۆۋەن كۆرمەيدىغان، خىتايدىن باشقا يەردىن دۈشمەن ئىزدىمەيدىغان، مىللىي روھقا ئىگە ئەھلى ئىلىمدۇر.

بۇ نۇختىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى زىيالىي بولسۇن ياكى موللا بولسۇن يۇقۇرىدىكى ئالاھىدىلىك يوق، مەيدانى ئېنىق ئەمەس، ئەس-يادى مۇشۇ دۇنيانىڭ راھىتى، قەيەردە مەنپەئەت ۋە دۇنيالىق پايدا كۆرسە ھالال-ھارام، قانۇن-تۈزۈم، ئېتىك ئەخلاقنى چەيلەپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىدىغانلار زىنھار قەدىرلىك كىشىلەر ئەمەس.

بىرمىللەتنىڭ ئوقۇغانلىرى بىلەن قاراقۇرساقلىرى ئوخشاش پىكىر قىلىدىغان، ئوقۇغان بىلەن ئوقۇمىغاننى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسى بىردەك ئۆلۈك ھالغا كەلگەن ۋاقىت، دەل ئۇ مىللەتنىڭ خەتەر ئاستىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# توغرا چۈشىنىڭلار!

تېخى بىر نەچچە يىل بۇرۇنلا ئۇ ئالەمگە كەتكەن، ئەمما تۈركىيەدىكى پۈتۈن ھاياتىدا ئۇيغۇر دەۋاگەرلىرى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىغا تەتۈر ئىش، قارشى گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ ياشاپ، ئاتالمىش «شىنجاڭچە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى» نۇتۇقلىرى ئاتىدىغان، ھەتتا كىتابمۇ يازغان بىر ئۇقۇمۇشلۇق كىشى ۋاپاتىدىن بىرقانچە يىللا بۇرۇن ئۆرۈمچىگە بېرىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسى» گە چىققاندىمۇ كۆپىنچىلىك كىشىلەر توغرا چۈشەندىڭلار.

كانادادىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا بولغان بىر قېتىملىق نامايىشتا ھەممەيلەن «ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىقى!» دەپ ياڭراق شۇئار تووۋلاۋاتقان دەقىقىلەردە «ياشىسۇن جۇڭگو!» دەپ شۇئار تووۋلاپ ھەممىنى ھاڭتاڭ قالدۇرغان، ئىلھام توختىنى «ۋەتەن خائىنى» دەپ توردا جارسالغان بىرىنى توغرا چۈشىنىپ، «دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى» قىلىپ تىكلەپ قويدۇڭلار. ۋاي، سىلەرنىڭ كەڭقورساقلىقىڭلارغا!

تېخى بىر نەچچە يىل ئاۋال «بىز خىتايلار بىلەن بىللە ياشىيالايمىز» دەپ بايانات بېرىپ، قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كەلگەندە باشقىسىغا دۆڭگەپ قويۇپ جىم تۇرۇۋالغان، بۇ يىل ماي ئېيىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ميۇنخېندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۇيۇشتۇرغان نامايىشقا «غۇلجا قىرغىنچىلىقى 1987-يىلى بولغان» دېگەن پىلاكاتنى ئېچىپ، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بىرسىياسەتچى بۇ قېتىم، جېدەللىشىپ قالغان ئىنقىلابچى دوستىنى خىتاينىڭ تۈركچە تەشۋىقات ئورگىنى — «ئايدىنلىق گېزىتى» (بۇ گېزىت غەربتىكى ۋە تۈركىيەدىكى ئۆڭچىل-سولچىل بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى گاھ ئامېرىكا ئىستىخباراتىغا، گاھ تېررور تەشكىلاتى «دائىش» قا باغلاپ قارىلاپ كەلگەن خىتاي گېزىتى) گە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆھبەتلىرى بىلەن تىللاتقۇزۇپ بولۇپ، قارشىلىققا ئۇچرىغاندا «مەن گېرمانىيەدە ياشىغان بولغاچقا ئۇ گېزىتنىڭ <خىتاينىڭ گېزىتى> ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىم يوقكەن» دەپ ئۆزىنى ئاقلىسا، نېمىشقا خاتا

چۈشىنىسىلە؟

ھە! ... «ئۆزى توۋا قىلسىمۇ، كۆتى توۋا قىلمايدۇ» دەيدىغان چوڭلار. بەلكىم راستتۇر!؟ سىلەر ھەممىنى توغرا چۈشىنىسىلەر. دېموكراتىيە، ئەركىنلىك دېگەنلەر مۇشۇغۇ!؟

لوت قوۋمىنىڭ قىلىقىنىمۇ توغرا چۈشەندىڭلار. غەربكە بېرىۋېلىپلا «مەن دىنىمنى ئۆزگەرتتىم» دەپ ئىمان ـ ئىسلامدىن تانغان مۇرتەدلەرنىمۇ باغرىڭلارغا بېسىپ، توغرا چۈشەندىڭلارغۇ!؟ ئاپىرىن سىلەرگە!

تۈركچىدىكى «ئايدىن» (Aydın) دېگەن سۆز، بىزدىكى «زىيالىي» شۇكەن ئەمەسما!

# ئويلاپ باققۇلۇق!

خىتاينىڭ «تۈگمەنگە سۇ تۇشۇۋاتقان» لار ئىچىدە قولىدا ھاراق رومكىسى كۆتۈرۈۋالغانلار كۆپمىكەن، ياكى قۇرئان كۆتۈرۈۋالغانلار كۆپمىكەن؟ ئۇيغۇر ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتقانلار ئىچىدە دىلىدىن خۇدانى، مەيدىسىدىن ئاي يۇلتۇزلۇق كۆكبايراقنى ئايرىمىغانلار كۆپمىكەن ياكى خۇدانى ئانچە ئەسكە ئالمايدىغان، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆكبايراقتىن يىراق تۇرىدىغانلار كۆپمىكەن؟ خىتاينىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالغانلار ئىچىدە تىلىدىن زىكىر چۈشمەيدىغانلار كۆپمىكەن ياكى تىلىدىن ناخشا چۈشمەيدىغانلار كۆپمىكەن؟ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى شىددەت بىلەن داۋاملىشىۋاتقان ۋە نەچچە مىليون ئۇيغۇر يەرشارىدىن غايىپ قىلىۋېتىلگەن مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە خىتاينىڭ شەرتلىرىگە بىجانىدىللىق بىلەن ئىمزا قويۇپ مۇستەملىكە ئاستىدىكى ۋەتەنگە بېرىپ كېلىۋاتقان ياكى پىلان بويىچە ئۇرۇق-تۇققانلىرى كېلىپ يوقلاپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە پېشانىسى سەجدىگە بارىدىغان ئۇيغۇرلار كۆپمىكەن ياكى ئايلاپ-يىللاپ خۇدا ئېسىگە كەلمىسىمۇ ئىككى بايرامدا، ياكى ئۆيىدىن جىنازە چىققاندا ئاران ناماز ئۆتەيدىغانلار كۆپمىكەن؟ كەلگۈسىدە ئۇيغۇرنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا قولىغا قۇرال ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ رولى چوڭ بولارمۇ، ياكى قولىغا دۇتار، تەمبۇر ئالغانلارنىڭمۇ؟

سىز بېشىدا ياغلىقى ياكى ئۈچىسىدا ئۇزۇن چاپىنى بار بىرەر ئۇيغۇرنىڭ خىتاي ۋىزىسى ئېلىپ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەنلەر ياكى ۋەتەندىن تۇغقان يوقلاشقا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ ۋەتەندىكى «ئۇيغۇر پاجىئەسى» ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ باققىنىنى ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ؟

نېمىشقا مەن 2017-يىلىدىن بۇيان پۈتۈن جەمەتىمنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلالمايۋاتىمەن؟ ۋەتەنگە بېرىۋاتقان ياكى كېلىۋاتقانلاردىن خوتەندىكى تۇغقانلىرىمنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلىشىپ بەرگەنلەرگە سۆيۈنچە بېرىشكە تەييار ئىدىم. ئەپسۇسكى، ھەممىسى خىتاينى ماختاپ، بىزنىڭ «بېشىمىزدىكى ئوت» ھەققىدە زۇۋانى تۇتۇلۇپ قېلىغلىق. ئۇنداقتا، بۇ ئىشقا مەن قاقشىماي كىم قاقشىسۇن؟!

# يازمىلىرىمغا خاتا تەبىر بەرمىگەن بولساڭلار

دوستلار، مېنىڭ ئادەم تىللايدىغان خۇيۇم يوق. مەن ئادەمگە ئەمەس، خاتا دەپ قارىغان چۈشەنچە ۋە ئىدىيەگە قارشى تۇرىمەن. ئادەم تىللاش ئەمەس، ئادەملەر مېنى تىللىغان يەردىمۇ سۈكۈت قىلىپ، ئاستا كېتىپ قالىمەن، بۇنداق ئەھۋاللار ھاياتىمدا خېلى كۆپ بولۇپ ئۆتتى. مېنىڭ يازمىلىرىمنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ئابدۇۋەلى ئايۇپ مۇئەللىمگە قارشى چىقماقچى ۋە ئىككىمىزنى ئۇرۇشقا سالماقچى بولغانلار ئۆزۈڭلارغا ھاي بېرىڭلار.

ئاۋال ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ مىللەت ئۈچۈن قىلغان ئىجابى ئىشلىرىنىڭ يۈزدە بىرىنى بىز قىلىپ باقىپ، ئاندىن تىللىساقمۇ ئۈلگۈرىمىز. ھاقارەت قىلماي، تەنقىت قىلايلى. نارازىلىقىمىزنى مەدەنىي ئۇسلۇبتا ئىپادىلەيلى. بۇ ھەرگىزمۇ «ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ ھەممە پىكىرلىرىنى قوللىغان» لىق، بولۇپمۇ، لۇت قوۋمى ھەققىدىكى يازمىسىنى توغرا دەپ قارىغانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. يەنە ئەسكەرتىپ قوياي، مەن ھەرقانداق بىر موللا ياكى زىيالىينى تىللىغۇدەك دەرىجىدە ئاگىسىز ئەمەسمەن. شۇنداقلا تىللاش، ھاقارەتلەش ۋە كەمسىتىش مېنىڭ خاراكتېرىمدە ئەسلا يوق. مەن پەقەت خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنى تىللايمەن، خالاس. چېرىكلىككە ۋە كۇپۇرغا قارشى تۇرىمەن.

مېنىڭ يازمىلىرىمنى ئۇياق-بۇياققا تارتىپ، جېدەلگە ئورتاق قىلماقچى بولغان فەيسبۇكداشلارغا دەيدىغىنىم شۇكى: بۇنداق قىلساڭلار «قول ھەققى» گە كىرگەن بولىسىلەر. ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن جېدەلخور ئەمەس. شۇڭا مېنى بۇنداق ئىشلارغا شېرىك قىلمىغان بولساڭلار.

# رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنلىرى

بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ: «قەلبىنى رەنجىتىش كەبىنى 70 قېتىم چېقىپ تاشلىغاندىنمۇ ئېغىر گۇناھ» دېگەن بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، تەشەببۇسلىرى ۋە كۈرەشلىرى جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەر رەنجىپ قېلىپ، دۈشمەنلەشكەن ئىكەن. مەسىلەن: ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ تاغىسى ۋە تام خوشنىسى بولۇپ، رەسۇللاھ نىمە دېسە ئۇنىڭ تەتۈرسىچە ئىش تۇتۇپ، رەسۇللاھنى يالغانغا چىقىرىدىكەنتۇق. ئەسۋەد بىننى ئەبدى يەغۇس ئىسىملىك كىشىنىڭ بولسا، دەۋاملىق يوقسۇل مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىش خۇيى بار بولۇپ، «قاراڭلار، بۇ ئادەملەرنىڭ ھالىغا...» دېگەندەك تاققا ـ تۇققۇ سۆزلەرنى كۆپ قىلىدىكەنتۇق. ۋەلىد بىن مۇغىيرەمۇ قۇرەيش ئايمىقىنىڭ زىيالىيسى ۋە پۇلدارى ئىكەنتۇق. بىراق بۇ بىلىمى ۋە بايلىقىنى ئەھلى ئىمانغا قارشى تۈرۈشقا سەرپ قىلاتتىكەنتۇق. ئەبۇلھەكەم بىننى ھىشام ئىسىملىك كىشىمۇ رەسۇلۇللاھ «ئاق» دېسە «قارا»، «ئوڭ» دېسە «سول» دەيدىغان تەلۋە بولغاچقا، «جاھالەتنىڭ ئاتىسى» دېگەن مەنىدىكى «ئەبۇجەھىل» دېگەن لەقەمنى ئالغان ئىكەن. ئاس بىننى ۋائىل رەسۇلۇللاھقا «ئەبتەر» (نەسلى قۇرىغۇر) دەپ ھاقارەت قىلغان ئىكەن. ئۇقبە بىننى مۇئىت رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ، پۇرسەتلا تاپسىلا مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرسەپتە تۇرغان ئىمان ئەھلىگە زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن ئىكەن.

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ۋاپات بولدى، بىراق رەسۇلۇللاھنىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ھېلىھەم بار. تاكى قىيامەتكىچە چىقىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ قايسى تۈردىكى كىشىلەرگە مۇھەببەت باغلىماسلىق ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دېگەن:

**لاَّ تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءَهُمْ أَوْ أَبْنَاءَهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ**

أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُولَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُولَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

**ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي رەۋىشتە) ئىشىنىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن قارشىلاشقانلارنى — ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى تاپالمايسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس). ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىماننى نەقىش قىلىپ يازغان ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان مەنىۋى كۈچ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتكەن. ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن خۇرسەن بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ تەرىپىدە تۇرغۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەرىپىدە تۇرغۇچىلار مۇراد-مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر** (سۈرە مۇجادەلە 22- ئايەت).

بۇ ئايەت كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقمىسىمۇ، ئەمما ياراتقۇچىنىڭ بىزدىن كۈتكىنى مانا مۇشۇ.

# بىز ھېلىھەم دىنى ئەسەبىي كۈچ ئوخشايمىز؟

مەن شەرقىي تۈركىستاندىكى شېھىدانە خوتەننىڭ چىرا ناھىيە نۇرى يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىم ئىدى. ئۆزىمۇ دارۋىنغا راسا ئوخشايدىغان، پىرازا كۆز، سېرىق تۈك بىر ئوقۇتقۇچىمىز بولىدىغان. ئۇ ئاتېزىم دەرسى بەرگەندە دەرسنى شۇنچىلىك ئىچ-ئىچىدىن چىقىرىپ سۆزلەيتتىكى «دىن دېگەن ئەپيۇن»، «بىز مايمۇندىن تەرەققى قىلغان جانلىق»، «بىز خۇراپى ۋە ئەپسانە نەرسىلەرگە، بولۇپمۇ دىنغا ئېتىقات قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە قالدۇق»، «خۇدانى كىم كۆرۈپتىكەن؟»، «ئۇ دۇنياغا بېرىپ كەلگەنلەر بارمۇ؟»، «خۇدا بىزنى ئەمەس، ئەكسىچە بىز خۇدانى ياراتقان» دېگەندەك گەپلەرنى دەرغەزەپ بولۇپ سۆزلەيتتى. بىز ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدۇق. بىر قېتىملىق دەرستە يېنىمدىكى ساۋاقدىشىمغا ئۇنىڭ مۇشۇ سەپسەتىلىرىگە بولغان نارازىلىقىمنى بىلدۈرۈپ كۇسۇرلىغىنىم ئۈچۈن ئۇ قولىدىكى كىتابنى بېشىمغا ئېتىپ، چىلبۆرىدەك ھەيۋىسى بىلەن سىنىپنى جىمجىتلىققا چۈمدۈرگىنى ھېلىھەم ئېسىمدە. شۇ چاغدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە قىزىلپاچاق، ئاتېئىستلەر بىلەن زىنھار پۈرچىقىم پىشماي كەلدى. ئۇ چاغلاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇۋانى بولغان يەرلىك قىزىلپاچاقلار بىزنىڭ چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنى يېتەكچىلىرىمىزنى «دىنى ئەسەبىي قاراكۈچ» دەپ ئاتاپ بارلىق قاباھەتنى شۇلاردىن كۆرەتتىكەنتۇق.

چەت ئەللەردىمۇ مۇشۇ نامدىن ياكى مۇشۇ نامغا يېقىن كېلىدىغان «رادىكال»، «كاللىسى ئەرەب سۇپۇنى بىلەن يۇيۇلغان» دېگەندەك بەتناملاردىن قۇتۇلالماي ياشاپ ئۆتۈپ كەتكۈدەكمىز. پەيغەمبەرلەرمۇ ئاساسەن مۇشۇنداق بەتناملار بىلەن قارىلىنىپ «ساراڭ»، «كاللىسىنىڭ دەردى بار»، «ئالجىپتۇ»، ... دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن قەۋمى تەرىپىدىن يەكلەنگەن ئىكەن.

كۈنىمىزدە نىكاھ ئوقۇپ، ئۆلسە جىنازىسىنى چۈشۈرۈپ، قۇرئان ئايىتىنى ئەرەبچە پېتى لەرزان ئوقۇش ئارقىلىق كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، نەزرە ئېشىنى يەيدىغان، ئەمما ئاللاھنىڭ «زالىمغا قارشى

كۆرەش قىلىش، خىتاي كاپىرلىرىغا قارشى تۇرۇش، نامازنى لايىقىدا ئادا قىلىش، مال ۋە ئىلىمنىڭ زاكىتىنى بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، سىلە-رەھىم قىلىش، جاسۇسلۇق قىلماسلىق، دۈشمەن خىتاينىڭ سېپىدە ئورۇن ئالماسلىق، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىزىدىن مېڭىش» ھەققىدىكى تەۋسىيەلىرىنى تەشۋىق قىلماي جىم ياشايدىغان ئەھلى ئىلىم قارشى ئېلىنىدىكەن. ئۇنداق بولمىغانلار «ئەسەبىي قاراكۆچ» ئاتىلىپ قالىدىكەن. شۇنداقلا قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئۆزۈپ ئېلىپ ئۆزمەيلىچە شەرھلەپ، ھەدىسنى قاراقۇيۇق رەت قىلىپ، پۇقەھا، ئۆلەما ۋە مۇسۇلمانلارنى تىللاپ بەرسە ئالقىشلانغۇدەك.

# تۆنۈگۈن «لېنىنچى» ئىدى، بۈگۈن «غەرپچى» بولدى

مۇشۇ گېزىت («كەمبەغەللەر ئاۋازى گېزىتى» 1925- يىلى 21- يانۋار، 29- سان) ئارخىپى توغرا بولسا، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇندىن 100 يىل ئىلگىرى لېنىننىڭ كەينىدىن مېڭىپ «بىردىنبىر نىجاتلىق يولى <لېنىنىزم>» دەپ ئىشەنگەن ئىكەن. ئاخىرىدا، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆزى ئىشەنگەن مەسلەكدىشى ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭغاندا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە يەنە شۇ «لېنىنچىلەر» نىڭ قولى بىلەن نابۇت بولغانلىقى بىر ئىبرەتلىك ۋەقە ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خىتاي تېرىتورىيىسىدىن ئازات بولغان بولسىمۇ، غەربتە مودا بولۇۋاتقان ھەرقانداق ئېقىمنىڭ ئۇيغۇرغا ماس كېلىش- كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇنى «مۇتلەق توغرا» دەپ ئېسىلىۋېلىشى مېنى ئويغا سالىدۇ.

غەربنىڭ رۆنېسانس (مەرىپەتچىلىك) ھەرىكەتلىرى، ئەقىلگە ۋە بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىشى، خىرىستىيان دىنىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۇرۇنۇشلىرى، جۈملىدىن، مارتىن لۇتەرنىڭ ئىنجىلنى تۇنجى قېتىم نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، پوپلارنىڭ بۇ «جەننەت ئاچقۇچى» نى قىممەت باھادا سېتىشىغا خاتىمە بېرىپ، پروتېستان ئېقىمىغا چىراق يېقىشى ۋە غەربنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى، كىشىلىك ھوقۇق، ئادالەت، دېموكراتىيە، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى، ئېتىقات ئەركىنلىكى، سۆزلەش ۋە يېزىش ئەركىنلىكى... قاتارلىقلار بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر بولسىمۇ، ھېلىھەم مۇنازىرە تېمىسى بولۇۋاتقان يەنە نۇرغۇن تەرەپلىرى بار.

دېمەك، غەربنىڭ ھەر كېيىمى ئۇيغۇرغا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، «ئايپالتا» مىزنى يېنىمىزدىن ئايرىمىغىنىمىز ياخشى.

# ئۆزىنى بېغىشلاش روھى

ھەرقانداق كىشىدە ئۆز غايىسى، قىممەت قارىشى، جۇملىدىن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئىشى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولمىسا بىكار. ھاياتىي دۇنيادا ئۈتۈق قازانغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۈتۈق قازىنالىشىدىكى ھالقىلىق مەسىلىنىڭ «قىلغان ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى» دا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بولۇپمۇ دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بار كىشىلەردە ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە ساداقەت روھى بولمىسا قەتئىي بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىدا مەشئەل بولۇپ ئۆتكەن بارچە پەيغەمبەرلەر «رىسالەت دەۋاسى» غا ئۆزىنى بېغىشلىغان. پەلسەپە، بىلىم ساھەسىدە چىغىر ئاچقان پەيلاسوپلار، بىلىم ئادەملىرىمۇ پەلسەپە ۋە بىلىم ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغاچقا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولسا، دىن تىلىدا «ئىخلاس» دەپ ئىپادىلىنەتتى.

ئاللاھ تەئالا زالىم فىرئەۋنگە قارشى كۈرەش قىلغان، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشتە رۇشەن ئۈلگە ياراتقان مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بىزگە تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى «مخلصا» («ئىخلاسمەن» ، «ئۆزىنى بېغىشلىغان» ، «نىيىتى ساپ») دەپ ئاتىغان:

**وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ مُوسَى إِنَّهُ كَانَ مُخْلَصًا وَكَانَ رَسُولًا نَبِيًّا**

(ئى مۇھەممەد!) بۇ كىتاب ( يەنى قۇرئان) تا مۇسانىمۇ تىلغا ئالغىن. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىخلاسمەن بىرى ئىدى. ھەم رەسۇل ، ھەم نەبىي ئىدى (سۈرە مەريەم 51ـ ئايەت)

دېمەك، ھەم تەۋراتتا، ھەم قۇرئان كەرىمدە بەنى ئىسرائىل قوۋمىنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى (مىسىردىن چىقىشى) دا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالاممۇ غايىسىگە ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن «مُخْلَصًا» — «ئىخلاسمەنلىك» بىلەن مەدھىيەلەنگەن:

**إِنَّهُ مِنْ عِبَادِنَا الْمُخْلَصِينَ**

**ئـۇ ھەقىقەتـەن بىزنىـڭ ئىخلاسـمەن بەندىلىرىمىزدىـن ئىدى** (سۈرە يۈسۈپ 24 ـ ئايەت).

مەيلـى سـىز دىـن شەيداسـى بولـۇڭ، مەيلـى ۋەتەنپـەرۋەر بولـۇڭ ئىخلاس ۋە ئۆزىڭىزنـى بېغىـشلاش روھىڭىز كەمچىل بولسا، ئۇ پەقەت ئېغىزىڭىزدىكى لاپ ياكى قۇرۇق گەپ، خالاس.

مـەن ھاياتىمـدا نۇرغـۇن قېتىـم تەشـكىلات قۇرۇش ئىشـلىرىغا قاتناشـتىم، ئۇيۇشـما ئىشـلىرىغا كىرىـپ خىزمـەت قىلىـپ باقتىـم. دەسـلەپتە تەشـكىلات ياكـى ئۇيۇشـما نىزامنامىسـغا ئىشـەنگەندەك كۆرۈنگەن نۇرغۇن كىشـلەرنىڭ، قىسـقا ۋاقىتتىـن كېيىـن خـۇددى مەزكـۇر تەشـكىلات ياكـى ئۇيۇشـما بىلـەن قەتئـى مۇناسـىۋىتى يوقتـەك يۈزـاپ كېتىشـلىرىگە، ھەتتـا ئـۆزى بىللـەن قۇرغـان تەشـكىلاتقا قارشـى تەتـۈر مۇقـام تـوۋلاپ يۈرۈشـلىرىگە كـۆپ قېتىـم شـاھىت بولـدۇم. «بۇنىـڭ سـەۋەبى نېمـە؟» دېيىلسـە، ئىخلاسـىنىڭ يوقلىقىدىـن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

# بىلىشتىن ئاۋال ئاڭ مۇھىم

«بۇغداي» دېيىلسە ئادەملەر ناننى، ئىشەك سامانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندەك، «شەرىئەت»، «قۇرئان» دېيىلسە ئالجاناب ۋە دۇرۇس ئىنسانلار روھى پاكلىنىشنى، ياراتقۇچىنىڭ يولىيورۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى، ئادالەتنى، زۇلۇمغا قارشى چىقىش روھىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. دىلىدا كىسەل بار كىشىلەر بولسا ئەپسۇن ئوقۇغاننى، مازار بېشىدا ئايەت تىلاۋەت قىلغاننى، زىناخورنى چالما-كېسەك قىلغاننى ۋە ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەرمىش. مەن بىلىدىغان دىنسىزلار بولسا، «دىن»، «ئىسلام» دېيىلسە، كاللاكېسەر «دائىش» نى ۋە ئەرەبلىشىشنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ.

بىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاڭمۇ بولۇشى كېرەك. توغرا ئاڭ، پاك ۋىژدان بولمىغان كىشى مەيلى دىندا ئوقۇپ «ئەللامە» بولۇپ كەتسۇن، مەيلى پەندە ئوقۇپ پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشسۇن، بەربىر بىكار. شۇڭلاشقا «سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەجگە بېرىپتىكەن، ئۆزى ھاجى بولۇپتۇ، ئەمما ئېشىگى ھاجى بولماپتۇ» دېگەندەك گەپلەر ئارىمىزدا كۆپ تارقالغان. دېمەك، ئېشەك ھەرەمگە بارسىمۇ، كەبىنى مىڭ قېتىم تاۋاپ قىلسىمۇ ئۇ ئېشەك بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ جۇۋازنى ئايلانغاندىن، خامانىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىرىغاندىن ھېچ پەرقى يوق - دە. دىنى رىۋايەتلەردە شەيتانىنىڭ پەرى بولغان ئىبلىسنىڭمۇ قالتىس بىلىملىك ئىكەنلىكى، ئەمما ئاڭسىزلىقتىن ياراتقۇچىغا ئاسىيلىق تۇغىنى كۆتۈرۈپ شەيتانلاشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاڭ بىلەن ئاقكۆللۈك، ساپ ۋە توغرا نىيەت بىرلەمچى، بىلىش ۋە چۈشىنىش بولسا ئىككىلەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن: تاماكىنىڭ، ھاراقنىڭ زىيىنىنى بىلمەيدىغان دوختۇر بولمىسا كېرەك. ئەمما تالاي دوختۇرلار تاماكا چېكىدۇ، ھاراق ئىچىدۇ. قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئادۋوكاتلىق كىنىشكىسىنى ئالغان تالاي ئادۋوكاتلار قانۇنسىز ۋە ئېتىك ئەخلاققا زىت دېلولارنى سادىر قىلىدۇ. بۇلار قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ خاتالىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى

ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ ناچارلىقىدىن، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق قىلىدۇ.

## رەسۇلۇللاھنىڭ يادرولۇق سۈننەتلىرى

**لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا**

**سىلەرگە — ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى كۆزلىگەن ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھتا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگە بار** (سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادالەتپەرۋەر، ئۈمىتۋار، ئىشەنچلىك، ئەپۇچان، كەڭ قورساق، جەسۇر، كەمتەر، ياردەمسۈيەر، ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، راستچىل، ئىشقا سادىق، خەير ـ ساخاۋەتچى ئىدى. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ قوسۇرىنى كۆرمەسكە سالاتتى، يالغان سۆزلىمەيتتى، ئېزىلگۈچى (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى) نىڭ سېپىدە تۇراتتى. ئۇ پۈتۈن ھاياتى بويىچە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. بىز بۇ خىسلەتلەرنى قاچان ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرەلىسەك، ئەنە شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ۋارىسلىق قىلغان بولىمىز. ھەقىقىي سۈننەت مانا مۇشۇ.

ناۋادا مەزكۇر خىسلەتلەرگە سەل قاراپ، پەقەت مىسۋاك ئىشلىتىش، زىكىر ـ تەسبىھ ئوقۇش، غۇسلى قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق، ئۆزىمىزنى پەيلىگەن بولىمىز، خالاس.

# لۇت قوۋمىنىڭ قىلىقى

ھىجابقا، ساقالغا، دىنىي ساھەگە قاتتىق ئۆچ ئادەملەر بىز «لۇت قوۋمىنىڭ قىلىقى» دەپ يىرگىنىدىغان قىلىقلارنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، «ئادەتتىكى ئىش» قاتارىدا تەسۋىرلەشكە ئۆتتۈپتۇ. دەماللىققا قارىسا، بۇ قوش ئۆلچەملىك كىشىلەر ئاجايىپ كەڭ قورساق، ھەقىقىي دېموكراتچىدەك تۇيغۇ بېرىدىكەن ـ تۇۋا!

بۇ جاناپلارنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقى، قورسىقىدىكى جىننىڭ قانداقلىقى بىزگە بەش قولدەك ئايان ـ ھوي! بىز ۋە بىزدەك دىنغا مايىل كىشىلەر «غەربتە ئۇيغۇرلار ئىمان ـ ئىسلامدىن يىراقلىشىپ يۇقاپ كەتمىسىكەن»، «مەسچىت چەمبىرىكىدە ئۇيۇشساقكەن ....» دېگەندە، ئۇركېستىرا ئانسامبىلى گۇرۇپپىسىدەك تەڭكەش ھالدا بىرتۇتاش تىل بىرىكتۈرۈشۈپ، چوقان سېلىشىپ: «ياق، بىزگە مەسچىت ئەمەس، ئويناپدىغان ۋە كۆڭۈل ئاچىدىغان جاي كېرەك» دېيىشكەنلەرنىڭ لۇت قوۋمىنىڭ قىلىقلىرىغا ئىگە چىقىشى، ئانچە ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلمىدى ماڭا.

«سۈرە ئەئراف» نىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدە، ئەينى چاغدا لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن قوۋمى ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن ھەمجىنسلىق ئەۋج ئېلىپ ئادەتتىكى ئىشتەك تۇيۇلىدىغان، بىراق پاك ياشايدىغان كىشىلەر جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلغان ئەھۋاللار، شۇنداقلا سەدۇم ئاھالىسىنىڭ ھالاكىتى تەسۋىرلەنگەن:

**وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِ أَتَأْتُونَ الْفَاحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنْ أَحَدٍ مِّنَ الْعَالَمِينَ**

**لۇت (نىمۇ ئەھلى سەدۇمغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۇ ئەينى چاغدا ئۆز خەلقىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ، يىرگىنچلىك ئىشنى قىلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچكىم مۇنداق قەبىھ، يىرگىنچلىك ئىشنى قىلمىغان ئىدى** [80].

إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ الرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ النِّسَاءِ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ

**«سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلىپىڭلارنى قاندۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر راستىنلا ھەددىدىن ئاشقۇچى كىشىلەر توپىسىلەر»** (81).

وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِ إِلَّا أَن قَالُوا أَخْرِجُوهُم مِّن قَرْيَتِكُمْ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ

**ئۇنىڭ خەلقىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «ئۇ (لۇت ۋە ئەگەشكۈچىلىرى) نى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاكلىقنى ئىنتىلىدىغان كىشىلەر ئىكەن» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى**(82).

فَأَنجَيْنَاهُ وَأَهْلَهُ إِلَّا امْرَأَتَهُ كَانَتْ مِنَ الْغَابِرِينَ

**شۇنىڭ بىلەن بىز ئايالىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، لۇت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى (ئاسىي خەلقىگە كەلگەن جازادىن) قۇتۇلدۇردۇق. چۈنكى ئۇ قېلىپ ھالاك بولىدىغان (كاپىر) لاردىن ئىدى**(83).

وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًا فَانظُرْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُجْرِمِينَ

**ئۇلارغا (ھالاك قىلغۇچى تاش) يامغۇر ياغدۇردۇق. گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا نەزەر سالغىن** (84).

خۇددى سۇدۇم ئاھالىسى لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرسەپتە تۇرغانلارنى مەسخىرە قىلىپ «بۇ ئادەملەرنىڭ پاك ياشىغۇسى باركەن، ئۇنداقتا باشقا جايغا كەتسۇن» دېگىنىدەك، بۈگۈن غەرب ئەللىرىدىمۇ دىن-دىيانەتلىك، پاك ياشاشنى تەشەببۇس قىلغانلارنى «ئۇنداقتا، ياۋروپادىن كەتسەڭ بولمامدۇ؟»، «سەئۇدىي ياكى ئافغانىستانغا كېتىشە»، «دېموكراتىيە ئارقىلىق دېموكراتىيەگە قارشى چىقىشتىڭ» دېگەنىدەك تەنە گەپلەرنى قىلىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس. ۋەھالەنكى بىز ياشاۋاتقان دۆلەتكە باج تاپشۇرۇپ، پىشانىمىزنىڭ تەرىنى ئېقىتىپ

ئىشلەپ دۆلەتكە قىممەت يارىتىمىز ۋە يارىتىۋاتىمىز.

بىرەر يامان ئىشنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى ياكى تارىختا مەلۇم شەخسلەرنىڭ ئاشۇ ئىشنى قىلغانلىقى، ئۇ ئىشنى «توغرا» دەپ قوبۇل قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولالمايدۇ. بىز قەيەردە ياشىساق ياشايلى، ئىنسانىي ئەخلاقتا ماس كەلمەيدىغان چوڭ-كىچىك ھەرقانداق رەزىللىككە ئورتاق قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. «قارشى تۇرۇش» دېگەنلىك ھەرگىزمۇ «كاللا كېسەيلى» دېگەنلىك ئەمەس. كاللا كەسمەيمۇ خاتانى «خاتا»، توغرىنى «توغرا» دەپ مەيدان ۋە پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ ياشىغىلى بولىدۇ.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە[1]

**احفظ الله يحفظك.**

ئاللاھنى (ئېسىڭدە) ساقلىغىنىڭ، ئاللاھ سېنى ساقلىسۇن.

**إذا لم تستح فاصنع ما شئت.**

ئار ـ نومۇسۇڭ بولمىسا، خالىغىنىڭنى قىل.

**اتق الله حيثما كنت.**

قەيەردە بولساڭ بول، ئاللاھتىن قورق.

**اتْبع السيئة الحسنة تمحها.**

يامان ئىش قىلىپ سالغان بولساڭ، دەرھال ياخشى ئىش قىلغىنىڭ، يامان ئىشىڭ ئۆچۈرۈلسۇن.

**خالقِ الناس بخلق حسن.**

خالايىققا ياخشى خۇيۇڭ بىلەن مۇئامىلە قىل.

**اتق المحارم تكن أعبد الناس.**

ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرساڭ، ئاندىن ئەڭ ئابىد كىشى سەن بولىسەن.

**ارض بما قسم الله لك تكن أغنى الناس.**

[1] ئەرەبچىسىنى تەرەققى قىلدۇرماقچى بولغانلار ئۈچۈن ئەرەبچىسىمۇ قوشۇپ قويۇلدى.

ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلساڭ، ئەڭ بىھاجەت كىشى سەن بولىسەن.

**أحبّ للناس ما تحبّ لنفسك.**

ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆر.

لا تُكثر الضّحك فإنّ كثرة الضحك تُميت القلب.

كۆپ كۈلمىگەيسەن، كۆپ كۈلۈش دىلنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ.

**الظّلم ظلمات يوم القيامة.**

ئۇۋال قىلىش قىيامەت كۈنىدە ئۇۋالچىلىققا قېلىشقا سەۋەپ بولىدۇ.

**اتقوا الله واعدلوا في أولادكم.**

ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئەۋلاتلىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار!

**اتق النار ولو بشقّ تمرة.**

خورما پارچىسى (نى تەسەددۇق قىلىش) ئارقىلىق بولسىمۇ دوزاختىن ئۆزۈڭنى ساقلىغىن.

**اتقوا دعوة المظلوم.**

ئۇۋالغا ئۇچرىغۇچىنىڭ بەددۇئاسىدىن ساقلىنىڭلار!

**أثقل شيء في الميزان الخلق الحسن.**

تارازا-مىزاندا ئەڭ ئېغىر توختايدىغىنى گۈزەل ئەخلاقتۇر.

**التأني من الله والعجلة من الشيطان.**

تەمكىنلىك ئاللاھتىن، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن.

**قلة المال أقلّ للحساب.**

ئاز پۇل-مالنىڭ ھېسابىمۇ ئاز بولىدۇ.

**لا تغضب ولك الجنة.**

ئاچچىقلانمىساڭ جەننەت سېنىڭكى.

**أحبّ الأعمال إلى الله أدومها وإن قلّ.**

ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئىش — گەرچە ئازبولسىمۇ ئىزچىل بولغىنى.

**أحب البلاد إلى الله مساجدها.**

ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى كەنتلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك جايلىرى كەنتنىڭ مەسچىتلىرىدۇر.

**أبغض البلاد إلى الله أسواقها.**

ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى كەنتلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈمسىز جايلىرى كەنتنىڭ بازارلىرىدۇر.

**أحبّ الطعام إلى الله ما كثرت عليه الأيدي.**

ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك تائام — كۆپ كىشى ھەمبەھىرلەنگەن تائام.

**أحب الكلام إلى الله أن يقول العبد سبحان الله وبحمده.**

ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك جۈملە — سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى (سېنى مەدھىيەلەش بىلەن بىرگە ئۇلۇغلايمىز).

**أحب الناس إلى الله أنفعهم.**

كىشىلەرنىڭ ئەڭ قەدىرلىكى — كىشىلەرگە ئەڭ كۆپ نەپ يەتكۈزگىنى.

**أحبّ الأعمال إلى الله سرور تُدخله على مسلم.**

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ياخشى ئەمەل — بىر مۇسۇلمانغا خۇشاللىق ئاتا قىلىشتۇر.

**من كفّ غضبه ستر الله عورته.**

كىمكى ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇكىشىنىڭ چاۋىسىنى ياپىدۇ.

**سوء الخلق يُفسد العمل كما يُفسد الخلّ العسل.**

سىركە ھەسەلنى بۇزغاندەك، ناچار مۇئامىلىمۇ ئىشنى بۇزىدۇ.

**أحبّ عباد الله إلى الله أحسنهم خلقا.**

ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئەڭ چىرايلىق ئادەم — ئەخلاقى ئەڭ چىرايلىق بولغان ئادەمدۇر.

**احذروا الدنيا فإنها خضرة حلوة.**

دۇنيادىن پەخەس بولۇڭلار! چۈنكى ئۇ ھەم يېشىل، ھەم تاتلىقتۇر.

**احفظ لسانك.**

تىلىڭنى ساقلا!

## قۇرئان پۈلاڭلاتسا چوڭ ئىشمۇ؟

قەتئىيلىك بىلەن ياق. تارىختىن بۇيان تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان كەرىمنى پۈلاڭلىتىپ كۆز بويامچىلىق قىلغانلار چىقىپ تۇرغان.

ۋىلادىمىر پۇتىن چېچىنىستانغا بارغاندا قۇرئان كەرىمنى يۈزىگە سۈرۈپ چۈشكەن رەسىمنى ئاخباراتقا تارقىتىپتىمىش. «كوچا قارىسى — پۇتىن قارىسى» دەمدۇق ئەمدى پۇتىننى؟! ئەلۋەتتە، قادىروفنىڭ چېچەن ھەربىيلىرى پۇتىننىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ قىلغان ئىشى ئۇلۇغ ئىشمۇ؟ ئۇ شۇنىڭلىق بىلەن مۇسۇلمان بولدىمۇ؟ ياق. 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گىتلېرمۇ پەلەستىنىنىڭ سابىق مۇپتىسىنى يېنىغا ئېلىپ رەسىمگە چۈشكەندە، ئىسلام دۇنياسىدا تالاي ئاخماقلار «گىتلېر مۇسۇلمان بولۇپتىمىش» دەپ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتىكەن. ھېلىھەم ئىنگلىز تەسىرى كۈچلۈك بىرقىسىم دۆلەتلەردە «خانىش 2- ئېلىزابېتنىڭ نەسلى رەسۇلۇللاھقا تۇتىشىدۇ» دەيدىغان قاراشلارمۇ بولىدىغان.

خېلى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە غەرب ئەللىرىنىڭ ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىگە ئەۋەتكەن بىر قىسىم بۇيۇك ئەلچىلىرى يەرلىك ئاخباراتلارغا «ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى» نى ئېلان قىلىپ، ئۇشتۇمتۇت داڭلىق ۋە سۆيۈملۈك ئەربابقا ئايلىنىدىغان ئىشلار كۆپ ئىدى.

ھەي، سىياسەت دېگەننىڭ مۇشۇنداق تەرەپلىرى بار، كۈلۈپ قويغۇلۇق. ھازىر خىتاي دۆلىتىمۇ ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان ئەللەرگە تۇڭگانلارنى ئەۋەتكىلى تۇرۇپتۇ. يېقىندا بەزىلەر قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ «ئىسلامنى ئىسلاھ قىلىش» غەۋغاسى ئېلىپ بارسىمۇ ھەيران قالمىغۇلۇق. شى جىنپىڭمۇ بىركۈنلەردە ئەرەب ئىسلام ئەللىرىگە بېرىپ قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ، ھەتتا قۇرئاننى بۆسە قىلىپ، پۈلاڭلاتقان ھالدا نوتۇق سۆزلىمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. دىننى سىياسەت ئۈچۈن قورال قىلىش مۇشۇنداق ئىش مانا.

## ئۆزىمىزنى ئەمەس، دىنىنى ئىسلاھ قىلامدۇق؟

**وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ قَالُوا إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ**

ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «بىز پەقەت ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ (سۈرە بەقەرە 11).

**أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا يَشْعُرُونَ**

بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. لېكىن بۇنى ئۆزلىرى ھىس قىلمايدۇ (سۈرە بەقەرە 12).

«دىنىنى ئىسلاھ قىلىش» دېگەن بۇ قانداق مەنتىقە؟ بۇ گەپ ماڭا فاشىست خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاتالمىش «دىنىنى سوتسىيالىزمغا خىزمەت قىلدۇرۇش»، «ئىسلامنى خىتايچىلاشتۇرۇش» تەشەببۇسلىرىنى ئەسلەتتى.

ئاللاھ تەئالا ئەۋەتكەن دىن بىزدىن نىيىتىمىزنى، ئىش-ھەرىكىتىمىزنى، خاتا ئادەتلىرىمىزنى، مۇسۇلمانغا ئۆچ، كاپىرغا مەھلىيا خۇي-پەيلىمىزنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلغان تۇرسا، «ياق، بىز ئۆزىمىزنى ئەمەس، دىنىنى ئىسلاھ قىلىمىز» دېسەك، بۇ قىلىق كىرپىكىمىزدىكى چاپاقنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا، چاپاقنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەينەكنى «ئوڭشايمەن» دەپ ئەيىپنى ئۆزىدىن ئەمەس، ئەينەكتىن كۆرگەنگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. دىققەت قىلماق كېرەك.

ساراڭغا: «سەن ساراڭ ئىكەنسەن، دەۋالىنساڭ بولغۇدەك» دېسە، ساراڭ قوپۇپ: «ياق! مەن ئوڭ، دۇنيا ساراڭ» دەپ تۇرۇۋالغان بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىپ قالدى، - توۋا!

# بىزدە سىپايە سۆزلەرمۇ، مىننەتدارلىق تۇيغۇسىمۇ بەك كەملەپ كېتىپتۇ

وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ

ئەينى چاغدا رەببىڭلار: «ئەگەر نېئمىتىمگە مىننەتدارلىق بىلدۈرسەڭلار، ئۇنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى مېنىڭ جازايىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىقتۇر» دەپ جاكارلىغان ئىدى (سۈرە ئىبراھىم 7 ـ ئايەت).

فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُوا لِي وَلَا تَكْفُرُونِ

مېنى ئەسلەڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ئەسلەيمەن. ماڭا مىننەتدار بولۇڭلار، تۇزكورلۇق قىلماڭلار (سۈرە بەقەرە 152 ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتتە خۇدايىم مىننەتدارلىق بىلدۈرمەسلىك ۋە ھەشقاللا ئېيتماسلىقنى «كۇپۇرلۇق — تۇزكورلۇق» دەپ ئاتىغان.

دىققەت!

«كەم ئىكەن» ئەمەس، «كەملەپ كېتىپتۇ» دېيىشىمدىكى سەۋەپ: مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قېلىشىمىزدىن بۇرۇنقى كىلاسسىك ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە ئاجايىپ پاساھەتلىك، شۇنچىلىك سىلىق ـ سىپايە سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز ـ يۇ، بولۇپمۇ خىتاي كوممۇنىستلىرى بېسىۋالغان «ئازابلىق» تىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىمىزغا قىزىل سۆزلەر،كوممۇنىست پۇرىقى كۈچلۈك ئىبارىلەر زورلاپ كىرگۈزۈلۈپ، تىلىمىزدىكى مىللىي پۇرىقى، دىنىي ئىزناسى، سىلىق ـ سىپايىلىقى كۈچلۈك سۆزلەر غەرەزلىك ھالدا سىقىپ چىقىرىلغانلىقى بىر ئاچچىق رېئاللىق. ھېلىھەم مىڭىسى جايىغا كېلىپ بولالمىغان سابىق قىزىلپاچاق بىرقىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ پات ـ پات ئۇيغۇر تىلىمىزدىن ۋە ئىسىملىرىمىزدىن ئەرەبچە، پارىسچە سۆزلەرنى «ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش» تەشەببۇسىنىڭ پەردە ئارقىسىدىمۇ مۇشۇنداقراق ئەشەددىي سولچىل خاھىش

ياتامدىكىن دەپ پەرەز قىلىمەن. ئۇنىداق دېسەم «ئەرەبچە ۋە پارىسچىنى ئۆلۈغ بىلىدىغان مۇتەئەسسىپمۇ نېمە بۇ؟» دەپ قالماڭلار. مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەسمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇيغۇر تىلى ئەرەبچىدىنمۇ، پارىسچىدىنمۇ پاساھەتلىك ۋە يېقىملىق بىر تىل. ئەسلىدە ھەرمىللەتكە ئۆزىنىڭ تىلى يېقىملىق.

گەرچە مەن شەرقىي تۈركىستاندا چوڭ بولغان بولساممۇ، ھاياتىمنىڭ كۆپ قىسمى باشقا دۆلەتلەردە، ئەجنەبىلەر ئارىسىدا ئۆتكەن بولغاچقا، بەزىدە ئويلاپ قالىمەن: بىزدە «باشقىلارغا رەھمەت ئېيتىش، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنۇتماسلىق، ياخشى ئىش قىلغانلارنى ئالقىشلاش، رەزىل ۋە يامان ئىش قىلغانلارغا قارشى پوزىتسىيەدە بولۇش» دېگەندەك دىنىمىز ئەڭ كۆپ تەشەببۇس قىلىدىغان ئەخلاق-پەزىلەتمۇ بارا-بارا سۇسلىشىپ كېتىۋاتقاندەك. ۋەھالەنكى، «كىشىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرمەيدىغان ئادەم ئاللاھ تائالاغىمۇ تەشەككۈر بىلدۈرمىگەن بولىدۇ» دېگەن ئىسلامى ئەقلىيە سۆز بىزنىڭ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەۋە ئىدى.

مىسال ئېلىشقا توغرا كەلسە، تۈركىيەدە تاماق يەۋاتقان بىرىگە «ئافىيەت ئولسۇن»، چاچ ساقىلىنى يېڭى ئالغان بىرىگە «سىھھەتلەر ئولسۇن» ياكى «سائەتلەر ئولسۇن»، ئىش قىلىۋاتقان بىرىگە «قولاي گەلسىن»، «ئىيى چالىشمالار»، مۇسىبەتلىك بولۇپ قالغان كىشىگە «باشىنىز ساغولسۇن» دېگەندەك كۆڭۈل ئالىدىغان، سىپايە سۆزلەر كۆپ. بۇنىدان سۆزلەر غەرب ئەللىرىدىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بىز ياشاۋاتقان دۆلەتتە ئەڭ ئاددىيسى ئاممىۋى قاتناشتىن چۈشكەندە شوپۇرغا «رەھمەت» دەپ ماڭىدىغان، دۇكاندىن بىرنەرسە سېتىۋالغاندا پىركازچىك خېرىدارغا «رەھمەت» ئېيتىدىغان ئىشلار ئومۇملاشقان. غەربلىكنىڭ كىشىلىك مۇئامىلە ۋە ئەدەب ئەخلاقىدىنمۇ ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك بەك كۆپ تەرەپلىرى بار.

ئەپسۇسكى، بىزدە بۇنداق سۆزلەر تولىمۇ كەملەپ كەتكىنى ئازدەك، زور بەدەل تۆلەپ بىرەر ئۇيغۇرغا ياخشىلىق قىلغان چاغدىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ھەشقاللا ئېيتىشنىڭ ئورنىغا «بۇ دېگەن ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىغۇ!» دەپ قويىدىغان، ياكى بولمىسا «بۇنىڭ بۇنداق ياخشىلىق قىلىشى، ياخشى ئىش قىلىشىدا چوقۇم بىرەر يامان غەرەز

بار» دەپ باقىدىغان ئاجايىپ غەلىتە مىجەزلىك كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس.

ئىشقىلىپ، سىلىق-سىپايە ئەخلاقنى يېتىلدۈرىشىمىز، رەھمەت ۋە ھەشقالللا ئېيتىشنى ئۆگىنىشىمىز شەرت. بۇنداق بولمىغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىنمۇ، ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىنمۇ چۈشۈپ كېتىمىز.

## بەش ۋاقىت ناماز غەرىبتىمۇ پەرز

رەسۇلۇللاھ مىراجغا چىققاندا دۇنيا كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەلەكۇت دۇنياسىدا كۆپلىگەن غارايىباتلارغا شاھىت بولغان. بىزدەك ئادەتتىكى كىشىلەرگە نېسىپ بولمايدىغان مىراجغا بىزنىڭمۇ ئېرىشىدىغان يېرىمىزنىڭ ناماز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ: «ناماز مۆمىنىنىڭ مىراجى» دېگەن ئىدى. دېمەك، ھەقىقىي رەۋىشتە خۇشۇ-خۇزۇ بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز بىزگە روھى ئالەمنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ، ياراتقۇچىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بىناماز ياشاش — بەش ۋاقىت ناماز ئۆتىمەسلىكنىڭ نەقەدەر قەدىرسىز ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭ بەك ئېغىر سۆزلىرىنى تىلغا ئالساق كۆپچىلىك ھەزىم قىلالماي ئۇنى-بۇنى دەپ بېقىشى مۇمكىن، شۇڭا مۇشۇنچىلىكىنى نەقىل قىلىپ تۇرايلى.

غەرىبتە يىللاپ ئەزان ئاۋازى ئاڭلىيالمىساقمۇ، مەسچىتكە بېرىش پۇرسىتىمىز بولمىسىمۇ نامازنى قەتئىي تاشلىماسلىقىمىز كېرەك. رەسۇلۇللاھ «جعلت لي ا لأرض مسجدا» (ماڭا يەر يۈزى نامازگاھ قىلىپ بېرىلدى) دېگەن مۇبارەك سۆزى ئارقىلىق ناماز ۋاقتى كەلگەندە مەسچىت يوق ياكى يىراق بولغان شارائىتتا ھەرقانداق بىر يەردە ناماز قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، جوھۇت ۋە ناسارالاردەك سىناگوگ ياكى چېركاۋ بولمىسا ناماز ئوقۇغىلى بولمايدىغان خۇراپى چۈشەنچىنى تارمار قىلغان.

غەرىبتە مەيلى سىز ئوقۇغۇچى بولۇڭ، مەيلى خىزمەت قىلىڭ، مەيلى ئىش كۈتۈپ تۇرغان بىرى بولۇڭ ھەرقانداق يەردە ناماز ئۆتەشكە شارائىتىمىز بار. تاماكا چېكىش ۋە قەھۋە ئىچىش ئۈچۈن ئايرىلغان ۋاقىت، دەل ناماز قىلىشقا بولىدىغان ۋاقىتلاردۇر. «نامازدا كۆڭلى يوقنىڭ ئەزاندا قولىقى يوق» دېگەندەك، ناماز ئۆتەش ئىستىكى يوق كىشى ئۈچۈن يوقلاڭ باھانە-سەۋەبلەر تېپىلغان بىلەن، ياراتقۇچىنىڭ دەرگاھىدىكى سوت كۈنى ھېچقانداق باھانە-سەۋەپ كۈچكە ئىگە ئەمەس.

كۈندە بەش قېتىم ئەزان ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ۋە بىزنى نامازغا چىللايدىغان دۆلەتلەردە باشقىلار بىلەن قوشۇلۇپ ناماز ئوقۇش بىرقەدەر

ئاسان بولغان بىلەن، مۇسۇلمان ئەمەسلەر كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەتلەردە ياشىغاندىمۇ نامازنى تاشلىماي ئوقۇش ھەركىمگە نېسىپ بولمايدۇ. تۈركىيەدە بۇۋىمەدەك ئورنىنى يۇرۇيدىغان بىرقىسىم ئاياللار غەربنىڭ چېگراسىغا دەسسە ـ دەسسىمەيلا بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ تاشلايدىغان، ئىسلام ئەللىرىدە ھاياتى تەقۋالىق بىلەن ئۆتكەن تالاي ھاجىملارنىڭ غەربكە بېرىپ بەل قويۇۋېتىپ، غەيرى شەرئىي ياشاشقا باشلايدىغان ئىشلارنىڭمۇ نامازنى تەرك ئېتىش بىلەن باشلانغانلىقىنى مۇشۇ كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ياكى مۇشۇ قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانمەن. غەربنىڭ شەيتىنى بەك كۈچلۈك.

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالاكىتى ھەققىدىكى بۇ ئايەتتە بارا ـ بارا نامازنى تاشلاپ، شەھۋانى يوللارغا كىرىپ كەتكەنلەر مۇنداق قامچىلانغان:

**فَخَلَفَ مِن بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا**

ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسقانلار نامازنى تاشلاپ قويۇشتى، شەھۋەتلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار ئازغۇنلۇقنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ (سۈرە مەريەم 59 ـ ئايەت).

**إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ شَيْئًا**

لېكىن گۇناھىنى تونۇپ ئاللاھقا يۈزلەنگەن، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتتە بولغانلار بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، قىلچىلىك ناھەقچىلىككە ئۇچرىمايدۇ (سۈرە مەريەم 60 ـ ئايەت).

غەربتىمۇ نامازنى تاشلىماي راۋرۇس ئادا قىلالىغان، مىلىنىڭ زاكىتىنى لايىقىدا ئادا قىلىپ يوقسۇللارنى، يېتىم ـ يېسىرلارنى يۆلەپ ماڭالىغان، زاكاتتىن سىرت يەنە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىشنى دەۋاملاشتۇرالىغان قېرىنداشلارغا خوش مۇبارەك بولغاي!

بىز ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالساق، ئاللاھمۇ بىزگە ئۆزىمىزنى ۋە كىملىكىمىزنى ئۇنتۇلدۇرىدىكەن:

وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ نَسُوا اللَّهَ فَأَنسَاهُمْ أَنفُسَهُمْ أُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ

ئاللاھنى ئۇنتۇغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار. ئەنە شۇلار پاسىق — يولدىن چىققۇچى كەتكۈچىلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر (سۈرە ھەشر 19 ـ ئايەت ).

## ئارىمىزدا ئۇيغۇر «شاڭشۇجۇنلەر» يوقتۇر – ھە؟

ئېيۋۇ شاڭشۇجۇن ئىسىملىك خىتاي ئامېرىكىغا چىقىپ دېموكراتىيە تەشكىلاتىدىن بىرىنى قۇرۇپلا ئەڭ دېموكرات، ئەڭ مۇستەقىلچى، ئەڭ خەلقپەرۋەر، ئەڭ مىللەتپەرۋەر، ھەتتا ئەڭ بۇددا دىنى مۇخلىسى ۋە تەقۋادار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، خىتاي دۆلىتىگە قارشى تۇرۇپ كەلگىلى ئۇزۇن يىل بولغان، دەۋادا ئۇزۇن ئۆتمۈشى بار تەشكىلات رەئىسلىرىنى غاجاپ، خۇنۇكلەشتۈرۈپ، قۇسۇر تېپىپ ئەتراپىغا شايىكا توپلىغان بولسىمۇ، ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ رازۋېتكىسىغا چۈشۈپ قېلىپ سوتلانغان ۋە خىتاي دۆلىتىگە خىزمەت قىلغانلىقى، خىتاي دۆلىتىنىڭ تۈگمىنىگە سۇ توشۇغانلىقى پاش بولۇپ قالغان.

بىزدىمۇ مۇشۇ خىتايدەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرۈيدىغانلارنىڭ بىركۈنلەردە دېموكراتىك غەرب ئەللىرىنىڭ مەھكىمىسى ئالدىغا چىقىپ رەسۋا بولۇپ قېلىشىدىن خەۋپسىرەيمەن. ياق، رەزىل بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن. «نېمىشقا؟» دېسەڭلار، بىزدىمۇ بەزىدە تىزىغا چۈشكىدەك ساقال قويۇۋېلىپلا، ياكى بولمىسا قۇرئان كەرىمدىن بىرەر ئايەتنى نەيزىنىڭ ئۇچىغا قاداپ ئۆلىماغا، مۆمىنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان، ئۇيغۇرلارنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدىغان، يەنە بەزىسى بولسا، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق تۇغىنى كۆتۈرگەن بولۇۋېلىپ غوللۇق تەشكىلاتلىرىمىز ۋە دەۋا پىشقەدەملىرىمىزنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

ئادەم تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاشۇنداق كىشىلەرنى مۇشۇ خىتايغا ئوخشىتىپ قالىدىكەن دېسە، - توۋا!

تېخى بەزىلىرىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكى، سىياسى كېڭەش بىلەن مۇناسىۋىتى ۋە ئاتالمىش «خىتاي مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى» بىلەن يېقىندىن ئالاقىسى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەنلەر بار بولسىمۇ، يەنىلا «ئاتتىن چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشكىلى ئۇناشمايدۇ».

## ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن

بۇ دۇنيادا پەن-تېخنىكا قانچىلىك قولىدا بولسا شۇ ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە غەلىبە قازىنىدۇ. ئۇ دۇنيادا ئىمان ۋە سالىھ ئەمەل كىمنىڭ قولىدا بولسا شۇ نىجات تاپىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي قانۇنىيىتى بولۇپ، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

**سُــنَّةَ اللَّهِ فِي الَّذِيــنَ خَلَــوْا مِــن قَبْــلُ وَلَــن تَجِــدَ لِسُــنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا**

بۇ ئاللاھنىڭ ئىلگىرىكىلەرگە يۈرگۈزگەن قانۇنىيىتىدۇر. ئاللاھنىڭ يۈرگۈزگەن قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (سۈرە ئەھزاب 62- ئايەت).

ئاللاھ تەئالا بىزنى ھەر ئىككى دۇنيادا مۇراد-مەقسىتىگە يەتكۈزگەن بەندىلىرى قاتارىدىن قىلغاي!

# دەۋرنىڭ روھىغا ماس قۇراللىنىش

رەسۇلۇللاھ ئەينى چاغدا «الا ان القوة الرمي» غا «قۇرئاندىكى كۈچ-قۇۋۋەت — ‹ئوق ئېتىش› نى كۆرسىتىدۇ» دەپ تەبىر بەرگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كۈچ-قۇۋۋەت دەۋرنىڭ روھىغا ماس ھالدىكى ئىلغار پەن-تېخنىكا ۋە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

**وَأَعِدُّوا لَهُم مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِن دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنفِقُوا مِن شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ**

ئۇلارغا: (يەنى دۈشمەنلىرىڭلارغا) قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى، ھەمدە ئۇلاردىن باشقا يەنە سىلەر بىلمەيدىغان، ئەمما ئاللاھ بىلىدىغان دۈشمەنلەرگە ۋەھىمە سالالايسىلەر. سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (سۈرە ئەنفال 60- ئايەت).

# ختاي جىنى

غەرب دۆلەتلىرىگە ئىلتىجا قىلغانلار قوبۇل قەغىزى چىققاندىن كېيىن، شۇ دۆلەتنىڭ ئاق پاسپورتى (گراژدانلىقى چىقمىغانلارغا بېرىلىدىغان مۇلتەجى پاسپورتى) غا ئىلتىماس سۇنۇپ، چىققاندىن كېيىن شۇنى ئىشلىتەلەيدىكەن. ھەمدە، كەلگەن دۆلىتىنىڭ پاسپورتىنى ئىشلىتىپ تۇرۇش ھوقۇقىمۇ بولىدىكەن.

بىراق مېنىڭ بايقىشىمچە، بىر قىسىم ئۇيغۇرلىرىمىز ختاي پاسپورتىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلامدۇ ياكى مۇلتەجى پاسپورتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندىن ختاي پاسپورتىنى كۆتۈرۈپ ماڭسا ئۆزىنى ئالاھىدە ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاتالمىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىۋى قىسمى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغۇسى كېلەمدىغاندۇ، ئىشقىلىپ ئاشۇ ئىپلاس ختايىنىڭ قىزىل دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتىن ئۆزىنى تۇرمۇزلىيالمايدىكەن. بۇ ختاي جىنى يامان نەرسىكەن.

قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، قىتئە ئاتلاپ باشقا دۆلەتكە ماكانلىشىپ ئەركىنلىككە چىقسىمۇ «ختاي ئىشتىياقى» دەمدۇق ياكى «ختاي ۋەھىمىسى» مۇ، ئىشقىلىپ ختاي جىنى بىر چاپلاشتىمۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش تەسكەن. ختايچە تەپەككۇر ئادىتىگە، ختايچە يېمەك-ئىچمەك خۇمارىغا ئېچىنامدۇق، ياكى ختاي پاسپورتى مەھلىيالىقىغىمۇ؟ دەپ كەلسەك گەپ بەك كۆپ.

ھاسىل كالام، بولۇپمۇ تۈركىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئافرىقىغا ختايىنىڭ پاسپورتىنى كۆتۈرۈپ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلغان ياخشى. يەنە ساۋاق ئالماي، بېشىڭلارغا بىر ئىش كەلگەندە ۋايسىماڭلار. خۇددى تەشكىلات قۇرغانلارنىڭ باشقا مۇھىم ئىشى يوقتەك، «كۆتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك يېڭى دەرت كەلتۈرۈپ چىقارمىساقكەن تۇققانلار!

# قۇرئاننى چۈشىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەك

قۇرئانغا ئىشەنمەيدىغان، ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارايدىغان ياكى يامان غەرەز بىلەن قۇرئاننى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەھلى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغان تالاي ئىنسانلار ئۆتتى بۇ دۇنيادىن. ئەبۇجەھىل مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلسا، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىخلاسى ۋە ئىشەنچىسى بارلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەتىۋار كىشىلەر — قۇرئاننى چۈشىنىپلا قالماستىن، بىرىنچى قەدەمدە ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنگەن ۋە لايىقىدا ئەمەل قىلغانلاردۇر. ئەگەر قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئۆزىلا پەزىلەتلىك ئىش بولىدىغان ياكى ئەرەبچىنى بىلىشنىڭ ئۆزى جەننەتكە كىرىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئىش بولغان بولسا ئىدى، بۈگۈن لىۋان، مىسىر، سۈرىيە قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان ۋە ئەرەبچىنى — قۇرئان تىلىنى چۈشىنىدىغان نەچچە مىليون خىرىستىيان، ئاتېئىست، ئاگنوستىك ئەرەبلەرنى «ئۇلۇغ ئىنسانلار» دېسەك بولاتتى.

دەرۋەقە، قۇرئاننى چۈشەنسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان، قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇپمۇ خىتايپۇرۇشلۇق قىلىدىغان ئەرەبلەر بىزنىڭ نەزىرىمىزدە قانداق كىشىلەر ھېسابلانسا، قۇرئاندىن بىرەر ئايەتنى ياكى ھەدىستىن بىرەر تېكىستنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەھلى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان، زېھنىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشقا، ئەھلى ئىماننى مەسخىرە قىلىشقا، ھە دېسە مۇسۇلمان ئوبرازىنى سەت كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان كىشىلەرمۇ ئىدىيەسىدە زور مەسىلە بار، قۇرئان كەرىم تەبىرى بويىچە «دىلىدا ئەگرىلىك — كېسەل بار» تىپتىكى كىشىلەردۇر.

شۇڭا نىيىتى بۇزۇق، دىلىدا ئەگرىلىك بار كىشىلەر قۇرئاننى چۈشەنسىمۇ قىلغۇلۇقنى يەنە قىلىۋېرىدۇ. ئۇنداقلارغا قارىغاندا قۇرئاننى چۈشىنىش تۈگۈل ئوقۇشنىمۇ بىلمەيدىغان، ئەمما ياراتقۇچىنىڭ مۇرادىنى چۈشىنىدىغان، ياراتقۇچىغا ئىخلاسى بار كىشىلەر مىڭ ئەلا.

ھاسىل كالام، ئەڭ مۇھىمى ئىخلاس، ئىشەنچ ۋە ئاللاھ ئىشقىدۇر.

# خىتايلار چەت ئەللەردە نېمىشقا بۇتخانا سېلىشقا ھېرىسمەن؟

خىتايلارنىڭ كۆچۈپ بارغانلىكى جايلاردا بۇتخانا سېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ ئاناتىل مەكتىۋى، بازىرى ۋە مەھەللىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ياشايدىغان ئەنئەنىسى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە رۇشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. ۋەھالەنكى بىز مەسچىت سېلىشتىنمۇ، مەسچىت ئەتراپىدا ئۇيۇشۇشتىنمۇ خۇدۇكسىرەيمىز، شۇنداق تۇرۇپ يەنە تېخى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىلى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا ۋەز ئېيتىمىز.

مەن ئالدىنقى يىلدىكى شىمالى ئامېرىكا ساياھىتىمدە نىيۇيوركنىڭ قاپ مەركىزىدىكى مانھاتتىن كۆۋرۈكىگە كېتىۋېتىپ، بىر مەھەللىنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئىسمى چايناتاۋن (خىتاي يېزىسى) ئىكەن. ئادەتتە «تاڭ كوچىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. خىتاي پاسونىدا بېزەلگەن بۇ چوڭ مەھەللىدە خىتاينىڭ تاللا بازارلىرى، دورىخانىلىرى ۋە قاۋاقخانىلىرىدىن باشقا يەنە خىتايلارنىڭ بۇتخانىسى، ياشانغانلار ساناتورىيەسىمۇ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى. ھەتتا مەلۇم بىر كوچىدا گومىنداڭچى تەيۋەنلىك خىتايلارنىڭ بايرىقى ئېسىلغان بىر بىنانىڭ يېنىدا، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ بايرىقى ئېسىلغان بىر بىنامۇ دىققىتىمنى تارتتى. دېمەك، خىتايلارنىڭ ئوخشىمىغان سىياسىي پارتىيەلىرىمۇ بۇ يەردىن ئورۇن ئاپتۇ. كانادانىڭ تورونتو دەپ ئاتىلىدىغان شەھرىگە مېڭىشىنىڭ ئالدىدا «بۇكىڭ. كوم» تورىبېتى ئارقىلىق ئالدىنئالا زاكاس قىلغان ياتىقىمىزمۇ دەل «خىتاي مەھەللىسى» دىن چىقىپ قالدى. ياخشى يېرى، ئۆيگە يېقىن يەردە تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى ئاچقان بىر تۈرك مەسچىتى بار ئىكەن. مەسچىتتىن چىقىپ سەل ئايلانساق يەنە خىتاينىڭ بۇتخانىسى بار بىر باغچىغا كېلىپ قاپتۇق. بىزنى كۈتۈۋالغىلى كەلگەن دوستۇم تۇيغۇن ئابدۇۋەلىنىڭ ئېيتىشىچە: «بۇغۇ خىتاينىڭ كىچىك بىر مەھەللىسى، كانادا مىقياسىدا بۇنداق <خىتاي مەھەللىسى> دىن بىرەر مىڭى بار» مىش.

دېمەك، «خىتايلار ھەم شەرقتە ھەم غەربتە بۇتخانىدىنمۇ ئايرىلماي ياشايدىكەن. كاشكى، بىزمۇ (بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىگە ماكانلاشقان

ئۇيغۇرلار) ئۇيغۇر مەسچىتلىرىمىزدىن ئايرىلمىغان بولساقكەن» دەپ ئارزۇ قىلىمەن. يەھۇدىيلارنىڭ 2 مىڭ يىللىق سەرسانلىق ھاياتىدا ئۇلارنى ساقلاپ، تۇتۇپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم ئامىل «سىنانوگوگلار» بولغىنىدەك، دىئاسپورادىكى خىتايلارنىمۇ بىر چەمبىرەك ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇشتىمۇ بۇتخانىلىرىنىڭ رولى زوردەك قىلىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلارمۇ بىردىنبىر ھەق دىن بولغان ئىمان ۋە ئىسلامدىن، مەسچىتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىساقلا، كىملىكىمىز ۋە ئانا تىلىمىزنى چوقۇم ساقلاپ قالالايمىز.

مەن خىتايلار بىلەن ئارىلاشمىغاچقا بىلمەيدىكەن، ئەجەبا بۇتخانىنىڭ گېپىنى چىقسا چېچاڭشىپ كېتىدىغان، قاپىقى تۈرۈلۈپ قالىدىغان خىتايلارمۇ بارمىدۇ؟ ئەمما مەسچىتنىڭ گېپىنى قىلسا خۇيى تۇتۇپ قالىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئاز-تولا خەۋىرىم بار.

# غەربلىك ئەمەسلەر كۆزىمىزگە غېرىپ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟

ئالدىنقى كۈنى كانادادا تۇرۇشلۇق مەلۇم بىر قېرىندىشىمىز: «بىز ياشاۋاتقان كانادادا ھىندىستانلىقلار نېمانچە كۆپ؟! ھىندۇلار يوق يەردە ياشىغۇم بار. تۈركىيەدىن باشقا ھىندۇلار يوق بىر دۆلەتنى تەۋسىيە قىلغان بولساڭلار!....» دېگەن مەزمۇندا بىر يازما ئورتاقلىشىپتىكەن. بەلكىم ئۇ قېرىندىشىمىزنىڭ يامان نىيىتى يوقتۇر! قارىسام، تەرەپ-تەرەپتىن ھىندىستانلىقلارنى مەنسىتمەيدىغان مەزمۇندىكى ئىنكاسلار يېغىپ كېتىپتۇ. مەن ئىلگىرى باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەرەب، ئافرىقان، ھىندۇ، بېنگال، پاكىستانلىقلاردىن زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغان بولغاچقا، تۆۋەندىكى ئىنكاسنى يېزىپ قويغان ئىدىم، «ئۆچۈرۈلۈپ كېتىپ قالمىسۇن» دەپ قايتا ئورتاقلاشقىم كەلدى.

«مەن ھىندىستانلىقلاردىن سورىدۇم، ئۇلار بىزنىڭ ھەققىمىزدە مۇنداق دەيدىكەن: ‹بىز ھىندۇلارنىڭ ھېچبولمىسا مۇستەقىل دۆلىتىمىز بار، ئىشلەش ئۈچۈن خالىغان دۆلەتكە بارىمىز. سەنلەر يۇغان بىلىشكەن كانادا ۋە ئامېرىكىنىڭ يەرلىكلىرى قىرىپ تاشلىنىپ، سەن ۋە مەندەك كۆچمەنلەر بىلەن توشقۇزۇلغان بۇ رايونلاردا سەنمۇ ئاققۇنغۇ! سەن بۇ جايلاردا ئاق تەنلىكلەر نېمىشقا ئاز؟ دەپ قېلىشما. بىز يۇرتىمىزدىن ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقاردۇق. سەن گۇيلار ۋەتىنىڭنى خىتايغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، بىزنى ياراتمايدىغانغا نېمە ھەققىڭ بار!؟›...»

ئويلاپ باقسام توغرا. شۇڭلاشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئىرق ئايرىمچىلىقى قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس. ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، ئەرەبنىڭ ئەرەب ئەمەسلەردىن ھېچقانداق ئۈستۈنلۈكى يوق» دېيىش ئارقىلىق مۇشۇنداق بىمەنە، شەيتانى ھىس-تۇيغۇدىن پەخەس بولۇشىمىزغا ئۈندىگەن ئىكەن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ئۇيغۇر مىللىتى خىتاي فاشىستلىرىنىڭ

كەمستىشى، يەكلىشى ۋە ئەڭ ئاخىرى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىشكە دۇچ كېلىۋاتقان بىر خەلق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزگە راۋا كۆرۈلگەن بۇنداق كەمستىلىشنى باشقا مىللەتلەرگە قارىتا بىز قىلماسلىقىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئىرقىي ئايرىمچىلىق بىزگىلا ئەمەس، ھېچقانداق بىر مىللەتكە ياراشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ ھېچبىر مىللەتنى كەمستكۈدەك ھالىمىزمۇ يوق.

بىز ياراتقۇچىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايمىز. تەن رەڭگىمىزنى، ھەتتا جىنسىيىتىمىزنى تاللاپ دۇنياغا كېلىش ھېچبىرىمىزنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بىز ئۇيغۇرلار ھەممىمىز تەكلىماكان قۇملۇقىدا گىردە يەپ چوڭ بولغان، خالاس. بىز ئۇيغۇرلار دۇرۇستلۇق ۋە تىرىشچانلىقتا، دۆلەتكە تايانماي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ جاپالىق ئىشلەشتە خېلى-خېلى مىللەتلەرگە يېتىشەلمەيۋاتىمىز. غەربتە خىتايلار ۋە ھىندۇلارنىڭ بىزدىن كۆپ تىرىشچان ئىكەنلىكى بىز ئىنكار قىلالمايدىغان بىر رېئاللىق.

## خىتاينىڭ خېمىيەلىك تېتىتقۇلىرى ھالال ۋە پاكىزمۇ؟

دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار تاماقلىرى ۋە نەچچە مىڭ خىل تېتىتقۇلىرى ئىشلىتىلگەن ئىستانبۇلدەك بىر جايدىن يېمەك-ئىچمەك خۇرۇچلىرى تېپىلماي، قانداقسىگە خىتاينىڭ تېتىتقۇلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق؟

ياراتقۇچى ئاللاھ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

**يَـا أَيُّهَـا النَّاسُ كُلُـوا مِمَّـا فِي الْأَرْضِ حَلَالًا طَيِّبًـا وَلَا تَتَّبِعُـوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ**

ئى خالايىق! يەر يۈزىدىكى نەرسىلەردىن ھالال، پاكىز بولغانلىرىنى يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر (سۈرە بەقەرە 168- ئايەت).

بۇ ئايەتتە پەقەت پاكىز نەرسىنىڭ ھالال ئىكەنلىكى ۋە ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغانلىقى تەشەببۇس قىلىنىپ، ھارام ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ خۇرۇچلىرى ۋە تېتىتقۇلىرىنى ئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ، خىتايغا قانداق قارشى تۇرالايمىز؟

مەلۇم بىر يىلى، بىر دىۋەڭ خىتاي شىركىتى گۇاڭجۇدا ئويۇشتۇرۇلغان مەلۇم بىر يەرمەنكىدە چوشقا گۆشى قاچىلانغان ئورالما مىس قۇتىغا «ھالال» ماركا چاپلاپ، قاتتىق مەسخىرىگە قالغان ئىدى. بىزنىڭ بىر قىسىم ئاڭسىز ئادەملىرىمىزمۇ خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلاردا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېتىقۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىككى-تۆت تال ئۇيغۇرچە خەت قىستۇرۇپ يوغان ھەرپ بىلەن «چوڭ ئۇستام » دەپ خەت يېزىپ ماركا چاپلاپ، «ئۇيغۇر قىزى» نامىدا رەستىگە چىقىپ ئىستانبۇلدا ساتقىلى تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يەپ بىز قانداق ساقلىنىپ قالىمىز؟ خىتايدىن زادى قانداق پەرقىمىز بار؟

ئۇيغۇرچە گەپ قىلغانلىقى ھەممىسى ئۇيغۇر بولالمىغىنىدەك، ئۇستىگە ئۇيغۇرچە خەت چاپلاپ قويۇلغان ھەممە مەھسۇلاتنىڭ پاكىز بولۇشى ناتايىن. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالام: «يېگىنى ۋە ئىچكىنى ھارام ئادەمنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!» دېمىگەنمىدى؟

بىز «ھالال» دەپ بىلىدىغان ئۇقۇم مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدە «حلالا طيبا» تەبىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ «ھالال نەرسىنى يەڭلار» دېگىنى، ماھىيەتتە «پاكىز نەرسىنى يەڭلار» دېگىنى - جۇمۇ!

# «ئىت ئۈرگۈچىسىغا ئامراق» دېگەن گەپ راستتەك قىلىدۇ

شى جىنپىڭنىڭ ئۇيغۇر قەتلىئامى دەۋاملىشىۋاتقان مۇشۇ ئاخىرقى يەتتە يىل ئىچىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىغا يېقىنى ئۆلتۈرۈلۈش، مەڭگۈلۈك ياكى 20 يىللىقتىن تۈرمىلەرگە قامىلىش ۋە لاگېرلارغا سولىنىش ئارقىلىق ھالاك قىلىنغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، چەت ئەللىكلەرنى قويۇپ تۇرايلى، بىزنىڭ ئۇيغۇر قوۋمى ئىچىدىمۇ تېخىچە ئۇ جىنپىڭغا چوقۇنىدىغان، ئۇنىڭدىن مەرھەمەت كۈتۈپ ۋەتەنگە بېرىشنىڭ، ھەتتا مۇمكىن بولسا ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشنىڭ كويىدا بولۇۋاتقان ئاز بولمىغان ماڭقۇرتلار بار ئىكەن. جىنپىڭ قوۋمىدىن شۇنچىلىك يامانلىق كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئايىغۇقاچىلىرىدىن، تېنىتقۇلىرىدىن، «جىنپىڭچە زۇۋان» نى ئىستېمال قىلىشتىن، ھەتتا دۇكانلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىغا جىنپىڭچە خەت چاپلىۋېلىشتىن ۋازكېچەلمەيدىكەن. بۇ جىنپىڭ جىنى قانداق جىندۇر؟ بىر قوۋمغا چاپلىشىۋالسا، قۇتۇلماق تەس ئوخشايدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ تۈركىستان، ئانادولۇ ۋە باغدادتا ئېلىپ بارغان قەتلىئاملىرىنى بۈگۈن ھېچكىم تىلغا ئالمايدۇ. ئەكسىچە، ماختىشىدۇ. تېخى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ بەك چوڭ بىلىشلىرى بار بۇ چىڭگىز دېگەن قالماقنى.

شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندا لاگېر سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن بۇرۇن ئەتراپىدىكى پوداقچىلىرىغا نۇتۇق سۆزلەپ: «مېنىڭ قىلماقچى بولغانلىرىمنى ھازىر ئانچە چۈشىنىپ كەتمەسلىكىڭلار مۇمكىن، بىراق 50 يىلدىن كېيىن ماڭا رەھمەت ئېيتىسىلەر» دېگەن ئىكەن. دېمەك، ئۇنىڭ شۇم نىيىتى گويا سائەت ئىستىرىلكىسىدەك ئىشلەۋاتىدۇ. بىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىخۇت.

ئامېرىكىنىڭ مۇزېيلىرىنى ۋە باغچىلىرىنى ئايلىنىپ، ئەينى چاغدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا نابۇت بولۇپ كەتكەن يەرلىك ئىندىئانلارنىڭ يالدامىلىرىغا قاراپ، ئۆتمۈشنى ئويلاپ باقتىم. تېنىم شۈركەندى. ۋېتنام ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ئابىدە باغچىلىرىنى بىخارامان سەيلە قىلىۋاتقان ۋېتناملىقلارغا قاراپمۇ ئىچىم ئېچىشتى. ۋېتنامدىمۇ، ئىراقتىمۇ ھېلىھەم ئامېرىكىلىق ئەتىۋارلىنىدىكەن.

غالىپلارغا چوقۇنۇش، چوڭ بىلىش بىزدەك خام سۈت ئىمىپ چوڭ بولغان ئىنسان ئوغلىغا خاس ئوخشايدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، خىتاي دۆلىتى بىزنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى پۈتكۈل خەلقىمىزنى يوق قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ ئۇسۇللىرىمىزنى سەل ئەسلىتىدىغان ئۇسۇللارنى ئوينايدىغان، ئانچە-مۇنچە بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا ئەتلەس-شايى كەيگەن خىتايلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئىشىكنى دۇنياغىلا ئەمەس، دىئاسپورادىكى بىزلەرگىمۇ ئېچىۋەتسە، يەنە بىخارامان بېرىپ-كېلىپ ياشارۋەرگۈدەكمىز. شى خىتايغا رەھمەت ئېيتىلغان كۈنلەرنى كۆرۈشتىن بۇرۇن بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغۇم بار. ئىشقىلىپ ئادەم بولمايدىغان ئوخشايمىز.

## ئاللاھ تەئالا كىملەرنى سۆيىدۇ، كىملەرنىڭ يېنىدا؟

«ئاللاھ تەئالا كىملەرنى سۆيىدۇ؟ كىملەرنىڭ يېنىدا؟» دېگەن بۇ سوئالنىڭ كالامۇللاھ — قۇرئان كەرىمدىكى ئېنىق جاۋابى:

المحسنين — قىلغان ئىشنى قېتىرقىنىپ ياخشى قىلغۇچىلار، ياخشى ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى.

التوابين — خاتالىقنى قوبۇل قىلىپ تـوۋا قىلغۇچىلار ۋە ئـۇ قىلمىشىدىن قول ئۈزگۈچىلەرنى.

المتطهرين — ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنى پاكىزە تۇتقۇچىلارنى.

المتوكلين — (باشقىلارغا ئەمەس) ياراتقۇچىغىلا تايىنىپ ۋە ئىشىنىپ بەل باغلىغۇچىلارنى.

الصابرين — چىدامىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان كىشىلەرنى.

المقسطين — زۇلۇمغا، ھەقسىزلىققا، رەزىللىككە ۋە چېرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ئادالەتنى ياقلىغۇچىلارنى.

المتقين — ئاگاھلىق، مەسئۇلىيەتچان ۋە تەقۋادار بولغۇچىلارنى.

المتصدقين — ياخشى ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ئىقتىساد ئارقىلىق ئىسپاتلىغۇچىلارنى.

الشاكرين — ياراتقۇچىغىمۇ ۋە ئىنسانلارغىمۇ مىننەتدارلىقنى بىلدۈرگۈچى، ياخشىلىقنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلگۈچى كىشىلەرنى.

يۇقۇرىقى مەزمۇن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق تەشەببۇسى ۋە بارلىق ۋەھىيلەرنىڭ يادرولۇق، مېغىزلىق يىغىندىسىدۇر.

# بىزنىڭ قۇربان ھېيتىمىز تۈگىدى، ئۇلارنىڭ يۇھاننۇس بايرىمى باشلاندى

بىز ئەھلى ئىسلامنىڭ قۇربان ھېيتىمىز ئاخىرلىشىپلا، غەرب خىرىستىيان دۇنياسىنىڭ يۇھاننۇس بايرىمى باشلاندى. بىز «يەھيا ئەلەيھىسسالام» دەيمىز، ئۇلار «ھاۋارى يۇھاننۇس» دەيدىكەن. ئۇلار بۇ كۈننى «يەھيا نەبىينىڭ تۇغۇلغان كۈنى» دەپ قاراپ، بايرام قىلىپ بېكىتكەن ئىكەن.

ئۇلار تۈنۈگۈن كېچە گۈلخان يېقىپ تۈنەپ، يۇھاننۇس بايرىمىنى باشلىۋەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دېڭىز ۋە كۆل بويلىرىدا ئىچىۋېلىپ، مەس پېتى ئۆزىنى سۇغا تاشلىغىنىچە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغانلارنىڭ كۆپلۈكى بۈگۈن بىرقىسىم تاراتقۇلاردا ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

يۇھەننا — زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام (ئىمان-ئىسلامدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بېشى كېسىلگەن پەيغەمبەر) نىڭ ئوغلى بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە «يەھيا» ئىسمى بىلەن ئۈچ ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بىر پەيغەمبەر ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن مۇرتلىرىدىن بىرى.

كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن تۈنۈگۈن ئۇلارنىڭ ھارپا كۈنى بولۇپ، بۈگۈن رەسمى بايرىمى.

21- ۋە 22- ئىيۇن كۈنلىرى تۈن ئەڭ قىسقا، كۈن ئەڭ ئۇزۇن بولغان ياز ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى بولغاچقا، ئېپتىدائىي دەۋرلەردىكى تەبىئەتكە چوقۇنىدىغان كىشىلەر بۇ كۈننى «ئۇلۇغ كۈن» دەپ قاراپ، قۇتلۇقلار ئىكەنمىش. خىرىستىيانلار بۇنىداق مۇھىم كۈننى پۇرسەت بىلىپ، ئۇنى دىنى تۈسكە كىرگۈزگەن ئىكەن. كېيىنچە خىرىستىيان دىنى تۈسىنى ئېلىپ، يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى سۈپىتىدە قۇتلۇقلىنىشقا باشلىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ يۇھاننۇس بايرىمى «ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» دەپ قارالغان روژدىستىۋا بايرىمىدىن ۋە «نوئېلنىڭ چارمىخقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن كۈنى» دەپ قارالغان پاسخاليا بايرىمىدىن قالسىلا ئەڭ داغدۇغىلىق بايرىمى ئىكەن.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىزنىڭ قۇربان بايرىمىمىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ بايرامدا، بىز ئەھلى ئىسلام قۇربان ھېيتنى ئەسلى ماھىيىتىدىن قانچىلىك يىراقلاشتۇرۇپ خۇنۇكلەشتۈرگەنلىكىمىزنى ئانچە ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ.

بۈگۈن خىرىستىيان دۇنياسىدىمۇ يەپ-ئىچىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى يوقلاشتىن باشقا، يەھىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىنى، ئۇنىڭ ئىبادىتىنى كۆنتەرتىپىگە ئېلىپ كېلىش ئاساسەن ئۇنتۇلغان.

كەمىنە بۇ يازمىنى بىر تەرەپتىن دىنى ئېتىقادىمىزنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش يولىدا ئىزدىنىپ كەلگەن ۋە ئۇزۇن يىل خىرىستىيان مۇھىتىدا ياشىغان بىر كۆچمەن ئۇيغۇر سۈپىتىدە قەلەمگە ئېلىپ، ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەقسىتىم — سىلىشتۇرما دىن بايراملىرى ئارقىلىق ئۆزگىلەردىن ئىبرەت ئېلىش، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تەلەپكە لايىق مۆمىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، خالاس. خاتا گەپ قىلىپ سالغان بولسام، توغرىسىنى بىلىدىغانلار ئەسكەرتىش بېرىپ قويغاي!

## بىز مۆمىنلەرنىڭ ھەرۋاقىت قىلىدىغان دۇئايىمىز

بۇگۈن تەقۋا بولساقمۇ ئەتە كىم بىلىدۇ، لەقۋا بولۇپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. ھېچبىرىمىزنىڭ «ئەتە قايسى ھالغا كېلىپ قېلىشى» غا ئائىت بىر كاپالىتى يوق.

**رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ**

(ئۇلار مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدۇ:) «رەببىمىز! بىزنى توغرا يولغا ئېرىشتۈرگىنىڭدىن كېيىن (قىلمىشلىرىمىز تۈپەيلى) دىللىرىمىزنى بۇرىۋەتمىگەيسەن، بىزگە دەرگاھىڭدىن مېھىر-شەپقەت ئاتا قىلغايسەن. شۈبھىسىزكى، سەن ئۆزۈڭلا بەك بېغىشلىغۇچىسەن (سۈرە ئالى ئىمران 8- ئايەت).

رەسۇلى ئەكرەم: «الدعاء مخ العبادة» (دۇئا ئىبادەتنىڭ يادروسىدۇر) دېگەندە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇقتىلارنى كۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

بىزبەندىلەر قۇسۇرىمىز، گۇناھلىرىمىز، يېتەرسىزلىكلىرىمىز شۇنچە كۆپ بولغانسېرى ئەتراپىمىزدىن ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەردىن قۇسۇر ئىزدەپ، كەڭقۇرساق بولالمىغىنىمىز بىلەن، بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزنى، يوشۇرۇن-مەخپىي ئىشلىرىمىزنى ئىنچىكە دېتاللىرىغىچە بىلىدىغان ئاللاھنىڭ ئەپۇ ۋە مەغپىرىتى ئىنتايىن كەڭرى ئىكەن. دېمەك، مەۋجۇداتنىڭ مەرتىۋىسى قانچە تۆۋەن بولغانسېرى قۇسۇر ئىزدەش، ئەيىبلەش خاراكتېرىمۇ شۇنچە ئېشىپ ماڭىدىكەن.

**الَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ إِلَّا اللَّمَمَ إِنَّ رَبَّكَ وَاسِعُ الْمَغْفِرَةِ هُوَ أَعْلَمُ بِكُمْ إِذْ أَنشَأَكُم مِّنَ الْأَرْضِ وَإِذْ أَنتُمْ أَجِنَّةٌ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ فَلَا تُزَكُّوا أَنفُسَكُمْ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَى**

كىچىك سەۋەنلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق تۇرغانلارغا كەلسەك، شۈبھىسىزكى، رەببىڭنىڭ ئەپۇ-مەغپىرىتى كەڭرىدۇر. ئاللاھ سىلەرنى تۇپراقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋاقىتتىمۇ، ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمە ۋاقتىڭلاردىمۇ (قانداق ئىكەنلىكىڭلارنى) ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلارنى (ئاقلاپ) پاكىزغا چىقارماڭلار. (چۈنكى ئاللاھ) كىمنىڭ تەقۋادار-مەسئۇلىيەتچان ياشىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ (سۈرە نەجم 32-ئايەت).

# مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان ئىشلار

دىندارلار دىنسىزلىققا، ئەخلاقى چىرىكلىشىشكە ۋە خۇنۇكلۇككە، دىنسىزلار بولسا، دىندارلىققا ۋە دۇرۇستلۇققا قاراپ كېتىۋاتقاندەك قىلامدۇ قانداق؟!

مەن سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە دىن تونىغا ئورۇنۇۋالغان ۋە «ماشائاللاھ»، «ئىنشائاللاھ» نى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگىنى بىلەن ئىش-ھەرىكىتى ۋە ئەخلاقى ئىسلامغا پۈتۈنلەي زىت بەك كۆپ ئادەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ، جاق تويدۇم. بۇ يىل (2024) نىڭ بېشىدا قاھىرەدە بىر ئالدامچى مەندىن: «سەن مۇسۇلمانمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، تاس قالغان بولاتتىم «ياق» دەپ سالغىلى. ئەگەر «ياق» دېگەن بولسامىمۇ «سېنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭدىكىدەك ۋە سەندەك مۇسۇلمان ئەمەس، بەلكى بىر ئۇيغۇر مۆمىنمەن» دېگەن مەنىدە دەپ سالغان بولاتتىم. ئەمما ئەلپازى كۇپۇرغا ياتىدىغان ئۇ گەپنى قىلىپ سېلىشتىن ھېيىقتىم.

قۇرئان كەرىمدە سەھرالىق بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ رەسۇلى ئەكرەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىسلامنى پەش قىلىشلىرىغا رەددىيە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارغا: «<بىز ئىمان ئېيتتۇق، ئىشەندۇق> دېمەڭلار. لېكىن <بىز تەسلىم بولدۇق، مۇسۇلمان بولدۇق> دېسەڭلار بولىدۇ» دېيىلىدۇ. مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە سۈپىتىدىكى مۇسۇلمانلىق بىلەن، ئىمان-ئىشەنچ ئاساسىدىكى مۆمىنلىك ئايرىم كاتېگورىيەلەرگە ئايرىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ شەكلىي مۇسۇلمانلىقى ئىمانسىزلىق — ئىمانى دىلىدا ئورۇن ئالمىغانلىق دەپ قارىلىدۇ:

**قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُل لَّمْ تُؤْمِنُوا وَلَٰكِن قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ وَإِن تُطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ لَا يَلِتْكُم مِّنْ أَعْمَالِكُمْ شَيْئًا إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ**

سەھرالىق ئەرەبلەر: «ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشتى، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى:

«سىلەر (تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن سىلەر <بويسۇندۇق> دەڭلار، (ھەقىقى) ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ (ياخشى) ئىش-ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ-مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى رەھىمدىلدۇر (سۈرە ھۇجۇرات 14-ئايەت).

# بىزگە مەرەزدەك يېپىشۋالغان خىتاينىڭ ئايتوقچى

بۈگۈن ئەتىگەنىدە سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئىستانبۇلنىڭ سافاكۆي رايونىدىكى «زەرەپشان ناۋايخانىسى» دىن سوۋغاتلىق نانلارنى سېتىۋېلىپ، سەل ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمغا بىر كىچىك ئۇيغۇر باققال دۇكىنى ئۇچراپ قالدى. ئىچىگە كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن چىلان ۋە بادام مېغىزى سېتىۋېلىش جەريانىدا پۇل تۆلەۋاتسام، پۇل تۆلەش ئورنىنىڭ يېنىدىكى مەخسۇس ئاسىياچە بىر سىۋەتتە خىتاينىڭ ئايتوقچى كۆزۈمگە چېلىقتى.

كۆرۈنۈشتە سەلەپىيچە ئۆزۈن ساقاللىق قاسىدا تۇرغان 50 ياشلار چامىسىدىكى كىشىدىن: «بۇ خىتاينىڭ ئايتۇقچىمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ كىشى يەرگە قاراپ تۇرۇپ: «ھەئە، شۇنداق» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن: «بۇ نانلار ۋەتەندىن كېلەمدۇ؟» دېگەن سوئالىمغا: «ياق، موشۇ يەردە پىشۇرۇپ ئەكىلىدىغانلار بار» دەيدۇ.

دېمەك، خىتاينىڭ ئۇ ئايتۇقچىنى يا سافاكۆيدىكى خىتايلار يېقىپ ئەكىلىدىكەن ۋە ياكى بىزنىڭ ئايتۇقاچخۇمار «ئۇرغۇي» لىرىمىز يېقىپ ئېلىپ كېلىدىكەن. ئۇنى سېتىۋالىدىغانلارمۇ بار ئىكەن.

ھاراقنى ياسىغان، ساتقان، تۇشۇغان، ئىچكەن ھەممىسى ئوخشاش گۇناھكار بولغان يەردە، خىتاينىڭ مىللىي نېنى بولغان «ئايتوقاچ» نى ساتقانمۇ، يېقىپ ئەكەلگەنمۇ، ئۇنى ئىستېمال قىلغانمۇ ئوخشاش ئەيىبلىك.

ھاراقنى ھەتتا ئۆك قول بىلەن «بىسمىللاھ» دەپ تۇرۇپ ئىچسىمۇ ھارامغۇ!؟ ئۇنداقتا، ئايتوقاچنى بىسمىللا بىلەن يېسەكمۇ، ھاجىمنىڭ تاللا بازىرىدىن ئالساقمۇ ئوخشاشلا «ھارام» دېگەن گەپ. ئىچىگە ماددەتۇلھايات، لۇبۇبى كەبىر قويۇپ يېقىلغان ئايتوقاچنى يېگەن، يەپ كۆنۈپ قالغان كىشىدە مىللىي ئاڭ ئۆلىدۇ. بەنى ئىسرائىل قوۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سىنا چۆلىدە كىتىۋاتقان، تىھ دېگەن ۋادىدا مۇھاجىرەت ھاياتىنى ياشاۋاتقان دەۋرىدىمۇ فىرئەۋننىڭ سەي-كۆكتاتلىرىنى سېغىنىپ كەتكەن ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە تاماقلىرىغا دۇم چۈشۈپ، بوششىپ كەتكەن ئىكەن. مۇشۇ

سەۋەبتىن ئانا ۋەتىنى كەنئانغا ھۇجۇم قىلىش جاسارىتىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، 40 يىل چۆلدە سەرسان ياشىغان ئىكەن. بۇ ۋەقەلىك بىزگە ئىبرەت بولغاي!

## كوكاكولاغا دەلىل بار، ئايتوقاچقا دەلىل يوقمىكىنا؟!

كوكاكولانى «يەھۇدى مەھسۇلاتى» بولغانلىقى ئۈچۈن «ھارام» دەيدىغانلارغا غەلىتە قىلمىغانلار، خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋوللۇق نىڭى بولغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ئۆنسۇرلىرى بىر قوللۇق مەبلەغ سېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بۇلغاش ئۈچۈن غەرەزلىك بازارغا سالغان «ئايتوقاچ» قا قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن بىر قارارغا كېلەلمەي، ئېنىق ۋە كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرەلمەيۋېتىپتىمىشلەر. شۇڭا «بىزگە مەرەزدەك يېپىشىۋالغان خىتاينىڭ ئايتوقىچى» تېمىسىدىكى قىسقا يازمامغا قارشى پىكرلەر ۋە نارازىلىقلار پەيدا بولغانمىش.

بەلكى مەن بىر ئەرەب بولغان بولسام ۋە نامى شەرىپىم «بىننى پالانى»، «بىننى پۇستانى شەيخ» بولغان ھالدا خىتاينىڭ ئاشۇ ئايتوقاچلىرىنىڭ ھاراملىقىنى شەرئەتنىڭ ئايەت، ھەدىس، قىياس ۋە ئىجمادىن ئىبارەت بىرەر دەلىلگە ئاساسلاندۇرۇپ شەرھىيلىگەن بولسام، شۇ چاغدا قوبۇل قىلىشار بولغىيمىتى؟! - ياق. خىتاينىڭ دىپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، «ۋەتەنگە بېرىپ-كېلىشنىڭ خاتالىقى» غىمۇ قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېنىق نەس (دەلىل) تاپالمىغىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشامدۇ؟! - ياق. ئىنسانلار ئۆز دىتىغا ياقمايدىغان، مەنپەئەتىگە ئۇدۇل كەلمەيدىغان ئىشقا دۈچ كەلگەندە، مانا مۇشۇنداق تەرىقىدە قارشى چىقىدۇ.

تېخى يېقىنقى بىر يىللاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى مىللىي ئېڭى تۆۋەن مەشھۇر بىر قارىسىمۇ خىتاينىڭ سىمۋوللۇق قىزىل پۆپۈكلۈك چىراقلىرى بىلەن بېزەلگەن كونىيا شەھرىدىكى بىر زالدا «قۇرئان مۇسابىقىسى» غا قاتناشقان ۋە بىرنى قاتتىق بىئارام قىلغان ئىدى. مىللىي ئاڭ يېتىلمىسە خىتاينىڭ ئايتوقاچلىرىنى، خىتاينىڭ ئەخلەت يېمەكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، «ئۇنى سېتىشنىڭ ھالاللىقى» غا ئىشىنىدىغان، خىتاي ۋە خىتايپەرۇشلار بىلەن ئاپاق-چاپاق ئۆتۈشتىن ھېچ ھېيىقمايدىغان ناچار كەيپىيات ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەندەك قارشى چىقىدىغانلار «ھالالنى <ھارام> دەپ

كەسكىن <پىچاق> قوللاندى» دەپ ئەيىبلىنىمىز.

1990 ـ يىللىرى شېھىدانە خوتەننىڭ مىللەتپەرۋەر ئۆلىماسى ئابلەت مەخسۇم: «خىتاينىڭ كۇلىيسى (گۇاڭجو، فۇجيەن، كۇنمىڭ قاتارلىق خىتاي شەھەرلىرى) غا ئۈزۈم ئېلىپ بېرىپ سېتىش ھارام» دېگەن ۋاقىتتىمۇ، سىياسى كېڭەشنىڭ موللىرىدىن تارتىپ مىللەت ۋە ئۇممەتنىڭ تەقدىرىگە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان ۋەتەن ئىچىدىكى كۆپ سانلىق ئۆلىمالارمۇ قوبۇل قىلمىغان ئىدى.

ئۇلارمۇ بەلكىم خىتاينىڭ مەركىزى شەھەرلىرىگە ئۇيغۇرنىڭ شېرىن ئۈزۈملىرىنى ئېلىپ بېرىپ سېتىش ئارقىلىق، مەلۇم جەھەتتىن بولسىمۇ خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا ھەۋەس قىلدۇرۇشتەك سەۋەبلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن بولغاچقا، قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل تاپالمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىستە ئېنىق قىلىپ «كوكاكولا ھارام» دەيدىغان ئىبارە بولمىسىمۇ، پەلەستىنلىك مۇسۇلمانلارنىڭ قىرغىن قىلىنىشىغا كوكاكولانىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغان بىرقىسىم ئۆلىمالار قىياس يولى بىلەن «كوكاكولا ئىچىش» نىڭ، «ستارباكستا قەھۋە ئىچىش» نىڭ ئېتىك ئەخلاققا ئۇيغۇن ئەمەسلىكى سەۋەبلىك، بۇنى «ئەيىبلىك ئىش» دەپ قارىغان.

شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئۇ دۇنياغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلار مىللىي ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈپ، خىتايغا يەم بولۇپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن يىراق تۇرۇشىمىز زۆرۈر.

## ھاجىمنىڭ خىلى بولغاندەك، ساقالنىڭمۇ تۈرى بار، جۇمۇ!

ھەرەمگە ھەج قىلغىلى بارغان كىشى «ھاجى»، پۇل ياكى يۈز تاپقىلى بارغان كىشى «كاجى» دەپ ئاتىلىدۇ زاغرا تىلدا. مەن بىر چاغدا گانالىق بىر زىنداندىشىمنىڭ خىروئىن ساتقىلى ھەرەمگە بارغانلىقىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇمۇ ھەرھالدا «كاجى» بولغىيمىتتىكىن - تاڭ؟

«سەلەپىيچە ساقال» دەپ تەسۋىرلىسەم، مېنىڭ ساقىلىمغا ئېسىلىۋالغانلار چىقتى. دەرۋەقە، ساقالنىڭ «سۈننەت ساقال» (رەھمانى ساقال)، ماركىس ساقال (شەيتانى ساقال)، پوپچە ساقال (لېنىن پاسونى ساقال)، سەلەپىيچە ساقال (كىندىككە چۈشىدىغان ساقال) دېگەندەك تۈرلىرى تۇرسا.

ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس يېمەك-ئىچمىكى ۋە ئۆرپ-ئادىتى بولغىنىدەك، ھەربىر دىن مەنسۇبىنىڭلا ئەمەس، ھەتتا بەزىدە ئوخشاش بىر دىن تەۋەلىكىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ پەرقلىق كىيىم مودىسى، تەرىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەللە ئوراش ئۇسۇلى بار.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەينى چاغدا ياش-ئۆسمۈر ساھابىلارنىڭ چاچ مودىسىنىڭ «يەھۇدىيلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالماسلىق» ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى، دەل، يۇقارقى مەزمۇننىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## بۈگۈنكى دۇئا-تىلىكىم

ئەي، ئۇلۇغ ئاللاھ! بىز ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ دىلىدىن خىتاي قورقۇسىنى، تىلىدىن خىتايچە گەپ-سۆزلەرنى، داستىخىنىدىن خىتايچە تاماقلارنى، قەلبىدىن خىتاي ئىشتىياقىنى كۆتۈرۈۋەتكەيسەن!

يا رەببى، سەن ئىنسانىيەت تارىخىدا دۈشمىنىگە باش ئەگمىگەن، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلغان تالاي قوۋملارنى ئىماندا سابىت تۇرغانلىقى ئۈچۈن يات قوۋملارغا يەم بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇردۇڭ. دۈشمىنىگە تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرىگە دۈم چۈشكەن نۇرغۇن قوۋملارنى ھالاك قىلدىڭ. بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي قانۇنىيىتىڭ، يارەب!

سېنىڭ قانۇنىيىتىڭ ھەق، سەن ئورۇنلاشتۇرغان سىستېما بەرھەقتۇر. سەن قوغداپ قالغان ھېچقانداق بىر مىللەت ھالاك بولمايدۇ، سەن ھالاك بولۇشىغا ئىجازەت بەرگەن ھېچقانداق بىر مىللەتمۇ ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. سەن بىزنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئىمانلىق ۋە ئىرادىلىك كىشىلەر قاتارىدىن قىلغايسەن. بىزنى بۇ دۇنيادا ۋەتەن، ئۇ دۇنيادا ئىمان ۋە ئەمەلى سالىھتىن مەھرۇم قىلمىغايسەن.

# بىزنىڭ يۇرتتىكى ئۇ ئۆلىما ...

بىزنىڭ يۇرتتا «خىتايچە سۆزلىشىش ھارام» دەيدىغان بىر ئۆلىما بار بولۇپ، ھېچبىر دىرايەتچى ياكى رىۋايەتچىمۇ «سەن خىتايچە سۆزلىشىشنى نېمىشقا ھارام دەيسەن؟» دەپ باقمىغان ئىدى.

بۈگۈن ئاشۇ ئۆلىما ھايات بولغان ۋە مۇھاجىرەتكە چىقىش نېسىپ بولغان بولسا ئىدى: «‹خىتايپۇرۇشلۇق قىلىش›، ‹خىتايچە تاماققا خۇمار بولۇپ قېلىش›، ‹ۋەتەنگە بېرىپ كېلىش›، ‹خىتاي ساياھەتچىلەرنى يۈدۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىش›، خىتاي دۆلىتىگە ئۇچۇر توپلاپ بېرىشكە ئېلىپ بارىدىغان، بىزنى خىتايغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشكە تۈرتكە بولۇپ قالىدىغان شۈبھىلىك ھەرقانداق قىلىق ھارامدۇر» دېگەن بۇلاتتى.

نۇرغۇنلىرىڭلار بۇنىڭغىمۇ قۇرئان ۋە ھەدىستىن نەس (ئوچۇق دەلىل) تاپالماي، گەپنى ھەزىم قىلالمىغان بۇلاتتىڭلار.

# ھەركىم بىر ئىش بىلەن ئاۋارە

**قُلْ كُلٌّ يَعْمَلُ عَلَى شَاكِلَتِهِ فَرَبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَنْ هُوَ أَهْدَى سَبِيلًا**

ئېيتقىنكى: «ھەركىم ئۆز يولى، خاراكتېرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. رەببىڭلار كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ» (سۈرە ئىسرا 84 ـ ئايەت).

ۋەتەنپەرۋەرلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى پاش قىلىش ۋە دەۋانى يەنىمۇ بىرىبالداق يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش بىلەن ئاۋارە. ماڭقۇرتلار ئۇيغۇرنى خىتايغا سېتىۋېتىش، خىيانەت بەدىلىگە بولسىمۇ يۈزنى داپتەك قىلىپ ۋەتەنگە بېرىپ كېلىش بىلەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى يۇشۇرۇش بىلەن ئاۋارە. گالۋاڭلار بولسا، بۇ ماڭقۇرتلارغا ھەۋەس قىلىش بىلەن ئاۋارە. خىتاي تاجاۋۇزچى كۈچلىرى پىلانلىق ئىشلەنگەن سىنلارنى تارقىتىپ، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نەيرەڭۋازلىق قىلىش بىلەن ئاۋارە. ئالىيجاناپ ۋە دىلى يورۇق كىشىلەر دىن ۋە ئىماننىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىچىدە كەڭ تارقىلىشى بىلەن ئاۋارە. چىرىك ۋە دىلى قارا كىشىلەر دىنسىزلىقنى، ئىمانسىزلىقنى ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئۇيغۇرلاردا خىتايدەك كۇپۇر ۋە زالالەت يولىدا ياشاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن ئاۋارە. پىتنىچىلەر، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن بىرئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنى ھاقارەتلەش ۋە كەمسىتىش بىلەن ئاۋارە. خىتايپەرەست، غەربپەرەست، ناسارا، دەھرى، ئاگنوست ... ۋە قىزىلپاچاقلارنىڭ نېمە بىلەن ئاۋارە ئىكەنلىكىنى، بولدى، دېمەي قوياي. ئىشقىلىپ، ھەركىم ئۆزىگە ياراشقان بىر ئىشلار بىلەن ئاۋارە.

ئى قېرىندىشىم، مەن ۋە سىز نېمە بىلەن ئاۋارە؟ گەپ، دەل مۇشۇ يەردە.

# ۋىجدان ۋە ئادىمىيلىك يوقالسا، شەرىئەتتىن دەلىل تاپالمايسىز

نىيەت دۇرۇست بولمىسا نامايىش قىلىشقىمۇ، خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقىمۇ شەرىئەتتىن دەلىل تاپالمايسىز. خۇددى خىتاينىڭ زەھەرلىك يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ئىستېمال قىلىشقا، خىتايدەك ياشاشنىڭ ھاراملىقىغا «شەرىئەتتىن دەلىل تاپالمىغان» دەك.

دەلىل ئاۋال سىزنىڭ پاك ۋىجدانىڭىزدا ...

ھەركىم ئاۋال ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قاراپ باقسۇن. كور بولىدىغىنى كۆزلەرلا ئەمەس، بەلكى ۋىجدانمۇ «كور» بولۇپ قالىدۇ. بۇ، خىتايپۇرۇشلارنىڭ ۋىجدانى كور، ھەقىقەتكە قارىتا ئەقىل كۆزى خىرە پولۇپ قالغاندەكلا ئىش.

تۆۋەندىكى ئايەتنى مۇشۇ كونتېكىست بويىچە قايتىدىن بىر تىلاۋەت قىلىپ باقايلىچۇ:

**أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِن تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ**

(ماڭا قارشى چىققانلار) يەر يۈزىدە ھېچ كېزىپ باقمىدىمۇ؟ شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەقىل يۈرگۈزىدىغان دىللىرى ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، كور بولىدىغىنى كۆزلەر ئەمەس، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەردۇر (سۈرە ھەج 46- ئايەت).

## ھەركىم «ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى» نى ئۆزمەيلىچە ئۆزگەرتمىگەي!

ئۇيغۇر تىلىمىز بىر قىسىم زىيالىيلارغا تاشلاپ قويغۇدەك دەرىجىدە قەدىرسىز ئەمەس. ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىملا قائىدىسىنى ئۆز مەيلىچە بۇزۇپ ماقالە ھەتتا كىتاب يېزىش مۆتىدىل بىر ئۇيغۇر زىيالىيسىغا قەتئىي ياراشمايدۇ.

شەيتىنىم شۇنداق دېگۈمنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ: «ھەي خىيالىي، بېيجىڭدىكى <خىتاي مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى> دىكى چېغىڭدا چىقارمىغان ئۇ قىلىقىڭنى نېمىشقا مۇھاجىرەتكە چىقىپ كۆرسىتىشكە باشلىدىڭ؟ بۇرۇن بىز سۆيۈپ ئوقۇغان ئەسەرلىرىڭنى <بىرلىككە كەلگەن ئىملا> بىلەن يازاتتىڭغۇ؟!»

دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ يازمىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە قۇيۇق دىنىي پۇراقلىق ئەرەبچە، پارسچە ئىبارىلەرگە سەۋر-تاقىتى يوق زىيالىيلىرىمىزنىڭ، بۇنداق چاكىنا ئىملا بۇزۇشلارغا ئالقىش تۇتۇپ «ھۆر سېلىشلىرى» مۇ قوش ئۆلچەملىك ئىللەتنىڭ ئالامىتى، ئەلۋەتتە. تېخى «ئاپتورغا ھۆرمەت قىلدۇق» دەپ ئۆزلىرىنى ئاقلاشلىرى بار، بۇ مۇبارەكلەرنىڭ. يەنە بىرقىسىم زىيالىيلار باركى، كونا يېزىقنى كومپيۇتېر ۋە تېلېفۇنلاردا يازالمىغىنى ئۈچۈنلا «لاتىنچىگە كۆچۈش» داۋرىڭىنى سېلىپ باقىدىغان.

خوش، ئۇنداقتا، بىز ئەھلى خوتەنمۇ «بىينى بىي» دەپ، چاپاننى تەتۈر كەيگەنچە «ئۇدۇن شىۋىسى» نى قايتىدىن «تىيىلدۈيۈپ» كىتاب يازساق، قوبۇل قىلىشالىما؟

بۇ گەپقۇ چاقچاق. ئەمما ئىپادىلىمەكچى بولغان مەخسەت «ئاناتىلىمىزنىمۇ، ئىملا قائىدىمىزنىمۇ ساقلاپ قالساق بولاتتى» دېمەكچى.

## ئىككى تۆرلۈك كىشىدە بىزگە ياخشىلىق يوق

بىز ئۆچۈن ياخشىلىق كۆتۈلمەيدىغان بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرى، مىللەت قىرىلىپ، مەۋجۇتلۇقى كىرزىسقا دۇچ كېلىۋاتقاندا «جىھات»، «كۈرەش» ۋە «ئىنقىلاب» نىڭ گېپىنى قىلماي، بۇنىڭدىن يالتىيىپ ئۆتۈپ كېتىپ، مەقسەتلىك ھالدا نەپلە ناماز، نەپلە ھەج، تەسبىھ، زىكىر، ساقالنىڭ پەزىلىتى... قاتارلىقلار بىلەن جامائەتنى ناركوز قىلىدىغان موللا. يەنە بىرى بولسا، تىل ۋە ئەدەبىياتنى زۇلۇمغا قارشى تېمىلارغا ئىشلەتمەيدىغان، خىتاينىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى قەلەم تەۋرەتمەيدىغان، ئەكسىچە، ئىملا قائىدىسىنى ئۆزگەرتىش بىلەن، ئىشقى-مۇھەببەت شېئىرلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىغان، دەۋاگەرلەردىن ئاغرىنىپ شېئىر، ماقالە يازىدىغان تىلشۇناس، ئەدىپ ۋە زىيالىيدۇر.

# يۈزيىللىق ئامانەت كۆرگەزمىسىدىكى ئەسىر لاگېرلىرى

ئالدىنقى كۈنى مېتروغا چىقىپ ئىسانبۇلنىڭ سىركىجى دېگەن يېرىدىكى مېترو بېكەتتە چۈشتىم. زالنىڭ چىقىش ئېغىزىغا قويۇلغان «يۈز يىللىق ئامانەت» سەرلەۋھىلىك بىر كۆرگەزمىنىڭ ئېلان تاختىسى دىققىتىمنى تارتتى. «ئەسىر» دېيىلسە، مېنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەسىر خەلقىم ئېسىمگە كېلىدىغان بولغاچقا، كۆرگەزمىنى سىنچىلاپ باشتىن ئاخىرى كۆرۈپ چىقىپ بولغۇچە بىر سائەتتەك ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قاپتىمەن.

كۆرگەزمىدە ئوسمانىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يىراق شەرقتە، بالقانلاردا، ياۋروپادا ۋە ئافرىقىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئوسمانلى ئەسكەرلىرىنىڭ ئائىلىلىرىگە يازغان تەسىرلىك خەت-چەكلىرى، غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ ئوسمانلى ئەسكەرلىرىگە يۈرگۈزگەن ئېچىنىشلىق قىيىن-قىستاقلىرى، ئانادولۇدا ئوسمانلى ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئېنگلىز ۋە فىرانسۇز ئەسكەرلەر، ئۆز ئارا ئەسىر ئالماشتۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى قاتارلىقلار فوتو-سۈرەت ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئەڭ دىققىتىمنى تارتقىنى، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ «لاگېرلاردا يېتىپ تۇرۇپ قول يازما گېزىتلەرنى چىقارغان» لىقى بولدى.

ئېنىقلىنىپ، تۈركىيەدىكى ئومۇمى نوپۇسى ئىككى مىڭدىن ئازلاپ كەتكەن رۇملارنىڭ ۋە سانى 15 مىڭغا ئاران يېتىدىغان يەھۇدىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ياكى تۈركچە تىلدا چىقىرىۋاتقان گېزىتلىرىگە بەكلا ھەۋەس قىلىدۇ. شۇنداقلا لاگېردا گېزىت چىقارغان ئوسمانلى تۈركلىرىگە قاراپ، 300 مىڭ نوپۇسلۇق ئۇيغۇرۇمنىڭ بىرەر تۈركچە ياكى ئۇيغۇرچە گېزىتىنىڭ يوقلۇقىمۇ مېنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

# ئەزىز قارىنىڭ كىتاب كاتولوگى باشقا ئەزىزلەرگىمۇ ئىلھام بولغۇسى!

بىلگىنىمىزدەك، كوچىدا كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن نام شەرىپىنىڭ ئاخىرىغا «قارى» قوشۇمچىسىنى ئىشلىتىدىغان ئادەت بويىچە مەنمۇ ئەزىز ئەيسا ئەپەندىمنى «ئەزىز قارى» دەپ ئاتاپ گەپ باشلاي، بەلكىم بىركۈنلەردە ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىم قولىغا «كەلامۇللاھ»نى ئېلىپ 30 پارە قۇرئاننى يادلاپ، لوندوندا يېڭى ئېچىلغان ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ پىدائىيلىرىدىن بولۇپمۇ كېتەر. لوندوندىكى كېرەم زاھىر قارى بىلەنلا ئەمەس، ئىستانبۇلدىكى كېرەم قارىم كوچار بىلەنمۇ يېقىن پىكىردىكى، مۆتىدىل قارىلار سېپىدىن ئورۇن ئېلىپ قالار! ھەرەمگە بارمىغان كىشىنى «ھاجىم» دەۋەرسە، ئاخىرى ھەرەمگە بېرىپ ھاجىم بولىدىغان ئىشلارمۇ كۆپقۇ ـ ھە؟

چاقچاقىمۇ قىلىپ قويدۇم، گەپنىڭ پوسكاللىسىغا كەلسەك: كۆپ قىرلىق قابىلىيىتى بار شائىر، يازغۇچى، ئەدىپ ۋە تەرجىمان ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىم 40 يىلدىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنى ئامېرىكىدىكى پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بېغىشلاش ئارقىلىق قولىدىكى بۇ گۆھەرنى بىر ئامېرىكا كۇتۇپخانىسىدا ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇ ئۇزۇن بىرجەريان بولۇپ، غەرب ئەللىرىدىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاب قوبۇل قىلىش شەرتى ناھايىتى چىڭ، ئۆلچىمى تولىمۇ مۇرەككەپ بولغاچقا، بىرەر كىتابنىڭ مەزكۇر كۇتۇپخانىلارغا قويۇلۇشى ئۇزۇن تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتىدىغان ئىش ئىكەن. يەنە كېلىپ، بىرەر مىللەت ياكى شەخسنىڭ نامىدا ئالاھىدە بۆلۈم ئېچىلىپ، كىتابلارنى باسما ياكى رەقەملىك شەكىلدە قويۇشقا ئېرىشىش ھەرمىللەتكە، ھەركىمگە نېسىپ بولىدىغان ئاسان ئىشمۇ ئەمەس. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەزىز قارىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئارزۇلۇق كىتابلىرىنىڭ رەقەملەشتۈرۈلۈپ رەتلىنىپ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسىنىڭ تور ئارخىپى ئارقىلىق بولسىمۇ پۈتۈن دۇنياغا ئېچىۋېتىلىش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

مېنىڭ بىلىشىمچە، مۇھاجىرەتتە بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا كىشىنىڭ قولىدا زور ھەجىمدە ئۇيغۇرچە كىتاب ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرى ئامېرىكىدىكى غۇلامىدىن پاختا ئاكا، سەئۇدىيەدىكى رەھمىتۇللاھ ئىنايەتۇللاھ ئاكا، ئىستانبۇلدىكى ئابدۇجېلىل تۇران ئاكا ۋە ئاتاۋۇللاھ قارىم. مەزكۇر ئەزىزلەر بىزنىڭ مەنىۋى بايلىقىمىزنى ساقلاپ كەلدى. ئۆيىنى، ئامبىرىنى ئۇيغۇرچە كىتابلار بىلەن توشقۇزغانلىرى، توربەت ئېچىپ كەڭ خەلقىمىزنىڭ ھەقسىز چۈشۈرۈپ پايدىلىنىشىغا سۇنغانلىرى، ئۇيغۇرچە كىتاب بېسىش ئۈچۈن مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ كىتاب بېسىۋاتقانلىرى، كىتاب دۇكىنى ئېچىۋاتقانلىرى بار. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر ئەزىزلەرگىمۇ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئىنسانىنىڭ ھاياتتا قىلالايدىغانلىرى چەكلىك بولۇپلا قالماي، ئۆمرىمۇ چەكلىك بولىدىكەن. بۇ ھايات تولىمۇ قىسقا ئىكەن. شۇڭلاشقا كىتاب ساقلاۋاتقان دوستلار، كىتابلىرى كۆپ ئەزىزلەرنىڭ قولىدىكى كىتابلارنىڭ ئەبەدىلىششى ئۈچۈن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەت ۋە ياكى غەرب ئەللىرىدىكى دۆلەت ۋە ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، قوللىرىدىكى بىباھا كىتابلارنىڭ باسما ياكى رەقەملىك شەكلىدە مۇناسىۋەتلىك سۇپىلاردا ئورۇن ئېلىشىغا ۋە ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا تىرىششىنى دەۋرىنىڭ تەقەززاسى دەپ قارايمەن.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، بولۇپمۇ خىتاي ئالۋاستىلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنى بېسىشنى توختاتقان، مەۋجۇت كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن مۇھاجىرەتتە ئېچىلغان ۋە ھەقسىز پ د ف كىتاب تەمىنلەيدىغان توربەت ئىگىلىرىمۇ قوللىرىدىكى زاپاس رەقەملىك كىتابلارنى چىڭ ساقلىغاي! خىتاي شەيتانى كۈچلىرىنىڭ سۇيىقەستىدىن، نابۇت قىلىنىشتىن پەخەس بولغاي!

## قاچان، قەيەردە قەبزى روھ بولىدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلەلمەيمىز

ئىنسان ياراتقۇچى ئالدىدا شۇنچىلىك ئاجىزكى، ياشاۋاتقان كائىناتنىڭ قاچان يوق بولىدىغانلىقى، يەنى قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىنى، بىركۈن كېيىن قانداق ئىشلارغا يولۇقىدىغانلىقىمىزنى، قاچان ۋە قەيەردە جان ئۈزىدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلەلمەيدىكەنمىز.

**إِنَّ اللَّهَ عِنـدَهُ عِلْـمُ السَّـاعَةِ وَيُنَزِّلُ الْغَيْـثَ وَيَعْلَـمُ مَـا فِي الْأَرْحَـامِ وَمَـا تَـدْرِي نَفْـسٌ مَّـاذَا تَكْسِـبُ غَـدًا وَمَـا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ**

شۈبھىسىزكى، قىيامەت توغرىسىدىكى مەلۇمات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى ياغدۇرىدۇ، بالىياتقۇلاردا نېمە بارلىقىنى بىلىدۇ، ھېچكىم ئەتە نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ، ھېچكىم قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. ئاللاھ (ھەممىنى) بىلىپ تۇرغۇچى ۋە (ھەممىدىن) خەۋەرداردۇر (سۈرە لوقمان 34- ئايەت).

تۈنۈگۈن مالايسىيادا تۆگەپ كەتكەن قېرىندىشىمىزنىڭ ئەھۋالى ماڭا مۇشۇ ئايەتنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. گوللاندىيەدىن ماڭغاندا مالايسىيادىكى بىرئاشخانىدا غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ تۆگەپ كېتىشى ئەقلىگە كەلمىگەن بولغىيدى؟

ھايات ۋە ئۆمۈر مۇشۇنچىلىك قىسقا. شۇڭا ئاللاھ تائالاغا يۈزكېلەلىگۈدەك رەۋىشتە، ھالال ۋە توغرا ئۇسۇلدا ياشىمىقىمىز زۆرۈر.

## تۇتۇلۇش باھانە، ھۇجۇم شاھانە

تۈركىيەنىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ تەكشۈرۈلۈۋاتقان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارغا قاتتىق ھېسداشلىق قىلىمەن. تۈركىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بىلەن بۇ ھەقتە ئۆز لايىقىدا كۆرۈشۈپ، مەسىلىنى خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك ھەل قىلىش ئۈچۈن تىنىمسىز چېپىۋاتقان ئەزىمەتلەرنىمۇ بىلىمەن. ئەتراپىنى ئورۇش رايونىغا ئايلاندۇرۇپ، تۈركىيەنى ۋەيران قىلىش پىلانىنى تۈزگەن دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ شۇم نىيەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە «دائىش گۇماندارى» چەت ئەللىكلەرنىڭ تۇتۇلۇپ بىرتەرەپ قىلىنىۋاتقانلىقىدىنمۇ، خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ، تۈركىيە تەرەپنى بىرقىسىم ئۇيغۇرلارنى نىشانلىق تۇتۇشقا يوشۇرۇن يول كۆرسىتىۋاتقانلىقىنىمۇ، تۈركىيەدىكى خىتاي قولچۇمىقى بولغان دىنسىز، ئىمانسىز، ئاتېئىست دوغۇ پېرىنچەك گوروھىنىڭ پاكىتسىز ھالدا بىرقىسىم ئۇيغۇرلارنى تۈركىيە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا شىكايەت قىلىپ، چېقىشتۇرۇپ تۇتقۇن قىلدۇرۇۋاتقىنىنىمۇ يېقىندىن بىلىمەن. تۈركىيەنى پۇتتۇنلەي ئىنكار قىلىدىغان ياكى پۈتۈنلەي ئاقلايدىغان قاراشمۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرگە ياراشمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن تۈركىيەدىكى قولىدا پاسپورتى يوق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت تۇتۇلۇش ھادىسىسى ھەممىزنى بىئارام قىلىدۇ.

تۇتۇلغانلار ھامىنى ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلىدۇ. تۈركىيەنىڭ قانۇن-تۈزۈمىگە خىلاپ ئىش تۇتقانلىقى ئىسپاتلىنىپ قالسا، ئۇنداق كىشىگە جازاسىنى ئۆتەشتىن باشقا ئامال يوق. شۇڭلاشقا ھەركىم ئېھتىيات بىلەن ياشىمىقى لازىم. ئەمما بۇ قېتىمقى تۇتقۇننى باھانە قىلىپ، تۈركىيەدىكى مەكتەپ-مەدرىسەلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەمشىلىۋاتقان غەرىبتىكى بىرقىسىم چوڭلارنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا چاقىرىق قىلىمەن.

تۇيۇقسىزلا قەدەم باسقان ماسمىغلى چارەك ئەسىر بولغان تۈركىيەنىڭ سوسىيوكۇلتۇر مۇھىتىغا غەرب ياكى يىراق شەرقنىڭ كۆزىنىكى بىلەن دۈرۈن تۇتۇپ، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنى جاھالەت ۋە خۇراپاتلىققا چۆمۈپ كېتىش بىلەن ئەيىبلەيدىغان ئاشقۇنلارنى ئەينەككە ئوبدانىراق قاراپ،

ئۆزلىرى چوقۇنغان ۋە قۇسۇرسىز دەپ ئىشەنگەن غەربتە دىن-ئىماندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان، ئۇيغۇرلۇقتىن ئەسەر قالمىغان ئەتراپىدىكى تالاي كىشلەرگىمۇ دۇربۇن تۇتۇپ بېقىشقا دەۋەت قىلىمەن.

# مېھرى–مۇھەببەت

**إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمَنُ وُدًّا**

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا چەكسىز مېھىر-شەپقەتلىك (ئاللاھ) ھەقىقەتەن، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت ئاتا قىلىدۇ (سۈرە مەريەم 96-ئايەت).

ئەگەر كىشى «دەل توغرا» دەپ بىلگەن قايسىدۇر بىرەر سىياسىي كۆز-قاراش، ئېتىقاد قىلغان بىرەر دىن ياكى دىن ئىچىدىكى بىرەر مەزھەب، ئېقىم ھەتتا چوڭ بىلگەن بىرەر پېشىۋا، ماشايىخ ئۇستاز ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتكە قارىتا ئۆچمەنلىككە ۋە نەپرەتكە سەۋەب بولغان بولسا، ئۇ سىياسىي كۆزقاراشمۇ، دىنمۇ، مەزھەب-ئېقىممۇ، ماشايىخ ئۇستازمۇ ئۇ كىشىنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدى ياكى ئۇ كىشى خاتالاشتى دېگەن گەپ.

ئاللاھ تەئالا بىزگە مېھرى-مۇھەببەت، سۆيگۈ، كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىقنى ئۆگۈتۈش ئۈچۈن كىتابلار نازىل قىلىپ، ئەنبىيالارنى ئەۋەتكەن تۇرسا. ئۆزىنى ئالىم-ئۆلىما، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى دەپ ھېسابلايدىغان ياكى شۇنداق بولۇشقا ئىنتىلىدىغان ھەركىم ئۆز قوۋمىغا، مۆمىنلەرگە مۇھەببەت باغلىشى، غەم، نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكتەك شەيتانى ھىس-تۇيغۇلاردىن پاكلىنىشقا تىرىششى زۆرۈركەن.

# شەيتاننىڭ يېڭى تەشۋىقاتىغا ئىدىيەۋى تەييارلىقىمىز بولسۇن!

خىتاي جاللاتلىرى يېقىندا، ۋەتەنگە بېرىپ كېلىش دەردىدە ئۇيغۇرنىڭ ھېچقانداق مىللىي كۆرەش سېپىدە ئورۇن ئالماي چاھارپايىلاردەك يەپ-ئىچىش، قورساق تويغۇزۇش، ناخشا-ئۇسسۇلدىن باشقىغا ۋاقىت ئاجراتماي ياشايدىغان تەبىقىدىكى ماڭقۇرتلارنى تېخىمۇ جاسارەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يېڭى بىر نەزەرىيە بىلەن تەشۋىقات باشلىغۇدەك.

ئۇ نەزەرىيە بولسا: «ۋەتەنگە بېرىش ھەركىمنىڭ ھەققى، ۋەتەنگە بارالىغانلار — خىتايدىن قورقمايدىغان قەيسەر ۋە جەسۇر كىشىلەر. ۋەتەن بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈۋەتكەنلىك — ۋەتەننى ئۇنتۇغانلىق. ۋەتەنگە بېرىۋاتقانلارنى توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ....» كاراڭ-كاراڭ ...

دەرۋەقە، ۋەتەنگە بېرىش بەدىلىگە ئۇيغۇر دەۋاسىدىن ۋازكەچكەن ۋە خىتاي قورقۇسىدىن كۆڭلىدىكىنىمۇ چىقىرىشقا پېتىنالماي خىتاينىڭ ئىندىكىگە كەلگەن كىشىلەر قەھرىمان بولسا، ئۇنداقتا دولقۇن ئەيسا، ھىدايىتۇللاھ ئوغۇزخان ۋە كۆرەش سېپىدىكى لاگىر شاھىتلىرى نېمە بولىدۇ؟ ئۇلار ئاخماقمۇ ياكى قورقۇنچاقمۇ؟

ئادەتتە ھەرقانداق مۇستەملىكىچى كۈچ مۇستەملىكە ئاستىغا ئالغان، قۇل قىلماقچى بولغان خەلقلەرنى شېرىن-شېكەر تەشۋىقات ۋە تەتۈر مەنتىقىدىكى نەزەرىيەلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاۋامغا تەشۋىق قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈشتىن قورقىدىغان، ئۇيغۇر دەۋاسىغا گۇمان بىلەن قارايدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلاردىن دائىم قۇسۇر ئىزدەپ، مىللىي دەۋانى زىنھار قوبۇل قىلالمىغان، خىتاينى «خەنزۇ، خەنسۇ» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ گەپ قىلىدىغان، ئەمما «مۇسۇلمان»، «تۈرك»، «تۈركىستان» ئىبارىلىرىدىن بېقىنىغا نەيزە سانجىلغاندەك راھەتسىز بولىدىغان ماڭقۇرتلار خىتاينىڭ مەزكۇر تەشۋىقاتىنى خالىسانىلىك ۋە بىجانىدىللىك بىلەن ئورۇندايدۇ، قاراپ تۇرۇڭلار.

بىز ئىمانىمىزدىن ۋازكەچمىگەندەك؛ مىللىي كىملىكىمىزدىن، شەرقىي تۈركىستانىمىزدىن، ئىرادىمىزدىن قەتئىي ۋاز كەچمەيمىز. خىتاينىڭ دېپىغا زىنھار ئۇسسۇل ئوينىمايمىز، جۇمۇ دوستلار!

# ئايەت ۋە ھەدىسنى تۈزۈمگە خىلاپ ئىشلارغا دەلىل قىلماسلىق كېرەك

ھەرقانداق تۈزۈم شەرىئەتكە، يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولۇشى ناتايىن، بۇ دېگەنلىك «شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. مېنىڭ نەزەرىدە تۈتقۇنۇم قۇرئان كەرىمدە «مەرۇپ» دەپ ئاتىلىپ، رىئايە قىلىشىمىز تاشەببۇس قىلىنغان؛ «مۇنكەر» دەپ ئاتىلىپ، يېقىن يولىماسلىقىمىز ۋە باشقىلارنىمۇ يېقىن يولىماسلىققا ئۈندىشىمىز بىزدىن تەلەپ قىلىنغان ئىشلار بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تەئەللۇق، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى چىقىش قىلىنغان ئىشلاردا تۈزۈم ۋە قائىدە ئەلمىساقتىن بۇيان بولۇپ كەلگەن، مەۋجۇت تۈزۈمگە رىئايە قىلىنمىسا چۇۋالچاقلىق پەيدا بولىدۇ.

بۈگۈن قارىسام سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ قانۇنسىز ھەج قىلماقچى بولغانلارنى تۇتۇۋاتقانلىقىغا قارشى قۇرئان كەرىمدىن ئايەت ئوقۇپ، بەيتۇللاھنىڭ ئەمىن — خاتىرجەم جاي ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، سەئۇدىي ئەرەبىستان ھەج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تۈزۈمنى تەنقىت قىلغانلارنى ئۇچراتتىم.

مەيلى ئىسلام ئەللىرىدە بولايلى، مەيلى غەرب ئەللىرىدە بولايلى قانۇن-تۈزۈمگە رىئايە قىلىشىمىزمۇ دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسى. جۈملىدىن سەئۇدى ئەرەبىستان ھەج ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تۈزۈمى شەرىئەتكە لايىق تۈزۈم. شۇڭا ھەجگە بارىدىغانلارمۇ قانۇنسىز يولغا ماڭماسلىقى كېرەك. سەئۇدىي ھۆكۈمىتىمۇ «ھەجگە كېلىدىغان ئادەم سانى مانچىلىك» دەپ ئالدىن پىلانلاپ، شۇنىڭغا قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم كېلىۋالسا مەسىلە چىقمامدۇ؟ باشقا ھاجى نامزاتلار بەھرىمەن بولىدىغان خىزمەتتىن «نورمىدىن تاشقىرى مەنمۇ بەھرىمەن بولىمەن» دېسە، «قول ھەققى»گە كىرىپ قالمامدۇ؟

فىقھى ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا، سەئۇدى ھۆكۈمىتى رۇخسەت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھەجگە بېرىش پەرز ئەمەسقۇ!؟.

مەن بۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن تۈركىيەگە بارغان ئىدىم. ئاپتوۋۇزغا چىقىپ ئاقبىل (ئاپتوبۇس كارتىسى) نى ئاقبىل ئوقۇتۇش ماشىنىسىغا تۇتسام، پۇل تۆگەپ كەتكەنلىك سىگنالى بەردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شوپۇر ئالدىمىزدىكى بېكەتتىكى ئاقبىل تولدۇرۇش نوقتىسىدا چۈشۈپ، پۇل قاچىلاپ چىقىشىمنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، ئاناتولىيەنىڭ چەت بىر ۋىلايىتىدىن كەلگەنلىكى كىيىنىشىدىن چىقىپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي بىغۇبار ۋە ساپ نىيىتى بىلەن ماڭا يان بېسىپ: «ئاقبىلنى ئوقۇتمىسىمۇ بولىدىغۇ!؟ نېمە بوپتۇ بىرەر قېتىم ئاقبىل ئوقۇتماي سەپەر قىلسا!؟ ئاپتۇبۇس بەربىر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭغۇ!» دەپ، شوپۇرغا قاقشاپ كەتتى. مەن پەسكە چۈشۈپ ئاپتوبۇس كارتىسىغا پۇل قاچىلىغاندىن كېيىن، ساقلاپ تۇرغان ئاپتوبۇسقا قايتا چىقتىم.

ئەسلىدە شوپۇر ھەقلىق، بوۋاي ھەقسىز بولۇپ، ئاپتوبۇسقا مىنگەن ھەربىر يولۇچىنىڭ بېلەت سېتىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ ئىقتىسادىغا كۆزقۇلاق بولۇش شوپۇرنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى، ئەلۋەتتە.

مۇشۇ غەرب ئەللىرىدىمۇ قانۇنسىز ئىشلەپ دۆلەتكە باج تاپشۇرمايدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشسىزلىق مائاشىنى ئېلىشنى ھالال سانايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بار. بۇ ھەقتە كۆپ توختالسام ھۇجۇمغا ئۇچراپ كەتمەي يەنە.

«ئالدامچىلىق قىلغان بىزدىن ئەمەس» دېگەن ئىدى، رەسۇلى ئەكرەم.

يەھۇدىيلارنىڭغۇ تەۋراتتىكى ئادەم ئالدىماسلىق، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدىكى ئايەتنى بۇرمىلاپ «يەھۇدى بولمىغانلارنى ئالدىساق، ئۆلتۈرسەك بولىۋېرىدۇ» دەيدىغان خۇيى بۇلىدىغان. بىزمۇ بەزى نۇقتىلاردا ئاشۇلاردىن قېلىشمايمىز.

## بىر قىزىلپاچاقىقا رەددىيە

سوۋېتلىك نەبىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياق ئىزلىرى تەككەن، بىز مۆمىنلەر ئۇچۇن دىنىي جەھەتتىن «ئۇلۇغ ماكان» دەپ قارىلىدىغان مەككە ـ مەدىنەمنى خوتەن ـ قەشقەرگە سېلىشتۇرۇپ مەسخىرە قىلىدىغان، رەسۇلۇللاھ: «ئۇھۇت بىزنى سۆيىدۇ، بىزمۇ ئۇھۇتنى سۆيىمىز» دەپ مەدھىيەلىگەن ئۇھۇد تېغىنى تەڭرى تېغى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئەدەبسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زالىم مەككە مۇشرىكلىرىدىن قېچىپ، مەدىنىگە مېڭىش ھارپىسىدا ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ پاناھلانغانلىقىنىڭ يالدامىسى بولغان سەۋر غارىنى بۇددا غارى مىڭ ئۆيگە سېلىشتۇرۇپ، بۇددا غارىنى ئارتۇق بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ھەجۋىي قىلىش، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكتۇر.

مەسچىتنىڭ گېپى چىقسا «بىزگە <مەدەنىيەت مەركىزى> كېرەك» دەپ جار سېلىۋاتقان، ياغلىقنىڭ گېپىنى قىلسا «ئەرەبلەشتىڭ»، «ئابايى...» دەپ بولغۇچە «ئەتلەس كەيسەڭچۇ!» دەۋاتقان، «ھەجگە بارىمەن» دېگەنلەرنى «ئەرەبكە پۇل خەجلەپ بەردىڭ» دەپ ئەيىبلەپ، ئۆزلىرى تەيۋەن... قاتارلىق ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تەتىلگە پۇل خەجلەۋاتقان، بەدىر ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ئەسھابى كىرامنىڭ قەۋرىسىنى ئۇچتۇرپاندىكى يەتتە قىزلىرىم قەۋرىسىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىچە بەدىر شېھىتلىرى قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتىن ئۇچتۇرپاندىكى يەتتە قىزلىرىم نەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشنى ئەلا بىلگەن كۆرسىتىپ زېھىن كىرلەتىدىغان قىزىلپاچاقىقا ئىست. ئىمانلىق مۆمىنە خانىم ـ قىزلارغا ئۈلگە بولغان بۇۋى ئائىشە قاتارلىق ساھابە كىراملاردىن نۇزۇگۇمنى ئەلا بىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالىجوقا سۆزلەيدىغان قىرىلپاچاقلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

بىزگە سەن تىلغا ئالغان شەرقىي تۈركىستاندىكى تەڭرى تېغىمۇ، مىڭ ئۆيمۇ ۋە بارچە قەھرىمانلىرىمىزنىڭ مازارلىرىمۇ ۋەتەنگە بولغان مېھرىمىز، ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىمىزغا بولغان ساداقىتىمىز سەۋەبلىك ھەر زامان سۆيۈملۈكتۇر.

شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: ھەي، كوممۇنىست! ساڭا خىتاي داداڭ

سۇنجۇڭسەننىڭ قەبرىسى، تيەنئەنمېندە ياتقان داھىنىڭ ماۋ خىتاينىڭ مۇمىيالانغان تاپىسى، لېنىننىڭ مۇسكۇۋا قىزىلمەيداندىكى مازىرى، دارۋىننىڭ ئەنگلىيەدىكى بىر باغچىغا قويۇلغان قەۋرىسى قانداق ئۇلۇغ بىلىنىدىغان بولسا، بىز ئەھلى ئىسلام ئۈچۈنمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مەدەنىيەت بەرپا قىلغان مەدىنە مۇنەۋۋەرى شۇنداق مۇقەددەستۇر، سۆيۈملۈكتۇر.

خىتاي كومپارتىيەسى بىر قوللۇق تەربىيەلەپ، مىڭىسىنى يۇيۇپ چەتكە چىقىرىۋەتكەن بىرتۈركۈم قىزىل زېھنىيەتتىكى كىشىلەر بار. ئۇلار چەت ئەلدىمۇ ئاتېئىست بايرىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرەي دېسە دېئىسپورادىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەسلىكتىن قورقۇپ، گاھ ئۇيغۇر مىللەتچىسى قىياپىتىدە بىزنىڭ قەدرىيەتلىرىمىزگە ئۇنى-بۇنى دەپ باقسا، گاھ ئۇ دۇنيانى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ «مەن خىرىستىيان» دەپ خىرىستىيانلاردىن پۇل يىغىپ، ئۇيغۇر چىركاۋى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. ئەپسۇس، قۇلىدىن ھاراق چۈشمەيدۇ.ئاجايىپ دۇنيا ئىكەن بۇ.

بىرئىنسان ھەم دىنىنى ھەم مىللىتىنى ھەمدە ۋەتىنىنى ئۆز نۆۋىتىدە سۆيەلەيدىغۇ؟ دىن بىلەن مىللەتنى بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان مۇشۇنداق پەلپەتىش كىشىلەرنىڭ مىللىتىمىزگە كۆپ زىيىنى بار.

# بېرلىن كۈتۈپخانىسىدىكى تۇپا بېسىپ كەتكەن ئۇيغۇرچە كىتابلار

تۈركولوگ ئۇستاز تىمۇر غوجائوغلى ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ گېرمانىيەگە كېلىپ، نەچچە ھەپتىدىن بۇيان بېرلىن كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۈركىستانغا ئائىت كىتابلارنى سىكانېرلاپ، رەقەملىك ئامبارغا رەتلەۋاتىدۇ. بۇ ئالىمنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇمىدۇق ياكى غەرب ئەللىرىدىكى كۈتۈپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرگە كۆز قىرىنى سالماي، ۋاراقلىرى بىر-بىرىگە چاپلىشىپ كېتىشكە تۇرتكە بولغان ئۆزىمىزنىڭ ھالىمىزغا ئېچىنامدۇق؟ بىلمىدىم.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم ئۇيغۇرچە كىتابلار خېلىسىنىكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدىمۇ بار. بىراق بۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان قانچىلىك ئۇيغۇر ئۇ كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇپ باقتى؟ ئۇ ماڭا قاراڭغۇ. ئەسلىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان غەرب ئەللىرىدىكى دۆلەتنىڭ كۈتۈپخانىلىرىغا ھەر خىل ئۇيغۇرچە كىتابلارنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانساق ياخشى بولاتتى (كىتاب ئىشكاپلىرىغا لىق تىزىلغان خىتايچە كىتاپلار ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدۇ). ماقۇل، «ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تولىسى ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇمايدۇ» دەپ تۇرايلى، بىزدەك جاھالەت پىرلىرى بولسىمۇ ئۇيغۇرچە كىتابلارنى قەدىرلەپ، غەرب ئەللىرىدىكى كۈتۈپخانىلاردا ئىشكاپ ئاچتۇرساق، ئۇيغۇرچە كىتاب بۆلۈملىرىنىڭ ئېچىلىشىغا يول ماڭساق، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟! «ئاناتىلنى ساقلاپ قالايلى!» دەپ شۇئار توۋلاپ، ئارزۇ قىلىپ ئولتۇرۇش كۇپايە ئەمەس.

بىز ئۆزىمىز ئۇيغۇرچە كىتابلارغا ئىگە چىقمىساق، قوغدىمىساق، ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈپ قوغداپ بەرمەيدۇ.

# قۇربان ھېيتتا نېمىنى بوغۇزلايمىز؟

قۇدرىتىمىز يەتسە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان سۈننەت بويىچە قوي، كالا... بوغۇزلاپ، قۇربانلىق قىلىمىز (قۇربانلىقنىڭ پۇلىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش دىنى نۇقتىدىن زىنھار جائىز ئەمەس.) ئەمما شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى غەيۋەت، قول ھەققى يېيىش، يالغان گەپ قىلىش، ھارام يېيىش، ئىسراپ، يامان قىلىقلارغا باغلانغان رىشتىمىز، خىتاي بىلەن بولغان باردى-كەلدى، خىتاي پۇرۇشلار بىلەن ئولتۇرۇپ-قوپۇش... قاتارلىقلارغا ئوخشىغان خۇي-پەيلىمىزنى بوغۇزلىمىساق، قۇربانلىق قىلغانىنىڭ بەك چوڭ ئەھمىيىتى يوق. پەقەت رىتۇئەلنى ئادا قىلغان بولىمىز خالاس.

«كەۋسەر» سۈرىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى يۇقىرىقى مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇلۇق:

**إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ ① فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ**

)ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. شۇڭا سەن پەقەت رەببىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن (سۈرە كەۋسەر 1-2- ئايەت).

قۇربانلىق ئەلمىساقتىن بۇيانقى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى ئوغلى قابىل بىلەن ھابىل تۇنجى قېتىم قۇربانلىق قىلغان بولسىمۇ، بىرىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولغان، يەنە بىرىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولمىغان؛ ئەڭ قەدىرلىك دەپ بىلگەن نەرسىسىنى ئاللاھ يولىدا قۇربان قىلالىغان ھابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولغان، قەدىرلىك نەرسىسىنى ئەمەس، قەدىرسىز نەرسىسىنى ئاللاھقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغان قابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولمىغان.

ھابىل پادىچى، قابىل دېھقان بولۇپ، ھابىل ئىخلاس ۋە سەمىمىيىتى بىلەن پادىسى ئىچىدىن ئەڭ سېمىزى ۋە ئەڭ يوغىنىنى قۇربانلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولغان. قابىل بولسا، تېرىغان

زىرائەت ھوسۇلى ئارىسىدىن ئەڭ ئەرزىمەس دەپ قارىغان بىر باشاق بۇغداينى قۇربانلىق سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىپ تاشلاپ قويغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولمىغان.

بۇ مەزمۇن تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

**وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِنْ أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ الْآخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللَّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ**

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (ھابىل بىلەن قابىل) نىڭ ھېكايىسىنى راستچىللىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن. ئەينى چاغدا ئۇ ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى، بىرى (ھابىل) نىڭ قوبۇل قىلىنغان، يەنە بىرى (قابىل) نىڭ قوبۇل قىلىنمىغان ئىدى. ئۇ (قابىل): «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىۋېتىمەن» دېۋىدى، ئۇ (ھابىل) مۇنداق دېدى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادار — مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرنىڭكىنىلا قوبۇل قىلىدۇ (سۈرە مائىدە 27 ـ ئايەت).

دېمەككى، قۇربانلىقتا ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت ئىنتايىن مۇھىم.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ دەۋاملاشتۇرغان بۇ سۈننەتنى ئاڭلىق ھالدا بەجا كەلتۈرمەكچى بولساق، يۇقىرىقى ئارقا كۆرۈنۈشنى قايتىدىن ئەسكە ئېلىش بىلەن بىرگە، مۇشۇ روھنى جانلاندۇرۇپ، «ئاللاھ يولى» دەپ ئاتىلىدىغان ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەت يولىدا بىز ئەڭ قەدىرلىك بىلىدىغان جېنىمىز، مېلىمىز، قابىلىيىتىمىز، زېھنىمىز، ۋاقتىمىز ۋە بارلىقىمىزنى قۇربان قىلالىشىمىز كېرەك. «جاندىن كەچمەي جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ» دەيدىغان بىر ئەقلىيە سۆزىمىز بولىدىغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ بىز ئەڭ قەدىرلىك بىلگەن نەرسىلىرىمىزنى قۇربان قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. قۇربانلىقنىڭ ھېكمىتى ۋە بىرگە سىڭدۈرمەكچى بولغان ئاڭمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىدا.

ئاللاھ تەئالاغا يېتىپ بارىدىغىنى بىز بوغۇزلىغان مالنىڭ نە گۆشى، نە قېنى ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىمىز ۋە تەقۋادارلىقىمىز:

**لَـن يَنَـالَ اللَّهَ لُحُومُهَـا وَلَا دِمَاؤُهَـا وَلَٰكِـن يَنَـالُهُ التَّقْـوَىٰ مِنكُـمْ كَذَٰلِـكَ سَـخَّرَهَا لَكُـمْ لِتُـكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَىٰ مَـا هَدَاكُمْ وَبَشِّرِ الْمُحْسِنِينَ**

ئاللاھقـا يېتىدىغىنـى (قۇربانلىقلارنىـڭ) گۆشـلىرىمۇ، قانلىرىـمۇ ئەمـەس. ئاللاھقـا يېتىدىغىنـى پەقـەت سـىلەرنىڭ تەقـۋادار ـ مەسئۇلىيەتچانلىقىڭلار، خـالاس. ئاللاھنىڭ سـىلەرنى ئۆزىنىـڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنـى ئۇلۇغلىشـىڭلار ئۈچـۈن، ئـاللاھ ئۇلارنـى سـىلەرگە ئاشـۇنداق بويسـۇندۇرۇپ بـەردى. (ئـى پەيغەمبـەر!) ياخشـى ئـىش قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن (سۈرە ھەج 37ـ ئايەت.)

ئۇلـۇغ ئـاللاھ بىزنـى قۇربانلىقنىـڭ ھەققىنـى، روھىنـى ئـىدراك قىلىـپ ياشـايدىغان، ئـۆزى رازى بولىدىغـان ئـىشلاردا قۇربانلىـق بېرەلەيدىغـان بەندىلىرى قاتارىغا ئۆتۈشكە نېسىپ قىلغاي!

## قۇرئاننى قولغا ئالسىلا ھىدايەتكە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟

قۇرئان ئىلاھىي كالام بولۇپ، ئۇنىڭغا چىن پۈتۈش، ئۇنى ھەزىم قىلىش ھەركىمگە نىسبەتەن بولۇۋەرمەيدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان، ئەمما نەپسى خاھىشىغا بويسۇنۇپ شەرھىلىگەن، غەرەزلىك تەبىر بەرگەن ئاز بولمىغان ساندا يامان نىيەتلىك كىشىلەر بولۇپ كەلگەن، بۇلار كۈنىمىزدىمۇ بار، بۇندىن كېيىنمۇ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال.

قۇرئان كەرىمگە پۈتۈنلەي ئىشەنگەن ۋە چىن پۈتكەنلەر مۆمىن، ئىشەنمەي ئېتىراز بىلدۈرگەنلەر، «كاللامدىن ئۆتمىدى» دەپ رەت قىلغانلار كاپىر بولۇپ كېتىشمۇ بىر رېئاللىق. مېنىڭ نەزەردە تۇتقۇنۇم تەھقىقى ئىماننىڭ گېپى.

قۇرئان كەرىم نازىل بولۇۋاتقان دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا بىرقىسىم كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ كۆز ئالدىدا، ئاللاھ تەئالانىڭ پاشىنى مىسالغا ئېلىشىغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى سەۋەبتىن كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ:

**إِنَّ اللَّهَ لَا يَسْتَحْيِي أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ وَأَمَّا الَّذِينَ كَفَرُوا فَيَقُولُونَ مَاذَا أَرَادَ اللَّهُ بِهَذَا مَثَلًا يُضِلُّ بِهِ كَثِيرًا وَيَهْدِي بِهِ كَثِيرًا وَمَا يُضِلُّ بِهِ إِلَّا الْفَاسِقِينَ**

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ پاشا، (ھەتتا) ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۆمىنلەر ئۇنى رەببى تەرىپىدىن (كەلگەن) ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كاپىرلار بولسا: «ئاللاھ بۇنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ نېمە دېمەكچى؟» دېيىشىدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا گىرىپتار قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق پەقەت (توغرا) يولدىن چىقىپ كەتكۈچى — پاسىقلارنىلا ئازغۇنلۇققا گىرىپتار قىلىدۇ (سۈرە

بەقەرە 26 ـ ئايەت)

تۆۋەندىكى ئايەتتە، دوزاخقا قاراۋۇللۇق قىلىدىغان — مۇئەككەل پەرىشتەلەرنىڭ سانى ھەققىدە دىلىدا مەرەز بار كىشىلەر پۈتاق چىقىرىپ، ئۇنى ـ بۇنى دېگەنلىكى ئۈچۈن ئېزىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان:

**وَمَا جَعَلْنَا أَصْحَابَ النَّارِ إِلَّا مَلَائِكَةً وَمَا جَعَلْنَا عِدَّتَهُمْ إِلَّا فِتْنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُوا لِيَسْتَيْقِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ وَيَزْدَادَ الَّذِينَ آمَنُوا إِيمَانًا وَلَا يَرْتَابَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ وَالْمُؤْمِنُونَ وَلِيَقُولَ الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ وَالْكَافِرُونَ مَاذَا أَرَادَ اللَّهُ بِهَذَا مَثَلًا كَذَلِكَ يُضِلُّ اللَّهُ مَن يَشَاءُ وَيَهْدِي مَن يَشَاءُ وَمَا يَعْلَمُ جُنُودَ رَبِّكَ إِلَّا هُوَ وَمَا هِيَ إِلَّا ذِكْرَى لِلْبَشَرِ**

بىز دوزاخنىڭ مەسئۇللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت كاپىرلارغا بىر ئىمتىھان (ۋاستىسى) قىلدۇق. بۇنداق قىلىشىمىز — (ئىلگىرى) كىتاب بېرىلگەنلەر تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلىشى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى، كىتاب بېرىلگەنلەر ۋە مۆمىنلەرنىڭ شەكلەنمەسلىكى ئۈچۈندۇر. (شۇنداقلا) دىلىدا كېسەللى بارلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ (ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ): «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نېمە دېمەكچى؟» دېيىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ (ئۆزى ئېزىشنى) خالىغان ئادەمنى مۇشۇنداق ئازغۇنلۇقتا تاشلاپ قويىدۇ. (ئۆزى توغرا يولغا يېتەكلىنىشنى) خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. بۇ (دوزاخ ھەققىدىكى بايان) لار پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ئەسلەتمە — ۋەز ـ نەسھەتتۇر (سۈرە مۇددەسسىر 31 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىمنى توغرا نىيەت بىلەن ئوقۇمساق، ئايەتلەرنى ئاللاھ تەئالانىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىدىن يىراق ھالدا ئۆزىمىزنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە دەلىل قىلىش يۈزىسىدىن شىپى كەلتۈرسەك، مەلۇم ئېقىمدىكىلەرنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن قالقان قىلىپ ئىشلەتسەك ئېزىپ كېتىمىز.

ئاينىڭ يېرىلغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ بىركېچىدە مەككىدىن قۇدۇسقا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئەقلى ئالمىغان كىشىلەرمۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپ تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئېزىپ كەتكەن.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنىلا ئەمەس، ھەتتا رەسۇللاھنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنىمۇ قاچان، قەيەردە ۋە قانداق ۋەقە-ھادىسىلەرگە قارىتا ئېيتىلغانلىقىنى دىققەتكە ئالمىغان، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئۈزۈپ، ئايرىم مۇلاھىزە قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان، مەقسەت-غايىسنى توغرا چۈشەنمىگەن كىشىلەرمۇ ئېزىپ كېتىدۇ.

بىلىش باشقا ئىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ھەزىم قىلىپ توغرا يەردە ئىشلىتىش باشقا ئىش. كىشىنىڭ نىيىتى يامان بولسا، ئۇنىڭ قولىدا قۇرئان كەرىم ۋە بارچە ھەدىس كۆللىياتى بولىشىنىڭ ھېچ قانداق ئەھمىيىتى يوق.

بۇ يازمىنى يېزىۋېتىپ بىر ئىدىئوم ئېسىمگە كەلدى، قىستۇرۇپ قۇياي: «ئەگەر سەن دىنىنى تولۇق ئۆگەنسەڭ، توخۇ ئوغۇرلاشنىڭ ھارام ئەمەسلىكىنى ئۆگىنىسەن».

# مەسلىگە ئىجابى تەرەپتىن قاراشنى ئۆگىنىشىمىز پەزىلەتكە ياتىدۇ

باشقا غەرب ياكى شەرق ئەللىرىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى خىتايىنى زىيارەت قىلغاندا زۇۋان سۈرمەي، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان پىدانىنىڭ خىتاي زىيارىتى، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر زىيارىتىدىن قاتتىق بىئاراملىق ھېس قىلىپ، ئاجايىپ سەلبىي ۋە ئۈمىدسىز ئوي-پىكىردە بولۇۋاتقان قېرىنداشلارنى مەن پەقەت چۈشەنمىدىم. ئۇنداقلارنىڭغۇ زادى چۈشەنگىلى بولمايدۇ؛ ئۇلارمۇ بىزنى چۈشەنمەيدۇ.

مېنىڭچە، ھېچ بولمىسا مۇشۇ باھانە بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسى تۈركىيە ئىچىدە بولسىمۇ غۇلغۇلا پەيدا قىلالىشىنىڭ ئۆزى بىر ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇنتۇلۇپ كەتكەندىن كۆرە غۇلغۇلا تېمىسى بولۇپ، ما مىللەتنىڭ ئېسىگە ئېلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر پۇرسەتقۇ!؟ قايدا دېدىم جامائەت؟! ھەممە ئىشنىڭ سەلبىي تەرىپىنىلا ئەمەس، ئىجابى تەرىپىنىمۇ كۆرگۈلۈك.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يوقۇرى قاتلامدىكى دۆلەت رەھبەرلىرى خىتايىنى زىيارەت قىلغاندا ياكى خىتايىنىڭ كاتتىۋاشلىرى مەزكۇر دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغاندا ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىرەر ئىجابى گەپ-سۆز ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە تاجىكلىرى ھەققىدىمۇ قوللاشقا ۋە ھېسداشلىق قىلىشقا ياتىدىغان، تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر كۆنتەرتىپىمۇ بولمايدۇ. ئەرەب، ئىران، پاكىستان، ھىندونېزىيە ۋە مالايسىيالاردىنمۇ بىزگە قوللاش بولۇپ باقمىدى.

بىرقىسىم سول ئېقىمدىكى — غەربتىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى خىتايىنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ بىزگە ئىگە چىقىشىنىڭمۇ تايىنلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىكى لازىم. ھېلىھەم شۇلاردىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتقانلار بارمۇ-يوق، ئۇنى بىلمەيمەن. ئەمما غەرب ئەللىرىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بىزنىڭ دەۋايىمىزغا قول تىقىشىغا مېنىڭ ئىشەنچىم يوق. گەرچە تۈركىيەدىن بەك چوڭ ئۈمىدىمىز بولمىسىمۇ، مىللىي ۋە دىنىي

رىشتىمىز تۆپەيلى «يەنىلا كۇچانىڭ سوپۇنى ياخشىكەن» دېگەندەك، تۆركىيەدىنمۇ بەك ئاغرىنىپ كەتمەي، مەۋجۇت ئىمكانىيەتكە مىننەتدار بولۇشىمىز مۇھىم.

# قۇرئان كەرىمنى ئوڭ چۈشۈنۈش ئۈچۈن ئوڭ تۇتۇش كېرەك

قۇرئان كەرىم دىنى سۇس كىشىنىڭ ياكى دىنسىزنىڭ قولىغا چىقىپ قالسا، بىلىپ-بىلمەي مۇشۇنداق تەتۈر ئوقۇشقا باشلايدىغان ئىش چىقىدۇ. ئۇنى تەتۈر ئوقۇسا، تەتۈر چۈشەنمەي نېمە بولماقچى؟

شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ 2- سۈرىسى بولغان بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا «بۇ قۇرئان تەقۋادار — ئاڭلىق كىشىلەر ئۈچۈن يېتەكچى» ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. دېمەككى بۇ، «قۇرئان كەرىم تەقۋالىقى يوق كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ» دېگەن گەپ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانىنى ئازغۇنلۇققىمۇ باشلاپ قويىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتلەر، بىزگە دەل مۇشۇ مەزمۇننى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ «يا مقلب القلوب ثبت قلوبنا على دينك وطاعتك» دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇيدىكەنمىش.

ئەي ئاللاھ، بىزنى تەقۋادارلىققا مۇيەسسەر قىلغايسەن. قۇرئان كەرىمنى ئوڭ ئوقۇيدىغان ۋە ئوڭ چۈشىنىدىغان، دىنغا ئىخلاسمەن بەندىلەر قاتارىدىن بولۇشقا مۇيەسسەر قىلغايسەن!

# قىزىل گالاستۇقلۇق دوستۇم، قورقما!

قورقما، سېنى ھېچبىر دۆلەت سېتىۋەتكىنى يوق ھەم سېتىۋېتىدىغانغا مال ـ ماتا ئەمەسسەن. سېتىۋېتىشنىڭ گېپىنى بەك قىلغۇمىز بولسا، ئۇ ۋەتەننى قوغدىيالماي سېتىۋەتكىنى دەل ئۆزىمىز. بىزنىڭ ۋەتەن غاپىل، قورقۇنچاق، بولۇپمۇ كوممۇنىزمنى نىجاتگاھ دەپ بىلگەن بىرقىسىم قىزىلپاچاقلار تەپىدىن 1949 ـ يىلى خىتايغا قوش قوللاپ بېرىۋېتىلگەن ياكى سېتىۋېتىلگەن. ھەر دۆلەت ئۆز ئىشى بىلەن بەنت، دىپلوماتىيەنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار. سەن پەقەت ئۆزۈڭ بىلەن نەپسىڭنى خىتايغا ۋە شەيتانغا سېتىۋەتمىسەڭلا، سېتىۋېتىلمىگەن تەندە ئۈمىد بار دېگەن گەپ.

ئامېرىكا خىتاي دۆلەت كاتىتۋاشلىرى بىلەن دىپلوماتىك ئۇچرىشىش ئېلىپ بارغاندا تەيۋەن ھەققىدە «بىز خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىمىز، پەقەت بىر خىتاينى تونىيمىز» دەپ تۇرۇپ، تەيۋەننى قۇرال كۈچى بىلەن قوغدىسا، سېتىۋەتكەن بولامدۇ؟

كۆك بايراقنى ئەسلىتىدىغان رەڭدىكى گالاستۇكنى تاقاپ شەرقىي تۈركىستانغا بارغان ۋە «بۇ يەر بىر تۈرك يۇرتى، شۇنداقلا مۇسۇلمان دىيارى» دېگەن مەزمۇندا بايانات بەرگەن خاقان پىدانىنىڭ گېپىنىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە چۈشەنگۈلۈك، دوستۇم.

«سېتىۋەتتى» دەپ چوقان سالىدىغان غەلىتە مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ تولىسىنىڭ بوينىدا «قىزىل گالاستۇك» بار، بولمىسا.

# خورازنى ئۆلتۈرىۋېتەمدۇق ياكى ناچار ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتەمدۇق؟

بىر مەسەلدە تەسۋىرلىنىشىچە، بىر خوراز ھەر كۈنى سەھەردە چىللاپ، تاڭ ئاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنى خوجايىنى تاڭ يورىشى بىلەنلا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. يەنە بىر خورازمۇ تاڭ سەھەردە چىللاپتىكەن، ئۇمۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاشلا تەقدىرگە دۇچ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى خوجايىن تاڭ سەھەردە چىللىغان خورازلارنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرىۋېرىپتۇ.

بۇنى چۈشىنەلمىگەن قوشنىسى بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

— بۇ خورازلارنىڭ ھەر كۈنى يېڭى بىر تاڭنىڭ ئاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ سايرىشى توغرا تۇرسا، يەنە ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئەتىگەندە ۋاقچە تۇرىدىغان ئادىتىم بار تۇرسا، ئەكسىچە، ئۇلار بەك بالدۇر چىللايدۇ. - دەپتۇ.

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان قوشنىسى:

— بۇ خورازلارنىڭ خاتالىقى ئەمەس، ئەتىگەن سەھەردە تۇرۇپ چىللاش ئۇلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارى. - دەپتۇ.

ئۇ ئادەم:

— ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ماڭا پەقەت مېكىيان بىلەن جۈپلىشىدىغان خورازلا لازىم، سەھەر چىللايدىغان خورازغا ئېھتىياجىم يوق. - دەپتۇ.

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان خوشنىسى:

— خورازلارنىڭ چىللىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەجەبا سەن باشقا ئۇسۇل بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلساڭ بولمامدۇ؟ - دەپتۇ.

— بۇ ناھايىتى تەس، مەن دەسلەپتە ئاۋال ئۇلارنىڭ كارنىيىنى كېسىپ، كېيىن يەنە تىكىپ قويۇشنى ئويلىغان ئىدىم، لېكىن بۇ بەك

ئاۋارىچىلىق ئىكەن، شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەملا ياخشىكەن. - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ ئادەم.

— ئۇنداقتا، - دەپتۇ خوشنىسى، ھەيران بولۇپ. سەن نېمشقا ئۆزۈڭنىڭ ئۇخلاش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ باقمايسەن؟

— مېنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمنى ئۆزگەرتىش؟! بۇ مومكىنمۇ؟ مېنىڭ بۇ ئادىتىمگە ئون نەچچە يىل بولدى، نېمشقا بىر نەچچە توخو ئۈچۈن ئادىتىمنى ئۆزگەرتكۈدەكمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇلارنىڭ خوجايىنى، ئۇلار مېنىڭ تەلىپىمگە ماس كېلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى مەن بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلسا، زىيان تارتىدىغىنى ئۇلار بولماستىن نېمشقا مەن بولغۇدەكمەن؟ - دەپتۇ ئۇ ئادەممۇ، بوش كەلمەي.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەم تاڭ سەھەردە چىللايدىغان خورازنى ئۆلتۈردىغان ئادىتىنى دەۋاملاشتۇرىۋېرىپتۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ خاتا ئادىتىنى تۈزىتىشنىڭ ئورنىغا خورازنى ئۆلتۈرۈۋەتسە؛ ئاگاھلاندۇرغۇچى، تەنقىتلىگۈچىلەرنى يوق قىلىۋەتسە، مەسىلە ھەل بولامدۇ؟ ياق.

ئەپسۇسكى، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش تالاي پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى «ئويغاتقان» لىقى ئۈچۈن بېشى كېسىۋېتىلگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خالايىقنى «ئويغاتقان» لىقى ئۈچۈن ئوتقا تاشلانغان. مۇسا نەبى قوۋمنى «ئويغۇتۇپ»، مىسىر ھۆكۈمدارى پىرئەۋننىڭ بويۇندۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئانا ۋەتىنى كەنئاندا ئەركىن ياشاشقا يېتەكچىلىك قىلغان بولسىمۇ، قوۋمى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ خاپىسېلىپ، مەنزىلگە يەتمەستىن يېرىم يولدا جان ئۈزگەن. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى «ئويغاتقان» لىقى ئۈچۈن چارمىخقا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ مەككە ئەھلىنى «ئويغاتقان» لىقى سەۋەبتىن مەككىدىن قوغلىۋېتىلگەن. بىز ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىلا ئويغاتلارنى ياقتۇرمايدىغان خۇيىمىز بار.

«ئويغىتىش» مۇشۇنداق جاپالىق ئىش. شۇڭلاشقا ئويغاتقانلارنى يوق قىلىۋېتىش، كۆزدىن نېرى قىلىۋېتىشنىڭ ئورنىغا، يامان ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ بېقىشقا تىرىشقۇلۇق.

# دولقۇن ئەيسانىڭ ئورنىغا قايسىڭلار نامزات؟

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، دەۋا سېپىگە كىرىش تارىخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس ياكى پەردىنىڭ كەينىدىن چىقماي، ئەمەلىي ئىشتىن بەكرەك نەزەرىيە ئىشلەپ چىقىرىشقا مايىل بىرقىسىم كىشىلەر «دولقۇن ئەيسا ئىستىپا بەرسۇن!» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. ھەتتا غەربتە تۇرىدىغان، ئۇزۇندىن بۇيان جىمىپ قالغان داڭلىق پىتنىچىدىن بىرىمۇ ئالدىنقى كۈنى قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇتيۇبقا مۇشۇ ھەقتە بىر سىن ئىشلەپ چىقىرىپتۇ ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر قىزىقىدىغان ئاجايىپ تۆۋەن سەۋىيەدىكى غەيۋەتنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇھاجىرەتتە ئۆزىدەك ئويلىمايدىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىمۇ تىللاپ تاشلاپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر قىسىم گۇمانلىق فەيسبۇك ئاككونتلىرىمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەتراپىدا پائالىيەت قىلىپ كەلگەن، پائالىيەت قىلغاندىمۇ يېقىنقى ئون-يىگىرمە يىل، ھەتتا ئەللىك يىللىق پائالىيەتچىلەرنى رەسىملىرى بىلەن تارتىپ چىقىرىشقا باشلاپتۇ. دېمەككى، نىشان دولقۇن ئەيسانى يىقىتىش، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئىسمى بار، ئەمما جىسمى يوق بىر تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇش، دەۋاسېپىدىكىلەرنى ئورتاق مۇنبەردىن يىراقلاشتۇرۇش، ھەتتا خانىۋەيران قىلىۋېتىش، دېگەن گەپ.

دولقۇن ئەيسا ئالدىنقى ھەپتىدىكى خۇسۇسىي سۆھبەت جەريانىدا بۇ قېتىمكى «دولقۇن» سەۋەبلىك ئىستىپا بەرمەيدىغانلىقىنى، ئەمما دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېشىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئولتۇرۇش نىيىتىنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئېيتقان ئىدى. دېمىسىمۇ ئىككى توك-توك چىقىپ «پالانى دەۋاگەر ئىستىپا بېرىشى كېرەك!» دېگەنگە ئىستىپا بېرىپ، دەۋاسېپىدىن قول ئۈزىدىغان ئىش بولغان بولسا، 70 يىلدىن بۇيان دەۋاملىشىپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قىلىدىغانغا جاسارىتى ۋە يۈرىكى بار ئادەملەرنىڭ ھالقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان بولاتتى. ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى.

بۇ قېتىممۇ، ماقۇل، دولقۇن ئەيسا ئىستىپا بەرسە، ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى قويىسىلەر؟ پىتنە قوزغاۋاتقانلاردىن بىرەرسى ئاۋال ئۆزىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسلىكىگە نامزات قىلىپ كۆرسىتىپ باقسۇنا،

جامالىنى بىر كۆرۈپ باقايلى.

مەن بۇرۇندىن تارتىپ ئەسكەرتىپ كەلگىنىمدەك، نە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى، نە قوللىغۇچىسى ئەمەسمەن. مېنىڭ دەردىم شەخسلەرنى ئۇلۇغلاش ياكى بىرەر تەشكىلاتنى كۆككە كۆتۈرۈشمۇ ئەمەس، سىياسەت قىلىۋاتقىنىممۇ يوق. مەن پەقەت ئېگىزدە ۋە سىرتتا تۇرۇپ كۆزەتكەنلىرىمنى ئورتاقلىشىۋاتىمەن، خالاس.

دولقۇن ئەيسا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلىمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت غەربتىكى ئەڭ مۇنتىزىم هالدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ كەلگەن ۋە ئەڭ زور بەدەللەرنى تۆلەپ ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى غەرب دۇنياسىغا ئاڭلىتىۋاتقان بىر تەشكىلاتىمىزنىڭ پاسبانى، خالاس.

شۇڭا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيي قىلمىغان ياكى قىلالمىغان بىر قىسىم ئىشلارنى باشقا قايسىبىر تەشكىلات ئوتتۇرىغا چىقىپ قىلالىغان كۈنى، بىز ئۇنىمۇ قوللايمىز، خەلقىمىزمۇ قوللايدۇ.

قېنى، «يىللار ئاۋال بىر قىزغا ئۇچۇر يېزىپتىكەن» دەپ دولقۇن رەئىسنى يىقىتماقچى بولغانلار؟ ئۇغۇلبالىدەك ئوتتۇرىغا چىقىپ يا ئۆزىنى نامزات كۆرسەتسۇن، ياكى كىمنى رەئىس قىلغۇسى بارلىقىنى بىر دەپباقسۇن ـ يا! دەپباقسۇنكى، ئۇلارنىڭ نىيىتى، سالاهىيتى، هەتتا كەينىدىكى قارا كۆلەڭگە بىزگە ئايان بولسۇن. تۈركلەردە «بەكارا قارى بوشاماق قولاي (بويتاققا خوتۇندىن ئاجرىشىش ئاسان)» دەپ بىر ئىدىئوم بولىدىغان. ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ چېتىدە تۇرۇۋېلىپ ياكى ئەمدى تېخى بىرىنچى بالداقتا تۇرۇپ گەپنى چوڭ ـ چوڭ قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتكە، ئىجرائاتقا كەلگەندە كۆپىنچىمىز سىنىپتا قالىمىز.

هە، بۇ ئارىدا ئۆزى ئەڭ ئاز بىرنەچچە يىل قول تىقىپ ئىشلىمىگەن بىر تەشكىلاتقا «باش بولىمەن» دېيىشمۇ تەشكىلاتچىلىق ئەخلاقىغا سىغمايدۇ.

# كىمنىڭ دىپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتىمىز؟

دولقۇن ئەيسانىڭ قارشى تەرەپكە يازغان يازمىسىنى كوزۇر قىلىپ، ئۇنى «جىنسى ئەخلاقسىزلىق» بىلەن ئەيىبلىگىنى خىتاي ئىستىخباراتى. ئوتتۇرىدا بىر ئىددىئانامە بار، ھۆكۈم كېسىلگىنى يوق. خىتاينىڭ ئارىمىزغا ئاتقان بۇ بومبىسى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىمۇ ئاق-تاغلىق، قاراتاغلىق قىلىۋېتىشكە يەتكۈدەك دەرىجىدە تەسىر قىلالىغان بولسا، بۇ خىتاينىڭ غەلىبىسى دېيىشكە بولىدۇ. تېخى ئالدىمىزدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نى-نى يېڭى ئويۇنلار، قاراچاپلاشلار، ئويدۇرما خەۋەرلەر، فوتوشوپتا قۇراشتۇرۇلغان ئۇچۇرلار، سۈنئىي ئەقىل بىلەن ئىشلەنگەن سەتچىلىككە ياتىدىغان يېڭى-يېڭى سىنلار ئوتتۇرىغا تاشلىنىشى ۋە باشقا دەۋاگەرلەرگىمۇ ھۇجۇم باشلىنىشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ ھەرقانداق زور ھەجىملىك پائالىيەت بولسىلا، ئۇنى ئۇيۇشتۇرغان قەھرىمانغا قارشى ھۇجۇم باشلىنىدۇ. ئۇنى ئاخماقلار تارقىتىدۇ، دىۋەڭلەر ئىشىنىدۇ، ھەسەتخورلار پۇرسەت بىلىپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشىدۇ. بۇقېتىممۇ يەڭنى تۈرۈپ مەسىلىنى ئۇلغايتىۋاتقانلار، كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئاياللارغا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ فېمىنىستلىق قىلىۋاتقانلار، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ئۇيغۇر ئۈچۈن سەمەرىلىك ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغانلارنى ئاۋامغا سەت كۆرسىتىشكە ئورۇنۇۋاتقان پاتېنتلىق جېدەلچىلەرمۇ، ئۆزى ئەخلاقسىزنىڭ پىرى تۇرۇپ ئەخلاق دەرسى بېرىشكە ئاتلىنىۋاتقانلارمۇ بىزگە تونۇشلۇق كىشىلەرغۇ!؟ كىمنىڭ نېمە غەرىزى بارلىقى بىزگە مەلۇملۇق. بىراق كىمنىڭ دىپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئىدراك ئەتمىكىمىز كېرەك.

ئىرادىسى ئاجىز، مىللى ئېڭى تازا يېتىلمىگەن كىشىلەر موشۇنداق تەشكىللىك ھۇجۇم ئالدىدا گاڭگىراپ، دۈشمەننىڭ كۈتكىنى بويىچە دەۋا سېپىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا پاسىبانىنى سېتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئىرادىلىك ۋە غايىلىك كىشىلەر دۈشمەننىڭ بۇ تەتۈر تەشۋىقاتى بىلەن دەۋا بېشىدىكى كىشى ياكى كىشىلەرنى سېتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە بېلى بوش ئەمەس.

# سالاغا كەتكەن قېرىنداشلىرىمغا

مەنغۇ تـەرەپ تۇتمايمـەن. دىـن، ۋەتـەن، مىللـەت ئۈچـۈن سـەمىمي كـۈرەش قىلىۋاتقـان ھەربىـر ئۇيغـۇر مېنىـڭ نەزىرىمـدە سـۆيۈملۈكتۇر. مـاڭا نىسـبەتەن دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىمـۇ، مائارىـپ ھەرىكىتىمـۇ ئۇيغـۇر مىللىتىمىز ئۈچـۈن جان كۆيـدۈرۈپ بىـر ئىشلارنـى قىلىۋاتقـان ۋە بەلگىلىـك خىزمـەت نەتىجىلـرى بىلـەن ھەقنـى كۆرەلەيدىغـان خەلقىمىزنىـڭ ئۈمىـد-ئارزۇلىرىغـا ۋەكىللىـك قىلىۋاتقـان، غايىسـى بىـر، تۇتقـان يوللـرى ئۆزگىچـە ئىككى چوڭ تەشكىلات.

ئالۋاسـتى خىتـاي بـۇ قېتىـم بىزنىـڭ سـەكۈلەر قانـات بولغـان دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىنـى قـارىلاپ، سـەتەڭ ھىيلىسـىنى دەسمايە قىلىـپ خـەۋەر ئىشـلەپ، ئارىمىزنـى بـۇزدى. بۇنىـڭ ئـۇزۇن مۇددەتلىـك پـىلان ۋە تەشـكىللىك تۈزۈلۈپ نەتىجىسـى ئىكەنلىكىنـى تونـۇپ يېتىدىغـانلار ئۈنچـە كـۆپ بولمىغاچقـا، ئەزەلدىـنلا شـەرقىي تۈركىسـتان دەۋاگەرلىرىگـە غۇمـى بـار، پۇرسـەت تاپسـىلا پۇتـاق چىقىرىـپ، تەتـۈر مۇقـام تولىغان ئىلىگىدىغـان خۇيـى بار بىر ئۇچۇم كىشىلەر يەنە سەھنىدە ئىدى.

ئاخىـرى نـۇرى تۈركـەل ئىسـتىپا بەرگۈزۈلـۈپ، خىتاينىـڭ بىرىنچـى غەرىـزى ئەمەلگـە ئاشـتى. ئىككىنچـى غەرىـزى ئەمەلگـە ئاشامدۇ-يوق، ئـۇ دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىنىـڭ قوللىغۇچىلىرىنىـڭ پوزىتسىيەسـىگە باغلىـق ئىـش. بىزنىـڭ بايرىقىمىـز روشـەن، مەيدانىمىـز ئېنىـق بولمىسـا، دەۋاغـا ئېغىـر بەدەللەرنـى تۆلـەپ ھاياتىنـى ئۇيغۇرۇمنىـڭ ئەركىنلىـك كۈرىشـىگە ئاتىغـان ئەزىمەتلەرنىـڭ يېنىـدا تىـك تۇرالمىسـاق دەۋاگـەر لىرىمىزمـۇ، تەشـكىلاتلىرىمىزمۇ ئـۇزۇن مـۇددەت بەرداشـلىق بېرەلمـەي، زاۋاللىققـا يـۈز تۇتىدۇ. چەت ئەلدىمۇ خانىۋەيرانلىقتا يوق بولۇپ كېتىمىز.

مېنـى ھەيـران قالدۇرغىنـى، دولقـۇن ئەيسـا رەھبەرلىكىدىكـى دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىنـى يىقىتىـپ تـاشلاش پىلانلانغـان بـۇ ھۇجۇمغـا، دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىنىـڭ يىغىنلىرىـدا، مۇراسـىملىرىدا ئالدىنقى قاتـارلاردا ئورۇن ئالىدىغـان تـالاي كىشـلەرمۇ بـۇ قېتىـم دولقۇن ئەيسانى قوغداشـنىڭ ئورنىغا يـا سـۈكۈتنى تاللىـدى، ياكـى سـاختا ھېسـاب، تاقمـا ئىسـىملار بىلـەن دولقـۇن ئەيسـاغا قارشـى ئـاۋاز چىقىرىشقا ئۇرۇنماقتـا. «يـاش قـۇرۇتلار»،

«كونسۇل قىزلىرى» ۋە فېمىنىستلەرغۇ دولقۇن ئەيساغا قارشى بايراق ئاچسۇن، (ئۇنداقلار مەرھۇم دەۋا پېشىۋالىرىمىزدىن ئەيسا يۈسۈپنىڭ، رىزا پاشانىڭ دەۋرىدىمۇ بار ئىدى) ھەردەۋرنىڭ ئەبۇبەكرى سىدىقلىرى بولغىنىدەك، ئەبۇجېھىللىرىمۇ بولىدىغان ئىشكەن. ھەركىم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرمىسا بولمايدۇغۇ!؟

قېنى سىلەر، دولقۇن ئەيسا رەھبەرلىكىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قەلەمكەش قوللىغۇچىلىرى، فەيسبۇك چولپانلىرى، ئىجتىمائىي تاراتقۇ مەشايىخلىرى؟ سىلەر دولقۇن ئەيسانىڭ نەچچە يىل بۇرۇن بىر قىزغا يازغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىرجۈملە سۆز بىلەن دولقۇن ئەيسادىن يۈز ئۆرۈگۈدەك دەرىجىدە لەگپۇڭ مىجەزمۇ؟

مەن دەۋاغا بەك ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان، ئۆزەمنىڭ دۇنياسىدا ياشايدىغان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسىمۇ، قوللىغۇچىسىمۇ ئەمەس بىرىسى تۇرۇپ، بىرئىككى قۇر خەت يېزىپ «دولقۇن ئەيسانى بۇنداق ئاسان سېتىۋەتمەسلىك» كېرەكلىكىنى تەكىتلىۋىدىم، چاپانچىلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ، تىل-ھاقارەتكە قالدىم. ئىشقىلىپ، سىلەر مەيلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قوللىغۇچىلىرى، مەيلى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ جامائىتى ياكى بىرەر خالىس-مۇخلىس بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتى ياكى توپىنىڭ تەۋەسى بولۇڭلار، ئۆزۈڭلار ئەگىشىپ كەلگەن تەشكىلاتىڭلارنىڭ مەسئۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىنغاندا، دۈشمەنىنىڭ تەشۋىقاتىغا ئاسان رام بولۇپ كەتمەسلىكىڭلارغا تىلەكداشمەن. ھەقىقىي دوست قىيىن كۈندە ئايان بولارمىش.

دەۋادا ئۆزۈن يىل بەدەل تۆلىگەن پېشقەدەم دەۋاگەرلەرگە قىيىن كۈنلەردە ئىگە چىقمىساق، شامال قەيەرگە لىڭشىتسا شۇ تەرەپكە ئەگىپ كەتسەك، ئۇ ۋاقىت ساداقەتتىن، دۇرۇستلۇقتىن گەپ ئاچمىساق بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستان — ئۇيغۇر دەۋاسىغا ساداقىتى بولمىغان ئادەم تەشكىلاتلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى جارسالمىسۇن. ساداقەتىنىڭمۇ، نەپرەتىنىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە رولىنى جارى قىلدۇرمىقى لازىم، ۋەسسالام!

# تۆنجى تاشنى گۇناھسىز بىرى ئاتسۇن!

مېنىڭ بۇ يازما ئارقىلىق بىرەر كىشىنىڭ قۇسۇرىنى يېپىش ياكى ئاقلاش نىيىتىم يوق. پەقەت تەنقىت قىلغاندا، تاش يامغۇرىغا تۇتقاندا ئۆزىمىزنىمۇ تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئەسكە سالماقچى. تۆۋەندىكى ئايەتتە بىراۋنىڭ باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقى، ھەركىمنىڭ ئۆز گۇناھىدىن ئۆزى جاۋابكار ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن:

وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى وَإِن تَدْعُ مُثْقَلَةٌ إِلَى حِمْلِهَا لَا يُحْمَلْ مِنْهُ شَيْءٌ وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَى إِنَّمَا تُنذِرُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِالْغَيْبِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَمَن تَزَكَّى فَإِنَّمَا يَتَزَكَّى لِنَفْسِهِ وَإِلَى اللَّهِ الْمَصِيرُ

**ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئازراقىنى بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ. (ئى مۇھەممەد!) سەن پەقەت كۆرمىگەن بولۇشىغا قارىماي رەببىدىن ئەيمىنىدىغانلارنى ۋە نامازنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرالايسەن. كىمكى (گۇناھلاردىن ئۆزىنى) پاكلايدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ. ئاخىر قايتىدىغان جاي پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھى، خالاس** (سۈرە فاتىر 18 ـ ئايەت).

يەنى «ئۇتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» دېگەن گەپ.

«تۆنجى تاشنى ھېچ گۇناھسىز بىرى ئاتسۇن» دېگەن بۇ سۆز ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋە بولۇپ، بىزنى ئىبرەت ئېلىشقا، باشقىلارنى ئەيىبلىگەندە ئەينەككە بىر قاراپ قويۇشقا ئۈندەيدۇ. تىلى ئۇزۇن، ئۆزىدە بىر پاتمان ئەخلاقسىزلىق ۋە قۇسۇر تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى، قۇسۇرىنى بايقىغان ھامان رەھىمسىز بىر رەۋىشتە ئەيىبلەپ، تاش يامغۇرىغا تۇتىدىغان كىشىلەرنى ئۇچراتقىنىمدا، ئەيسا

پەيغەمبەرنىڭ يۇقارقى سۆزى ئىسمگە كىلىدۇ. دەۋىر ئۆزگەرگىنى بىلەن «ئىنسان» دىگەن مەخلۇقنىڭ خۇيى ئۆزگەرگىنى يوق.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: زامانىسىدا خىلى كۆپ بىر بۆلۈك يەھۇدىيلار زىنا قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن بىر ئايالنى چىچىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئىلىپ كىلىپ، جازالاپ بىرىشىنى تەلەپ قىلىشقان ئىكەن. بۇ ئارقىلىق ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى قاپقانغا چۈشۈرۈپ، ئۆزلىرىچە مات، ھەتتا رەزىل قىلماقچى ئىكەن. مىھرى-مۇھەببەتنى، كەڭقۇرساقلىق ۋە ئەپۇچانلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەيسا پەيغەمبەر مەزكۇر ئايالغا تەۋرات قانۇنى بويىچە تاش ئىتىپ رەجىم جازاسى يۈرگۈزسە، «قاراڭلار، بۇ ئەيسانىڭ ئەپۇچانلىقى، رەھىمدىللىقى يالغانكەنغۇ!» دەپ ئەيىلىمەكچى، ناۋادا جازالىمىسا، «قاراڭلار ئەيساغا، بۇ تەۋرات قانۇنىنى ئىجرا قىلمايدىغان پاسىق بىرى» دەپ، كوچىنى بىشىغا كىيمەكچى بولۇشۇپتۇ.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا تۇنجى تاشنى ھىچ گۇناھسىز بىرى ئاتسۇن» دەپ، رەجىم جازاسىنى يۈرگۈزىدىغان جاللات ئىزدىگەنىدە، ھەممىسى ئارقىغا بۇرۇلۇشۇپ بەدەر تىكىۋەتكەن بولۇپ، پەقەت ھىلىقى ئايال يالغۇز مىشىلداپ تۇرغۇدەك. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھتىن مەقسىدى «زىنا» بولۇپ، «ئاراڭلاردا زىنا قىلىپ سالمىغان بىرى بولسا، تۇنجى تاشنى ئاشۇ كىشى ئاتسۇن» دىگەنلىك ئىدى. بەلكىم ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يا ئۆزلىرى زىنا ئۆتكۈزگەن، ياكى شۇنىڭغا يىقىن پىچىكىلار بولغاچقا، تۇنجى قىتىملىق تاشنى ئۆزلىرى ئىتىشقا يۈزى چىدىماي، بىردىن-بىردىن سۇغۇرۇلۇپ غايىپ بولۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى «سىزمۇ كىتىڭ» دىگەن ئىكەن.

قىنى، قىز-ئاياللارنى راھەتسىز قىلىدىغان بىمەنە گەپ-سۆزلەرنى قىلمىغان قانچىڭلار بار؟ پەقەت سىلەرنىڭ ئاشۇنداق قىلمىشىڭلار تور يۈزىدە سازايە قىلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن.

قىنى، قايسىڭلار سىلەر تاش ئىتىشۋاتقان مەزكۇر ئىككى ئىنقىلاپچىدىنمۇ بەكرەك تەقۋا، بەكرەك ئالىجاناپ؟ ئەڭ مۇھىمى، قانداق ئۇلۇغۋار ئەمەلى ئىش قىلغان سەرگۈزەشتەڭلار بار؟ ئۇلارغۇ سەكۈلەر ھايات ئىستىلى بار بولغان، غەربچە ياشايدىغان ئىككى ئىنقىلاپچى.

ئۇلارنىڭ بىرى گۇناھىنى ئۇستىگە ئېلىپ، تـوۋا ئىستىغپار ئېيتىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا ھېلىقى سەتەڭ قىزدىن كەچۈرۈپ سوراپتۇ. قېنى، قايسىڭلار بەكرەك ئىپپەت نومۇسلۇق؟ دەپ بېقىڭلارچۇ؟ بەك بىلگۈم بار.

## خىتاي دۆلىتى بۇتخىزغا ئايلىنىپ قالمىسۇن؟

وَلَقَدْ أُوحِيَ إِلَيْكَ وَإِلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ

**ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەر) گە شۇنداق دەپ ۋەھيي قىلىندىكى: «ئى ئىنسان! ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، قىلغان ئەمگەكلىرىڭ بىكارغا كېتىدۇ ۋە سەن چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن** (سۈرە زۇمەر 65- ئايەت).

«بۇت» دېسە، پەقەت بۇتخانىغا تىكلەنگەن ۋە ئالدىدا تازىم قىلىنىدىغان ھەيكەللا ئېسىمىزگە كەلمىسۇن. دەۋرىمىزدە بۇتقا چوقۇنىدىغان ئۇيغۇر يوق، بىراق خىتايغا چوقۇنىدىغان ئۇيغۇر خېلى بار. يەنە كېلىپ مۇھاجىرەتتە.

ناۋادا بىزنى يوق يەردىن ئاپىرىدە قىلغان، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان ۋە رىزىقلىرىمىزنى تەقسىم قىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالاغا يەنە باشقا كۈچلەرنى تەڭداش بىلىپ، ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشنىڭ ئورنىغا ئۇ نەرسىلەردىن قورقۇشقا باشلىساق، ئاللاھ تەئالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىمىز. خىتاي ھاكىمىيىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە «ئەڭ ئېغىر گۇناھ» دەپ قارالغان شېرىك — ئاللاھ تەئالاغا قوشۇپ بۇتقا چوقۇنۇپ، كەبىنىڭ ئەتراپىغا تىكلەنگەن 360 بۇتتىن قورقۇش، مەدەت تىلەش ئىدى.

كۆڭلىمىزدىكى شېرىك بولسا، ئاللاھ تەئالاغا ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق ھەم خىتاي دۆلىتىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، ئۇنىڭ ھەممىنى بىلىپ، كونترول قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ خىتايدىن قورقۇپ، ئەيمىنىپ، مەدەت كۈتۈپ ياشاشنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، پەن تېخنىكا قانچىلىك تەرەققىي قىلسا، قىلسۇن، سۈنئىي ئەقىل ۋە ماشىنا ئادەم تېخنىكىلىرى قانچىلىك ۋايىغا

يەتسە، يەتسۇن، يەنىلا ياراتقۇچى ئاللاھ تەئالانىڭ قۇردىتىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ ھەر شەيئىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ھەممە نەرسە يوق بولغاندىمۇ، ئۇ مەڭگۈ باقىۋەندىدۇر.

خىتاي دۆلىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ھىيلە ـ مىكرىمۇ چەكلىك بولۇپ، ئاللاھ تەئالا رۇخسەت قىلمىسا، بىزگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا دەۋرىمىزدىكى شېرىكتىن قەلبىمىزنى پاك تۇتۇشىمىز كېرەك!

خىتايدىن قورقۇپ ھەقنى دېيەلمەيدىغان، خىتايدىن ئەيمىنىپ سۈكۈتنى تاللىغان ئۆلىما، زىيالىي، ئاكادېمىك، ئەدىپ، شائىر، سەنئەتچى، رەسسام ۋە بارچە ئاۋام ئۇيغۇرۇمغا ئۇلۇغ ئاللاھ جاسارەت ئاتا قىلغاي! خىتايىنى بۇت قىلىۋېلىشتىن، خىتاي ۋەھىمىسى تۈپەيلى ئادىمي ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى يوقۇتۇپ قويۇشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

ناۋادا قەلبىمىزدە تىكلىنىپ قالغان خىتاي بۇتى بىزنىڭ ئىنقىلاب، دەۋا ـ كۈرەشلىرىمىزگە، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە، ئۆزىمىزنىڭ ئىككى دۇنيالىقىغا توسقۇنلۇق قىلغۇدەك ھالغا كېلىپ، تەپەككۇر ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنى كىشەنلىۋالغان بولسا، بىز ئۇنى چېقىپ تاشلىمىساق بولمايدۇ. تەۋھىت پىشىۋايىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ بۇتخانىدىكى بۇتلارنى چېقىشتىن بۇرۇن، ئاۋال قەلبىدىكى بۇتنى بىتچىت قىلىۋەتكەنغۇ!؟

## بىز نېمىدىن ھۇزۇرلىنىپ، نېمىدىن سەسكىنىمىز؟

نېمىنىڭ گېپى چىقسا گۈلقەقەلىرىمىز ئېچىلىپ، كۆڭلىمىز ياياراپ، نېمىنىڭ گېپى چىقسا چىرايىمىز ئۆڭۈپ،كۆڭلىمىز تىت-تىت بولۇپ كېتىدۇ؟ بەزىدە بۇ ھەقتە ئويلىنىپ، ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز زۆرۈر.

ئەينى چاغدا سۆيۈملۈك نەبىيمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ يەككە-يىگانىلىقىنىڭ گېپىنى قىلىپ «ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، تاغۇت رىجىمگە چوقۇنۇپ، ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق قىلماسلىق» نىڭ تەشەببۇسىنى قىلسىلا، زامانداش مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ، ئۇ دۇنياغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىچى تىت-تىت بولۇپ، بىقىنىغا جۇۋالدۇرۇز سانجىۋەتكەندەك چىچاڭشىپ كېتەرمىشكەن.

**وَإِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَحْدَهُ اشْمَأَزَّتْ قُلُوبُ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ وَإِذَا ذُكِرَ الَّذِينَ مِن دُونِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ**

**ئاللاھ يەككە ھالدا تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ كۆڭلى تىت-تىت بولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھتىن باشقا (ئاتالمىش ئىلاھلار-كۈچلەر) تىلغا ئېلىنغاندا بولسا، ئۇلار ياياراپ كېتىدۇ** (سۈرە زۇمەر 45- ئايەت).

دەۋرىمىزدىمۇ تاغۇت رىجىم خىتاينىڭ زۇلمى ۋە ئەسكىلىكلىرى تىلغا ئېلىنسا، بىئارام بولىدىغان، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئەھمىيىتىگە، مىللەتنىڭ ئىككىلى دۇنيالىقىغا، ئىسلامغا، ئىمانغا قارشى گەپ-سۆز بولۇنسا ئېچىلىپ سايراپ، ئاغزىنى بۇزىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. دىققەت قىلماق كېرەك.

## «مىيۇنخېن ئۇچرىشىشى» ھەققىدە ئىككى كالام

ئالدىنقى ھەپتىنىڭ ئاخىرى مىيۇنخېندا چاقىرىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىنىڭ دەسلەپكى ئىككىنچى كۈنىگە ئىشتىراك قىلغان ئىدىم. يىغىن جەريانىدا بىز ئارزۇ قىلمايدىغان، دىتىمىزغا ياقمايدىغان بىرقىسىم كۆرۈنۈشلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ھەرگىزمۇ بۇ يىغىنىنىڭ ئۇتۇقىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن كەمىنە گەرچە نە تەشكىلاتچى، نە ئاكتىۋىست، نە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى بولمىساممۇ، بىر ئۇيغۇر پۇخرا بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن پىشقەدەم ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن يېقىندىن دىدارلىششقا، مۇڭدىششقا، كۆپىنچىلىرى بىلەن سالاملىشىش ئىمكانىيىتىم بولمىغان بولسىمۇ، بىر سەپتە تۇرالىغانلىقىم ئۈچۈن جەڭگىۋار روھىدىن ئىلھام ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بەختىيار ھېس قىلدىم. كۈنتەرتىپى ئىنتايىن زىچ ۋاقىت جەدۋىلى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ يىغىنغا ياۋروپادىكى بىرقىسىم يۇقۇرى دەرىجىلىك سىياسىي ئەربابلار، بىيوكراتلار، تىببەتلەر، ھوڭكوڭلۇقلارمۇ قىممەتلىك لېكسىيەلىرى بىلەن ئىشتىراك قىلغاندىن سىرت، يەنە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاكادېمىكلىرى، زىيالىلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ ئىشتىراك قىلغان ئىدى.

بۇ يىغىلىش نۇقۇل ھالدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش توي كۈنىلا بولماستىن، بەلكى بىر نىيەت، بىرمەقسەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئىلھام بېرىدىغان، پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ۋە دىدارلىشىدىغان خاسىيەتلىك كۈنى بولدى.

ئالدى ھاۋاجازغا ئولتۇرۇپ قىتئە ئاتلاپ، 20 سائەت يول مېڭىپ كەلگەن بولسا، كەينىمۇ بىرنەچچە سائەت يول يۈرۈپ، ۋاقتىنى مۇشۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا سەرپ قىلىش ئۈچۈن 25 دۆلەتتىن كەلگەن 350 نەپەردىن ئارتۇق مېھمانىنى مىيۇنخېندا كۈتۈۋالغان ھۆرمەتلىك دولقۇن ئەيسا رەھبەرلىكىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خادىملىرىغا، ئارقا سەپتە

پىدائىيلىق بىلەن تىنىمسىز تەرئاققۇزغان مىيۇنخىندىكى ۋەتەنسۆيەر ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە، بىزگە يۇمۇرلىرى بىلەن قىزغىن كەيپىيات ئاتا قىلغان كۆلكە چولپىنى ئابلىمىت تۇرسۇن ئاكىغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت. يىغىنىدا باشتىن-ئاخىرى سەۋرچانلىق بىلەن ئولتۇرۇپ ئاتىدارچىلىق قىلغان سورۇننىڭ ئاقساقىلى ۋە تەۋەرۈك دەۋا ئەربابى ھۆرمەتلىك ئەركىن ئالپتېكىن ئاكىغىمۇ رەھمەت!

## دىندا ھەددىدىن ئېشىش

دىندا ھەددىدىن ئېشىش — چەكتىن ئېشىش، ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنىدىن ھالقىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

**قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ غَيْرَ الْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعُوا أَهْوَاءَ قَوْمٍ قَدْ ضَلُّوا مِن قَبْلُ وَأَضَلُّوا كَثِيرًا وَضَلُّوا عَن سَوَاءِ السَّبِيلِ**

**ئېيتقىنكى: «ئى ئەھلى كىتاب! دىنىڭلاردا ھەقسىزلىق قىلىپ چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار. ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپس-خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار»** (سۈرە مائىدە 77- ئايەت).

**يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ وَلَا تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ إِنَّمَا الْمَسِيحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ اللَّهِ وَكَلِمَتُهُ أَلْقَاهَا إِلَىٰ مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِّنْهُ فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَلَا تَقُولُوا ثَلَاثَةٌ انتَهُوا خَيْرًا لَّكُمْ إِنَّمَا اللَّهُ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ سُبْحَانَهُ أَن يَكُونَ لَهُ وَلَدٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَكَفَىٰ بِاللَّهِ وَكِيلًا**

**ئى ئەھلى كىتاب (يەنى خىرىستىيانلار)! دىنىڭلاردا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، ئاللاھ توغرىسىدا ھەقتىن باشقىنى سۆزلىمەڭلار. مەسىھ — مەريەم ئوغلى ئەيسا پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلى (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) دۇر، مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسى ( ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزى بىلەن يارىتىلغان) دۇر، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە**

**ئىشىنىڭلار، (ئاللاھقا ئەيسا بىلەن مەريەمنى قوشۇپ) ئۈچ دېمەڭلار، (ئۈچلۈك سەپسەتىسىدىن) يېنىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر. ئاللاھ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، بالا قىلىۋېلىشتىن پاكتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ يۆلەنچۈك بولۇشقا كۇپايىدۇر** (سۈرە نىسا 171 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر دىندا ھەددىدىن ئېشىشتىن ساقلىنىڭلار. سىلەردىن بۇرۇنقىلار دىندا ھەددىدىن ئاشقانلىقى سەۋەبلىك ھالاك بولۇپ كەتكەن» دېگەن ئىدى.

# ئۇۋال قىلماسلىق

**أخرج مسلم في صحيحه، عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه أنّ النّبي صلى الله عليه وسلم قال:«اتَّقُوا الظُّلْمَ، فإنَّ الظُّلْمَ ظُلُماتٌ يَومَ القِيامَةِ»**

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۇۋال قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. ئۇۋال قىلىش — قىيامەت كۈنى ئۇۋالچىلىقلارغا قېلىشقا سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ» دېگەن.

قارىسام «ئەللامە داموللاجىم» ماسكىسى تاقىۋالغان بىرەيلەن ئىستانبۇلدىكى ئۆلىمالار جەمئىيىتى ئەزاسى ۋە مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ غوللۇق پىدائىيلىرىدىن كېرەم قارىمغا، مەن سىنىگە ئالغان بىر نەقمەيدان ۋىدېئوسىغا ئاساسلىنىپ، ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتۈپتۇ. سىنىنىڭ بىركۈن كېيىنلا ئۇچۇرۇۋەتكەن ئىدىم.

كېرەم قارىمغا ئۇۋال بولۇپ قالمىسۇن. مەن كېرەم قارىمنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى يېقىندىن بىلمەن، كېرەم زاھىر بىلەن پەرقلىق ئەقىدىدىكى بىر ئۆلىما. ئۇ كۈنى مىيۇنخېن خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدىكى نامايىشقا مەنمۇ كەلگەن ئىدىم. نەقمەيدان ۋىدېيوسى قىلىۋالسام، 25 دۆلەتتىن كەلگەن ئۇيغۇر جامائىتى قاتارىدا كېرەم زاھىر ئەپەندىممۇ ۋە كېرەم قارىممۇ خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدىكى نامايىشقا كەپتىكەن. مەن پەرقلىق چۈشەنچىدىكى، بىر-بىرىگە زىت قۇتۇپلۇق بۇ ئىككىيلەننىڭمۇ خىتايغا قارشى كۈرەشتە بىرسەپتە تۇرالىغانلىقىغا سۆيۈنۈپ، تەشۋىقات نوقتىسىدىن ۋىدېئوغا ئالغان ئىدىم.

سىلەردىن سوراپ باقاي: قانچىڭلار قورقماي، سەپنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالماي نامايىشقا كېلەلەيسىلەر؟

مەن ئالدىنقى جۈمە كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىكى مەسچىتتە جۈمە ئوقۇپ چىقىۋاتسام، كېرەم زاھىرمۇ جۈمەدىن يېنىپ چىقىۋېتىپتىكەن. ئىككىمىز سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— سىلى بىلەن ئۇبدانراق پاراڭلاشمىساق بولمىدى. - دېسەم:

— نېمىشقا؟ - دەيدۇ.

— سەۋەبىنى ئۆزلىرى بىلىلا... - دېدىم.

ئەتىسى ئەتىگەنــدە مېهمانخانىدىكــى تامــاق يېيىــش زالىغــا ناشــتىغا چۈشــۈپ، ناشــتىلىق ئالغىلــى كېتىۋاتســام، كېــرەم زاهــىر ئەپەنــدى مــاڭا ئالدىــدىن يەركۆرســەتتى. مەنمــۇ ئۇنــىڭ كۆرســەتكەن يېرىــدە ئولتــۇرۇپ، ئۇنىڭغــا بىرقىســىم نارازىلىقلىرىمنــى ئىلمــي ۋە مەدەنــي بىــر شــەكىلدە يەتكــۈزدۈم. ئــۇ، غەربتــە ئىسلامدىــن چىقىــپ كېتىــپ خرىســتىيان بولــۇپ باققــان بــەزى ئۇيغۇرلارنىــڭ ئۇنىــڭ پىدائىــيلار ئېكرانىدىكــى ســۆھبىتىنى ئــاڭلاپ ئەقلىگــە ياتقانلىقــى ئۈچــۈن قايتىدىــن ئىمانغــا كەلگەنلىكىنــى ئېيتىــپ، پىكىرلىرىنىــڭ توغــرا ئىكەنلىكىنــى دەلىللەشــكە، ئەقىــل، مەنتىــق ئارقىلىــق ياراتقۇچىنــى تونۇشــنىڭ ئەهمىيىتىنــى تونۇشتۇرۇشــقا تىرىشــتى. قارىسام، مېنىــڭ دەل ئارقامدىكــى ئۈستەلدە «ئۆلىمــالار جەمئىيىتى» سابىق رەئىســى دوكتــور ئاتــاۋۇللا شــاهيارمۇ ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىــن كېيىن يېنىمدىن ئۆلىمــالار جەمئىيىتىنىــڭ ئەزاســى ۋە فىنلاندىيەدىكــى بىزنىــڭ ئىمــام ئابدۇلهەپىــز قاراجىم بىلــەن ئۇبۇلقاســىم هاجىممۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقــان ئىكەن، ئۇلارغا:

— كەلســىلە، كېــرەم زاهــىر ئەپەندىنــى بىرلىكتــە دومبالليمــز. - دېسەم، ئۇلار:

ياق! - دەپلا، ئارقىدىكى بىر ئۈستەلگە كېتىشتى.

مېنىــڭ ئادەتتــە پەرقلىــق مەزهــەب ۋە ئېقىمدىكىلــەر بىلــەنلا ئەمــەس، هەتتــا پەرقلىــق دىنىدىكــى كىشــىلەر بىلەنمۇ پاراڭلىشــش ئارقىلىــق ئۇلارنــى چۈشىنىشكە تىرىشــش ئادىتىــم بــار. شــۇڭا غەيــرى دىنىدىكــى كىشــىلەرنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ ئــاڭلاپ بېقىــش ئارقىلىــق ئۇلارنىــڭ مەيدانىنــى ۋە مەســىلىگە قايىســى نۇقتىــدا تــۇرۇپ، قانــداق كۆزنەكتىــن قارايدىغانلىقىنــى بىلىشــكە تىرىشىمەن.

مۇشــۇ ۋەجىدىــن، كېــرەم زاهــىر ئەپەنــدى بىلــەن ســۆهبەت ئۆتكۈزگــەن ۋاقتىمدىمــۇ «ئۇنىــڭ قانــداق بولــۇپ بــۇ هالغــا كېلىــپ قالغانلىقــى» نــى بىلىشــكە تىرىشتىم. ئۇنىڭغا تۈركىيەلىك ياشــار نۇرىنىڭ هايات هېكايىسىنى مىســال قىلىــش ئارقىلىــق نارازىلىقلىرىمنــى ئېنىــق ئىپادىلــەپ قويــدۇم ۋە

ئاخىرىدا قولۇمدىكى «قۇرئان كەرىمدە ئەيسا مەسىھ» ناملىق تەرجىمە ئەسىرىمنى سوۋغات بېرىپ، «ئوقۇپ بېقىشىنى، ئىنكار قىلىدىغان ئىش بولسا، بىرەر مەسچىتكە قويۇپ قويۇشىنى» ئۆتۈندۈم.

# «پىرقەتۇنناجىيە» نى قانچىڭلار ئەسلىيەلەيسلەر؟

پىرقەتۇنناجىيەنى قانچىڭلار ئەسلىيەلەيسلەر؟ «نۇمناخۇننىڭ ئوغلى» دېگەن گەپلەرنىچۇ؟ ئۆزۈڭلارنىلا «بىردىنبىر نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان جامائە» دەپ قارايدىغان ۋاقىتلىرىڭلارنىچۇ؟

1990 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى، بولۇپمۇ خوتەندىكى مەدرىسلەردە ۋاھابىي ئېقىمى ئەۋجگە چىققان ئىدى. ھازىر ئىستانبۇلدا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان ئاتاۋۇللاھ خەلپىتىم ۋەكىللىكىدىكى مەدرىسلەر تەسەۋۋۇپقا مايىل بولۇپ، ۋاھابىي ئېقىمىغا گۇمان بىلەن قارايتتى. مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ئۇستازىنىڭ بىرى بەلكىم ئاشۇ خەلپىتىم بولىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا «پىرقەتۇنناجىيە» دەيدىغان، خېلى ئاشقۇن بىر قوللانما كىتابنى ئوقۇغانلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ پىشقەدەم ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك مۇشرىككە چىقىرىپ، ئىمامى ئەزەمنى «نۇمناخۇننىڭ ئوغلى» دەپ مەسخىرىلىك ئىبارە بىلەن تىلغا ئېلىشاتتى. مەزھەپ ئىماملىرىنى ئىنكار قىلاتتى. ۋاھابىي ئېقىمىغا تەۋە بولمىغان باشقا ھەرقانداق مۇسۇلماننى «توغرا يولدا ئەمەس» دېيىشەتتى. ئۆلارنىڭچە بولغاندا «73 پىرقە ئىچىدىن نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان بىردىن بىر پىرقە — ئۆزلىرى» ئىدى. نامازنى رەبىيەت قىلىپ ئوقۇمسا، سۈرە پاتىھەدىن كېيىن «ئامىين!» دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلىمسا، قىيام ۋە روكۇدا ئىككى چاتىرىقىنى راسا كەرىپ تۇرمىسا قەتئىي ئۇنىمايتتى. ئۆلارچە بولغاندا، ئىشتاننى ئۇشۇقتىن كەسمىسە بولمايتتى. يەنە شۇنداقلا، پىشقەدەم ئىماملارغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشنى ئەسلا دۇرۇس دەپ قارىمايتتى. مانا شۇلارغا ئوخشاش كاللىدىكى كىشىلەر ھېلىھەم تۈركىيە ۋە بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى مەسچىت ئىماملىرىغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇماي، ناماز تۆكگەندە ئۆزلىرى ئايرىم ئوقۇيدىغانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلى — ۋەتەندىكى چاغدا مۇھەممەد سالىھ داموللام قاتارلىق ھەرقانداق ئۇيغۇر ئۆلىماغا قارشى مۇقام تۇتۇلغان، چەت ئەلدىمۇ ھەرقانداق ئۇيغۇر ئۆلىماسىنى «مۇرجىئى...» دېگەندەك ھەر خىل لەقەم قويۇپ يازما يېزىپ، ھەدىس ئوقۇيدىغان بىر

«سەلەپى» تەخەللۇسلۇق كىشى.

باياتىن بىر ئىنكارچىنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «ئوسمان» دەپ تىلغا ئېلىپ، شىئەلەرنىڭ تۇقۇلمىلىرىنى بازارغا سېلىشى ماڭا شۇچاغدىكى كۆنلەرنى ئەسلەتتى - يا.

# شەيتاننىڭ ۋەسۋەسلىرىدىن

ئەگەر بىرەر ئەلدە ئۇيغۇر مەسچىتىنى تاقاتقۇزۇۋەتمەكچى، ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولساڭلار، مېھرابقا بىرەر سىياسىي گورۇھنىڭ، ھەتتا دۆلەتنىڭ بايرىقىنى ئېسىپ قويۇڭلار ياكى بولمىسا: «مەسچىت دېگەن ھەريەردە بار تۇرسا، بىزگە داقا-دۇمباق بىلەن ناخشا-ئۇسسۇل ئويناپ پارلاق مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قالىدىغان زامانىۋى ماكان كېرەك، بولمىسا، غەربلىكلەر بىزگە ياردەم قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىپ بەرمەيدۇ...» دەپ گۆدەكلەرچە مۇقام توۋلاپ، قارشى ئېقىم پەيدا قىلىپ، مەسچىتنى ئادەملەرنى ئۇزاقلاشتۇرۇڭلار، سەسكەندۈرۈڭلاركى، شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە دىنسىزلاشتۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر قوۋمى دىئاسپورادىمۇ ماس قەدەمدە دىنسىز، ئېتىقاتسىز، روھسىز مۇردىلارغا ئايلانسۇن! مەسچىتكە پۇل ئىئانە قىلماسلىق ئۈچۈن بانا-سەۋەپ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ۋىجدانىڭلارنى بېسىقتۇرۇڭلار، مەسچىتتىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشماڭلار، ئاخىرى مەسچىت ئادەمسىز قېلىپ، ئاپتوماتىك ھالدا تاقىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار بىر يەرگە جەم بولالماس، خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرالماس ھالغا كېلىپ، دىئاسپورادىمۇ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتكە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ تۈگەيدۇ. ئەگەر ئۇمۇ كارغا كەلمىسە، تازا ئۈچىغا چىققان داڭلىق بىرەر فىتنىخور مەدداھتىن بىرەرنى چىللاپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا مەسچىتنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۇستەل قۇرۇپ بېرىپ ئالقىشلاپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر پىدائىي دەۋاگەرلىرىنى تىللاتقۇزساڭلار، شۇمۇ كۇپايە.

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا زىيان سالماقچى بولساڭلار، ھەرقانداق پائالىيەتتىن قۇسۇر ئىزدەپ پۇتاق چىقىرىڭلار؛ سىمۋوللۇق ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنى سۇندۇرىدىغان، ئوبرازىنى يەرگە ئۇرىدىغان، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇمتىسىزلىك، ئىششەنچىزلىك پەيدا قىلىشىغا يارايدىغان ھەرقانداق چاۋىنى چىتقا يېيىڭلار، ئاخماقلار ئۇنى ھەدەپ كۆچەپ تارقىتىدۇ، بىغەرەزلەر ئىشىنىدۇ. بۇ، تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلانغان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسلىرىدىن بىرىدۇر.

# مەسچىتكە سىياسەت كىرسە ئىبادەت چىقىپ كېتىدۇ

پەقەت ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن جەم بولىدىغان ماكان بولغىنى ئۈچۈن «جەمە» ، ئاللاھتىن باشقىنى ئۇنتۇيدىغان خىلۋەت ئۆي بولغىنى ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ ئۆيى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان دىياسپورادىكى ساناقلىق، ئاران بىرنەچچەلا ئۇيغۇر مەسچىتى مىستىك ئاتموسفىرا ۋە ئىشقىي ئىلاھىيە ئالاھىدىلىكىنى يوقاتمىغىنى ياخشى ئىدى. ھەر ماكان ئۆز خاسلىقىنى ساقلىسا، ھەركىم ئۆزساھەسىدىن چەتنەپ كەتمىسە بولاتتى.

تەشكىلاتچىلار، دەۋا سېپىدىكىلەر، ھەتتا داڭلىق فىتنە ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىسىغا ئايلانغان شەخسلەر مەسچىتلەردە بىر-بىرىڭلارنى تىللاشتىن، بىراۋغا لەقەم قويۇپ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشتىن قول ئۈزمىسەڭلار، ئاخىرى مەسچىت مەسچىتلىك ئالاھىدىلىكىنى يوقۇتۇپ، جەڭگى-جېدەل سۈپىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسچىتلىرىمىز بىردىن-بىردىن تاقىلىپ كېتىدۇ. ئۆتۈنۈپ قالايلى، ئىنساپقا كېلىڭلار! بولۇپمۇ ئۆلىمالار، مەسچىت ئىماملىرى، مەسچىت باشقۇرغۇچىلىرى ئۆزگىرىشچان سىياسەتلەرگە كىرىشىپ قېلىشتىن ساقلانمىقى ئەۋزەل.

دىنىي سىياسىيلاشتۇرۇش، سىياسەتكە قولچوماقلىق قىلىش قۇرئان كەرىمدىكى «دىنىي ئەرزىمەس ماتاغا سېتىۋېتىش» ئىدىئومىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ شەرقىي تۈركىستان كۆرىشىدىن، خىتاي زۇلمىغا قارشى تۇرۇشتىن يىراق تۇرۇش تەشەببۇسى ئەمەس، بەلكى دىنىي رامكا ۋە دىنىي پاتېنت بىلەن بىر-بىرىمىزگە قارشى كۆرەش قىلماسلىقنى تەرغىپ قىلغانلىقتۇر.

بۇ يازمىنى يېزىۋېتىپ، ئەينى چاغدا ئوسمانىيە ئىسلام ئىمپېرىيەسىنى بىر قوللۇق يىقىتقان ۋە ئاناتولىيەنىمۇ بېسىۋالغان غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىش كۆرىشىدە قولغا قورال ئېلىپ، تالىپلىرى بىلەن بىللە جەڭگە قاتناشقان ،خۇتبىلىرى ۋە ۋەز-نەسىھەتلىرى بىلەن مىليون مۆمىنلەرگە ئىلھام مەنبەسى بولغان سېيىت نۇرسى ئېسىمگە كەلدى.

مۇستەملىكىچىلەر قوغلاپ چىقىرىلىپ، قايتىدىن يېڭى تۈركىيە جۇمھۇرىيتى ئېلان قىلىنغاندا، تۈركىيە دۆلەت مەجلىسى تۇنجى مىللەتۋەكىللىرىنىڭ نىسبىتىدە بېشىدا سەللە، ئۇچىسىدا يەكتەك بولغانلار

كـۆپ سـانلىقنى ئىگەللىگەچكـە، مـوللا سـېيت نۇرسـىمۇ دۈشـمەنگە قارشـى كـۆپ بەدەللەرنــى تۆلىگــەن ئۆلىمــالار قاتارىــدا، مىللەتۋەكىلــى ســۈپىتىدە پارلامېنتقـا چاقىرىلــىپ ۋەزىپــە بېرىلگــەن بولســىمۇ، دىــن بىلــەن ئانچـە خوشـى يـوق مۇسـتاپا كامـال پاشـا بىلـەن پۇرچىقـى پىششـىمىغاندىن سـىرت، بىــر دىنــى زات بولـۇش سـۈپىتى بىلــەن كۈندىلىــك سىياســەتكە كىرىــپ قېلىشــنىڭ دىنغــا داغ تەككۈزىدىغانلىقىنــى تونــۇپ يەتكــەن بولغاچقــا، مىللەتۋەكىللىــك ۋەزىپىســىدىن ئىســتېپا بېرىــپ چىقىــپ كەتكـەن ۋە «أعـوذ بالـ ـە مـن الشـيطان الرجيـم والسياسـية (مـەن شـەيتاندىنمۇ، سىياسـەتتىنمۇ ئاللاھقـا سـېغىنىپ پانـاھ تىلەيمـەن)» دېگــەن مەشـھۇر سـۆزىنى تىلغـان ئالغـان. ئـۇ تاكـى ۋاپـات بولغانغـا قـەدەر كىشـىلەرگە ئىمانىنـىڭ ھەقىقىتىنـى چۈشـەندۈرۈش بىلـەن ئۆتكـەن ۋە كۈندىلىـك سىياسـى جېدەللەردىـن ئـۇزاق ياشـىغان. بـۇ زاتنىـڭ تۇتقـان يولـى يـۈز پىرسـەنت توغـرا دەپ قارالمىسـىمۇ، بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن.

## خىتايپۇرۇشلار بىزدىن قاچسۇن، بىز ئاللاھ تەرەپكە قاچايلى!

مەن شەرقىي تۈركىستاندىكى چاغدا ئەقلىمگە كەلسەم، كۆپ سانلىق ئادەملەر ئەھلى ئىلىم، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەت سۆيەر كىشىلەردىن قاچاتتىكەن. ماڭا تۇنجى قېتىم «كەلىمەئى ـ شاھادەت» ئۆگەتكەن ۋە ئىمان ـ ئىسلامنى چۈشىنىشىمگە دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سالغان بىر ئۇستازىم بار بولۇپ، ئىسمى سىراجىدىنئاخۇنۇم ھاجىم ئىدى. دادام — مەرھۇم مەمەتئىمىنھاجىم پاشانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، سىراجىدىن ئاخۇنۇمھاجىمنىڭ دادىسىمۇ يېزىمىزدىكى بىر رەببانىي ئۆلىما بولۇپ، ئۆزى ياشىغان دەۋردە كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بولغان ۋە دىن ئۆگەتكەن كىشى ئىكەن. دادام رەھمەتلىك شۇ ئۆلىمادا ئەمدى قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىۋاتسا، چوڭ دادام رەھمىتى «يازدا، تاغدا قېنىپ سۈت ـ قايماق ئىچىۋالسۇن» دەپ، دادام مەرھۇمنى مەدرىستىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن.

**فَفِرُّوا إِلَى اللَّهِ إِنِّي لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ مُّبِينٌ**

**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ئۇنداقتا ئاللاھ تەرەپكە قېچىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن** (سۈرە زارىيات 50 ـ ئايەت).

## ئىنكارچىلار ئاخىرى نەگە بېرىپ توختىماقچى ؟

رەسۇللاھنىڭ 23 يىللىق ئىش-ئىزلىرى دېيىشكە بولىدىغان ھەدىسنى قارا-قويۇق ئىنكار قىلسا، روھى ئالەمگە تەئەللۇق ئىشلارنى ماتېرىيالىستىك پەلسەپە بويىچە ئىزاھلاشقا تىرىشسا، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى بىر پۈتۈنلۈكتىن بۇزۇپ، مەلۇم قىسمىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسىگە ماسلاشتۇرۇپ شەرھلىسە — مىراجنى ئىنكار قىلىدىغان، مەسچىتى ئەقسانىڭ ئورنىنى باشقا يەردىن ئىزدەپ ئىسرالىيەگە گۇپپاڭچىلىق قىلىدىغان، «قۇرئاندا ئېنىق ئىسمىنى ئاتىماپتىكەن» دەپ ئىشەك گۆشىگە ھەۋەس قىلىدىغان، بەش نامازنى ئۈچكە، بىرگە چۈشۈرۈپ باقىدىغان، ئۆلىماغا ۋە مۇسۇلمانغا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان، ئەھلى كۇپۇرغا مۇشتاق، ئاتېئىسلارغا مايىل بىر ھالغا كېلىپ قالىدۇ.

غەربكە كېلىۋېلىپ خۇددى خاملىيۇندەك خىرىستىيان قىلىقىغا كىرىپ باقسىمۇ چوشقا گۆشى يېيەلمەي ئارىسالدا قالغان بىر قىسىم ماڭقۇرتلارغا ئوخشاش زېھنىيىتى چىرىكلەشكەن مەزكۇر ئىنكارچىلارمۇ ئېشەك گۆشى يېمەسلىكى، بەش ۋاقىت نامازنى تاشلىماسلىقى مۇمكىن. ئەمما نادان كىشىلەرنىڭ زېھىن دۇنياسىنى مالىماتاڭ قىلىشى مۇقەررەر. بۇ، ئويۇننىڭ بىرىنچى پەردىسى، تېخى نى-نى كۆلكىلىك پىتنىلىرىنى كۆرىمىز، ئۆلمىسەك.

مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ مەدداھلىقىغا كىملەر چاۋاك چالىدۇ؟! ئەلۋەتتە، پاسىق، دىنى مۇبىنى ئىسلامغا غۇمى بار كىشىلەر.

## ئادالەتتە چىڭ تۇرۇشمۇ ئاللاھنىڭ تەلىۋى

**يَـا أَيُّهَـا الَّذِيـنَ آمَنُـوا كُونُـوا قَـوَّامِينَ لِلَّهِ شُـهَدَاءَ بِالْقِسْـطِ وَلَا يَجْرِمَنَّكُـمْ شَـنَآنُ قَـوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُـوا اعْدِلُـوا هُـوَ أَقْـرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ**

**ئـي ئىمـان ئېيتقـانلار! ئـاللاھ ئۈچـۈن دادىـل تۇرىدىغـان، ئادالەتنى ياقــلاپ گۇۋاھلىــق بېرىدىغــان بولــۇڭلار، بىــرەر قوۋمگــە بولغــان ئۆچمەنلىكــڭلار ئادالەتتىــن چەتنــەپ كېتىشــڭلارغا ســەۋەب بولــۇپ قالمىســۇن. (دۈشــمىنىڭلارغىمۇ) ئادىــل بولــۇڭلار، بــۇ تەقۋادارلىققــا ئــەڭ يېقىنــدۇر. ئاللاھقـا تەقـۋادار — مەسئۇلىيەتچان بولـۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتــەن قىلىۋاتقــان ئىش-ھەرىكىتىڭلاردىــن خــەۋەرداردۇر** (ســۈرە مائىدە 8- ئايەت).

ئوخشــاش مەســىلىدە ئوخشــىمىغان كىشــىلەر توپىغــا ئوخشــىمىغان شــەكىلدە باھــا بېرىــش، قــوش ئۆلچەملىــك فورماتســىيە ئىشــلىتىش، ســىڭايان ئادالــەت چۈشەنچىســى قاتارلىــق ئىللەتلــەر ئــاللاھ تەئــالا ئــەڭ ياقتۇرمايدىغــان قىلىــقلاردۇر. بىــرەر خاتــا قىلىقنــى كاپىــر قىلســا دەھشــەت ئەيىبلــەپ، مۇســۇلمان قىلســا خاتاســىنى ئاقلاشــقا ئۇرۇنىدىغــان، ئادالــەت تۇيغۇسى يوق كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

# ئۆلۈمدىن قاچالمايمىز

ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە بېرىۋالساقمۇ، ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان يۇكسەك تاغ چوققىسىدىكى قەلئەگە، ھەتتا پىلانېتقا چىقىۋالساقمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايمىز. ھامان بىركۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز. شۇڭا ياراتقۇچىغا ھېساب بېرەلەيدىغان بىر ھاياتنى ئەلا بىلمىكىمىز لازىم. خۇدا يوقتىكىدەك بىخۇت ياشاش ئۇسۇلىنى تەرك قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھازىر ۋە نازىر ئىكەنلىكىگە چىن پۈتۈشىمىز مۇھىم ئىنتايىن موھىم:

**أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِككُّمُ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِي بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ وَإِن تُصِبْهُمْ حَسَنَةٌ يَقُولُوا هَٰذِهِ مِنْ عِندِ اللَّهِ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَقُولُوا هَٰذِهِ مِنْ عِندِكَ قُلْ كُلٌّ مِّنْ عِندِ اللَّهِ فَمَالِ هَٰؤُلَاءِ الْقَوْمِ لَا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ حَدِيثًا**

**قەيەردە بولماڭلار، ھەتتا يۇلتۇزلارغا تاقاشقۇدەك ئېگىز قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ ئاللاھتىن بولدى» دېيىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن بولدى» دېيىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد! بۇلارغا) ئېيتقىنكى: «ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر». بۇ كىشىلەر توپى ھېچقانداق گەپنى چۈشەنمىگىلى تاس قالىدۇ** ( سۈرە نىسا 78- ئايەت)؟!

# جاھىلىيەتتىن قالغان «ئۇلۇغ مىللەت» چۈشەنچىسى

بىر قىسىم ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلى بولغان ئەرەبچىگە قارىتا مۇھەببىتىنى چۈشىنىمەن. بىراق «ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامۇ جەننەتتىكى ۋاقتىدا ئەرەبچە سۆزلەيتتى. ئەرەب تىلى بارلىق تىللارنىڭ ئانىسى. بىز جەننەتتىمۇ ئەرەبچە سۆزلەيمىز، قۇرئان كەرىم ئەرەبچە نازىل بولدى، شۇڭا ئۇ ئۇلۇغ تىل» دەپ دىنى تۈس بېرىشىنى، ئۆزلىرىنى «ئۈستۈن مىللەت» دەپ ئىشىنىشنى مەن زىنھار ياقتۇرمايمەن.

پارىسلاردىمۇ بۇنىڭ دەل ئەكسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ «تۈرك تىلى — دوزاخ تىلى. ئەھلى دوزاخ تۈركچە سۆزلەيدۇ» دەپ فاشىستلىك قىلىدىغانلىرى بار.

پارىس تىلىنى ئۇلۇغ تىل دەپ بىلىپ، تۈركىي مىللەت تۇرۇپ شېئىر ۋە ماقالىلىرىنى، كىتابلىرىنى پارسچە يېزىش مودىغا ئايلانغان دەۋردە تۈركىي تىلنىڭ پارچىسىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «مۇھاكەمە ـ تۇللۇغەتەيىن» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان ئەلشىر نەۋائىيمۇ «ئەرەبچە تىل — ئۇلۇغ تىل» دەپ سېلىشتىن ئۆزىنى تارتالمىغان ئىكەن.

قۇرئانغا قارىساق، ئىنسانلارنىڭ تىلىنىڭ ھەرخىل بولۇشىنى «ئاللاھ تەئالانىڭ بىر ئايىتى — پاكىتى» دەپ تىلغا ئېلىپ، تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىنسانىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياراتقۇچى ئاللاھ ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكى، ئۈستۈنلۈك ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ تۇغما ئەمەس، ئۆزتىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. دەرۋەقە سۈيۈملۈك نەبىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يۈزمىڭ كىشىلىك جامائەتنىڭ ئالدىدا سۆزلىگەن ۋەدا خۇتبىسىدا «ئەرەبنىڭ ئەرەب ئەمەسلەر ئالدىدا، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىك ئالدىدا ھېچقانداق ئۇلۇغلۇقى، ئۈستۈنلۈكى يوق» دېيىش ئارقىلىق ئەرەبلەردىكى كونا دەۋردىن قالغان «ئۇلۇغ مىللەت» چۈشەنچىسىگە قارشى تۇرغان.

ئەسكەرتمە:

بۇ يازما ئەرەبلەرگە ياكى ئەرەب سۆيگۈسىگە قارشى يازما ئەمەس. مېنىڭ خىتايدىن باشقا ھېچبىر قوۋمگە قارشى غۇمۇم يوق، ئەرەبلەرگە تېخىمۇ يوق.

# ئىككى ئوخشاشلىق

ۋەتــەن ۋە مىللــەت يولىدىكــى فىســەبىلىللاھ كۈرەشــكە ئىشــتىراك قىلماسـلىق ئۈچـۈن باھانە ـ سـەۋەب ئىـزدەپ ۋىجدانىنـى پەيلىگەنلەرنىـڭ ھالــى، ئەينــى چاغــدا مۇھەممــەد ئەلەيھىســسالامنىڭ جەڭگــە چىقىــش چاقىرىقىغـا ئـاۋاز قوشـماي، يوقـىلاڭ باھانە ـ سـەۋەب ئىزدىگـەن بـەدەۋى ئەرەبلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**سَــيَقُولُ لَــكَ الْمُخَلَّفُــونَ مِــنَ الْأَعْــرَابِ شَــغَلَتْنَا أَمْــوَالُنَا وَأَهْلُونَــا فَاسْــتَغْفِرْ لَنَا يَقُولُــونَ بِأَلْسِنَتِهِــم مَّــا لَيْــسَ فِي قُلُوبِهِــمْ قُــلْ فَمَــن يَمْلِــكُ لَكُــم مِّــنَ اللَّهِ شَيْئًــا إِنْ أَرَادَ بِكُــمْ ضَرًّا أَوْ أَرَادَ بِكُــمْ نَفْعًــا بَــلْ كَانَ اللَّهُ بِمَــا تَعْمَلُــونَ خَبِيرًا**

**ســەھرالىق ئەرەبلەردىــن (ھۇدەيبىيىگــە جــەڭ ئۈچـۈن چىقمــاي) قېلىــپ قالغانلار ســاڭا: «بىزنى مال ـ ئوقەتلىرىمىــز ۋە بالا ـ چاقىلىرىمىز ھايــال قىلىــپ قويــدى (بىــز شــۇڭا چىقالمىــدۇق). ســەن بىــز ئۈچـۈن (ئاللاھتىــن) كەچـۈرۈم ســورىغان بولســاڭ» دېيىشــىدۇ. ئـۇلار دىلىــدا يــوق نەرســىنى تىلىنىــڭ ئۈچىــدىلا دەپ قويىــدۇ. (ئــى مۇھەممــەد!) ئېيتقىنكــى: «ئەگــەر ئــاللاھ ســىلەرگە بىــرەر زىياننــى ياكــى پايدىنــى ئىــرادە قىلســا، كىــم ئاللاھنىــڭ ئالدىــدا بىــرەر نەرســىگە دال بولالايــدۇ؟ يــاق، ئــاللاھ ســىلەرنىڭ قىلمىشــىڭلاردىن تولـۇق خـەۋەرداردۇر** (سۈرە فەتىھ 11 ـ ئايەت).

## ئىنسان نېمىشقا ئۆز قۇسۇرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؟

شەيتاننىڭ مۇھىم بىر ھىيلىسى — ئىنسانغا قۇسۇرىنى ئېتىراپ قىلغۇزماسلىق. مەقسىتى — ئىستىغفار ۋە ئىستىئازە يولىنى تاقاش، ھەم ئىنساننىڭ نەفسىنىڭ مەنمەنچىلىكىنى قوزغاپ، پۈتۈن قۇسۇرلاردىن ئۆزىنى پاكقا چىقىرىشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئادۋوكاتتەك مۇداپىئە قىلدۇرۇش. شۇنداق، شەيتاننىڭ گېپىگە كىرگەن بىر نەفس قۇسۇرىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، كۆرسىمۇ يۈز خىل تەبىر بىلەن ئىزاھلايدۇ. وَعَيْنُ الرّ ـا عَنْ كُلّ عَيْبٍ كَلِيلَةٌ سىرى بويىچە، نەفسىگە رازىلىق نەزىرى بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبنى كۆرمەيدۇ. ئەيىبنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئىستىغفار ئېيتمايدۇ، ئىستىئازە قىلمايدۇ، شەيتانغا مەسخىرە بولىدۇ. ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدەك بىر شانلىق پەيغەمبەر «**وَمَا اُبَرِّئُ نَفْسِى اِنَّ النَّفْسَ لَاَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ اِلاَّ مَا رَحِمَ رَبِّى** (يۇسۇف: 53)» دېگەن تۇرسا، قانداقمۇ نەفسكە ئىشەنگىلى بولسۇن!؟ نەفسىنى يامان كۆرگەن كىشى قۇسۇرىنى كۆرىدۇ؛ قۇسۇرىنى ئېتىراپ قىلغان كىشى ئىستىغفار قىلىدۇ؛ ئىستىغفار قىلغان كىشى ئىستىئازە قىلىدۇ؛ ئىستىئازە قىلغان كىشى بولسا، شەيتاننىڭ شەررىدىن قۇتۇلىدۇ. ئۆز قۇسۇرىنى كۆرمەسلىك، ئۇ قۇسۇردىن تېخىمۇ چوڭ قۇسۇردۇر. قۇسۇرىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، چوڭ بىر نۇقسانلىقتۇر. قۇسۇرىنى كۆرسە، ئۇ قۇسۇر قۇسۇرلۇقتىن چىقىدۇ. ئېتىراپ قىلسا، كەچۈرۈلۈشكە لايىق بولىدۇ(سەئىد نۇرسى ئەسەرلىرىدىن تاللانما).

# ئۆلۈككە تەزىيە بىلدۈرگىلىمۇ قويمامسىلەر؟

بىرەر ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىز تۈگەپ كەتسىلا تەزىيە بىلدۈرۈپ، ياخشى تىلەكلەردە بولغانلارغىمۇ نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلار ئۆلۈككە ئىچ ئاغرىتىپ سۆز باشلاپ، ئارقىدىن «... تەشكىلات بۇ مەرھۇمگە ئىگە چىقمىغان، ۋەتەنداشلىقتا ئېرىششكە توسقۇنلۇق قىلغان» دەپ غۇمى بار تەشكىلاتلارغا چالما ئېتىپ، ئاچچىقنى چىقىرىشقا ئۇرۇنىدىغانلار كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. خۇددى ۋەتەنداشلىقنى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزمەي، مەلۇم ئاممىۋى تەشكىلاتقا ھاۋالە قىلىپ قويىدىغاندەك. سىلەر تۈركىيەنى موزامبىكقا ئوخشىتىپ قاپسىلەر. چەت ئەلدە قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ۋەتەندىكى ئاتالمىش گۇڭشەنداڭنىڭ يەرلىك باشقارمىسىغا ئوخشۇتۇپ قاقشاش، خۇددى ۋەتەندىكى چاغدا «ئەسلىدە مەركەز — بېيجىڭنىڭ سىياسىتى ياخشى ئىدى، مۇشۇ تۆۋەندىكى ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ ئۇساللىقى ۋە خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈشىدىن مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ» دەيدىغان ئادەتتىن كېلىپ چىقامدىكىن، دەپ قالىمەن. ۋەھالەنكى، مەيلى ئابدۇشۇكۇر ھاجىم ئاكىمىز بولسۇن، مەيلى ئائىشە خانىم مەرھۇمە بولسۇن ھايات ۋاقتىدىمۇ ئۆزى ياشىغان دۆلەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ، كۆپ پائالىيەتلەردە بىرگە بولغان ئىكەن. ئىشەنمىسەڭلار، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مەرھۇمە ئايشە خانىمنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى پىروگراممىسىنى بىر ئاڭلاپ بېقىڭلار. ھەر يېڭى مەيدانغا چىققان كىشى ياكى شەخسنى، ياكى ئاكتىپۋستنى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئۆشنىسىگە ئېلىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئۇلارنىڭ باشقا ئىشى، باشقا پىروگراممىلىرى يوقمۇ؟

بىز ئەھلى ئىسلامغا تەۋە بىر مىللەت بولغىنىمىز ئۈچۈن ۋاپات بولغانلارنىڭ كەينىدىن ياخشى تىلەكلەردە بولىمىز. بۇ ھەقتە ھەدىسمۇ بار.

ۋەتەنپەرۋەر، دىن سۆيەر كىشىلەرنى ھايات ۋاقتىدىمۇ قەدىرلەيدىغانلار ھەر زامان بولۇپ كەلگەن ۋە ھېلىھەم بار. ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرگە كۆرسەتكەن ھۆرمىتىدىن بەلكىم سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلا يوق بولۇشى

مۇمكىن. ياخشىلىق ۋە سىلە-رەھىم دېگەن كۆپ ھاللاردا پەردە ئارقىسىدا بولىدۇ.

كاشكى، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ھايات چېغىدا قەدىرلەنگەن ۋە ھۆرمەتىنى قىلىنغان بولسا! بۇ پەقەت بىزنىڭ سوبىكتىپ ئارزۇيىمىز بولۇپ، رېئال ھاياتتا بىز كۆپ ھاللاردا ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ھۆرمەتلەش تۇگۇل پەشۋالاش، مەسخىرە قىلىش، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلاردىن ھېساب سوراش بىلەن بەزدۈرۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلغىنىغا تاس قالىمىز تويغۇزۇۋەتكىلى. يالغانمۇ؟! ئالدى بىلەن تەزيىەگە نارازى بولغانلار، سىلەر قانچە نەپەر ۋەتەنپەرۋەرنى ھايات چېغىدا قوللاپ، يوقلاپ تۇردۇڭلار؟!

ھەتتا ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ بۇ ئالەمدىن كەتكىلى يېرىم ئەسىر بولاي دەپ قالغان سىموۋۇللۇق كىشىلىرىمىزنى ياخشى تەرەپلىرى بىلەن ئەسلەپ، ھەققىدە ياخشى تىلەكلەردە بولۇپ، روھىدىن ئىلھام ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تاس قالىمىز گورىدىن سۆرەپ چىقىپ سوتقا بەرگىلى.

ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، ھېچبولمىسا، ۋاپات بولغان ۋاقتىدا بولسىمۇ تەزىيە بىلدۈرگەن، ياخشى تەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئىچ ئاغرىتقان قېرىنداشلارنى بەك تەنقىتلەپ كېتىشمۇ ئارتۇقچە ئىش. ھېچ بولمىسا «ۋاپاتىدىن كېيىن بولسىمۇ ياخشى تىلەكلەر بىلەن تەزيىە بىلدۈرۈپتۇ» دەپ رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ ئۇلارغا.

# ئۆزىنى ئىنقىلابچى دەيدىغانلار بىر ئوقۇپ باققاي!

سىز ئۆزىڭىزنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى بىر كۈرەشچى، ئىنقىلاپچى، مۇجاھىت، ئاكتىپۇست دەپ ھېساپلىسىڭىز، خىتاي ئالۋاستى رېجىمى سىزنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭىزدىن كۆپلىگەن كىشىلەرنى لاگىر ياكى تۈرمىلەردە نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىسىڭىز قانداق ئىنكاستا بولىسىز؟

بىز بىلەن ئوخشاش رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلىۋاتقان پەلەستىنلىكلەرنىڭ قورallıq سېپى خاماسنىڭ سىياسى بيۇروسىنىڭ باشلىقى ئىسمائىل ھانىييانىڭ بېشىغا كەلگىنى سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا كەپقالسا، سىز قانداق قىلىسىز؟

گەرچە پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئەھۋالى بىز ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن نىسبەتەن ياخشى بولسىمۇ، غەززەدىن پەرقىمىز — ئۇلارنىڭ بېشىغا يېغىۋاتقان ئۆلۈم يامغۇرلىرى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە نەخمەيدانىدا بېرىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ۋەتەندىكى قىرغىنچىلىق دۇنيادىن مەخپىي ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

ئىسرائىلىيە پەلەستىنىنىڭ غەززە رايونىنى بومباردىمان قىلىپ خاماس سىياسىي بيۇروسىنىڭ باشلىقى ئىسمائىل خانىييانىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە بىر قانچە نەۋرىسىنى شېھىت قىلىۋەتكەن. خاماس رەھبىرى ئىسمائىل خانىييا ئىسرائىلىيەنىڭ قىلغان بۇ قەتلىئامىغا قارىتا بىلدۈرگەن ئىنكاسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «ئەگەر سىيونىستلار ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق مەيدانىمىزنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىغان بولسا، خاتالاشقان بولىدۇ. ئوغلۇمنىڭ قېنى غەززەدىكى شېھىدلىرىمىزنىڭ قېنىدىن قىممەتلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بالام! ئوغلۇمنىڭ قېنى قۇدۇس ۋە ئاقسا مەسچىتىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىندى. بىز قىلچە ئىككىلەنمەيمىز، چېكىنمەيمىز، قۇدۇس ۋە ئەقسا مەسچىتىنى ئازاد قىلىش يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. ئائىلەمدىكىلەرنىڭ تەخمىنەن 60 ئەزاسى شېھىت بولدى، غەززە ئاھالىلىرى بىلەن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ پەرقى يوق...».

## چەت ئەلدىكى ئىمكانىيەتىنىڭمۇ قىيامەتتە سورىقى بار

**ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ**

**ئاندىن ئۇ كۈنىدە نېمەتلەر توغرۇلۇق جاۋاپكارلىققا تارتىلىسىلەر** (تەكاسۇر سۈرىسى 8 ـ ئايەت).

قانچىلىك ئىمكانىيەتكە ۋە نېمەتكە ئىگە بولۇشتىن بەكرەك، ئۇ ئىمكانىيەتتىن قانچىلىق ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مۇھىم. چۈنكى قىيامەتتە ئۇنىڭمۇ سورىقى بار.

ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالا چەت ئەلگە — ھەر دۇنياغا چىقىشقا نېسىپ قىلغان بولسىمۇ، شۇنچىلىك كۆپ ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلۇغۋار ـ ئەمەلىي سالىھ ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراشىنىڭ ئورنىغا، شەرقىي تۈركىستاندا قۇللۇق ئىچىدە ياشاۋاتقان، خىتاينىڭ مىڭبە يۇيۇش زەربىسىگە ئۇچراپ نىمجان ھالغا چۈشۈپ قالغان خەلقىمىزنىڭ بىرقىسىم چاكىنا قىلىقلىرىغا ھەۋەس قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئەسلى ۋەزىپىدىن، كۆرەشتىن قېچىشمۇ، ئاللاھ نېسىپ قىلغان ئىمكانىيەتتىن پايدىلانمىغانلىققا كىرىدۇ.

چەت ئەلدە روزا تۇتۇشنى، ناماز ئوقۇشنى، ئەركىن سۆزلەش ۋە ئەركىن يېزىشنى خىتايدەك چەكلەيدىغان يەنە بىرەر دۆلەت بارمۇ؟

## جەننەتتىنمۇ ئۇلۇغ مۇكاپات قايسى، بىلەمسىز؟

جەننەتتىنمۇ ئۇلۇق مۇكاپات — ئاللاھ تائالانىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش، ئەلۋەتتە.

بىز ئىنسانلارغا ساناپ تۈگەتكۈسىز نېمەتلەرنى بەخش ئەتكەن ياراتقۇچىمىزغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، بەندىچىلىك دېگەن، ئەنە شۇ. بىر مۆمىنگە نىسبەتەن ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى، خۇرسەنلىكى ۋە ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇش جەننەتكە ئېرىشىشتىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات ئىكەنلىكىنى ھايات كىتاۋىمىز قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىدۇ:

**وَعَـدَ اللَّهُ الْمُؤْمِـنِينَ وَالْمُؤْمِنَـاتِ جَنَّـاتٍ تَجْـرِي مِـن تَحْتِهَـا الْأَنْهَـارُ خَالِدِيـنَ فِيهَـا وَمَسَـاكِنَ طَيِّبَـةً فِي جَنَّـاتِ عَـدْنٍ وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللَّهِ أَكْبَرُ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ**

**ئاللاھ مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئەدن جەننەتلىرىدىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولسا (بەخت-سائادەتنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر، ئۇلۇغۋار ئۇتۇق دەل مۇشۇدۇر**(سۈرە تەۋبە 72- ئايەت).

## ئىشغالچىلارنىڭ تارىخ يېزىش مەنتىقىسى ئوخشاش

مۇستەملىكىچى خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئاق تاشلىق كىتاب» تىدا «ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى تۇرا دەرياسى بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن» دەيدىغان سەپسەتە بولىدىغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بېجىڭ، شاڭخەيلەرگە ئېلىپ بېرىپ بىر قوللۇق تەربىيەلىگەن، ئەمما چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ ھەقىقەتكە تازا قايتىپ بولالماي، خىتاينىڭ قەستەن بۇرمىلىغان تارىخ نەزەرىيەسىنى ئەينەن قوبۇل قىلىپ،مۇھاجىرەتتىمۇ شۇنى تەكرارلايدىغان زىيالىلارغا مەن نارازى. ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي زىيالىلىرى شەرقىي تۈركىستانچە تارىخ ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى لىللا شەرھىلىشى ۋە ئۇلۇغ ئاللاھ ئاتىمىزنىڭ ئاق سۈتىگە ئوخشاش ھالالدىن بەخش ئەتكەن بۇ تۇپراقنىڭ «ئەزەلدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چىنلىقنى دەلىللەشكە تىرىشىشى، شەرقىي تۈركىستان — ئۇيغۇرىستان تارىخ نەزەرىيەسىنى بۇرمىلىنىشتىن ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇيدۇرما تارىخ يېزىپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا باشقا يەردىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى» دىن ئىبارەت قىپقىزىل يالغان توقۇغانلىقىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى شۇم غەرىزىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، دۇنيادىكى باشقا مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭمۇ مۇستەملىكە قىلغان يەرلىك مىللەتلەر ھەققىدە خىتايغا ئوخشاشلا «بۇلار باشقا يەردىن كۆچۈپ كەلگەن» دېگەننى ئىلگىرى سۈرۈپ، تارىخ يازغانلىقىنى بىلىمىز. مەسىلەن: رۇس مۇستەملىكىچىلىرى ياقۇتىستاندا ياشاۋاتقان ساخا — ياقۇت تۈركلىرى ھەققىدە «سىلەر موڭغۇلىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن» دەيدۇ. ئېنگلىزلار مۇستەملىكە قىلغان ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەنىڭ يەرلىك خەلقى ئابورجىنلار ۋە ماۋرىلار ھەققىدىمۇ ئۇلارنىڭ «فاسىفىكتىكى مىكرونوزىيە، مالېنىزىيا ۋە فولونېزىيا تاقىم ئاراللىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن» لىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رەسمىي تارىخ سېپىتىدە ئوقۇتىدۇ. يولۇڭلار يېڭى زېلاندىيەگە چۈشۈپ قالسا، مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس «ماۋرى مۇزېيى» بار، كۆرۈپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ. خىتايمۇ مۇشۇنداق مۇزېيدىن بىرنى قۇرۇپ «مانچە مىڭ يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيەدىن ھازىرقى ئۇيغۇر رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن» دەپ

تەشۋىق قىلمايدۇ، دىگىلى بولمايدۇ.

«ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ يەرلىك خەلقى ئىندىئانلار بۇندىن 15 مىڭ يىل بۇرۇن بۇ قىتئەگە سىبىرىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن» دەيدىغان قاراشلار كەڭ تەشۋىق قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى مۇددىئانى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىنكا ئىمپاراتورلۇغىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھلىقى 1572 ـ يىلىدا ئىسپانىيەلىكلەرگە كۈلكىلىك ھالدا يېڭىلىپ قالغانلىق ھېكايىسىنى ئوقۇساق، بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭمۇ گويا ختاي قىزىل ئارمىيەسىگە ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرمەي، گۈل چەمبىرەك سۇنۇپ ۋە ناخشا ئېيتىپ يېڭىلىپ قالغاندەك ئۇيدۇرما تارىخنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز. تارىخنى ھەر ۋاقىت غالىپلار ۋە يەڭگەنلەر يازىدىغان بولغاچقا، يېڭىلگەنلەرنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ يازىدۇ. شۇڭلاشقا ختاينىڭ بىز ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغانلىرىغا گۇمان بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشىنى ختاي زېھنىيىتى بويىچە بۇرمىلاپ تەسۋىرلەيدىغان، مىللەتنىڭ روھىنى سۇندۇرىدىغان زىيالىلار بۇ ئىشتىن توختىغاي!

شۇ دەمدە ختاي زىندانلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان بىر زىيالىيمىزنىڭ ۋەتەن — شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە تۇرۇپ يازغان بىرجۈملە مىسراسىنى قىستۇرۇپ قوياي:

«ئەگەر ئادەم ئۆزگەرگەن بولسا مايمۇندىن، بىز ئۆزگەرگەن مۇشۇ يەرلىك مايمۇندىن».

## بىزنىڭكىلەرمۇ رەينا ۋە موسكۋادا بولغان ھۇجۇمدىن ئىبرەت ئالغاي!

ئادەم ئۆلتۈرۈش، قان تۆكۈش بىر ئىنسان قىلالايدىغان ئەڭ قەبىھ گۇناھ بولغاچقا، رەببىمىز ئاللاھ تەئالا بىر مەسۇم جانغا زامىن بولۇشنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇپ، بۇنىڭدىن بىزنى ئاگاھلاندۇرغان:

**مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ كَتَبْنَا عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنَّهُ مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا وَلَقَدْ جَاءَتْهُمْ رُسُلُنَا بِالْبَيِّنَاتِ ثُمَّ إِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم بَعْدَ ذَلِكَ فِي الْأَرْضِ لَمُسْرِفُونَ**

شۇ سەۋەبتىن بىز (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا: «كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ خۇددى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ؛ كىمكى بىرەر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرغاندەك بولىدۇ» دەپ يازغان ئىدۇق. پەيغەمبەرلىرىمىز ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا راستتىنلا ئوچۇق پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ تولىسى زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى (سۈرە مائىدە 32- ئايەت).

تاجىكىستان دۆلەت تەۋەلىكىدىكى دىن تونىغا ئورۇنۇۋالغان بىر ئۇچۇم قاتىللارنىڭ بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش، چىركاۋغا، دىسكوخانا ۋە تىياتىرخانىلارغا ھۇجۇم قىلىش جىنايىتى بىلەن قان تۆككەنلىكى سەۋەبلىك، ھازىر، روسىيەدىلا ئەمەس، تۈركىيەنىڭ كوچىلىرىدىمۇ تاجىكلار تۈركلەر ۋە رۇسلار تەرىپىدىن ئېغىر ھاقارەتكە ئۇچراشقا باشلىغان ۋە سىرتلاردا يۈرۈشى قىيىنلاشقان.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى سادىر قىلىپ سېلىش خاھىشى بار بولغان دائىرىلەر بار، ئەمما بۇ خىل ئىدىيەسىدىكى كىشىلەر بولۇپ قالسا (يوق دېيەلمەيمىزغۇ)، مۇشۇ ھادىسىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىگە ئىچى ئاغرىمىسىمۇ، قىل ئۈستىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىگە ئىچ ئاغرىتىشى ۋە بۇنداق ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىش ئەمەس، يېقىن يۇلۇقۇپ قىلىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلىمىكى لازىم. ھېلىھەم نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئىپلاس «دائىشقا چېتىشلىقى بار» دەپ قارىلىپ، تۈركىيەنىڭ تۈرمىلىرىدە، تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا يېتىۋاتقانلىقى، گراژدانلىققا ئېلىنمىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. دۇنيادا ھېچقانداق دۆلەت بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى خالىمايدۇ.

بەزى گۇناھلار باركى، ئۇ شەخسنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن مىللەتكە داغ تەككۈزىدۇ، شۇ مىللەتنىڭ مەنسۇپلىرىغا ئاۋارىگەرچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ.

## تىل، دىل، كۆز ۋە قۇلاقنىڭمۇ جاۋابكارلىقى بار

ياراتقۇچى رەببىمىز بىزدىن پۈتۈن ئەزالىرىمىزنى يامانلىقتىن ساقلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا**

ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە توختالمىغىن (يەنى بىلمەيدىغاننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە). شۈبھىسىزكى، قۇلاق، كۆز ۋە دىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەققەتەن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ (سۈرە ئىسرا 36- ئايەت).

**لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَإِن تُبْدُوا مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ اللَّهُ فَيَغْفِرُ لِمَن يَشَاءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاءُ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ**

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى مەۋجۇدات ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. دىلىڭلاردىكىنى مەيلى ئاشكارىلاڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاندىن ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئەپۇ— مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى جازالايدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر (سۈرە بەقەرە 284- ئايەت).

ۋاتساپ توپى قۇرۇپ تەتۈر تەشۋىقات قىلىشنىڭ، تەتۈر تەشۋىقاتقا ھەم سېلىپ، سۈكۈت قىلىپ، تىڭشاپ بېرىدىغان قوي مىجەزلىك قىلىقلارنىڭمۇ ئىككىلى دۇنيادا مەسئۇلىيىتى ۋە سورىقى بار!

## ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى

**إِذْ قَالَ اللَّهُ يَا عِيسَى إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَجَاعِلُ الَّذِينَ اتَّبَعُوكَ فَوْقَ الَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأَحْكُمُ بَيْنَكُمْ فِيمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ**

ئەينى چاغدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئەيسا! مەن سېنى ۋاپات تاپقۇزىمەن، سېنى دەرگاھىمغا — ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرىمەن، سېنى كاپىرلار (نىڭ بۆھتانلىرى) دىن پاكلايمەن، ساڭا (بىر ئەلچى سۈپىتىدە) ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. نىھايەت مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئەيسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە مەن ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىمەن (سۈرە ئالى ئىمران55 ـ ئايەت).

مەزكۇر ئايەتتە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، ئۇنى «خۇدانىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى» دەيدىغان خىرىستىيانلارنى بىلەتتىم. ئۇلاردىكى «ئۈچلۈك ئىلاھ» چۈشەنچىسى دەل ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاپ، ئىلاھلاشتۇرغانلىقىدىن بولغان. مۇسۇلمانلاردىمۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا قايىل بولمايدىغانلار خېلى باركەن، تولا!

وَبِكُفْرِهِمْ وَقَوْلِهِمْ عَلَى مَرْيَمَ بُهْتَانًا عَظِيمًا

يەنە ئۇلارنىڭ (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلىقى ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلارنى جازالىدۇق) (سۈرە نىسا 156 ـ ئايەت).

**وَقَوْلِهِمْ إِنَّا قَتَلْنَا الْمَسِيحَ عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ رَسُولَ اللَّهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَكِن شُبِّهَ لَهُمْ وَإِنَّ الَّذِينَ**

**اخْتَلَفُوا فِيهِ لَفِي شَكٍّ مِّنْهُ مَا لَهُم بِهِ مِنْ عِلْمٍ إِلَّا اتِّبَاعَ الظَّنِّ وَمَا قَتَلُوهُ يَقِينًا**

يەنە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى مەريەم ئوغلى ئەيسانى «ھەقىقەتەن بىز ئۆلتۈرۈۋەتتۇق» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارنى جازالىدۇق). ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئەيسانى ئۆلتۈرگەنمۇ ئەمەس، كرېستتا ئاسقانمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇلارغا شۇنداق قىلغاندەك كۆرۈنگەن. ئەيسا توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولۇۋاتقانلار ھەقىقەتەن ئۇ ھەقتە دەرگۇمانىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە ئىلمىي ئاساسى يوق، پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ. ئۇلار ئەيسانى زادى ئۆلتۈرگىنى يوق (سۈرە نىسا 157- ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى «ئەيسانى ئۆلتۈرگەنمۇ ئەمەس، ئاسقانمۇ ئەمەس» دېگىنى بىر مېتافور بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىچە دۇنيا كۆزى بىلەن قارىغاندا «ئەيسا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈردۇق، دارغا ئاستۇق» دەپ خۇشال بولۇشقىنى بىلەن، باشقا نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلىنسا، ئەيسا پەيغەمبەر مەرتىۋە جەھەتتىن كۆتۈرۈلۈپ، روھى ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىغا ئۇلاشتۇرۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ھەر ئىنسان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان بولۇپ، روھى ئاللاھ تەلاغا قايتىدۇ.

**بَل رَّفَعَهُ اللَّهُ إِلَيْهِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا**

ياق، ئاللاھ ئۇنى ئۆز ھوزۇرىغا كۆتۈردى. ئاللاھ كۈچ-قۇدرەتلىكتۇر، (ھەممىنىڭ ئۈستىدىن) ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچىدۇر(سۈرە نىسا 158- ئايەت).

ھەر ئىنساننىڭ ئۆمرى چەكلىك بولۇپ، پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسان بولغاچقا، ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن.

بۇ ئايەتتە، شېھىتلار ھەققىدىمۇ «ئۇلارنى ئۆلۈك دېمەڭلار» دېگەن جۈملە «ئۇلار ۋاپات بولمىدى» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ نەزەرىڭلاردىكى دۇنيا كۆزى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، باشقا مېتافىزىك نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھاياتتۇر، دېمەكچى:

**وَلَا تَقُولُوا لِمَن يُقْتَلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاءٌ**

## وَلَكِن لَّا تَشْعُرُونَ

سىلەر (ھەقىقانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ) ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى «ئۆلۈك» دېمەڭلار، ئەكسىچە، ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر (بۇنى) سەزمەيسىلەر (سۈرە بەقەرە 154 ـ ئايەت).

خېلى زور تۈركۈمدىكى كىشىلەر بۇ ئايەتتىكى مەجازنى ئاڭقىرالماي، «شېھىتلار تىرىك» دەپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلەيدىغانلارنى ئەسكە سالىدىكەن.

# غەربتە ياشاشمۇ بىر نېمەتكەن

شۈكرىنى ئادا قىلالامدۇق؟ ئۇ باشقا مەسىلە، ئەمما غەرىبتىكى ئەركىن ھاياتمۇ ئاللاھ تەئالا ئاتا قىلغان بىر نېمەتكەن. بۈگۈن مەغرىبتىن مەشرىققىچە مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن ھەرقانداق كىشى غەرىبتىكى بىلىمگە، ئادالەتكە، پاراۋان تۇرمۇشقا... ئىنتىلىدۇ. مەككە-مەدىنىدە خىتايدىن ئەنسىرەپ ياكى ئەبۇجەھىلدەك ياشىغاندىن، غەرىبتە قەددى رۇس ھالدا، ئەركىن مۇھىتتا خىتايغا قارشى ھەرقانداق گەپ-سۆز، نامايىش، ھەتتا دۇئا قىلغىلىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ!؟ مەن تەراۋىھقا بارغانلىكى مەسچىتتە ئىمام غەززەگە دۇئا قىلىدۇ. بۇنداق دۇئانى سەئۇدى ئەرەبىستاندا، مىسىردا، كۇۋەيتتە قىلالامدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. ئەخلاقنىڭ ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ گېپىنى قىلماي تۇرايلى، بىرنەچچە ئاي بۇرۇنقى مىسىر ساياھىتىمدە بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلدىم.

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا بولغان بولساق روزا تۇتالامتۇق؟ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇيالامتۇق؟ مېنىڭمۇ «ئەسەبىي كۈچ» دەپ ئاللابۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى زالىم خىتاي.

ئالدىنقى يىلى ئاغرىپ قېلىپ، تەراۋىھ نامازلىرىنى مەسچىتتە ئادا قىلالمىغان ئىدىم. بۇيىل، ئەلھەمدۇلىللاھ، سالامەتلىكىم ياربەرگىنى ئۈچۈن خېلىسىنىكى شەھرى ئەتراپىدىكى مەسچىتلەرگە بېرىپ تەراۋىھ ئوقۇشقا تىرىشىۋاتىمەن. خىزمەت ئورنۇمدا نامىزىمغا توسالغۇ بولمايدىغان، خىتايغا قارشى ھەرقانداق پائالىيەتكە يول ئۇچۇق بولغان مۇشۇنداق دۆلەتتە ياشاشقا نېسىپ قىلغان ئاللاھ تەئالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن.

ھەر نېمەتنىڭ ئۇ دۇنيادا سورىقىمۇ بار - دە. گۇناھكار بىر بەندە بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاشۇ كۈندىن بەك ئەنسىرەيمەن.

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەھشەر كۈندىكى شىكايىتىنى بىلەمسىز؟

**وَقَالَ الرَّسُولُ يَا رَبِّ إِنَّ قَوْمِي اتَّخَذُوا هَذَا الْقُرْآنَ مَهْجُورًا**

(ئۇ كۈنى) رەسۇلۇللاھ: «ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قوۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىشتى» دەيدۇ (سۈرە فۇرقان30ـ ئايەت).

مەزكۇر ئايەتتە، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ قۇرئان كەرىمنى ھاياتىدا تاشلاندۇق قىلىپ قويغان، كۈنتەرتىپىدىن چىقىرىۋەتكەن قوۋمىدىن نارازى بولۇپ، ئاللاھ تەئالاغا شىكايەت قىلىدىغانلىقى تىلغان ئېلىنغان.

بىز «تاشلاندۇق قىلىش» دەپ مەنالاندۇرغان «مهجور» — قۇرئان كەرىمنىڭ تەلەپپۇزىغىلا مەركەزلىشىپ قېلىپ، مەنىسىدىن غاپىل قېلىش، قۇرئان كەرىمنى ئىشكاپقا ئېسىپ قويۇپ ئوقۇماسلىق، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق، مەنپەئەتىگە ئۇدۇل كېلىدىغان جايلىرىغا ئىشىنىپ، بىرقىسمىنى ئىنكار قىلىش، بىرپۈتۈنلۈكىگە رىئايە قىلماسلىق، قۇرئان كەرىم بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئايرىۋېتىش... قاتارلىق نۇرغۇن سەلبىي قىلىقلاردىن رەسۇلى ئەكرەمنىڭ نارازى بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«قۇرئان ئېيى» بولغان مۇشۇ رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئاز دېگەندە بىرقېتىم، ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسىنى تەپسىرى بىلەن قوشۇپ ھەزىم قىلىپ ئوقۇپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولغايمىز!

# رامىزاندا كىملەرنىڭ شەيتىنى باغلانغان بولىدۇ؟

رامىزان ئېيى ئىمانلىق ۋە ئېتىقاتلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇبارەك ۋە خاسىيەتلىك ئاي بولۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەكلىكى — ئۇ ئايدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقى ۋە مۆمىن بەندىگە نىسبەتەن يېيىش-ئىچىش، يامان گەپ-سۆزلەرنى قىلىش ۋە يامان ئوي-خىياللاردا بولۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى تۈتۈۋېلىشنى ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

رامىزان كەلگىنى بىلەن ئۇنىڭ مۇبارەكلىكى «ئۇ ماڭا ۋە سىزگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىغا باغلىق. «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك دىن، ئىمان ۋە ئۇ دۇنيا بىلەن ئىشى يوق يەككە دۇنيالىقلارغا نىسبەتەن، رامىزاننىڭ كېلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.

دىنىي تېكىستلەردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ پۈتۈن ۋارىيانتلىرى تېپىلىدۇ. ھەر تېكىست ھەقىقىي مەنىدە ئەمەس، بەلكى مەجاز-مېتافورا مەنىلىرىدىمۇ ئىلادىمىزغا چىقىدۇ. بەزىدە مەلۇم قاراتمىلىقى بولىدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «شەيتاننىڭ باغلانغانلىقى» مۇ مەجاز-مېتافورا ياكى قاراتمىلىقى بار سۆز بولۇپ، مۆمىن بەندە رامىزاندا تېخىمۇ دىققەت بىلەن ياشايدىغان بولغاچقا، گويا ئۇنىڭ شەيتىنى باغلىنىپ قالغان بولۇپ، پەقەت يېمەك-ئىچمەكتىنلا توختىماي، كۆزىنى يامان ئىشلارغا نەزەر سېلىشتىن، تىلىنى يامان گەپ-سۆز ۋە غەيۋەت شىكايەتتىن، بۇزۇق، ھاياسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلايدىغان، دىلىنى يامان ئوي-خىياللاردىن تۇرمۇزلايدىغان، قولىنى كۇنۇپكىدا يامان يازمىلارنى يېزىشتىن توختىتىدىغان بولغاچقا، ئۇ كىشىگە نىسبەتەن شەيتانلار باغلانغان بولىدۇ. ئەمما پاسىق كىشىلەرگە نىسبەتەن شەيتىنى رامىزاندا ئۇنىڭ گەجگىسىگە تېخىمۇ بەك مىنىۋالغان بولىشىمۇ مۇمكىن... ئۇنداق كىشىنىڭ قىلمىشى دوزاخقا لايىق بولغىنى ئۈچۈن، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى ئۇچۇق ھۆكمىدە بولىدۇ.

**روى البخـاري (1899) ومسـلم (1079) عَـنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ**

**اللَّهُ عَنْـهُ أَنَّ رَسُـولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ قَـالَ : (إِذَا جَـاءَ رَمَضَـانُ فُتِّحَـتْ أَبْـوَابُ الْجَنَّـةِ ، وَغُلِّقَـتْ أَبْـوَابُ النَّارِ ، وَسُلْسِلَتْ الشَّيَاطِينُ.)**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەقىل قىلىشىچە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

رامىزان يېتىپ كەلسە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى يېپىلىدۇ ۋە شەيتانلار باغلىنىدۇ ( بۇخارى ۋە مۇسلىم).

مۆمىنچە كىشىلىكىمىزنى ئۆلچەپ، ئەينەككە قاراپ باقماقچى بولساق «شەيتىنىمىز باغلىنىپتۇمۇ-يوق؟ بىزگە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپتۇمۇ ياكى دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرىمۇ؟» دەپ تەپەككۇر قىلمىقىمىز لازىم

# مېنى سۆيۈندۈرگەن دۇئا

تۈركىيە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق تۈرك دىيانەت جامەلىرىدە بىر ئۈچۈن بىرتۇتاش دۇئا قىلىدىغان ئەھۋال مېنى سۆيۈندۈردى.

ئالدىنقى يىلى خېلىسىنكىدىكى ئۇيغۇر مەسچىتىمىزدە مۇشۇ مۇھىتتىكى ئىماملار چاقىرىلىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە ئالاھىدە لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋاقتتا خېلسىنكى دىيانەت جامەسىنىڭ يېڭى ئىمامىمۇ ئىشتىراك قىلغان ۋە ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە بىر جۈمە خۇتبىسىدە شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئالاھىدە دۇئا قىلىدىغانغا ۋەدە بەرگەن ئىدى. دۇئا تېكىستىنىڭ بىز ئۇيغۇر جامائىتى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ بېرىلىشىنى سورىغان بولسىمۇ، بىز تەييارلاپ بولالمىغان ئىدۇق.

ئالدىنقى جۈمە كۈنى ئىمكانىيەت يار بەرگىنى ئۈچۈن جۈمە نامىزى ئوقۇش پۇرسىتى بىلەن خېلسىنكى دىيانەت جامىسىگە بارسام، مەزكۇر يېڭى ئىمام خۇتبىنىڭ ئاخىرىدىكى دۇئادا پەلەستىن بىلەن قوشۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلدى. مەن ھەم سۆيۈندۈم، ھەم ھەيران قالدىم. بۇرۇن بۇ ئىماملارنىڭ پەلەستىن، چەچەنىستان، سۇرىيە ھەتتا مىيانمارنى تىلغا ئالسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننى ئاتاپ تۇرۇپ دۇئا قىلغىلى رايى بارمايتتى، ھەتتا ئالدىنقى بىرقانچە يىللىق ۋەزىيىتىنى ئۆتەپ بولۇپ تۈركىيەگە قايتقان «ئادەم» ئىسىملىك ئىمام بىر قېتىم جەمەنىڭ مىكروفونىنى كۆتۈرۈپ بىز بىلەن بىللە بېرىپ، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا جاراڭلىق ھالدا خىتاينى لەنەتلىگەن بولسىمۇ، جۈمە خۇتبىسىدە شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن دۇئا قىلمايتتى.

بىلدىمكى، ئالدىنقى يىلى تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا ئورۇن ئالغىنىدەك، تۈركىيە دىيانەت باشقارمىسى بىر تۇتاش ئوقۇلىدىغان خۇتبىنىڭ ئاخىرىدىكى دۇئا قىسمىغا بىزنىڭ ۋەتەنىمىزمۇ قوشۇپتۇ. تۈركىيە ئىچىدىلا ئەمەس، دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكى بارلىق دىيانەت جەمەلىرىدە شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدىكەن.

بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى «تۈرك»، «ئىسلام» ئىبارىلىرى رېئاكسىيە قىلىدىغانلاردىن باشقا ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ بۇنىڭغا خۇشال بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەرەب ياكى باشقا مىللەتتىن بولغان

ئىماملاردىن جۈمە خۇتبىلىرىدە بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن دۇئا ئوقۇشنى كۈتۈش ھازىرچە ئىمكانسىز. بەلكى خىتاي ئۈچۈن دۇئا قىلمىسا چوڭ ئىش بولۇپ قالدى.

## «ئايدىنلىق» قا ئىشەنگەنلەر ئۇيغۇرنىڭ ئاھىغا قالىدۇ

«ئايدىنلىق (Aydinlik)» گېزىتى تۈركىيە كوممۇنىست پارتىيەسى (بۇرۇنقى ئىسمى «ئىشچى پارتىيەسى»، ھازىرقى ئىسمى «ۋەتەن پارتىيەسى») نىڭ ئورگان گېزىتى. بۇ گېزىت دۆلەت تەۋەلىكىدە بولمىغان خۇسۇسى گېزىت بولۇپ، بۇ گېزىتنى نەشىر قىلىۋاتقىنى لېنىن، ستالىن ۋە ماۋ خىتاينىڭ ئىدىئولگىيەسىنىڭ تۈركىيەدىكى ۋەكىلى ۋە سابىر بوغدا قاتارلىق خىتايپۇرۇشلارنىڭ ھىمايىچىسى ئاتېئىست، دىنسىز، ئەخلاقسىز دوغۇ پېرىنچەكتىن باشقىسى ئەمەس.

دوغۇ پېرىنچەك ھازىرغا قەدەر رابىيە قادىر، دولقۇن ئەيسا، نۇرى تۈركەل ۋە ئالىم سېيتوفلارنى «ئامېرىكىنىڭ جاسۇسى» دەپ قارىلاپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ خىتاينى پارچىلاشتىكى تاكتىكىسى» دەپ بىلجىرلىدى. سېيىت تۈمتۈركنى سوتقا بەردى. ئەھۋال موشۇنداق تۇرسىمۇ، يەنە مۇشۇ گېزىتنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا رام بولۇپ، خۇددى تۆشۈكى يوق پۇلنى تېپىۋالغان گۈدەك بالىدەك خۇشال بولغانلار ئۇيغۇرنىڭ ئاھىغا قالىدۇ.

## باشقا مىللەت ئۈچۈن قۇربان بولۇش، شېھىت بولۇش

كوممۇنىست رۇس ئىمپېرىيەسى ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلغاندا كوممۇنىزىم يولىدا قۇربان بولغان سابىق كوممۇنىست ئۇيغۇرلارنى قازاقىستاندىكى بىرقىسىم ئۇيغۇرلار ئەسلەپ، پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. سوۋېت دەۋرىدە ئەمەل تۇتقان قىزىل پاچاقلارنى چوڭ بىلىش مودا ئوخشايدۇ. ئۇنى دېسىغۇ، بىزدىمۇ خىتاي كوممۇنىستىك ئۇنسۇرلىرىغا خىزمەت قىلغان، ھەربىي سەپتە غالچىلىق قىلغان، ئۇيغۇرغا زۇلۇم سېلىشتا خىتاي دۆلىتىگە لاخشىگىر بولغان نۇربەكرىدەك قىزىلپاچاقلارنى ئۇلۇغلايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ بىر ئېچىنىشلىق قىلىق ئەسلىدە.

ئۇلار رۇس ئىشغالچىلىرىنىڭ ئافغانىستاندىن شەرمەندىلەرچە قاچقانلىقىغا 35 يىل بولغانلىقىنى قايغۇ ۋە ھەسرەت بىلەن ئەسلىشەرمىش.

ماڭا نىسبەتەن رۇس ئىشغالچىلىرى ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرگەن، «كوممۇنىزىم تۇغىنى تىكلەيمىز» دەپ قۇربان بولغان ئۇيغۇرۇمۇ؛ تالىبان ۋە دائىش ئۈچۈن ئۆلۈپ بېرىپ، شېھىد بولماقچى بولغان ئۇيغۇرۇمۇ ئىللىق بىلىنمەيدۇ.

# كاناداغا ئادەم تاللاش ۋە شاللاش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەمەت توختى ئاكا، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟

مەن ئەسلىدە بۇ گەپلىرىمنى ئۆزلىرىگە بىۋاسىتە خەت يېزىپ ياكى تېلېفوندا دېيىشىمۇ بولاتتى، بىراق مەندە ئالاقە نومۇرلىرى بولمىغىنى ۋە ئالاقىلاشساقمۇ ئىلگىرى تېلېفوندا مۇڭداشمىغان بولغاچقا گەپنى قەيەردىن باشلاپ، قانداق جاۋابقا ئېرىشىشىم ھەققىدە ئارىسالدا بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلىگە خەت يازغان سولچىنىڭ خېتىنى ئاۋام بىلەن ئورتاقلىشىپلا. سىلىگە دەرت ئېيتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ كاناداغا ئادەم تاللاشتا ۋە شاللاشتا كۆرسىتىلگەن مەسلىھەتتە ئىلگىرى سۈرۈلىشىچە «ئاتالمىش دىنى رادىكال، ئەرەبچە كىيىم مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن كىشىلەر» نى شاللىۋېتىشنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكى، ئىلگىرى تۈركىيەدە يۈز ئابرۇيلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەر سەۋەبلىك، ھازىر، يۈز ئابرويى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ «<جەنۇب> تىن كەلگەن دىنى رادىكال ۋەتەنداشلارنىڭ تېگى-تەكتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى قاراڭغۇ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن ئەمەس...» دېگەندەك سولچىل ۋە بىرتەرەپلىمە ئىبارىلەر تىلغا ئېلىنغاندەك قىلىدۇ. كۆڭلۈمگە «ماڭا ئوخشاش ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىغان كىشىلەر شاللىۋېتىلىپ، قىزىل پاچاق، خىتايپۇرۇش، كۆك بايراقنى كۆرسە يولۋاستىن قاچقاندەك قاچىدىغان، خودادىن ئەمەس، خىتايدىن قورقۇپ ياشايدىغان تائىپىلەر تاللىنامدۇنىمە؟ ... » دېگەندەك بىر ۋەسۋەسە چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ گەپلەر ماڭا ۋەتەندىكى قىزىلپاچاقلارنىڭ سولچىل، چاكىنا بىلجىرلاشلىرىنى ئەسلەتتى - يا. سۆزلىرىم ئۇ تەكلىپنى بەرگەن مەجھۇل ئەقىللىققا جاۋاپ بولغاي، خەلقى ئالەم بىلىپ قالغاي دەپ بۇ خەتنى قەلەمگە ئالدىم.

سىلىگىمۇ ئەرزىگەندەك تۇيغۇ بەرگەن مەزكۇر خەتنىڭ مەزمۇنى كاناداغا ئادەم تاللاش ۋە شاللاشتا ئىجرا قىلىنامدۇ يوق؟ ئۇ تامامەن سىلىنىڭ ئەركىنلىكلىرى. نېمىلا بولمىسۇن، يىللاردىن بۇيان «كاناداغا 10 مىڭ ئۇيغۇرنى ئېلىپ كېلىش» پىلانىنى كانادادىكى رەسمى دۆلەت ئورگانلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، لوبى پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاز

بولمىغان ئەجىر سىڭدۈرۈۋېتىلە. بۇ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە تىرىشچانلىقلىرىنىڭ روياپقا چىقىشى ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىپ ياشايدىغان ھەربىر ئۇيغۇرنى سۆيۈندۈرىدۇ، ئەۋەتتە. ئاللاھ تەئالا شۇ كۈنلەرنى بىزگە كۆرسەتكۈسى!

گەپنىڭ مېغىزىغا كەلسەك، مېنىڭ ئۆگىچەل نۇقتىدا ئازراق قوشۇپ قويىدىغىنىم بار: ئادەم تاللاشتا رادىكال دىنچىلاردىن بەكرەك رادىكال خىتايپەرۇشلارنى شاللىۋېتىمىسىلە، ئۇلار كاناداغا بېرىۋېلىپلا، كانادانىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدىكى خىتاي مەھەللىلىرىگە ماكانلىشىۋالمىسۇن يەنە.

ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كەلسە، كاناداغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان شەخسلەر ئىلگىرى ۋەتەندىكى ۋاقتىدا پارتىيە ئەزاسىمىكەن؟ چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن دۇنيادا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قاتارلىق ئۇيغۇر دەۋاسى قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارغا ھەمدەمدە بولغانمىكەن؟ نامايىشقا چىقىشنى قويۇپ تۇرساقمۇ، باشقا تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر پائالىيەتتە كۆرۈلۈپ باققانمىكەن ياكى خىتايچە ياشاشنى تاللاپتىكەنمۇ؟ شاللاشقا توغرا كەلسە، مۇشۇنداق سۈرەتتىكى كىشىلەرنى شاللىۋېتىسلەكى، سىلى كانادادا سېتىۋالغان ئۇيغۇر مەسچىتىنى گۈللەندۈرىدىغان دىن-دىيانەتلىك، ئەدلى-ئادالەتلىك، مىللەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەرلەر كىشىلەر كاناداغا ماكانلاشسۇن! كاناداغا بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشقا كارغا كەلگۈدەكمۇ-يوق؟ قولىغا كانادا پاسپورتىنى ئېلىپ بولۇپلا ۋەتەنگە قاتناش ئېھتىماللىقى بارمۇ-يوق؟ ئائىلىسىدىن شۇ دەمدە خىتايغا مالايلىق قىلىدىغان بىرەر ئورگاندا ئىشلەيدىغانلار بارمۇ-يوق؟ ئۇيغۇر دەۋاسىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىش ئېھتىماللىقى بارمۇ-يوق... دېگەندەك نۇقتىلار تاللاش ۋە شاللاشلىرىنىڭ ئۆلچىمى بولسۇن.

كانادا بىر كۆچمەن دۆلىتى بولغاچقا ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ كۆچمەننى تاللاپ-شاللاپ قوبۇل قىلىدىغانلىقى، پەۋقۇلئاددە تالانتى بار، بولۇپمۇ كەلگۈسىدە كانادا جەمئىيىتىگە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئېھتىماللىقى يوقۇرى دەپ قارالغان ساپالىق كىشىلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. كانادا دۆلىتىگە نىسبەتەن ئېيتىنىڭ جەھەتتىن ئۇيغۇر ياكى خىتاي بولۇشىنىڭ ئىجابى ياكى سەلبىي تەسىرى بولۇشى ناتايىن. كانادالا ئەمەس، بارچە غەرب ئەللىرىنىڭ ئەتىۋارلايدىغىنى

ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدىغان، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئېشىنچى ئەمگەك كۈچى ئېھتىياجىغا كارغا كېلىدىغان كىشىلەر بولۇشى تەبىئىي.

بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن دائىش ۋە ئەلقائىدەگە ئوخشاش ئوبرازى ياخشى بولمىغان، ھىزىبلار بىلەن باغلىنىشى بار ئۇيغۇرنى ئالماسلىقنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ ـ يۇ، بېشىدا ياغلىقى بارلارنى ئەرەبكە، ئاۋغانغا... ئوخشىتىش، سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك.

كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئال ھېسسىياتىغا ئاساسلىنىپ «غەرب دۆلەتلىرى ئۇيغۇرغا ئىگە چىقىۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا كانادامۇ بىزنى ئالماقچى...» دېيىشىدۇ. مەن مۇشۇ گەپكە ۋەتەندىكى ۋاقتىمدا ئىشىنەتتىم، خۇددى، گۈدەك بالا چوڭ بولغاندا «مەن ئەمدى بولماق يىمەيمەن» دېگەندەك. مەنمۇ غەرب ئەللىرىدە ياشاپ بىرقىسىم ئىشلارنى يېقىندىن كۆزىتىپ، غەربنىڭ ئۇيغۇرغا قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشىنىڭ تايىنلىق ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلدىم. بىزنىڭ بىرقىسىم سولچىلار، ئۇيغۇر تىللىق قىزىلپاچاقلار ۋەتەندىكى چاغدا «بىز دىنىنى تاشلىۋەتكەن بولساق خىتاي بىزنى قىلمايتتى ـ يەي، بىز تۈركى مىللەت ئەمەس، جۇڭخۇا مىللىتى دەپ ياشاۋاتسەك بولماتتى، مۇشۇ خۇراپى دىنچىلار بولمىغان بولسا ھۆكۈمەت بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى ـ يەي» دەپ بىلجىرلىشاتتى. چەت ئەلدىمۇ مۇشۇنىڭغا مايىل كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس، شۇڭا ئۆلچەملىرىنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن.

# ئىنكارچىلىق كېسەللىكى ھەققىدە

تەنقىت، تەھلىل بىزنى ئىنكارچىلىققا ئېلىپ بارمىغاي!

مەيلى دىنى مەسىلىدە بولسۇن، مەيلى مىللىي دەۋا ئىشلىرىمىزدا بولسۇن تەنقىت، تەھلىل بولۇپ تۇرۇشى ياخشى ئىش. تەنقىت ۋە تەھلىل بولمىغان جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل بولمايدۇ؛ ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش روھى ئۆلگەن جەمىيەت ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى. بىراق ھەممە ئىشنىڭ چېكى بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىككى خىل گورۇھ پەيدا بولۇپ قالدى. بىرىنجىسى، ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ سىۋۇللىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغۇچىلار. يەنە بىرى، قۇرئان ئارقىلىق قۇرئانغا قارشى تۇرىدىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىلدا ئېيتقان سۆزلىرىنى قاراقويۇق ئىنكار قىلىدىغان، فۇقەھا ۋە ئۆلماغا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ، قۇرئاننىڭ مەلۇم كونتېكىستتىكى قاراتمىلىقى بار ئايەتلىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنى قىلىچ ئورنىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەھلى ئىسلامغا قارشى تۇرغۇچىلار (مەنمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا زىت، رەسۇلۇللاھ نامىدىن توقۇلما نەرسىلەرنى قوبۇل قىلمايمەن، بۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي).

تۈنۈگۈن «تارىختا ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇلۇپ باقمىغان»» دەيدىغان بىر يازمىنى ئۇچرىتىپ قالدىم ۋە بۇ يازمىنى شۇ سەۋەبتىن يېزىپ قالدىم.

«تارىختا ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇلۇپ باقمىغان» دېگۈچە «تارىختا ئىسلامغا تولۇق ئەمەل قىلىپ كېتەلىگەن دۆلەت قۇرۇلۇپ باقمىغان» دېيىلسە رېئاللىق ئەكس ئېتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى چاغدا مەدىنىدە قۇرغان شەھەر دۆلىتى، تۆت خەلىپە دەۋرى، ئەمەۋىيلەر، ئابباسىيلار ۋە ئوسمانىيە ئىمپېرىيەسى ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان بولغاچقا «ئىسلامىي دۆلەت» دەپ قارالغان. ئادەتتە نۇرغۇن ئىبارىلەر كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «ئىسلامىي دۆلەت» دېگەن سۆزدىكى «ئىسلامىي» ئىبارىسىمۇ كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ،

«خەلقى ئەھلى ئىسلام، پىرىنسىپى ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەت ۋە قانۇن ئۆلچەملىرى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۈگۈن غەربتىمۇ خىرىستىيان دېموكرات پارتىيەلىرى بار. بۇنداق ئاتىلىشتىكى مەقسەت — خىرىستىيان دىنى ئۆلچەملىرىگە سادىق بىر تۈزۈمدە ھۆكۈمەت قۇرۇش.

دەۋا ئىنكارچىلىقى بىلەن ھەدىس ئىنكارچىلىقى بىز قاتتىق دىققەت قىلمىساق بولمايدىغان ئىككى شۇمبۇيا. «ئۈچ مايمۇن» ھېكايىسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى؛ «ئاڭلىمىدىم، كۆرمىدىم، ئىشىتمىدىم» دەپلا گومىسىپ تۇرۇۋېلىپ، قاراقۇيۇق ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان، تۆھپىنى كۆرىدىغان كۆزى يوق.

توۋا! رەسۇلۇللاھ ئىسلامىي دۆلەت قۇرماي، نېمە دۆلىتىنى قۇرغان بولغىيدى؟!

# فىنلاندىيە ئۇيغۇرلىرى هامان بىر كۈنى «ئىست» دەپ قالىدۇ

بۇ ئىككىنجى قېتىملىق مەسچىت تاقىلىپ قېلىش مەسىلىسى مېنى ناهايىتى ئەپسۇسلاندۇردى. ئىلگىرىمۇ بىر ئورۇن ئېچىلىپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئوخشاش سەۋەبتىن، تاقىلىپ قالغان ئىدى. فىنلاندىيەدىكى بىرقىسىم «ئۇرغۇي» لارنىڭ خىرىستىيانلىشىپ تاپتىن چىققانلىقىنى فىنلاندىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەم بولىدىغان، ئۆزلىرىگە خاس بىرەر ئورۇن بولمىغانلىقىدەك ئەپسىز شارائىتقا باغلاپ چۈشەنگەن ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئېچىنغان مىسىرلىق بىر ئەرەب مويسىپىت مەسچىت نامىدىن فىنلاندىيە ئۇيغۇرلىرىغا ئېلىپ بەرگەن ۋە ئايىدا نەچچە يۈز ياۋرو خوجىلىق ھەققىنى بىزنىڭ تۆلىشىمىزگە تاپشۇرغان ئورۇن قايتۇرۇۋېلىنغان. سەۋەبى بىزنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىمىز ئۇ ماكاندىن قاچقانلىقىمىز، يۈز ئۆرۈگەنلىكىمىز، يېتەرلىك پائالىيەت قىلالمىغانلىقىمىز ۋە ئەڭ مۇھىمى ئۇ ماكاننىڭ ئايلىق خوجىلىق ھەققىنى تۆلەش ئۈچۈن يېتەرلىك ئايلىق بەدەل تۆلەشتىن بارا-بارا توختاپ، يۈكنىڭ مەسچىت ئىماملىرىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ قالغانلىقىدىن دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

دەسلەپتە بۇ يەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 10 ئائىلە مىڭ ياۋرودىن پۇل تاشلىغان بولسىمۇ، قالغانلار جىم تۇرۇۋالغان ئىدى. ئۆزىمىز سېتىۋالالمىغان يەرنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولماقچى ئىدى؟!

فىنلاندىيەدىكى «ئۇيغۇر ئاناتىل مەكتىپى»، «ئۇيغۇر مەسچىتى» ۋە ھەرقانداق يىغىلىش، نەزىرچىراق ئۈچۈن ساھىپخانلىق قىلىپ كەلگەن «ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى» شۇنداق قىلىپ بۇ پۇرسەتتىن مەھرۇم قالغان. مانا ئەمدى «بىزگە مەسچىت كېرەك ئەمەس، كۇلتۇر مەركىزى كېرەك»، «بۇ يەر كىچىككەنغۇ...!» دەپ يوغان ۋە تېتىقسىز گەپلەر بىلەن پونى راسا ئېتىپ، يانچۇقىدىن بىر سىنت پۇل چىقارمىغان، خىتايدىن قورقۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىدىن يىراق تۇرغان، فىتنە چىقىرىپ قەستەن مەسچىت ئۈستىدە گەپ توقۇپ، ئۇسۇل ئوينايدىغان يەرگە ھەۋەس قىلغان كىشىلەرمۇ خاتىرجەم بولغاندۇ!؟ ئىنشائاللاھ، قۇسۇرسىز بىرەر ئىمام تېپىلار ياكى بولمىسا نىيويورۇكتىكى خىتايلارغا

بۇتخانا ياساپ بەرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى بىزگىمۇ بىر قىزىل «ئىمان» ئەۋەتىپ، ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆكبايراق ئەمەس، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئېسىلغان بىرەر «مەسچىت» بىنا قىلىپ بېرەر!

فىنلاندىيەدە ياشاۋاتقان بىزلەر بىر كۈنلەردە مۇنداق دەپ پۇشايمانغا قېلىشىمىز مۇمكىن:

«يا ھەسرەتا! ۋاي ئىست! ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تاقىلىشىغا سەۋەپ بولمىغان بولسامچۇ؟ ئارىغا سوغاقچىلىق سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلمىغان بولسامچۇ! ئىست، 10 ئادەم پۇل تاشلىغاندىن كېيىن مەنمۇ مىڭ ياۋرودىن پۇل تاشلاپ سېتىۋېلىشقا ھەمدەمدە بولغان بولسامچۇ! ئىست، ھېچ بولمىسا ئايلىق بەدەل پۇلىنى تاپشۇرۇپ، ھەر ئايلىق خوجىلىق ھەققى ئۈچۈن 10 ياۋرو ئىئانە قىلغان بولسامچۇ...!

تېخى «مەسچىت دېگەن ھەريەردە بار، قەيەردە ناماز ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ» دەيدىغان كىشىلەرمۇ بار.

بۇ يازمىنى پەقەت تارىختا ئەسلىمە بولۇپ قالغاي ۋە باشقا ئەللەردىكى مەسچىتنى قەدىرلەشكە تۈرتكە بولغاي، دەپ يېزىپ قويدۇم.

# ھەمىشە خاتالىق يېنىدا نامىمىز چىقسۇنمۇ؟

دائىشنىڭ ئىسرائىلىيەگە قارشى ئوق ئاتقىنىنى، ت ئ پ (تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى) نىڭ خىتايغا قارشى مۇش بولسىمۇ ئاتقىنىنى كۆرمىدۇق يا ئاڭلىمىدۇق. بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. دائىشنىڭ ئامېرىكا بىز قۇرغان دېدى، ئىشۇ بىزنىڭكىنى كىمنىڭ قۇرغانلىقى تېخى نامەلۇم. ھەقچان مەن قۇرمىغانغۇ؟!

رەينا ۋەقەسىدە بىزنى يەرگە قاراتقان تائىپە، سانتامارىنا چېركاۋى جىنايىتىدىمۇ يەرگە قاراتتى. قاتىل گۇماندارى رۇس ۋە تاجىك بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ تۇتۇلغان 50 دەك جىنايەت شايىكىسى ئىچىدە ئۇيغۇرمۇ چىقىپ قاپتۇ. باڭگوكتىكى «بۇتخانىغا ھۇجۇم قىلىش» ۋەقەسىدە بىر «ئۇرغۇي» بىرەيلەنمۇ، ھېلىھەم، تۇرمىدىغۇدەيمەن!؟

ئاشۇ بۇتخانا، چېركاۋ ۋە دىسكوخانىغا بىرنەرسە ئاتقۇچە، خىتاي ئەلچىخانىسىغا تاش ئاتقان بولسىچۇ؟!

ئافغانىستاندىغۇ خاتا ۋاقىتتا، خاتا يەردە تۇرۇپ قېلىپ، نەچچە يىل گۇئانتانامودا يېتىپتۇق، ماقۇل. تايلاندتىكى بۇتخانىنىڭ ئالدىدا بىرلىرى بىگۇناھ كىشىلەرنى بومباردىمان قىلسا، شۇ ماكاندا ئۇيغۇر تېپىلىپ قالىدىكەن! رەينادا بىرلىرى بومبا تاشلاپ بولۇپ ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا كېلىپ ئارام ئالىدىكەن، سانتامارى چىركاۋىغا ئايىن ئۈچۈن كەلگەن بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئوق يامغۇرىغا تۇتقان بىر رۇس بىلەن بىر تاجىك ھەجەپ ئۇيغۇرنىڭ ماشىنىسىنى كىرالايدىكەن؟ بۇ بىر تاسادىپىلىقمىدۇر، ئەجەبا؟

# يولداشلار، بىزدىن قورقماڭلار!

بىزنىڭ «شەرىئەت» دېگىنىمىز — ئادىل تۈزۈم، مەجلىس-پارلامېنت دېگەن گەپ، «شۇرا» دېگىنىمىز — سىلەرنىڭ «دېموكراتىيە» دېگىنىڭلار دەل شۇ. «دىندا زورلاش يوق» دېگىنىمىز بولسا، ئاتېىست، كوممۇنىست، خىرىستىيان، بۇددىست ۋە ھەرقانداق غەيرى دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئىبادەت قىلىش ياكى قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز دېگەن مەزمۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىزنىڭ تالىبان، سەئۇدى ياكى ئىراندەك تۈزۈمدە دۆلەت قۇرۇش خىيالىمىز يوق، ئىمكانىمىزمۇ ھازىرچە يوق. سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلاردەك سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە دۆلەت قۇرۇش ئىمكانىيىتىڭلار بولسا، دەرھال قۇرۇڭلار. «سوتسىيالىست ئۇيغۇر دۆلىتى» مۇ دۆلەتسىزلىكتىن مىڭ ياخشى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىمىزنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى يېڭى بىر ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇش بىزگە نېسىپ بولسا، بىز سىلەرنى ھەرگىز يەكلىمەيمىز. سىلەر بىزدىن ھەرگىز ئەنسىرىمەي، ئۇ كۈنلەردىكى «مەنسەپنى كىم قولىغا ئالار» دەپ كاللا قاتۇرماي، ئالدى بىلەن «ئۇيغۇر مىللىتىنى قانداق قىلغاندا ساقلاپ قالالايمىز»، «تىلىمىز، مەدەنىيىتىمىز قەيەرگە كېتىپ بارىدۇ؟»، «لاگىرنى قانداق تاقايمىز؟» نىڭ كويىدا بولۇڭلار.

بەلكىم، ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقىنى مەن كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. ۋەتەن ئازات بولغاندىمۇ ئالدى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ ھەم دىنچىلارنىڭ مىنى دارغا ئاسىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇرۇپ، قولۇمدىن كەلگەن ھەرقانداق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ كەلدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇنى «جىھاد» دەيمىز، سوتسىيالىزمچىلار «ئىنقىلاب» دەيدىكەن. بىز «شېھىت» دېگەننى «ئىنقىلابىي قۇربان» دېيىشەتتىغۇ؟! نىشانىمىز بىر، ئۇ بولسىمۇ مىللىتىمىزنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش، مۇستەقىللىققا ئېرىشىش. مۇشۇ يولدا تەر تۆككەن قىزىپاچاق يولداشىمۇ تۇتىيا بىز ئۈچۈن. كىمكى مىللەتكە ئاسىيلىق قىلمىسا، ۋەتەنگە ساتقىنلىق قىلمىسا، ئىلگىرى خىتاي دۆلىتىگە خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ھەقىقەتكە قايتقان ۋە مىللەت ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتقانلار بىز ئۈچۈن قەدىرلىكتۇر. لېكىن

مەن ئاللاھ يولىدا ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن جان بېرىپ شېھىت بولغانلارنىڭ، بۇ يولدا بەدەل تۆلىگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئىمانلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىپ كەلدىم. بىراق دىنسىز، ئاتېئىست، خىرىستىيان بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكۇنۇپ يۈرۈپ دەۋادىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىرلىكتە كۆرۈۋاتىمىز. كىم بۇ رېئاللىقنى ئىنكار قىلالايدۇ؟

# ۋەتەنگە كىمنىڭ بارغۇسى يوق؟

مەيلى بىز شەرقىي تۈركىستان دەيلى، مەيلى سىلەر ختايلار تەلقىن قىلىپ بەرگىنى بويىچە «شىنجاڭ» دەڭلار، نىمىلا بولمىسۇن ئۇ ۋەتەن بىزنىڭ. ئەمما هازىرقى شارائىت پەرقلىق، دۈشمەننىڭ ئەپتى يامان.

ۋەتەنگە بىرىۋاتقانلارنى توغرا چۈشەنگەنلەر، سىلەر ئاشۇ قەدىرلىكلىرىڭلار ۋەتەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆڭلۈڭلار راھەت هالدا شۇلارنىڭ سىلەرگە ۋەتەندىن ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىك ۋە سوۋغا سالاملىرىنى بىمالال ئىستېمال قىلالامسىلەر؟ ۋەتەندىن ئەۋەتىلگەن دورا-دەرمەك بىلەن سۈيقەستكە ئۇچرىغانلار ئازمۇ؟ ئۇلارنىڭ ختايدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ كەلمىگەنلىكىگە جەزىم قىلالامسىلەر؟

قورچاق قىزىل مۇناپىق نۇربەكرى... قاتارلىق شۇنچە ئۇزۇن ئۇزۇن يىل ختايغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغان تالاي يولداشلىرىڭلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر، مۇهاجىرەتتە بولساڭلارمۇ سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كېلىپ قالماسلىقىغا كاپالىتىڭلار بارمۇ؟ مەزكۇر سوئاللارغا قارىتا كۆڭلۈڭلاردىكى جاۋابىڭلار، كەلگۈسىدىكى پۈزىتسىيەڭلارنى بەلگىلەيدۇ.

يېقىنقى كۈنلەردە ختايغا خىزمەت قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، تۈركىيە سوتىغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنىڭمۇ ختاينىڭ قىلتاقىغا چۈشۈپ قېلىشىدا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن بىغەرەزلىكى باردۇر، ھەقچان. شۇڭا ختاينىڭ يېقىپ بەرگەن يېشىل چىرىغىنى تاكتىكا ۋە هىلە-نەيرەڭ دەپ بىلگەن ياخشى.

# ئەنسىرەيمەن!

چەت ئەلگە چىقىۋالغان سابىق-پىشقەدەم كوممۇنىست زاتلارنىڭ بىرقىسمى 23 يىشىدا قانخورلاچە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تۇرغۇن ئالماس، مەمتىمىن بۇغرا ھەزرىتىم ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلار ھەققىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئاھاڭدا چوقان سېلىشىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ، سادىر پالۋان بىلەن نۇزۇگۇملارنىمۇ سېسىتىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت قەشقەرىلەرنىمۇ تارتىپ چىقىرىپ سازايى قىلارمۇ بۇلار؟ دەپ ئەنسىرەيمەن.

دىققەت قىلساڭلار، مەزكۇر زاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا تۇتامغا چىققۇدەك ئىش قىلغان ياكى قىلىۋاتقان ھاياتنىكى تىرىك كۆرەشچىلەرنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن جېدەل ماجرالىشىپ، ئۇرۇشۇپ ئابروينى چۈشۈرۈپ بولۇپ، ئۇمۇ يەتمەي، ساپ ئۆلۈكلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغانلىقىنى بايقايسىلەر.

تۆۋەندىكى شەخسلىرىمىز ئۇزۇن يىللىق كۈرەشتە كۆپلىگەن بەدەللەرنى تۆلەپ، نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنگىنى ئۈچۈن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخقا ئايلاندى ۋە چەت ئەلدىمۇ دەۋاملىق خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ۋە ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلدى. مەسىلەن: رابىيە قادىر خانىم، دولقۇن ئەيسا، ئەركىن سىدىق، مەمەت توختى، ئابدۇقادىر ياپچان قاتارلىقلارغا كىملەر چىش تىرنىقى بىلەن ئۆچ؟ بىلەمسىلەر؟ ئالدى بىلەن خىتاي دۆلىتى كاتتىۋاشلىرى ۋە خىتاينى ئىمىپ چوڭ بولغان سابىق كوممۇنىستلار.

ئوبزور ۋە تەنقىت دېگەننىڭمۇ چېكى بار. بەك ئېشىپ كەتسە قول ھەققىگە كىرىدۇ. مەزكۇر شەخسلەرنىڭغۇ مۇشۇ گېپىمگىمۇ تەييار جاۋابى بار، ئۇنىمۇ بىلىمەن. ئىشقىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ سىمۋۇللاشقان قەھرىمانلىرىغا، ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلغانلارغا شىلتىڭ ئېتىپ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزماقچى بولغانلارغا بەك ئەپسۇسلىنىمەن.

# پەرھاتكامنىڭ پىلانى يەردە قالمىغاي!

پەرھات تەڭرىتاغلىق ئاكىمىزنىڭ ۋاپات خەۋىرىنى ئاڭلاپ، فەيىستىكى تەزىيە يازمىلارنى ئوقۇپ بىرنەچچە سائەتتىن بۇيان چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. ئىنسان دېگەننىڭ ئۆمرى نۇرغۇن مەخلۇقاتقا سېلىشتۇرغاندا قىسقا بولىدىكەن. كېسەللىك، ھادىسە، سۇيىقەست... ئىشقىلىپ، بىرەر سەۋەپ بىلەن بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادىكى سەپىرىمىزنى تاماملاپ، ئۇ ئالەمگە كېتىدىكەنمىز. بۇ ئىككى كۈنلۈك ئالەمدە قالدۇرۇپ كېتىدىغىنىمىز پەقەت سالىھ ئەمەل — دىن، مىللەت، ۋەتەن ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىلغان ئىجابىي ھەرىكەتلىرىمىز ۋە ئاچقان چىغىر يوللىرىمىز ئىكەن، خالاس.

پەرھاتكام بىلەن مەشرىپىمىز، مەسلىكىمىز پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈندۇر، بەلكىم، دۇنيا كۆزى بىلەن بىر يەرگە كېلىپ باقمىغان بولساقمۇ، ئۇ ئاكىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا بولغان ساداقىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى يازمىلىرىنى، يۇتيۇبتىكى سىنلىرىنى، «ئىستىقلال تىۋى» قانىلىمىزدىكى نەخمەيدان سۆھبەتلىرىنى ئاڭلايتتىم. يىراقتىن ھۆرمىتىم بار ئىدى. ئىستانبۇلنىڭ تاختاقەلئە رايونىدا ئاچقان ئويۇنچۇق دۇكىنى، ئاق پارتىيە مىللەتۋەكىل نامزاتلىقى ۋە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى بىرەر-بىرەر خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتتى... تەقسىراتى بار بولسا، ئاللاھ تەئالا ئەپۇ قىلغاي! ئائىلە تاۋاباتىغا ۋە ئىنى-سىڭىللىرىغا سەۋر تاقەت يار بولغاي!

پەرھات تەڭرىتاغلىق ئاكىمىز ئەڭ بالدۇر چەت ئەلگە چىققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، رىزا پاشام قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندىن بۇيان ئۇلار بىلەن بىر يولدا ماڭغان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت ئىسمى بىلەن ئۈچەكەشمىگەن، ۋەتەننىڭ ئىسمى بىلەن ھەپىلەشمەي، ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ناھايىتى ئاز ساندىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى.

پەرھاتكام تۈركىيەدە رەسمى رۇيخەتكە ئالدۇرۇپ پونىد قۇرغان ۋە مۇھاجىرەتتە تۇنجى »شەرقىي تۈركىستان / مەھمۇت قەشقەرى

ئۇنىۋېرسىتېتى« قۇرۇش يولىدا تىرىشىۋاتقان ئىدى. ئۆمرى يەتمەي قالدى. بۇ پىلان يەردە قالمىغاي! ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى پەرھات ئاكىمىز ئاچقان چىغىرنى ئىگىسىز تاشلاپ قويمىغاي!

هامان بىر كۈنى ھەممىمىز تۈيۇقسىز كېتىپ قالىمىز بۇ دۇنيادىن.

# ئۇيغۇر ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىل ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئۆلىمالار ئۆز نۆۋىتىدە قوۋمىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا مەشئەل بولىدىغان چىراقلىرى ھېساپلىنىدۇ. زىيالىيلار، سەنئەتچىلەر، سودا-سانائەتچىلەر، كارخانىچىلار ۋە ھۈنەرۋەن كاسىپلارمۇ ئۆز ساھەسىدە مىللەتنىڭ مۇھىم قاتلىمى ھېساپلانسىمۇ، نوقتىلىق تېمىمىز ئۆلىمالار بولغاچقا پەقەت مۇشۇ ساھەدىلا توختىلىمەن.

سەرخىل بولۇش يوقۇرى ساپا ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ھەقىقىي مەنىدە سەرخىللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر بەدەل تۆلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئالىم-ئۆلىمالار زۇلمەت-قاراڭغۇلۇقلاردا، بولۇپمۇ قوۋمىنىڭ بېشىغا بالايى-ئاپەت چۈشكەندە، قوۋمى ئېغىر كىرزىسقا دۇچ كەلگەندە بىرچەتتە تۇرۇۋالماي، سۈكۈت قىلماي ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىسا، ئەنە شۇ چاغدا قوۋمىغا مەنىۋى يورۇقلۇق ئاتا قىلىدىغان نۇرلۇق چىراغقا ۋە سەرخىل كىشىلەر توپىغا ئايلىنىدۇ. چىراغ ئۆزىنىڭ كۆيۈشى بەدىلىگە ئاندىن باشقىلارغا يورۇقلۇق بېغىشلىغاندەك، ئالىم-ئۆلىمالارمۇ دىنى بىلىمى ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتى، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق مىللىتىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان، يېڭىلىق يارىتىپ چىغىر ئاچىدىغان، چىقىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ۋە تەمتىرەپ قالغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ، ئۈمىت بېغىشلىيالايدىغان سەركىلەردۇر. سۆيۈملۈك رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەممىيىتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان چىراغ مەسىللىك ئالىم-ئۆلىمالارنى ئىلگىرىكى زاماندىكى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە يۈكسەك دەپ قارىغان ۋە ئالىم-ئۆلىمالارغا «پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى» دېگەن شان-شەرەپنى بېرىپ، «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى.

ئۇنداقتا چىراق بولۇش، سەرخىل بولۇش ۋە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئۇلۇغ بولۇشنىڭ ئۆزىگە يارىشا

شەرتلىرى بار. پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى — تەلىماتىنى يەتكۈزۈش ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە بولغىنىدەك، ئۆزىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى دەپ ھېساپلايدىغان ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزغىمۇ مىللەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى شۇ توغرا يولدا يول باشلاپ مېڭىشىمۇ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپىدۇر. ئاللاھ تائالا مەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (كىشىلەرنى) خەيرلىك ئىشلارغا چاقىرىدىغان، ياخشى ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسۇن، ئەنە شۇلار مۇرات-مەقسىتىگە يەتكۈچىلەردۇر (سۈرە ئال ئىمران 104- ئايەت).

بۇ ئايەتتە قوۋم ئىچىدىن ھەقنى ۋە ئادالەتنى ھىمايە قىلىپ ياخشى ئىشلارغا باشلامچىلىق قىلىدىغان، يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئاكتىپ بىرتۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەشئەل رولىنى ئوينىشى كېرەكلىكى ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن ئالاھىدە جېكىلەنگەن. بۇنىڭغا ئەڭ يېقىن نامزات بىلىش باسقۇچىدىن ئۆتكەن، قورسىقىدا ئۇمچى بار ئاۋانگارت كىشىلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇ ئايەتتىن، قوۋمنى ياخشى ئىشلارغا ئۈندەپ، يامان ئىشلاردىن توسالايدىغان ھەم شۇنداق ئىشلارغا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرى بولالايدىغانلىقىنىمۇ ھەم كۆرۈۋالالايمىز. ھېچبىر پەيغەمبەر قوۋمغا يېتەكچىلىك قىلغاندا قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەپ، ئۆزى رېئال ھاياتنىڭ سىرتىغا چىقىۋالمىغان، بەلكى دەل ئەكسىچە، قوۋمنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلغان ۋە يولنىڭ ئالدىدا ئۆزى مېڭىپ، ئەڭ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىگەن، ھەتتا نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا قوۋمىنىڭ تىل-ئاھانىتى ۋە بەتنامىلىرىغا دۇچ كەلگەن. بەزىلىرى قوۋمىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچراپ، جېنىدىن ئايرىلىپ قالغان.

دېمەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرى بولۇش يولىدا كېتىۋاتقانلارنىمۇ يۇقىرىقى ئاقىۋەتلەر كۈتۈپ تۇرماقتا. ئاللاھ تائالا ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزغا بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى نۇقۇل مەسچىت-مەدرىسلەردە نامازدا ئىمام بولۇش، بوۋاققا ئىسىم قويۇش، ئۆلۈم-يېتىم مۇراسىملىرىدا لەرزان ئايەت تىلاۋەت قىلىپ، دۇئا-تەكبىرگە باشچىلىق قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغانغا ئۆركېستىرا بېشى قىلمىغان، بەلكى زېھنىنى، تەپەككۇرىنى، ۋاقتىنى، پۇل-مېلىنى، يىغىپ ئېيتقاندا بارلىقىنى بۇ يولغا تىكىپ قويۇپ، ئاللاھ

تائالانىڭ ھەق دىنىنى ئۆز پېتى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشىنى، ھەق يولدا جەسۇر بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. سۆيۈملۈك رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بىر كىمگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ» دېگەن ئىپادىسى ئارقىلىق دىنى ئىلىملەردە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشىنى ئالاھىدە يۇقۇرى ئورۇنغا قويغان.

دىنىي بىلىم ئالغان كىشىنىڭ ھەممىسىلا ئالىم-ئۆلىمالىق سالاھىيەتكە ئېرىشىشى ناتايىن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئۆلىمالىق» ئۇنۋانىغا ئېرىشىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر ئۆلچىمىمۇ ھازىرچە يوق. ئۆلچەمنى قويۇپ تۇرساقمۇ، ئۆزىنى «ئالىم-ئۆلىما» دەپ قارايدىغان ھەركىم دىنى بىلىمنى بىرقەدەر پۇختا ئىگەللىگەندىن كېيىن مىللىتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا ياكى قىلالمىسا، ئۇ ئۆلىما ھېسابلانمايدۇ ۋە ئۆلىمالىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ.

ناۋادا، شۇ دەملەردە بىز شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە ھازىرقىغا نىسبەتەن بىرقەدەر ئەركىن، ھېچبولمىسا نورمال دىنى پائالىيەتلەرنى ئادا قىلغىلى بولىدىغان ۋەزىيەتتە ياشاۋاتقان بولساق، شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ئۆلىمالىرىمىز ئاساسەن ئۆلتۈرۈۋېتىلمىگەن ياكى لاگىر تۈرمىلەرگە قامالمىغان ھالەتتە بولغان بولسا، بەلكىم بۇ ماقالىنىڭ تەشەببۇسى پەرقلىق مەسىلە ئۈستىدە بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ ماقالىنى شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ئۆلىمالىرىمىز ئوقۇيالمايدىغان بولغاچقا، قاراتمىلىقى، ئەلۋەتتە، مۇھاجىرەتتىكى ئۆلىمالىرىمىزدۇر.

ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولغىنىدەك، ئوقۇغان ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان، ئۇنى قوۋمىگە توغرا ئۇسۇلدا يەتكۈزمىگەن، ئىگەللىگەن ئىلمىنى قوۋمىنىڭ مەنپەئەتى، روناق تېپىشى ۋە تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن ئىشلەتمەي، خاتا يولدا ماڭغان، شامال قايسى تەرەپكە چىقسا، شۇ تەرەپكە لىڭشىپ، بۇرۇنقى ئۆلىمالار قانداق پەتىۋا بەرگەن بولسا ئۇنى ئەقىل ۋە مەنتىق سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزمەستىن، قارغۇلارچە شۇنىڭ پەتىۋاسىنى تەكرارلىغان ياكى سۈكۈت ئىچىدە ياشىغان، دەۋرنىڭ روھىنى ئىدراك ئېتەلمەي ئوتتۇرا ئەسىردە مەلۇم ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا بېرىلگەن پەتىۋالارنى تەكرارلاشتىن ھالقىيالمىغان، ئوقۇمىغان ئاۋامدىن پەرقى يوق ھالدا ھايات ئۆتكۈزگەن ئۆلىمالارنىڭ ئالغان بىلىمى

قىيامەت كۈنى ئۆزىگە ھەسرەت-نادامەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ كالامىنى قايرىپ قويۇپ، جامائەتنى ئۇخلىتىدىغان، قالاقلىقا، خۇراپاتلىققا ئۈندەيدىغان «نەزىر-چىراق موللىلىقى» نىڭ ۋابالى تېخىمۇ ئېغىر. رەسۇلۇللاھ ھەدىستە مەنەن: «بىلىمنى يوشۇرۇپ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزمىگەن ئالىمغا قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئۆلىمالار ھەرۋاقىت ھەق ۋە ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشتىن باش تارتماسلىقى لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مەنەن مۇنداق دېگەن: «ۋەز-نەسىھەت ئۈنۈم بەرگۈدەكلا بولسا (كىشىلەرگە) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. (ئاللاھتىن) قورققان ئادەم ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەڭ بەختسىز ئادەم ۋەز-نەسىھەتتىن قاچىدۇ (سۈرە ئەئلا 9-11- ئايەت).

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋەز-نەسىھەت قىلىش، كالامۇللاھنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى خالايىققا يەتكۈزۈش، مىللەتنىڭ روھىنى ئويغۇتۇش، ياخشى ئىش-پائالىيەتلەرگە سەپەرۋەر قىلىش... قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانى بولۇپ، ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ: «مەن كىشىلەرگە مۇئەللىم بولۇپ ئەۋەتىلدىم» دېگەن ئىدى. مۇئەللىم — پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالىدىغان ئەمەس، ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ مەسىلىنى چۈشەندۈرىدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولىدىغان كىشىغۇ!؟

تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جامائەتنىڭ ھەممىسى، كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مىللەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى بىلىملىك، دانا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مائارىپ سەۋىيەسى تۆۋەن، ساپاسىز، ھەتتا بىلىملىك بولغان تەقدىردىمۇ غاپىللىقتا، نادانلىقتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەزىدە، ھەتتا جەمئىيەتتىكى ئېقىملارغا، ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى ئېزىقتۇرۇشلارغا ئالدىنىپ كېتىشى، ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆلىمالارنىڭ بۇرچى ئۇلارنى دۈشمەن دەپ بىلمەي، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن توغرا تەرەپكە ئۈندەش ۋە تەرغىپ قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مەنەن مۇنداق دېگەن: «ئۇلار: ‹ئەگەر بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولساق، ياكى چۈشەنگەن بولساق،

ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق> دەيدۇ» (سۈرە مۈلك 10- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلىمالارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى تەكىتلەپ مەنەن مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار ئىچىدە ئىككى تۈرلۈك ئادەم بولىدۇ. ئۇلار بۇزۇلسا، ئىنسانلار بۇزۇلىدۇ؛ ئۇلار تۈزەلسە، ئىنسانلار تۈزىلىدۇ. ئۇلار — ئالىملار ۋە ئىش بېشىدىكىلەردۇر».

يەنە بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «زېمىندىكى ئۆلىمالارنىڭ مىسالى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا يول كۆرسىتىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، قاچانىكى يۇلتۇزلار ئۆچسە، توغرا يۆنىلىشتىكىلەرنىڭمۇ ئېزىپ كېتىشىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

دېمەككى، ئۆلىمالار ئۆز رولىنى ئۇتنۇماسلىقى كېرەك.

# مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىمىزغا سەممىي تەكلىۋىم

ئالـدى بىلـەن ياراتقۇچىمىـز ئـالالاھ تەئالاغـا بولغـان پۈزتسـىيەمىزنىڭ دۇرۇس بولۇشـىنىڭ تەقەززاسـى سـۈپىتىدە دىنىمىزغـا، مىللىتىمىزگـە، ۋەتىنىمىزگـە سـەممىي بولۇشـىمىز زۆرۈر. مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامۇ «دىـن سەممىيەتتۇر» دېگەن ئىدىغۇ!؟

ئۇچـۇر دەۋرىـدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئىدراك ئېتىپ، ئۇچۇر سـۈپىلىرىدىن ئۈنۈملـۈك پايدىلىنىشـنى بىلىشـىمىز كېـرەك. ئۆگىنىشـنىڭ يېشـى بولمايـدۇ، بۈگۈنكـى دەۋرىمىـزدە ئۇيغـۇر جامائىتىگـە مەسـچىت مۇنبىرىـدىلا ئەمـەس، كىتـاب يېزىشـتىن تارتىـپ، سـىن-ھۆججەتلەرنى ئىشـلەپ تارقىتىـش، ئىجتىمائىـي ئۇچـۇر ۋاسـىتىلىرىدىن ئۈنۈملـۈك پايدىلىنىـپ مىللىتىمىزگـە پايدىلىـق ۋە زۆرۈر دەپ قارالغـان تېمىـلاردا يازمـا تەييـارلاپ، ئورتاقلىشـىپ تۇرۇش، زۇلۇمغا قارشـى كۈرەش قىلىشـنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ تەقەززاسـى ئىكەنلىكىنـى ۋەز-تەبلىغلـەردە كۈنتەرتىپتـىن چۈشۈرمەسـلىك، ئۇيغـۇر جامائەتچىلىكىگـە ئۈمىتۋار ياشـاش ھەققىـدە تەلقىنـدە بولـۇش... قاتارلىـقلار بىز باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپە.

مىللىتىمىزنىـڭ بېشـىغا كەلگـەن پاجىئەلەرنـى ئەرەب ۋە ئىـسلام ئەللىرىگە نوقتىلىـق ئاڭلىتىشـقا كۈچـەش (ئەرەبچىنـى ياخشـى بىلىدىغـانلار ئاساسـەن ئۆلىمـالار بولغاچقـا)، ئۇيغۇرنىـڭ بېشـىغا كەلگـەن كۈلپەتلەرنـى ئـەرەب دۇنياسـىغا يازمـا ۋە سـىنلىق شـەكىلدە ئـەڭ ياخشـى شـەكىلدە چۈشـەندۈرەلەيدۇ) ئۆلىمالارنىـڭ بـاش تارتىـپ بولمايدىغـان بۇرچـى بولـۇپ، بۇنـى باشـقا ساھەگە يۈكلـەپ قويـۇپ، قـول قوۋۇشـتۇرۇپ تۇرۇۋالماسـلىق، زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ بەجا كەلتۈرۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋالماسلىق كېرەك.

پەلسـەپە ۋە بىلىمنـى چەتكـە قاقماسـلىقىمىز، ئەقىـل ۋە مەنتىقىدىـن ئايرىلماسـلىقىمىز، يېقىـى مەسـىلىلەرگە پەتىـۋا بەرگەنـدە مەيلـى قايسـى زامانـدا بولۇشـىدىن قەتئىنـەزەر ئىـسلام دۇنياسـى، بولۇپمـۇ ئوتتـۇرا شـەرق ئەللىرىدىكـى بىـرەر فەقىـھ ياكـى ئۆلىمانىـڭ ياشاۋاتقان مۇھىـت ۋە دەۋرىگـە ئاساسـەن چىقارغـان، زامـان ۋە مـاكان چەكلىمىسـى، مەلـۇم قاراتمىلىقـى بـار پەتىۋالىرىنـى نوقـۇل ھالـدا ئەينـەن ئۇيغـۇر جەمئىيىتىگە تەشـۋىقات قىلىشـتىن ساقلىنىشـىمىز، ئوتتـۇرا شـەرق ۋە ئىـسلام دۇنياسـىدىكى ھەرخىـل سىياسـىي

ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان مەزھەب ۋە ئېقىملارنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئالدىراپ سۆرەپ كىرىشتىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، مىللىي قەدەرىيەتلەر بىلەن دىنىي قەدەرىيەتلەرنى زىتلاشتۇرماسلىقىمىز، ئەمما ئىسلاھ قىلىدىغان جايلىرىنى سىلىق-سىپايىلىك بىلەن تۈزىتىشتىن باش تارتماسلىقىمىز مۇھىم.

جامائەتكە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىگە ئىمان-ئىسلام بىلەن بىللە يەنە مىللىي ئېتىخارلىق تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، نېمىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن ئەمرى، نېمىنىڭ ئۆرپ-ئادەت ئىكەنلىكىنىڭ پەرقىنى ئېزاھلاشتىن يالتايماسلىقىمىز، دېموكراتىك تۈزۈم، ئاياللار ھەق-ھوقۇقى، ئىنسانشۇناسلىق، ئادالەت، ئېكولوگىيە ئۇقۇملىرى... دېگەندەكلەر ھەققىدە ئويلۇنۇپ سۆزلەش، بۇ ھەقتىكى بەزى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەرنى قايتىدىن قۇرئان، سەھىھ سۈننەت ۋە فىترەت سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇزاكىرە ۋە مۇتالىئە قىلىش كېرەك.

ئاددىي-ساددا ياشاش ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈش، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىدىغان قىلمىش ۋە گەپ-سۆزلەردىن، ھەشەمەدەرەم تۇرمۇشتىن يىراق تۇرۇش، ئىمكان قەدەر مۇقىم بىرەر خىزمەت بىلەن تۇرمۇشنى قامداشقا تىرىشىش لازىم.

ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ھەمپىلەشمەي، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ دۈشمىنى بولغان خىتاي بىلەن ھەمپىلىششكە ئادەتلىنىش، بۇنى دەۋاملىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۈنتەرتىۋىگە ئېلىپ كېلىش ئىنتايىن موھىم.

ھىزبۇتتەھرىر، دائىش ۋە تالىبانغا ئوخشاش دۇنيا تاراتقۇلىرىدا يامان نامى پۇر كەتكەن بىرقىسىم تەشكىلات ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق شەخسلىرى بىلەن بىللە ئىش تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىر مۇنبەردە تۇرۇپ قېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىش، يۈرۈش-تۇرۇش ۋە كىيىم-كېچەكتە ئۇلارغا سىمووۋۇل بولۇپ قالغان مودا-پاسونغا ھەۋەس قىلماي، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي خاسلىقى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىسلامىي كىيىم-كېچەكلىرىگە جامائەتنى ئۈندەش ۋە ئۆزلىرىمۇ باشلامچىلىق رولىنى ئويناش كېرەك.

# داۋاغا ئىگە چىققانغا ئىگە چىققۇلۇق!

چېلىشىش مۇسابىقىلىرىدە، بولۇپمۇ ئۇتۇق قازانغان مىنۇتلاردا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى مەغرۇرلۇق بىلەن ئىگىز كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان خالىد ئاتامان ئىسىملىك پالۋانغا خىتاي «قەيەردىن پۇتلىكاشاڭلىق تۇغدۇرساق بولا» دەپ پەيتىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى مۇقەررەر ئىدى. ئاخىرى، يوقىلاڭ سەۋەبلەرمۇ تېپىلغانىدەك قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ بالىنى سېستىنىشىپ بەرمىگەن، ئەرزىمەس باھانىلەر بىلەن سېتىۋەتمىگەن ياخشى.

مەن مۇھاجىرەت ھاياتىمدا بىرنەچچە گۇمپىچى، كۆڭفۇچى ئۇيغۇرنى يېقىندىن تونىغان بولسامۇ، ئۇلار ئاساسەن دېگۈدەك «شاۋلىڭ بۇتخانىسى» غا بېرىپ خىتاي ئۇستازلىرىدىن گۇمپا ئۆگەنگەن بولغاچقا، خىتاينىڭ مومىسىنى جىق يەپ سالغىنىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈنمىكىن تاڭ، خىتاينى دوراپ، خىتايدىن قورقۇپ بايرىقىمىزدىن قاچقانلىقىغا شاھىت بولدۇم.

بىراق خالىت ئاتامان خىتاينىڭ مومىسىنى ئەمەس، خوتەننىڭ گوشگىردىسىنى يەپ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئېڭى بىلەن يېتىشكەن يىگىتتەك بىلىندى ماڭا. ھەر قانداق پائالىيەتنىڭ بېشى بولغان كىشى يا ئۇنداق، يا بۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنى سادىر قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. خاتالىقى بولسا تەن ئېلىشى ۋە چىشىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك. خىتاينىڭ قىلتىقى بەك كۆپ.

## ماڭا نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلىدىنمۇ قەدىرلىك

ئەرەب مىللەتچىلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان «ئەرەب تىلى — جەننەت تىلى، دوزاخ تىلى — پارىس تىلى» دېگەن گەپ بىلەن ئىران فاشىستلىرى بەزىدە تىلغا ئېلىپ قويىدىغان «تۈرك تىلى — دوزاخ تىلى» دېگەن بىمەنە گەپلىرىگە يەنە شاھىت بولدۇم بۈگۈن.

«ئەرەب تىلى كۈنى» قۇتلۇقلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە جۈمبۈر جامائەت ئەرەبلەر «ۋاي، بىزنىڭ تىلىمىز ئۇلۇغ بولغاچقا، قۇرئان كەرىم مۇشۇ تىلدا نازىل بولغان، ئەھلى جەننەتمۇ مۇشۇ تىلدا سۆزلەيدۇ...» دېسە، يەھۇدىيلار قوپۇپ «سەن خەختىن ئاران تۆت نەپەر پەيغەمبەر چىققان، 124 مىڭ پەيغەمبەرنىڭ كۆپى بىز ئىبرانىيلاردىن چىققان تۇرسا، دېمەك، بىزنىڭ تىلىمىز سېنىڭكىدىن ئۇلۇغ، جەننەتنىڭ تىلى ئىبرانىيچە» دېيىشتى.

مەن ئېيتتىم: «ياق، ئەڭ ئۇلۇغ تىل ئۇيغۇر تىلى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇيغۇر تىلى ئەرەبچىدىنمۇ، ئىبرانىيچىدىنمۇ قەدىرلىك. مېنىڭغۇ گۇناھلىرىم كۆپ، ئاللاھ تەئالا گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈپ، جەننەتكە كىرىش نېسىپ بولسا، ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىشنى تىلەيمەن. ئەي ئەرەبلەر! ئەي ئىبرانىيلار! مىللىي مەسىلەڭلارنى دىنغا ئارىلاشتۇرماڭلار. ئۇ دۇنيادا قايسى تىل ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا بىر نەرسە دېمىگەندىكىن، خۇدانىڭ ئالدىدا ئالدىپەشلىك قىلمىغۇلۇق».

ئاللاھ تەئالا سۈرە پاتىھەدە ئۆزىنى «ئالەملەرنىڭ رەببى» دەپ ئەسكەرتىشىنىڭ سەۋەبى، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ «ئاللاھ بىزنىڭلا رەببىمىز» دېگەن تار چۈشەنچىسىگە جاۋاب سۈپىتىدە نازىل بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، ئىسلام دىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانمىغان، ئۇ تۇنجى ئىنسان ئادەم ئاتىدىن بۇيان دەۋاملىشىپ كەلگەن بىردىنبىر ھەق دىن. ئۇنى مەلۇم مىللەت ياكى رايونغا خاسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

## ئۆزىنى بېغىشلاش روھى

ئەلمىساقتىن بۇيان بارلىق پەيغەمبەرلەر، رەسۇللار، ئەۋلىيالار، دانىشمەنلەر ئۆزىنىڭ تىكلىگەن غايە ۋە نىشانى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغاچقا، مەزكۇر خىسلەتلەرگە ئېرىشكەن.

ئاللاھ تەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئۆزىنى ئاللاھقا بېغىشلاپ ياشاشنى بۇيرۇغان:

**وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلًا**

رەببىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن ۋە بارلىقىڭنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغىن (سۈرە مۇزەممىل 8 ـ ئايەت).

**إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُم بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُم بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ**

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە پۇل ـ ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا جەڭ قىلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندىكى چىن ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ شۇڭا ئاللاھ بىلەن قىلىشقان بۇ سوداڭلارغا خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور ئۇتۇقتۇر (سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت).

# دىللىرى ۋە تىللىرى نېمانچە ئوخشاش؟

**تَشَابَهَتْ قُلُوْبُهُمْ**

ئىسرائىلىيە تەرەپ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان سىيونىست كۈچلەر يۈتۈن ئاخبارات سېھربازلىقلىرىنى، خەۋەر ئاگېنتلىقلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئىسرائىلىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ قىممىتى ۋە ئورنىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، «بۇ، ھاماس بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش» دېگەن ئاڭنى يايسا، غەززىنىڭ شىمالىدىن خان يۇنۇسقا قېچىۋاتقان پەلەستىنلىكلەر ھاماسنى قاغاۋېتىپتۇمىشلەر. «ھاماس جىم ياتقان بولسا، بۇ ئىشلار پەلەستىنلىكلەرنىڭ بېشىغا كەلمەيتتى. نېمە قىلىدۇ ئىسرائىلىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىسرائىلىيە پۇقرالىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ...؟» دېگەن ئۇچۇرلارنىمۇ پىچىرلاۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇ ئۇرۇش بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ئەمەس، بىزنىڭ تەرەپ تۇتىدىغان ئەھۋالىمىزمۇ يوق. مۇناسىپمۇ كەلمەيدۇ. ئەمما مەزكۇر گەپلەرنىڭ ئوخشاش ۋارىيانتىنى خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ تارقىتىۋاتامدۇ!؟ مەسىلەن: «بىر ئۇچۇم بۆلگۈنچى شەرقىي تۈركىستانچىلار ئىش تېرىمىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا بېسىم قىلمايتى، رادىكال دىنى ئەسەبىيلەر بولمىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى يوقاتمىغان بولاتتى، نەچچە مىليون ئۇيغۇرنى لاگېرغا سولىمايتى، چەت ئەلدىكى بىرقىسىم ئۇيغۇرلار نامايىش قىلمىغان بولسا، ۋەتەنگە قوغۇنلۇقنىڭ يولىدا ماڭغاندەك مېڭىپ خاتىرجەم بېرىپ كېلەلەيتۇق، ئەسلىدە بۇ جېدەل جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانچىلار — دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە مائارىپ ھەرىكىتى ئارىسىكى ماجىرا... خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا مەسىلە يوق...» دېگەندەك.

مۇشۇ مەنتىقىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ساقلاپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ياشايدىغان ماڭقۇرتلارمۇ ئاز ئەمەسكەن. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى لەنەتلەيدىغان، ئۆمرىنى ھەق يولىغا ئاتاپ كۈرەش قىلىپ، قولىدىن

كېلىدىغان ئىمكان ۋە ياشىغان دەۋىر شارائىتىغا چۇشلۇق بىر ئىشلارنى قىلغان دەۋا قەھرىمانلىرىمىزنى قارغاپ، پۇخادىن چىقماقچى بولىدىغان بىغەرەزلەر يوقمۇ؟ مۇستەملىكىچى، ئىشغالچى گۇرۇھلارنىڭ دىللىرى، تىللىرى، مەنتىقلىرى ۋە سۆز ئويۇنلىرى نېمانچە ئوخشاپ كېتىدىغاندۇ؟

# هازىر بىزگە قانداق زىيالىلار كېرەك؟

بۇندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى «باغراش» قاتارلىق مۇنازىرە سۇپىلىرىدا «بىزگە قانداق زىيالىلار كېرەك؟» دېگەن مەزمۇنلاردا مۇنازىرىلەر بولۇنغان ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇر زىيالىلىرىغا ئوچۇق زەربە بەرمىگەن، يوقۇتۇش ۋە زەربە بېرىش نىشانىنى ئاساسەن دىنى زاتلارغا، دىنى ساھەدە تەلىم ئېلىۋاتقان تالىبۇل ئىلىملەرگە قاراتقان ئىدى. ئۇ چاغدا زەربىگە ئۇچراۋاتقان، يەكلىنىۋاتقان، «جاھالەت پىرلىرى» دەپ بەتنامغا ئۇچراۋاتقانلار ئۆلىمالار بولغاچقا، بەلكىم كۆپ ساندىكى زىيالىيلار ئۆزلىرىگە بۇ شامالنىڭ كەلمەيدىغانلىقىغا چىن پۈتكەن ئىدى ياكى ئاشۇنداق كۆرۈنەتتى.

2009- يىلى 5- تۇمۇزدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىدىن تېخى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن بىركۈنلەردە، قىرىم كۆچمىنى ئائىلىسىدە يېتىشكەن تۈركىيەنىڭ داڭلىق تارىخچى پروفېسسورى ئىلبەر ئورتايلى تۈركىيەدىكى مەملىكەتلىك ئەڭ چوڭ تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن بىرى بولغان «خەۋەر تۈرك» قانىلىدىكى مەلۇم بىر نەخمەيدان سۆھبىتىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق مەزمۇندا سۆز قىلغىنى ئېسىمدە: «تۈركىيە تەرەپ، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تۈركىيەگە كۆچۈرۈپ كېلىشى كېرەك، خىتاي دۆلىتى ھامان بىر كۈنى ئۇيغۇر تۈركلىرى ئۈستىدىن ئىرقى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ...»

بۇ ئۇستازنىڭ شۇ چاغدىكى گېپىنى مەنمۇ تازا ئاڭقىرالماپتىكەنمەن. مانا ئاخىرى بېشىمىزغا كەلدى.

2017- يىلىدىن تا بۈگۈنگىچە شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ئۆلىمالار، تالىبۇل ئىلىملەر، ھەتتا قۇرئان كەرىمنى ئاران ھەجىلەپ ئوقۇيالىغۇدەك ساۋادى بار ئاۋام خەلقىمىزدىن باشقا يەنە قابىل، ئادالەت تۇيغۇسى بار زىيالىلىرىمىز ئاساسەن 20 نەچچە يىللىقتىن تۈرمىلەرگە مەھكۇم قىلىنىپ، ۋەھشىيانە شېھىد قىلىندى ياكى خىتاينىڭ نازى لاگىرلىرىغا تاشلىنىپ قۇل ئىشچىلىققا، ئورگان ئەتكەس بازىرىغا مەھكۇم

بولۇپ تۆگەشتى. دېمەك، ھازىر «ۋەتەن ئىچىدە بىز ئۈمىد كۈتكۈدەك ئۆلىمالىرىمىزمۇ، زىيالىيلىرىمىزمۇ قالمىدى» دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ زىممىسىگە قالدى. بۇ نۇقتىنى ئۆزىنى زىيالىي ھېسابلايدىغان، ئىلمى ۋە بىلىمى بولغىنى ئۈچۈن «نۇر چاچقۇچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان زىيالىيلار مىللەتنىڭ پىكىر ئىشلەپ چىقىرىدىغان، يول ئاچىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان سەرخىللىرى بولغاچقا مەسئۇلىيەتتىن قاچماسلىقى، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ خىتايدىن ئۈمىد كۈتمەسلىكى كېرەك.

ئاللاھ ئۇيغۇر زىيالىلىرىمىزغا ئۆز مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىدىغان جاسارەت، مىللىتىمىزگە قارىتا ساداقەت تۇيغۇسى نېسىپ قىلغاي! ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇشكۇر مۇھەممەدئىمىن، زوردۇن سابىر، يالقۇن روزى، ئابدۇقادىر جالالىدىن... قاتارلىقلارنىڭ ئىزىنى مۇھاجىرەتتىمۇ باسىدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتكەي!

# ئەۋلىيا، ئەزىز، دېئىست ۋە ئاتېئىست

ئەۋلىيا — ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىغا خاس ئاتالغۇ. قۇرئان كەرىمدە «ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشىنىپ، ئىش-ھەرىكىتى ۋە سۆزى بىلەن ئاللاھ تەئالانىڭ كۆرسەتمىسىگە لايىق ياشايدىغان خاس بەندىلەر ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى — دوستلىرى (اولياء الـه)» دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئەزىز — خىرىستىيانلىقتا كۆرە ئىنجىلدىكى بارلىق ئەھكاملارغا ۋە جەننەت-جەھەننەمنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان، ئاللا تائالا بىلەن ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبەرنىمۇ ئوخشاش دەرىجىدە كۆرۈپ، ئۇنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان، ئۈچ خۇدالىق تەسەۋۋۇرىغا ئىگە ھالدا ناھايىتى تەقۋادار ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەن خاس كىشىلەرنى كۆرسىتىدىكەن.

ناۋادا بىر ئىنسان ھېلىقى نورۋېگىيەدىكى ئابدۇقادىر تۇرپان ئىسىملىك خىتاي پۇشتىدىن بولغان بەدبەختتەك تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان كەرىمنى «ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئەمەس، كىشىلەر ئۆزلىرى توقۇۋالغان سەپسەتە» دەپ بىلجىرلىسا، بۇنداق تۇركۇمدىكى كىشىلەرنىڭ «ئاتېئىست»؛ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىغا ئىشىنىپ، پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىگە ئىشەنمىسە، بۇنداق كىشىلەر «دېئىست» دەپ ئاتىلىدۇ.

نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنى «مەن خىرىستىيان» دەۋالغان بولسىمۇ، بىر تۇرۇپ «مەن ئۇ دۇنياغا ئىشەنمەيمەن، جەننەت-دوزاخ دەيدىغان نەرسە يوق» دەيدىغان، يەنە بىر تۇرۇپ «ئىنجىل يۇنانلار توقۇپ چىققان ئەپسانە» دېگەنگە ئىشىنىپ ئىنجىلنىمۇ ئىنكار قىلىدىغان ئۇنداق كىشىلەر ئەسلا خىرىستىيان بولالمايدۇ. ئۇلار ياكى دېئىست، ياكى دارۋىن دېگەن دەھرىنىڭ «دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى يوق، ئۇ تاسادىپىي ئاپىرىدە بولۇپ قالغان. ئىنسانلار تەدرىجىي ھالدا مايمۇن دىن تۆرەلگەن» دېگەن سەپسەتىسى بىلەن زەھەرلەنگەن ئاتېئىستتۇر.

## مېنى ھەيران قالدۇرغان تۇراقسىزلىق

مەن ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان تولا دىن ئالماشتۇرىدىغان تۇراقسىز (ھېلى كوممۇنىست، ھېلى خىرىستىيان، بىر تۇرۇپ فېمىنىست، يەنە بىر تۇرۇپ كۆك تەڭرى — شامانىزىمنىڭ گېپىنى قىلىپ، شۇ گورۇھنىڭ سىياقىدا ئالىجوقا سۆزلەپ بېشىمىزنى ئاغرىتىدىغان) كىشىلەرنى كۆپ ئۇچراتتىم. بەزىلىرى پىسخىكىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن شۇنداق تۈيۈق يوللارغا كىرىپ قالغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ماددى مەنپەئەتنى كۆزلەپ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى — مۇسۇلمانلارغا، دىنى ئەربابلارغا، ھىجابقا، مەسچىت ـ مەدرىسلەرگە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى پىشىۋالىرىغا، ھەتتا نوپۇزلۇق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا، ساقالغا... شۇ قەدەر ئۆچ ئىكەنلىكى، قولىدىن كەلسە ئېزىق چىشىغا ئېلىپ چايناپ مىجىۋەتسىمۇ ئاچچىقى ۋە نەپرىتى بېسىقمايدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئۆچمەنلىكىنى «ئەركىنلىك» نىقابى ئاستىدا يۇشۇرۇشقا تىرىشىدىكەن.

غەربتە يىللاردىن بۇيان ئىنجىل تارقىتىپ يۈرگەن بىر زاتنىڭ «ئىنجىل يۇناننىڭ توقۇلمىسى...» دېگەن سۆزنى تەستىقلاپ نۇتۇق سۆزلىشى، بۇلارنىڭ نەقەدەر سەممىيەتسىز ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. بۇ زاتقا ھېچكىم «ئۇنداقتا، سەن نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزۈڭ ئىشەنمىگەن كىتابنى نېمە سەۋەبتىن ھە دەپ تارقاتتىڭ، ھەي ئاتېئىست!» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. بۇنداق كىشىلەر نېمانچە سەممىيەتسىز ۋە ساداقەتسىز كېلىدىغاندۇ؟ بىرقارىسا قىزىلپاچاق، بىر قارىسا ناسارا.

دىنىنى سېتىۋەتكەن كىشىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى سېتىۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇق؟

# «تىيانشان» قارىغايلىرىنىڭ يىلتىزى بىر تۇتاش

دۇنيانىڭ قايسى بۇلۇڭىدا ياشىسا ياشىسۇن ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇللىرىغا ۋە قۇرئان كەرىم قاتارلىق ئەلمىساقتىن بۇيان ئىنسانىيەتكە ماياك سۈپىتىدە نازىل بولغان بارلىق كىتابلارغا، ئۇ دۇنيادىكى جەننەت-جەھەننەمنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى ئوخشاش. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ جان-جىگەر دوستى ۋە قاياشى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدە بىر-بىرىگە پاس چىقىرىشىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى-يېڭى فىتنىلەرنى يايىدۇ.

**وَالَّذِينَ كَفَرُوا بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ إِلَّا تَفْعَلُوهُ تَكُن فِتْنَةٌ فِي الْأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ**

كاپىر بولغانلار بىر-بىرىنىڭ جانجىگەر دوستىدۇر، ئەگەر (مۆمىنلەرنىڭ جانجىگەر قېرىنداشلىقىغا) ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە غايەت زور فىتنە-پاسات ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ (سۈرە ئەنفال 73-ئايەت).

**الَّذِينَ آمَنُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُوا أَوْلِيَاءَ الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفًا**

ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ كاپىر بولغانلار بولسا تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇڭا سىلەر شەيتاننىڭ دوستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكرى راستتىنلا ئاجىزدۇر (سۈرە نىسا 76-ئايەت).

# ئوۋچى، سولچى يوقمۇ؟

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئوۋچى-سولچى، سىلىقلاشتۇرۇپراق ئېيتقاندا «ئوڭ قانات-سول قانات»، «كونسېرۋاتىپ-سەكۇلەر» يوق دېيىش «ئۇيغۇرلار ئىچىدە خالىس مۇخلىس مۇسۇلمانلار ۋە ئىككى يۈزلىمچى ئاتېئىستلار يوق» دېگەن بىلەن ئوخشاش گەپ. بىزدە ھەر ئىككىسى بار.

ئوۋچىلىنىڭ ئەڭ ئوۋچىلى ۋە مۆتىدىلى بولغاندەك، سولچىلىنىڭمۇ ئەڭ سولچىسى ۋە مۆتىدىلىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئىجتىمائىي رېئاللىق.

ئەڭ سولچىل ئىستىلدىكى ئۇيغۇرلار مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدە باش كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغىنى ۋە قوبۇل قىلىنمىغىنى ئۈچۈن يا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىنى چۆرۈۋېتىپ، ئايەت ئوقۇپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ياكى ئۇيغۇرنىڭ جاھالەت دەۋرىدىكى بۇددا، شامان ئېتىقادىنى كۆككە كۆتۈرگەن بولۇۋېلىپ، بىز ئەھلى ئىسلامغا توختىماي ھۇجۇم قىلىدۇ.

ئىشقىلىپ ھەر ئىككىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار نە دىنى ئېتىقادىمىزنى ئېتىراپ قىلىدۇ، نە دەۋايىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىن كۈنىمىزگە قەدەر بولغان ئۇتۇقلىرىنى. ھەتتا تىلى «شەرقىي تۈركىستان» دېيىشكىمۇ بارمايدۇ. كۈنىمىزدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئورۇن ئالمايدۇ - يۇ، قۇرۇق پەلسەپەگە ئاجايىپ ئۇستا بولغاچقا، بەزىدە ئاتقان نۇتۇقلىرىدىن ئادەمنىڭ قۇۋۇرغىسى ئېگىلىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. شۇڭلاشقا 74 يىللىق دەۋا ھاياتىمىزدا كونسېرۋاتىپ ئېقىم قوبۇل كۆرگەن ۋە بەدەل تۆلەپ كەلگەن. سولچىلارنىڭ بىر پۈتى ختاي بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا يا دەۋادىن يىراق ياشىغان ياكى قورقۇنچ ئىچىدە ئىز دېرەكسىز بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان.

# مۇستەملىكىدە قىلىشنى ئاللاھ پۈتۈۋەتكەن ئەمەس

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە قۇل بولۇپ قېلىشى ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈۋەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىدىن. بۇشاڭلىقىدىن.

ئىككى بوكسچى مۇسابىقىغا چۈشكەندە بىرىنىڭ يەنە بىرىگە ئۇتتۇرۇپ قويۇشى خۇدادىن ئەمەس، شۇ ئۇتتۇرۇپ قويغان بوكسورچىنىڭ ئۆزىدىن.

بىر ئىنساننىڭ جەننىتى ياكى دوزىخى، بەختلىك ياكى شەقى بولۇشى ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈۋەتكەنلىكىدىن ئەمەس، ئۆز تاللىشى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدىن.

بۇ قانۇنىيەت قۇرئان كەرىمدە «سۈننەتۇللاھ (سنة الـه)»، يەنى «ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئىلاھى قانۇنىيەت» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىھانغا قاتنىشىپ يوقىرى نومۇر ئالسا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن، تۆۋەن نومۇر ئېلىپ سىنىپتا قالسا، بۇنى «خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى»، «تەقدىر-پېشانە» دەپ خۇداغا دۆڭگەش قۇرئان كەرىمدە تەنقىد قىلىنغان.

ئەينى چاغدىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ تەقدىر-پېشانە چۈشەنچىسى تۆۋەندىكى ئايەتتە قامچىلىنىش ئارقىلىق بىز مۆمىن بەندىلەردىنمۇ بۇنداق خاتا تونۇشتىن ساقلىنىشىمىز تەلەپ قىلىنغان:

**سَيَقُولُ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِن شَيْءٍ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ حَتَّىٰ ذَاقُوا بَأْسَنَا قُلْ هَلْ عِندَكُم مِّنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ أَنتُمْ إِلَّا تَخْرُصُونَ**

شېرىك كەلتۈرگەنلەر: «ناۋادا ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرمىگەن ۋە (ئۇ ھالال قىلغان) ھېچ

نەرسىنى ھارام قىلىۋالمىغان بولاتتۇق» دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ مۇشۇنداق (مەنتىقە بىلەن ھەقنى) يالغانغا چىقارغانلىق نەتىجىسىدە ئازاب ـ ئوقۇبەتىمىزنى تېتىغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا دەلىلىڭلار بولسا بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىسىلەر، سىلەر پەقەت ئۆسەك سۆزنىلا توقۇيسىلەر» (سۈرە ئەنئام 148 ـ ئايەت).

يەنە سۈرە «ئەئراف» تا شەيتاننىڭ پىشىۋاسى ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالاغا «سەن مېنى ئازدۇرغان» دەپ خاتالىقنى ئاللاھ تەئالاغا دۆڭگىشىمۇ تەنقىدىي ئۇسلۇبتا مۇنداق ئورۇن ئالغان:

**قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ**

ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ سەۋەبلىك، مەن ئۇلار ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توپتوغرا يولۇڭ ئۈستىدە (تۇزاق قۇرۇپ) ئولتۇرىمەن(سۈرە ئەئراف 16 ـ ئايەت).

ئىبلىس ئاللاھقا بوھتان توقۇپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ باش سەۋەبچىسىنى «ئاللاھ» دېيىش ئارقىلىق گۇناھىنى ئاللاھقا دۆڭگەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچماقچى بولىدۇ.

**ثُمَّ لَآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ**

ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭ يېنىدىن، سول يېنىدىن كېلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈچىلەر ئەمەسلىكىنى بايقايسەن» (سۈرە ئەئراف 17 ـ ئايەت).

## ھەر ئىنسان ئىسلام فىترىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ

**فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ**

پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بىر خۇدالىق دىنىغا — ئاللاھ ئىنسانلارنى يارىتىشتىلا كىملىكىگە نەقىش قىلىپ قويۇۋەتكەن فىترەتكە يۈزلەنگىنكى، ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، توپتوغرا دىن دەل مۇشۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ (سۈرە رۇم 30-ئايەت).

«بۇخارىي» ۋە «مۇسلىم» ناملىق ھەدىس مەنبەلىرىمىزدە بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار :

**روى البخاري ومسلم عن أبي هريرة، رضي الله عنه، قال: قال النبي صلى الله عليه وسلم: (ما من مولود إلا يولد على الفطرة، فأبواه يهودانه أو ينصرانه، أو يمجسانه...**

ئەبۇ ھۇرەيرە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۇغۇلغان ھەر بوۋاق پەقەت ئىسلام فىترىت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى يەھۇدى، خىرىستىيان ياكى مەجۇسى قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ».

ئاللاھ تەئالا بىرىمىزنى مۇسۇلمان، يەنە بىرىمىزنى مۇسۇلمان ئەمەس قىلىپ ياراتمىغان. ھەر ئىنساننى مۇسۇلمان فىترىتى ئۈستىدە قىلىپ ياراتقان. ئاللاھ تائالا مۇتلەق ئادىل بولۇپ، ئۆزى مۇسۇلمان ئەمەس قىلىپ يارىتىپ، كېيىن دوزاخقا تاشلايدىغان ئاللاھ تەسەۋۋۇرىنى قۇرئان كەرىم كەسكىن رەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھ تەئالا بىرىمىزنى ھىدايەت ئۈستىدە قىلىپ، يەنە بىرىمىزنى ئازدۇرۇپ، كېيىن ھىدايەت ئۈستىدە

قىلىنغانلىرىمىزنى جەننەتكە، ئازدۇرۇلغانلىرىمىزنى دوزاخقا سالىدىغان تەسەۋۋۇرمۇ پۈتۈنلەي خاتا.

كىشىنىڭ ھىدايەت — توغرا يولنى ياكى ئازغۇنلۇق-خاتا يولنى تاللىشى ئۆز ئىختىيارلىقى بولۇپ، ئاقىۋەتتە، جەننەت ۋە جەھەننەمگە كىرىشىمۇ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا باسقان قەدەملىرىنىڭ نەتىجىسى، خالاس.

قۇرئان كەرىم دىكى «اهدى و اضل» ئىبارىسى مېتافور — مەجاز بولۇپ، مۇشۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى يۇقىرىقىدەك چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

# خىتايچە زېھنىيەتلىك دۇنيا قاراش

بايا قارىسام مەلۇم بىر غەرب دۆلىتىدە ياشايدىغان بىر زىيالىمىز «جەننەت ئەمەس، ۋەتەن لازىم...» دەپ بىر پىتنە ئۇرۇقىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ۋەسۋەسە تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ «جەننەتنى ئىنكار قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئالجوقا گېپىنى توغرا چۈشەنگەنمۇ بولۇپتۇ. مۇشۇنداق غەيرى مۇسۇلمانچە يولغا ھەۋەس قىلىۋاتقانلار ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ كۈنلەردە. بۇ زىيالىمىزچە بولغاندا: جەننەتكە ئىشىنىدىغان كىشىلەر ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلماي، «مۇشۇ دۇنيادىن باشقا دۇنيا يوق» دەيدىغان كىشىلەرلا ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ئوخشايدۇ. ۋاي، ئۆرگۈلۈپ كېتەي! بىز تېخى ھايات. قايسى گۇروھنىڭ نېمە كويدا يۈرۈۋاتقىنىنى، قايسى گۇروھنىڭ نېمە يولدا بەدەل تۆلەۋاتقىنىنى ئىسپاتلىغۇدەك جاسارىتىمىز بار.

ۋەتەن بىلەن جەننەت، دىن بىلەن مىللەت ئۇقۇملىرىنى بىر-بىرىگە زىتتەك ئىزاھلاپ كاللا سوقۇشتۇرۇش، مىللىتىمىزگە زەربە ئۇرغانلىق. كاشكى، مۇشۇنداق يوغان سۆزلەپ قويىدىغان كىشىلەر ۋەتەن ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە، ھېچبولمىسا كەينى سەپتە بولسىمۇ جەننەت بىلگەن ۋەتىنى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ئىشلاردا بەدەل تۆلىگەن بولسا! ۋەھالەنكى، مۇشۇنداقلار ئاساسەن كۆك بايراق بار يەردە رەسىمگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇدىغان، خىتايغا قارشى نامايىشلاردىن ئەڭ يىراققا قاچىدىغان، قاتتىق ئېھتىياتچان ئادەملەر. ئۆزلىرىچە ئۇلار بەك ئەقىللىق. ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى تىكىش بۇنداقلاردا ئاساسەن يوق. «دۇگىسۇگرۇي» نى چوڭ بىلسە بىلدۇكى، ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلەپ ۋەتەن يولىدا جان ئۈزگەن شېھىتلىرىمىزغىمۇ غۇمى بار.

# جەننەت، ئاخىرەت، نۇبۇۋۋەت  چاقچاق تېمىسى قىلىدىغان ئاددىي ئۇقۇملار ئەمەس

مەن ھازىرغا قەدەر «ماڭا جەننەت لازىم» دېگەن ھەرقانداق مۆمىن ئۇيغۇرنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ماددىي-مەنىۋى بەدەللەرنى تۆلەشنى جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋاستىسى دەپ بىلىپ، بۇ بەدەللەرنى ئاللاھ رىزاسىغا باغلاپ چۈشۈنۈپ، مىللىتىنى سۆيۈشنى ئاللاھ تەئالا بۇيرۇغان سىلە رەھىم قاتارىدا كۆرۈپ، مىللىتى ئارىسىدىن چىققان نادان ۋە ئاڭسىز كىشىلەرنىڭ تىل-دىشنەملەرگىمۇ پىسەنت قىلماي دادىل ماڭالىغىنىنى كۆپ ئۇچراتتىم. بىراق «جەننىتىممۇ مۇشۇ دۇنيا، دوزىخىممۇ مۇشۇ دۇنيا» دەيدىغان يەككە دۇنيالىق دەھرى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ «ۋەتەن» ۋە «مىللەت» دېگەننى ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا دەپ قويغىنى بىلەن «ئۇ دۇنيادا ئەسقاتىدۇ» دەيدىغان ئېتىقادى بولمىغىنى، بولغاندىمۇ شۈبھە ئارىلاش بولغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىككى ئېغىز دەشنامغا ئۇچرىسىلا مىللەتتىن يامانلاپ، ئۇيغۇردىنمۇ ۋاز كېچىدىغان، مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق بەدەل تۆلەشكە رايى بارمايدىغان ھالدا بايقىدىم.

گەرچە كىشىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۆزىگە تەئەللۇق بولسىمۇ، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خىتاي شاياتۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئارزۇلايدىغىنى ئۇ دۇنياغا ئىشەنمەيدىغان، ئېتىقادسىز، ئىرادىسىز، راھەت-پاراغەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، لايغەزەل ھالغا كېلىشىمىز. ئەنە شۇ چاغدا خىتاي ھاكىمىيىتى تولۇق غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

مەن بۇ تەسىراتىمنى بىكارچىلىقتىن ئەمەس، دىنى سۇس فەيسبۇكداشلىرىمنىڭ مەندىن رەنجىپ قېلىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، «ساۋاب بولىدۇ» دەپ يېزىۋاتىمەن. ئۇ دۇنياغا ئىشەنمىگەن بولسام مەنمۇ دۇتار چېلىپ، غەزەل ئوقۇپ بىخارامان ياشىماتتىم!؟ پەرقىمىز مانا مۇشۇ يەردە.

# كاشكى، خىتاينىڭ قۇرئان كۆيدۈرگىنىگە قارشىمۇ نامايىشلار بولغان بولسا!

مەن بۇ يىلنىڭ بېشىدا (2023ـ يىلى) ئىستانبۇلغا بارغان ئىدىم. بىر كۈنى پاتىھ رايونىدىكى بىر تۈرك كىتابخانىسىغا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى كىتابلارنى سېتىۋالغىلى كىرىپ، كىتابپۇرۇش بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا پاتىھ جامەسى ھويلىسىدىن نەچچە مىڭ كىشىلىك ئادەملەر توپىنىڭ سەلدەك ئېقىپ، شۇئار توۋلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم. «بۇ نېمە نامايىش؟» دەپ سورىسام، «شۋېتسىيەدىكى قۇرئان كۆيدۈرۈشكە قارشى نامايىش» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ بىردەم مېڭىپ، نۇتۇق سۆزلەيدىغان ئاخىرقى بېكەت ساراچخانە باغچىسىغا بېرىپ توختىدۇق. بىر نەچچە تەشكىلات مەسئۇللىرى نۇتۇقلىرىنى سۆزلىدى. ئارىغا سىقىلىپ كىرىپ، بۇ نامايىشنى ئورۇنلاشتۇرغان مەسئۇل تەشكىلاتنى سۈرۈشتۈرسەم، «ئانادولۇ ياشلار تەشكىلاتى» ئىكەن. تەشكىلات مەسئۇللىرىدىن بىرىگە سالام بېرىپ: «مەن شۋېتسىيەنىڭ يېنىدىكى فىنلاندىيە دېگەن دۆلەتتە تۇرىمەن. قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرگەن بۇ ئىغۋاگەر بىر كىشى ۋە كۆيگەن قۇرئان كەرىممۇ پەقەت بىر. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنىڭغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق ئىپادىلىرى ئالقىشقا سازاۋەر ئىش. ئەمما خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە يۈز مىڭ قۇرئاننى كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆلىمالارنى تۇتۇپ سولاپ، قۇرئان ئوقۇغانلارنىمۇ تۈرمىلەرگە تاشلىماقتا. مەسچىتلىرىمىزنى چېقىپ تاشلىماقتا... شۇڭا سىلەر مۇشۇنىڭغا قارشىمۇ نامايىش ئۇيۇشتۇرغان بولساڭلار» دېسەم، «راست دەيسىز» دېگىنىچە، ئاۋازى چۈشۈپ كەتتى، گېپىم ئانچە خوشياقمىغاندەك بىلىندى ماڭا. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئىشىمغا ماڭدىم.

يا بىز ئىسلام دۇنياسىغا خىتاينىڭ مۇشۇنداق ئەسكىلىكىنى يېتەرلىك ئاڭلىتالمىدۇق، ياكى ئىسلام دۇنياسى غەربلىكتىن بىرەر ئىككى سېرىقتۇڭ چىقىپ قۇرئان كۆيدۈرسە چىچاڭشىپ، خىتاي دۆلەت سىياسىتى ئارقىلىق قۇرئان كۆيدۈرسە، ئۇنى بىلمىگەن، ئاڭلىمىغان بولىۋېلىشلىق.

# گۇناھسىز كىم بار؟

**يَـا أَيُّهَـا الَّذِيـنَ آمَنُـوا لِـمَ تَقُولُـونَ مَـا لَا تَفْعَلُـونَ (2) كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ (3)**

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلار قىلمايدىغان ئىشنى (باشقىلارغا) سۆزلەيسىلەر؟ ئۆزۈڭلار قىلمايدىغان ئىشنى (باشقىلارغا) سۆزلىشىڭلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر( سۈرە ساف 2 ـ 3ـ ئايەت).

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھېچقايسىمىزنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزى تەۋە توپقا تەنقىدىي نەزەر بىلەن قارىغۇمىز يوق. ھېچبىرىمىزنىڭ ئەينەككە ئۇبدانراق قاراپ، مەندە قانداق يېتەرسىزلىكلەر بار؟ مەن قايسى جەھەتتىن ئۆزۈمنى ئىسلاھ قىلىشىم كېرەك؟ مېنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىم، خىتاي زۇلمىغا قارشى سۈكۈتلىرىم، قورقۇنچاقلىقىم، ۋەتەن ـ مىللەت ئىشى توغرىسىدىكى بىپەرۋالىقىم ... دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇرۇش، توۋا قىلىشنىڭ ئورنىغا، كۆپ ھاللاردا باشقىلارنى ئەيىبلەش، باشقىلاردىن ئاغرىنىش، باشقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلمىغانلىقىنى سوتلاش بىلەن ۋىژدانىمىزنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنىمىز ـ يۇ، بىز نەشتىرىمىزنى سانجىۋاتقان، ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقان، رەھىمسىزلەرچە تەنقىدلەپ تاش يامغۇرىغا تۇتۇۋاتقان كىشى ياكى كىشىلەر توپىنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنى قويۇپ باققۇمىز كەلمەيدۇ.

ھاياتىدا خىتايغا قارشى بىرەر نامايىشقا چىقىش جاسارىتىگە كېلىپ بولالمىغان كىشىلەر نامايىش ھەققىدە گەپ سېتىپ، نەزەرىيە توقۇپ، نامايىش قىلغانلارغا يول كۆرسىتىشكە، تەنقىت قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان، ئېرى ياكى خوتۇنى باشقا مىللەتتىن تۇرۇپ، ئۇيغۇرلۇقنى قانداق ساقلاش ھەققىدە ۋەز ئېيتىدىغان، ئەھلى ـ ئەۋلادى بىلەن ئەجنەبى تىلدا پاراڭلىشىپ تۇرۇپ «ئانا تىلنى قوغداش» توغرىسىدا دىسسېرتاتسىيە يازغىلى تاس قالىدىغان، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ھېچقانداق ئىجابى تۆھپە قوشماي، ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ماددىي ـ مەنىۋى بەدەللەرنى تۆلىمەي تۇرۇپ، باشقا قىتئەدىكى

ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ھەۋەس قىلىپ شۆلگەي ئېقىتىدىغان، ھەتتا باھا بېرىدىغان، ئۆزى ھەرقانداق گۇناھ-مەسىيەتتىن ساقلانمايدىغان تۇرۇپ، پەرىشتە مىسالى جۆرە ئىزدەيدىغان ئەھۋاللار بەك ئەۋج ئېلىۋالدى.

ئىنجىلدا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر قىسسىسى بولىدىغان:

«زىنا قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىر ئايالنى تاش يامغۇرىغا تۇتۇش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقان بىر تائىپىگە ئەيسا ئەلەيھىسسالام: «بىرىنجى تاشنى گۇناھسىز كىشى ئاتسۇن!» دېگەندە، ھېچكىم تاش ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئايالنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشقا ئېرىشەلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتى بويىچە ھەرقانداق ئىشنى ئاۋال ئۆزى قىلغان، ئاندىن ئۈممىتىنى شۇنى قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان.

مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بىر يازمىنى ۋاتساپتىن كۆچۈرۈپ سىلەر بىلەن ئورتاقلاشتىم. ئاللاھ سۆرايدىغان سۇئالغا چات كەرىشىلىشنىڭ نەقەدەر بىمەنە ئىكەنلىكىنى بۇ يازمىدىن ھىس قىلالايمىز.

«مەن ئۇيغۇرغا / مۇسۇلمانغا تېگىشنى ئىسلامى بۇرچۇم ۋە مەسئۇلىيىتىم دەپ قاراپ كەلدىم ۋە شۇ ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزەمگە يارىشا قارشى تەرەپنىڭ ئوقۇشى مائاشى ۋەھاكازالارغا ھېچ شەرت قويمىدىم. ئەمما كىشىلەر ماڭا تونۇشتۇرغان بەش ئوغۇلنىڭ ھەممىسى دېيىشىۋالغاندەكلا مەندىن ئاللاھ سورايدىغان سۇئالنى سوراپ ۋە ئاتالمىش يېتەرسىز تەرەپلىرىمنى كولاپ، ئېنىق ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ كىملىكىگە باقماي، مېنى ياراتمىدى. يەنى بىرەرسىمۇ مېنى «ئالاي» دېمىدى (بۇ گەپنى دېگەن ئۇيغۇرنىڭ تۇنجىسى مەن ئەمەس، دىلبەر يۇنۇس ۋە مەن تونۇيدىغان، چەت ئەللىك بىلەن توي قىلغان ئىككى دوكتور خانىملارمۇ شۇنداق) بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مەن 6- بىر ئوغۇل بالا بىلەن گەپلىشىش تۈگەل، بىرەرسى بىراۋنى سايە قىلىسىمۇ قاچىدىغان، قورقىدىغان بولدۇم. قەلبىم چارچىغان ئىدى. چۈنكى مەن ئىنسان، ئەۋلىيا ئەمەستە! جۈملىدىن، ئۇلار ۋەتەنسىز، رەسمىيەتسىز ھالىغا باقماي، ئىنسان ئورنىغا قويۇلۇپ مۇئامىلە قىلىنمىدىم. مېنىڭ ئۇلارغا: «مەن سىزگە تېگەي» دېمىگەنلا يېرىم قالدى.

شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىۋېرسىتېتىمىزدىكى بىر تونۇش يەھۇدى ئوغۇل مەن بىلەن تويى قىلغىسى بارلىقىنى ئېيتتى. دېمەك، مەن بىر يېتەرلىك ئىنسان ئىكەنمەن. ئۇنىڭغا ئويلىنىش ئۈچۈن ۋاقىتقا ئېھتىياجىم بارلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم. ئويلىنىش جەريانىدا شۇنداق كەڭرى تەسەۋۋۇر قىلدىم. مەسىلەن: «شۇنداق ئىستىداتلىق، مەلۇماتلىق بىر قىز ئىدىم، نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئاللاھ سورايدىغان سۇئالنى سوراپ، بىزگە بۇ يولنى مەجبۇر قىلىدۇ؟ ئەجەبا، بۇ كۆنلەر بىزگە راۋامۇ؟»، «مېنىڭ بالام ئۇيغۇرچىنىغۇ ئۆگىنەر، ئەمما قانچىلىك ئىشلىتەلەيدۇ؟ نەچچە ئەۋلاد ئىشلىتىدۇ؟ دېمەك، ئاستا-ئاستا ئۇيغۇرلۇقى سۇسلىشىپ، يوقاشقا ماڭىدۇ.» ... دېگەندەكلەرنى، يەنە بەك كۆپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلدىم.)

# مۇنداق گەپلەرنى تاشلىۋېتەيلى

چەت ئەلدە بىرەر پىشكەللىككە يولۇقساق، ساقچى تۇتۇپ سوراق قىلسا، گراژدانلىق ئالالمساق «بىرەر ئۇيغۇر چېقىپ قويدى»، «بىرەر تەشكىلات توسقۇنلۇق قىلدى ...» دېگەندەك، ۋەتەندە دېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغان گەپلەرنى قىلمايلى، قېرىنداشلار.

ھەرقايسىلىرىنىڭ سۈرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ياكى دائىشىنىڭ ۋىدېئو تەشۋىقاتلىرى تېلىفۇنغا تاقىغان سىم كارتا ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكىسىغا چۈشۈپ قالغان بولسىچۇ؟ قانۇنسىز ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالغان بولسىلىرىچۇ؟ ھەممە دۆلەتنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق قانۇنى بار تۇرسا.

ئۆزى ئەركىن دۆلەتتە ياشاپ تۇرۇپ، روھى يەنە خىتاي رېجىمى ئاستىدا چۈش كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن.

تۈۋۈۋا، ئابدىقادىر ياپچان ئاكىمىزنى تۈركىيە 25 يىلدىن بىرى نۇرغۇن قېتىم تۇتۇپ، سولاپ قويۇپتۇ، ھازىرغىچە پۇقرالىق بەرمەپتۇ. ئۇ كىشىنى كىم ياكى كىملەر چاققان بولغىيتى، ئەمدى!

بىر يىلىنىسى مەلۇم بىر ئۇيغۇر ياش مەلۇم بىر ياۋروپا دۆلىتىگە سىياسىي ئىلتىجا قىپتۇ. قوبۇل قەغىزى چىققاندىن كېيىن بىرقانچە يىل قانۇنسىز ئىشلەپ پۇل يىغىپ، ياۋروپانى ياراتماي ۋەتەنگە كېتىپتۇ. مەن ھېلىقى ياشنىڭ مەزكۇر دۆلەتتە ياشايدىغان تۇققىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ۋەتەندىكى ئەھۋالىنى سورىسام، ئۇ كىشى: «ئۇ بالا يۇرتقا كەتكەندىن كېيىن ياۋروپادا تاپقان پۇللىرى بىلەن خاتىرجەم تىجارىتىنى قىلىپ، بىر ئوبدان ياشاۋېتىپتۇ. بىرەر ئۇيغۇر چېقىپ قويمىسىلا، ئۇ بالىنىڭ ياۋروپادىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى خىتاي نەدىن بىلسۇن؟!» دەيدۇ.

دېمەك، ئاشۇ زاتى مۇھتەرەممۇ خىتاينىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ ياۋروپاغا قەدەر كەلگەن، بىرنەچچە يىل ياۋروپادا ياشاپ بولۇپ، سىياسىي ئىلتىجاسىنى بىكار قىلدۇرۇپ ۋەتەنگە كەتكەن شۇ ئۇيغۇرنىڭ خىتاينىڭ چېگرىسىدىن كىرگەنلىكىنى، بىرەر ئۇيغۇر چېقىپ قويمىغۇچىلىك ماڭقا خىتايلار بىلمەيدىغان دەرىجىدە دۆت ئوخشايدۇ.

# قۇش بىلەن دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى

بىركۈنى قانىتى سۇنۇق، ئۈستى بېشى قان ھالدىكى بىر قۇش سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، قانىتىنى سۇندۇرۇۋەتكەن بىر دەرۋىش ئۈستىدىن ئەرز قىلىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇ دەرۋىشنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— قۇشنىڭ قانىتىنى نېمىشقا سۇندۇرۇۋەتتىڭ؟ - دەپ سورىسا، دەرۋىش:

— مەن ئۇۋغا چىققان ئىدىم، بۇ قۇشنىڭ يېنىدىن ئۆتسەممۇ، قۇش مەندىن ئۈركمەي تۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ قۇشنى تۇتۇشقا تەمشەلدىم، قۇش قېچىشقا ئۇرۇنۇۋىدى، قانىتى سۇنۇپ كەتتى. قۇش باشتىلا مەندىن ئۈركۈپ قاچقان بولسا، بۇ ھادىسە يۈز بەرمەيتتى. - دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام:

— ئەي قۇش! قارا، ماۋۇ كىشى ھەقلىق ئىكەن. ئۇ سېنىڭ يېنىڭغا يوشۇرۇن كەلمەپتۇغۇ؟ سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى دالدىغا ئېلىپ، ئۇ كىشىدىن قاچمىدىڭ؟ قۇش:

— ئالىيلىرى، مەن ئۇنى دەرۋىش بىلگەنلىكىم ئۈچۈن «ماڭا خىرس قىلمايدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن. - دەپ، ئۆزىنى ئاقلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دەۋرىشنىڭ قولىنى سۇندۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپ:

— جاللات! بۇ دەرۋىشنىڭمۇ قولىنى سۇندۇرۇڭلار! - دەپ نىدا قىلىشىغا، قۇش سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇ دەرۋىشنىڭ قولىنى كەسمەي، دەرۋىشلىك ئالامىتى بولغان يەكتەك ۋە سەللىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى ئۆتۈنۈپتۇ ۋە ھېكمىتىنى مۇنداق ئىزاھلاپتۇ:

— بۇ ئادەمنىڭ قولىنى سۇندۇرغىنىڭلار بىلەن ئۇنىڭ قولى ساقايغاندىن كېيىن يەنە ئۇۋغا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قولىنى سۇندۇرۇشنىڭ ئورنىغا، دەرۋىشلىك ئالامىتى بولغان يەكتەك ۋە سەللىسىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلىڭلاركى، مەندەك ساددا قۇشلار ئۇنىڭ دەرۋىشلىكىگە ئالدىنىپ قېلىپ قانىتى سۇنمىسۇن، ئوۋلىنىپ كەتمىسۇن.

# ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلىدىنمۇ باي

90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا قۇددۇس ھاپىز ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر تىلشۇناس: «مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنيا تىلى بولۇشتا ئىنگلىزچىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى ب د ت دا ئىسپاتلايمەن» دەپ، شەرقىي تۈركىستاندا زىلزىلە پەيدا قىلغان ئىكەن. كېيىن مەن ئۇ چوڭمىزنى ئىستانبۇلدا يوقلاپ بېرىپ: «ئاكا، دېگىنىڭىز توغرا بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىر تىلنىڭ دۇنيا تىلى بولۇشى ئۈچۈن شۇ تىلنى قوللانغۇچىلارنىڭ دۇنيانى سورىغۇدەك كۈچى بولىشى كېرەك» دېسەم، قايىل بولىدىغاندەك ئەمەس، يەنىلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل تىل ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ مۇقامىنى تولۇقلاپ تۇرۇۋالغان ئىدى. بەلكىم، ئۇ ھىس ـ تۇيغۇ قۇددۇسكامنىڭ ئانا تىلىمىزغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ چۈشەنگەن ئىدىم. بارا ـ بارا مەنمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەقەدەر باي، ھەتتا ئەرەبچىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىغان ئىشىنىشكە باشلىدىم. ئۇنداق دېسەم بەزىلەر «ئەرەب تىلى قۇرئان تىلى تۇرسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ تىل بارمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. بىراق مەن ھەممە تىلنىڭ پەزىلەت جەھەتتە ھەمتەڭ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، تەۋرات ۋە زەبۇر نازىل بولغان ئىبرانىيچەنى، ئىنجىل نازىل بولغان ئارامىيچەنى قايسى ئورۇنغا قويىمىز؟ ئىشقىلىپ، ماڭا نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلى ئىبرانىيچە، ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، خىتايچە تىللاردىن قەدىرلىك.

مەن كەمىنە يىللارچە ئەرەبچىدىكى «بخيل» سۆزىنى مەيلى قۇرئاندا، مەيلى ھەدىس تېكىستلىرىدا بولسۇن، «بېخىل، پىخسىق» دەپ تەرجىمە بېرىپ كەلگەن ئىدىم. بىراق ئۇيغۇر تىلىدا «پىخسىق» بىلەن «بېخىل» نىڭمۇ پەرقى بارلىقىنى يېقىندا بىلدىم ۋە «بەزى جەھەتتە ئۇيغۇر تىلى ئەرەبچىدىنمۇ باي ئىكەن» دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. مەسىلەن: بېخىل ۋە ئۇنىڭ مەنىداش سۆز(سىنونىم)لىرى مۇنداق ئىكەن:

بېخىل — باشقىلارغا، ئۇيغۇر دەۋاسىغا، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا، ئۇيغۇر كىملىكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن پىلانلانغان پروجە ـ لايىھەلەرگە،

ئاناتىل مەكتەپلىرىگە، ئۇيغۇر مەسچىتلىرىگە ياكى بىرەر كىمگە بىرەر نەرسە بېرىشنى، سەرپ قىلىشنى خالىمايدىغان كىشىگە ئىشلىتىدىكەن ۋە سىنونىملىرى (مەنىداش سۆزلىرى) مۇنداق ئىكەن: (1) ئالىقىنىنى يالايدىغان، (2) پىتپاڭزا، (3) پېتى، (4) پىششىق، (5) تاشتىن ياغ چىقىرىدىغان، (6) تۆمۈر خوراز، (7) چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان، (8) چىڭگىز، (9) خەسىس، (10) داستىخىنى يوق، (11) سىقىپ سۈيىنى يالايدىغان، (12) سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان، (13) قاتتىق، (14) قىرىسىق، (15) كۇنىنۇس، (16) كۆزى كىچىك، (17) كىشىگە نەپ بەرمەيدىغان، (18) مومسىق، (19) ئۈزۈت، (20) يۇندىسىنى ئىتقا كۆرسەتمەيدىغان.

«پىخسىق» كەلىمىسى بولسا، پۇلنى ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئىشلەتمەي بۇسۇرۇپ ياتىدىغان خىسلەتتىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدىكەن

# ئۇيغۇرچە كىتابلىرىمىز پىت بازىرىغا چۈشۈپ قالمىغاي!

ئاڭلاشلارغا قارىغانىدا، ئۆزى چەت ئەلدە چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىپ، 1980 ـ يىللاردا بىر قىسىم دىنى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، مۇھاجىرەتتىكى 1 ـ ئەۋلات ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ـ ستۇدېنتلارغا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىن ئۇزۇن يىل ئوقۇش پۇلى ھەل قىلىش، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان فوندى خادىملىرىنىڭ مائاشىنى قامداش ئىشلىرىدا مۇھىم تۆھپىلىرى بولغان ۋەتەنپەرۋەر زات — ئۇستاز رەھمەتۇللا ئىنايەتۇللا يېشىنىڭ بىريەرگە بېرىپ قالغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، قولىدىكى نەچچە مىڭ پارچە كىتاۋىنى ئەزىز ئۇيغۇر مىللىتىگە سوۋغا قىلىۋەتكەن ئىكەن. يېقىندا ئۇ كىتابلار ئىستانبۇلنىڭ ئۇيغۇر مەھەللىسى — (Uyghur Town) سەفاكۆيدىكى مەخسۇس بىر كۇتۇپخانىدا كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدىكەن.

«ئالتۇننىڭ قىممىتىنى زەرگەر بىلىدۇ» دەيدىغان بىر ئىدىئوم بار. بىز ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان (زۇمرەت داۋۇت خانىم ئامېرىكا «پىت بازىرى» دا ئۈچرىتىپ قالغان) گېلەمنىڭ بەلكىم سىرلىق ھىكايىسى بولۇشى مۇمكىن. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مۇشۇ گېلەمنىڭ بېشىغا كېلىش ئېھتىماللىقى يوقىرى بولغان كىتاب توغرۇلۇق بىر گەپ قىلىپ بېرەي:

2021 ـ يىلى خىتاي ۋىرۇسى ئەمدى يېڭى تارقاپ، ئامېرىكىدىمۇ ئادەملەر ئۆيگە سولۇنۇپ قالغان ۋاقىتلار ئىدى. ئامېرىكىدا ياشايدىغان پىشقەدەم ئۇيغۇرلاردىن غۇلامىدىن پاختا ئاكىدىن ھال سوراپ تېلېفون ئۇرسام، ئۇ ئاكىمىز ئۇزۇن دەرت ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئاكىمىزنىڭ باشقا گەپلىرىمۇ ئېسىمدە بار، بىراق تۆۋەندىكى سۆزى پات ـ پات مېنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ: «يېشىم چوڭىيىپ قالدى، باللىرىمنىڭ دەۋا بىلەن ئانچە ئىشى يوق. مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مۇشۇ ئۆيۈمنىڭ تۆت تېمىدىكى كىتاب جازىلىرىغا تىزىلغان لىق ئۇيغۇرچە كىتابلارنى نيۇيورك شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىشى مۇمكىن».

بىز ساقلاۋاتقان ئۇيغۇرچە كىتابلىرىمىز ئاخىرى «پىت بازىرى» دىن ئورۇن ئالغۇچە، ئوقۇرمەنلەرگە ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا سوۋغا قىلىۋەتكەن ياخشىمىكىن؟!

مىللىتىمىز زىيالىيلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىسى خىتايچە كىتابلار بىلەن بەنت بولۇپ ئۇيغۇرچە كىتاب ئوقۇمىسا، موللىلىرىنىڭ خېلى زور بىر قىسمى ئەرەبچىنى «ئۇلۇغ تىل» دەپ تونۇۋېلىپ، ئۇيغۇرچە كىتابقا ئەھمىيەت بەرمىسە؟

# قۇرئان كەرىمنىڭ يېڭىچە تەرجىمىلىرى ھەققىدە ئىككى كەلىمە

مۇھەممەد يۈسۈپ ئۇستاز ئىشلىگەن ۋە بىر قىسىم ئۆلىمالار كۆزدىن كەچۈرگەن قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىش ۋە تەبرىكلەش ئويۇم بار ئىدى، كېچىكىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە ئىككى ئېغىز كالام قىلىپ قويۇشنى توغرا تاپتىم.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرى مەيلى ئاغزاكى، مەيلى يېزىق شەكلىدە بولسۇن، ھەر دەۋردە ئۈزۈلمەي ئىشلىنىپ، مۇھاكىمە ۋە مۇتالىئە قىلىنىپ كېلىۋاتقىلى 1444 يىلدىن ئاشتى. قۇرئان كەرىم ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيي بولۇش بىلەن بىرگە پەلسەپىۋى، چوڭقۇر مەنىلىك ۋە پاساھەت-بالاغەتتە مۆجىزە ياراتقان ئىلاھى كالام بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەرەبلەرگىمۇ ئەرەب تىلىدا شەرھلىنىپ تۇرىدۇ، ئەرەبچە تەپسىر ۋە ئىزاھاتلارمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن تۈزۈلىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر سەۋەبلىك قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ لىتېرال —سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىسىدىن بەكرەك قاراتمىلىقى، مەركىزى ئىدىيىسى چىقىش قىلىنىپ، ھەردەۋردە ئىزاھلىنىپ تۇرىدۇ.

بەزى مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇرۇن نۇرغۇن تەرجىمىلەر ئىشلەنگەن، ئۆزۈنغا سۇزۇلغان ئاسارەت ھاياتىمىزدا مەزكۇر تەرجىمە ۋە تەپسىرلەر بېسىلغان بولسىمۇ، ناھايىتى چەكلىك ساندا بېسىلغان بولغاچقا كەڭ تارقىلالمىغان ۋە قولىيازما پېتى نابۇت بولۇپ كەتكەن ياكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ھەتتا شۇ دەۋردە ئۆزىنى ئىسلامنىڭ بىردىن-بىر ۋەكىلى دەپ قارايدىغان ساۋاتسىز، ئاڭسىز، قالاق بىر قىسىم دىنى ئەرباپلار قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇنىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئاددى تىلدا يەتكۈزۈلگەندە، جامائەتنىڭ سەۋىيەسى ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيەسىدىن ئېشىپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى خىرستىيانلارمۇ ئىنجىلنى پەقەت لاتىنچە تىلدا ئوقۇپ، ماناستىرلاردا يادىلىۋالغانىنى تەكرارلاشتىن ھالقىيالمايدىغان،

دۇئانى لاتىنچە تىلدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەشمىسىنى پوپلارلا ئېغىزاكى تەپسىر قىلاتتىكەن، كەڭ خەلق ئاممىسى ھەر ئىشنى پوپلارنىڭ پەتىۋاسى بويىچە قىلىدىغان، ھەتتا پوپ جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى تارقىتىدىغان، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسى تەشەببۇسى بولغان «شەكىلگە ئەمەس، ماھىيەتكە ئۇنىۋېرسال قارا» چاقىرىقى بارا-بارا خىرەلىشىپ، روھىيەت-مەنىۋىيەتكە، مائارىپ ۋە ئىلىم-پەنگە ئەمەس، بەلكى ھەشەمەتلىك چىركاۋغا مەبلەغ سالسا، شۇنىڭ كارامىتى بىلەنلا ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپ كەتكىلى بولىدىغان ناھايىتىمۇ چاكىنا ئاڭ-ئىدىيەلەر ئەۋج ئالغان. مەزھەب غەۋغالىرى بىلەن بىر-بىرلىرىنى كاپىرغا چىقىرىپ، كاتولىك ئورتادوكس (پىرسلاۋىيان) نى، ئورتادوكس كاتولىكنى «كاپىر» دەپ قارايدىغان، ئاجايىپ زۇلمەتلىك دەۋرلەر بولغان ئىكەن. كۆنىمىزدىكى شىئە ۋە سۈننىلەرنىڭ بىر-بىرىنى كاپىر دېيىشلىرىگە، ھەتتا ھىزبىيلارنىڭ بىر-بىرىنى كاپىرغا چىقىرىپ، قېنىنى تۆكۈشنى ھالال ھېساپلاشلار ئۇلار سەل شۇلارغا ئوخشاپ كېتەمدۇ قانداق - ھە؟

16-ئەسىرگە كەلگەندە گېرمانىيەلىك مارتىن لۇتېر ئىسىملىك بىر ئىلاھىيەتچى تۇنجى بولۇپ ئىنجىلنى گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، ھەممە پوپلار بىر تۇتاش پەتىۋا چىقىرىپ: «ئىنجىلنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىق، بۇ قانداق بىمەنىلىك؟ بۇ زىندىق-كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك» دەپ چوقان كۆتۈرۈشكەن بولسىمۇ، كېيىن بۇ ئىشلارمۇ بېسىققان ئىكەن. دېمەك، قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىمۇ ئەھلى ئىسلامغا يېڭى ئۇپۇقلارنى ئېچىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، ختاي زىندانىدا قىيناپ، ئازابلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن شېھىت مۇھەممەد سالىھ داموللام 1980-يىللىرىدىكى ختاينىڭ ئىسلام دۇنياسىغا شىرىن كۆرۈنۈش سىياسىتى تۈرتكىسىدە تەرجىمە قىلىش رۇخسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلىگەندە سىياسى كېڭەشنىڭ ئەلگىكىدىن تاسقىلىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاخىرى بېسىپ تارقىتىلغان ئىدى. شۇ چاغدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ نوپۇزىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغانلىقىدەك سەۋەبلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قارشى چىقىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ تەرجىمە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ

تەرجىمىنىڭ بەزى جايلىرىدىن بىئارام بولغان خىتاي ھۆكۈمىتى 2012- يىلى بىر تۈركۈم قىزىل موللىلىرنى تەشكىللەپ قايتا ئىشلىگەندىمۇ يەنە غۇلغۇلا بولغان - يۇ، ھېچكىم يۈرەكلىك ھالدا بەزى خاتالىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۆزىنى تارتقان. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆز قولى بىلەن بېسىپ تارقاتقان قۇرئان كەرىم تەرجىملىرىنىڭ بارلىق نۇسخىلىرىنى يىغىۋېلىپ كۆيدۈرىۋېتىشكە باشلىغان.

1933- يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان زىرىق قارىھاجىمنىڭ تەپسىرى بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئاران مۇھاجىرەتتە يورۇق كۆرگەن ئىدى. ئارقىدىن ئۇستاز ئەنەس ئالىم ئىشلىگەن «قۇرئان كەرىمنىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسى» دىن كېيىن ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ تەرجىمىسىمۇ يورۇق كۆرگەن بولدى. شۇدەمدە تور يۈزىدە سىناق نۇسخىسى تارقىتىلغان ۋە يېقىن كېلەچەكتە باسما نۇسخىسى كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرغان قۇرئان كەرىمنىڭ مەنا تەرجىمىسىمۇ قۇرئان كەرىمنى دەۋرنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشتە چىغىر ئاچقۇسى! يېڭى مەنا تەرجىمنى www. quranikerim. net تور سۇپىسىدىن ئوقۇيالايسىلەر، ئەرەبچە تېكىستى بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، قۇرئان ئەرەبچەڭلارنى تەرەققى قىلدۇرالايسىلەر، ھەم شۇنداقلا نۇرغۇن ئايەتلەرنى باشقا نوقتىدىن چۈشىنىشتە يېڭى ئۇپۇقلارغا يەلكەن ئاچىسلەر.

# يەھۇدىيغا قارشى تۇرغان يەھۇدىلار

2023-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنى ئۆزۈن يىلدىن بۇيان نيۇيوركتا خىزمەت قىلىپ، شۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقان دوختۇر مەمەت ئىمىنكام بىزنى ئالدىن دېيىشكەن جاي بىريانت باغچىسىدا سائەت 10:30 دا كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بىز ئەسلى «دېيىشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇن بېرىپ بولىمىز» دەپ ئويلىغان بولساقمۇ، تۇنجى قېتىم نيۇيورك مېتروسىغا ئولتۇرۇشىمىز بولغاچقا، بروكلىندىكى بىز چۈشكەن مېھمانخانىدىن مېڭىپ مېتروغا چىقىدىغان بېكەتنى تېپىش، بېلەت سېتىۋېلىشتا سەل تېڭىرقاپ قېلىش دېگەندەك جەريانلار بىلەن يېڭىياچىلىقتا ۋاقىت سەل ئۇزىراپ كەتتى. ياخشى يېرى نيۇيورۇك مېترو كىرىشىدىكى بېلەت ئوقۇتۇش كۆزنىكىگە فىنلاندىيە بانكىسىدىن ئالغان بانكا كارتىمىزنى تەككۈزۈپلا ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەنمىز. بۇنىڭ بىلەن مېترو بېلەت كارتىسى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا پۇل قاچىلاش ئاۋارىگەرچىلىكى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ يېرىم سائەت كەچ بېرىپ قالدۇق، مەمەت ئىمىنكام بىزنى ساقلاپ تۇرغان بىريانت باغچىسىغا. غەربتە ۋاقىت ئۆلچىمى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، دېيىشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇن بېرىپ بولۇش غەربلىكلەردە ئومۇملاشقان ئەھۋال بولسىمۇ، بىز يەنە ماسلىشىپ بولالماپتۇق. گەرچە غەربتىكى ھەممە دۆلەتلەردە ياشايدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ نامايىشقىمۇ، توپىغىمۇ، ئورۇنلاشتۇرۇلغان لېكسىيەگىمۇ ئۇقتۇرۇش قىلىنغان ۋاقىتتىن يېرىم سائەت، ھەتتا بىر سائەت كېيىن كېلىدىغان بىر مىجەزى بولىدىغان، بىزمۇ بۇ قېتىم، ئەپسۇس، شۇنداق قىلدۇق. 2018-يىلى 11-ئايدا شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھرىدىكى خىتايغا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارالىق بىر نامايىشتا دىدارلىشىپ، بىرنەچچە سائەت بىللە شەھەر ئايلىنىپ ئۇلپەتلەشكەن مەمەت ئىمىنكام بىلەن ئىككىنچى قېتىم نيۇيوركتا ئۇچرىشىشىمىز ئىدى. مەمەت ئىمىنكام بىزنى ۋول ستىرېت كوچىسىدىكى دونالد ترامپ بىناسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىۋاتقاندا، يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك يەھۇدىي يۈرۈشى باشلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق ۋە نيۇيوركتىكى ئالما مەھسۇلاتلىرى ساتىدىغان ئەڭ چوڭ ماگىزىننىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ توختىدۇق. يولنىڭ قارشى تەرىپىدە پەلەستىنلىك ئەرەبلەر ۋە ئۈستىگە

ئـۇزۇن چاپـان، بېشـىغا قـارا شـلەپە كىيىۋالغـان بىرنەچچـە ئورتادوكـس يەھـۇدى جامائىتىمـۇ ئىسـرائىلىيەنىڭ پەلەسـتىنلىكلەرگە قارىتـا ئېلىـپ بېرىۋاتقـان قىلمىشـلىرىغا قارشـى ئىكەنلىكىنـى نامايەن قىلغـان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ، پەلەسـتىنلىكلەرنىڭ سـېپىدە تۇرۇپ يەھۇدىلارغا قارشـى نامايىشـقا چىققـان ئىكـەن. بۇلارنـى كـۆرۈپ تۇيـۇقسىز بىـر يەھـۇدى قەھرىمـان قىزنىـڭ ھېكايىسـى ئېسـىمگە كېلىـپ قالـدى. 2003 ـ يىلـى 16 ـ مارتتـا غـەززە كورىدورىنىـڭ جەنۇبىدىكـى رېفاھ كەنتىـدە ئىسرائىلىيە ئەسـكەرلىرى پەلەسـتىنلىك يەرلىـك ئەرەبلەرنىـڭ ئۆيلىرىنـى چېقىـپ، يېڭـى يەھـۇدى مەھەللىسـى بەرپـا قىلىـش ئۈچـۈن بىرونىـك ماشـىنىلار بىلـەن ئۆيلەرنـى يىقىتىشقا باشلىغاندا، بۇ قىلمىشقا قارشـى ئورنىدىـن دەس تۇرغـان راچېل قولىغا مىكروپونىنـى ئېلىـپ «زۇلـۇم بىزدىـن بولسا، مەن بىزدىـن ئەمەس» دېگـەن مەشـھۇر سـۆزىنى جاراڭلىتىـپ، ئىسرائىلىيە ئەسـكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشـقا ئۇرۇنغانـدا، ئىسـرائىلىيە ئەسـكەرلىرى ئـۇ قىزنـى بىرونېۋىكنىـڭ ئاسـتىدا يەنجىـپ ئۆلتۈرۈۋەتكـەن ئىـدى. مېنىـڭ بىلىشـىمچە، خىتـاي فاشىسـتلىرىنىڭ قەشـقەر كونـا شـەھەرنى چېقىـپ، خىتـاي مەھەللىسـى قۇرۇشـقا تەمشـەلگەن ۋاقىـتلاردا بىـرەر خىتـاي چىقىـپ، مۇشـۇ راچېلـدەك مەيدانىنى ئىپادىلەپ باقمىدى.

شـۇنداق قىلىـپ بىـز يولنىـڭ بىرچېتىـدە تـۇرۇپ، يەھـۇدى يۈرۈشـىگە شاھىت بولدۇق. كۆڭلىمىز پەلەسـتىنلىكلەردە بولسـىمۇ، رەسـىم ۋە ۋىدېئوغا ئېلىـش ۋەجىدىـن ئۇلارنىـڭ ئۇدۇلىدىكـى يولنىـڭ بويىـدا تۇرغـان ئىـدۇق. ئارىـدا بىـر يەھـۇدى كېلىـپ مەمـەت ئىمىنكامدىن: «سـىز يەھۇدىمۇ؟» دەپ سورىغان بولدى.

يەھـۇدى يۈرۈشـى ناھايىتـى كۆركـەم ئۇيۇشـتۇرۇلغان بولـۇپ، نىيويـورك شـەھەرلىك ھۆكۈمەتنىـڭ رەسـمى ئورگانلىرىنىـڭ خادىملىـرى، ئـوت ئۆچـۈرۈش ماشىنىسـىدىن تارتىـپ نۇرغـۇن يەرلىـك ھۆكۈمـەت ماشـىنىلىرى، يەھـۇدى ئوقۇغۇچـىلار ئۇيۇشـمىلىرى، دۇنيـا يەھـۇدى قۇرۇلتىيـى... دېگەنـدەك بـەك كـۆپ تەشـكىلاتلارنىڭ زولۇنكىلىـرى كۆتۈرۈلگـەن ھالـدا ئاللاھـەزەل بىـرەر سـائەتتەك دەۋاملاشـقان يـۈرۈش بولـدى. بىـز بۇرۇنـراق كېتىپ قالدۇق.

بىـز چۈشـكەن مېھمانخانىنىـڭ يېقىـن ئەتراپىدىكـى بىـر مەھەللـە بىروكلىنىدىكـى سـاپ يەھـۇدى مەھەللىسـى بولـۇپ، ھـەر ماڭدامـدا بېشـىغا

قارا شىلەپە كىيىۋالغان، ئۇزۇن چاچلىق ۋە قارا يەكتەكلىك، قۇلاق تۈۋىگە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان پۇپۇك چاچلىق، ئۇزۇن ساقاللىق كىشىلەر، ماشىنا يولىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ تەۋرات ئوقۇپ كېتىۋاتقان خۇداگۈي مۇسەۋىلەر، بېلەكلىرى ۋە ساغرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان كەڭرەك مەكتەپ فورمىسى كىيىۋالغان يەھۇدى ئوقۇغۇچىلار ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرە ماڭا گويا ئىستانبۇلنىڭ پاتىھ ناھىيەسىگە قاراشلىق چارشەنبە مەھەللىسىدىكى جۈببەلى ئەھمەت جامائىتىنى ئەسلەتتى. بۇنداق دىسەم ئاچچىقىڭلار كەلمىسۇن، بۇ پەقەت دىنى پۇرىقى كۈچلۈك بولغان ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلەرنى ساقلاپ قېلىشتىكى شەكىلگە قارىتا ئوخشۇتۇش. مەن ئەينى چاغدا يېزىمىزدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ھەپتە ئاخىرى مەھەللىمىزدىكى بىر ئۆلىمانىڭ ئۆيىگە ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن بېرىشقا بەك ئامراق ئىدىم. مېنىڭ شۇ چاغلاردا ئۇچامدىن ئۇزۇن يەكتەك، بېشىمدىن تەلپەك، قولتۇقۇمدىن دىنى كىتاب چۈشمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھىس-تۇيغۇلىرىنى بىر ئاز چۈشىنىمەن. ئاتېئىستقا قارىغاندا يىگانە ئاللاھنى «يەھۋا» دەيدىغان ئاشۇ كىشىلەرمۇ ماڭا ئىسسىق بىلىنىدۇ. يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياكى دوقمۇشلاردا توختۇتۇپ قويۇلغان، ئامېرىكىنىڭ كونا كىنولىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان، ئوخشاش بىرخىل سېرىق رەڭدە سىرلاغلىق ئوقۇغۇچى توشۇش ماشىنىلىرىنىڭ يان تەرەپلىرىگە ئىبرانىيچە خەتلەر يېزىلغان بولۇپ، ئىبرانىيلارنىڭ خۇسۇسى مەكتەپلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان ماشىنىلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

مەلۇم بولۇشىچە، 19- ئەسىرنىڭ بېشىدا نىيويوركنىڭ ئۆزىدە ياشايدىغان 6 مىڭ ئەتراپىدىكى يەھۇدى نوپۇسى 1830- يىللىرى گېرمانىيەدىن كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان زور تۈركۈمدىكى يەھۇدىلار بىلەن زورايغان بولۇپ، بەزى مەنبەلەرنىڭ قەيت قىلىشىچە، كۈنىمىزدە پۈتۈن ئامېرىكا مىقياسىدىكى يەھۇدى نوپۇسى تەخمىنەن 5 مىليون ئەتراپىدا ئىكەن. ئىسرائىلىيەدىن قالسىلا دۇنيادا ئەڭ كۆپ يەھۇدى ئامېرىكىدا ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ سىياسەت، مائارىپ، ئىقتىسات، مېديا ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن. يەھۇدىلارئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان ۋە دۇنيانىڭ تىجارىي مەركىزىنى ھاسىل قىلىپ، كۆك يۈزىگە تاقاشقۇدەك بىنالارنىڭ قەد كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان يەھۇدى بۇرجۇئاسى دەل مانھاتتاندا ئىمىش. مەن

مانهاتتاندىكى مەشهۇر ۋولستىرېت كوچىسىدا ئورۇن ئالغان زەگەرلەر بازىرىنى ئايلىنىپ چىقتىم. ھېلىھەم ئالماس، ئالتۇن-كۈمۈش، ھەر خىل زىبۇ-زىننەت دۇكانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا بېشىغا كىچىككىنە شاپاق دوپپا كىيىۋالغان يەھۇدى پىركازچىكلارنىڭ خېرىدار ساقلاۋاتقىنىغا شاھىت بولدۇم. دۇكان ئەينەكلىرىنىڭ ئېگىز يېرىگە تەۋرات ئېسىۋالغانلىقىمۇ كۆزۈمگە چېلىقتى.

# نيويوركتا قويمچى تاكسچىغا يولۇققتۇم

بىز نيويوركقا قونغاندا ئامېرىكا ۋاقتى كەچ سائەت 11:00 دىن سەل ھالقىغان ئىدى. نيويورك كېنىدى ئايرودرومىدىن بىروكلىن رايونىدىكى نەچچە ئاي بۇرۇن زاكاس قىلىپ قويغان مېھمانخانىغا بېرىش ئۈچۈن مېتروغا بار ئىكەن. مېترو 24 سائەت قاتنايدىغان بولسىمۇ، بىز تۈنجى كەلگەن بۇ شەھەردە، بۇنداق يېرىم كېچىدە بىرەر دىششۋارچىلىققا يولۇقمايلى دەپ تاكسى تۇتقان ئىدۇق. ئالدىنئالا سۈرۈشتۈرسەك، 25 كىلومېتىرلىق بۇ يولغا تاكسى ياكى ئۇبەر ھەققىنىڭ 50 بىلەن 90 دوللار ئەتراپىدا چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدۇق. ئايرودرومدىن چىقماستىنلا بىر كىشى ئالدىمىزغا كېلىپ: «تاكسى لازىممۇ؟» دەپ سورىدى. بىزمۇ «تاكسى بار جاينى كۆرسىتىپ قويىدىغان خادىم ئوخشايدۇ» دەپ كەينىگە ئەگىشىپ سىرتقا چىقساق، بىرتاكسىنىڭ يېنىغا بېرىپلا ئىشىكنى ئېچىپ «مەرھەمەت» دېدى. بىزمۇ تەرەددۇت قىلمايلا دەرھال مېھمانخانىنىڭ ئادرېسىنى كۆرسىتىپ، مۈشۈ يەرگە بارماقچى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ شۇھامان ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭغان بولسىمۇ، تاكسى ئىچىدە ھېچ تاكسىمېتىرنى كۆرەلمىدىم. ئۇ تاكسىچى خۇددى ئوتتۇرا شەرقتىكى قۇۋ تاكسىچىلاردەك تاغدىن-باغدىن سۇئال سوراپ، سىياسەت ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەندە «بۇ گۇي بىر قويمىچى چىقىپ قالمىغىيدى!؟» دېگەن ئەندىشە تۇغۇلۇپ، بەك پاراڭغا كىرىپ كەتمىدىم. ئۆزىنى مېكسىكىلىق دەپ تونۇشتۇرغان بۇ تاكسىچى مەندىن «سىز قەيەرلىك؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئېنگلىزچە تەلەپپۇزى بەئەينى ھىندىستانلىققا ئوخشايتى. ئارىدا بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىستۇرۇپ قويۇپ، بىروكلىن كۆۋرۈكىنىڭ مەنزىرىسىگە گەپنى بۇراپ قويدۇم. بىر ھازادىن كېيىن مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇق. ئۇ تاكسىنى توختاتقاندىن كېيىن خوتۇنىڭ يېنىدىكى بىرتېلفوننى ئېچىپلام، 147 دوللار پۇل چىققانلىقىنى ئېيتتى.

— بىراز چۈشۈرۈپ بەرمەمسەن، بۇ نورمال باھا ئەمەس. - دېسەم:

— شىركەتنىڭ باھاسى مۇشۇنداق. - دېگىنىچە، تاقشىپلا

تۇرىۋالدى. كارت بىلەن تۆلىشىمگە تېخى ئۇنىمايدۇ. ئاخىرى 145 ياۋروغا كېلىشكەن بولدۇق. گەرچە ساياھەت رايۇنىدىكى تاكسىچىلارنىڭ مۇشۇنداق قويمىچىلىرىنى تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندەك دۆلەتلەردە ئۇچرىتىش ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، تۈركچە ئىپادە بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا غەرب جەمئىيىتىدە «شەرق قۇرنازلىرى» نى ئۇچرىتىشىم بىر يېڭىلىق بولدى. غەربتە تىجارەت سىستېمىلاشقان بولۇپ، قويمىچىلىق ۋە ئالدامچىلىقنىڭ يوچۇقلىرى بەك ئاز بولسىمۇ، ئارىدا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغىمۇ يولۇقىدىكەنمىز.

بىروكىلىندىكى بىز چۈشكەن بۇ مېھمانخانا بىز توردا زاكاس قىلغىنىمىزدا كۆرگەنىدەك پاك-پاكىزە ۋە ئازادە چىقتى. بىز تەلەپ قىلمىساقمۇ ھەركۈنى سۈپۈرۈلۈپ، يوتقان-كۆرپىلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرۇلدى. مېھمان كۈتۈشتىن ئايرىلغان كۈنىمىزدىمۇ ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىپ، مىننەتتارلىق بىلەن ئايرىلدۇق.

# نيويورۇكقا تۇنجى كېلىشىمدە يولۇققانلىرىم

مەن ۋە ئايالىم تۇرسۇنگۈل ئىككىمىز 2023- يىلى 3- ئىيۇل كۈنى ئىسكاندىناۋىيە ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ خېلسىنكىدىن نىيويوركقا قاراپ يولغا چىقتۇق. دانىيەنىڭ كوپېنھاگېن شەھىرىگە يېتىپ بېرىشىمىز 45 مىنۇت دەۋاملاشتى. يەنە بىر ئايروپىلانغا ئالمىشىش ئۈچۈن ئارىدا11 سائەت توختايدىغان بولغاچقا، دانىيەدىن شۋېتسىيەگە قاتنايدىغان پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۇدۇللا شۋېتسىيەنىڭ لۇند شەھىرىگە باردۇق، بۇ ئۇزۇن سەپەر ئەسناسىدا ئۇ يەردە ياشاۋاتقان قېيىن ئاكام قەيسەر ئابدۇرۇسۇلنى يوقلاش پۇرسىتىمىز تۇغۇلغان ئىدى. قەيسەركام بىزنى لۇند شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى پويىز ۋوگزالىدا كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغىنى بويىچە ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا زىخ كاۋاپ پۇشۇرۇپ يەپ، تاغدىن- باغدىن سۆزلەشكەچ بازار ئايلاندۇق، بىر- بىرىمىزگە تەييارلانغان سوۋغاتلارنى بېرىشتۇق. كەچتە بىزنى يەنە پويىز ئىستانزىسىغا ئاپىرىپ، دانىيەگە يولغا سېلىپ قويدى.

دانىيەنىڭ پايتەختى كوپېنھاگېندىن ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھىرى نىيوروركقا ماڭىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ كىرىش ئېغىزىدىن بۇرۇنقى كۈتۈش زالىغا بارغىنىمىزدا، ئادەتتىن تاشقىرى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئېغىزىدىن ئۆتىدىكەنمىز. فىنلاندىيە قاتارلىق ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەت پۇقرالىرىغا ئامېرىكا ۋە كانادا ۋىزا ئېلىش شەرتى قويمىغان بولسىمۇ، چېگرادىن كىرىشتىن ئەڭ ئاز دېگەندە 72 سائەت بۇرۇن تور ئارقىلىق بىلدۈرۈپ قويۇش شەرتى بار ئىكەن، بىز شۇنداق قىلغان بولساقمۇ، يەنە زالغا كىرىش ئېغىزىدىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش خادىمى ناھايىتىمۇ سىلىق- سىپايىلىك بىلەن «ئامېرىكىغا نېمىشقا بارىدىغانلىقىمىز، يېنىمىزدىكى سومكىغا ناتونۇش بىرىنىڭ بىرەر نەرسە سېلىپ قويمىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز...» قاتارلىق بىخەتەرلىككە ياتىدىغان سوئاللارنى سوراپ، «نو» ياكى «يەس» جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن ئىچىگە مەرھەمەت قىلىدىكەن. بىز ئۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولۇپ، كۈتۈپ تۇرۇش زالىغا كىرگەندىن كېيىن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا دىققەت قىلدىم ۋە ھەممە ئادەمدىن ئوخشاش سوئاللارنى سوراۋاتقىنىغا شاھىت

بولـدۇم. ھەتتـا بىرنەچچـە ياۋروپالىقنىـڭ قـول كومپيۇتېرىنـى ئەكىرىـپ كېتىـپ، ئىچىنـى ئېچىـپ تەكشۈرۈپ، قايتـۇرۇپ بـەردى. زادى ئامېرىكىنىـڭ ئېستا ۋەزىرىـگە ئىلتىمـاس سـۇنىدىغان چاغـدا 2011 ـ يىلدىـن بۇيـان ئافغانىسـتان، ئىـراق، ئىـران، سـۈرىيە ۋە سـومالىي قاتارلىـق دۆلەتلەرگـە دىپلوماتىـك سـاياھەتتىن باشـقا ھەرقانـداق تـۈردە سـاياھەت قىلمىغـان بولـۇش شـەرتى بـار ئىـدى. مـەن يېقىنـدا بىـر ئافغانىستانلىق تونۇشۇمدىن «ئەنگلىيە پۇقراسـى بىـر ئافغانىسـتانلىقنىڭ ئامېرىـكا ئېستا ۋەزىرىـى ئالغان بولسـىمۇ، نيۇيـورۇك ئايرودرومىغـا قونغانـدا ئامېرىـكا چېگـرا خادىملىـرى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا كىرىشـكە رۇخسـەت قىلىنماي، قايتۇرىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

كوپېنھاگېـن ئايرودرومىـدا نورمـال ئۇچـۇش ۋاقتـى 19:30 دىـن، ئالاھـەزەل، بىـر يېرىـم سائەت كېچىكىـپ ئايروپىلانغا ئولتۇرغـان بولساقمۇ، ئايروپـىلان قوزغالمـاي، ئايروپـىلان ئىچىـدە يەنـە بىـرەر سائەتتەك كۈتـۈپ، «كېلىدىغـان يولچـى بـار ئىـدى...» دېگەنـدەك ئۇقتـۇرۇشلار پات ـ پـات قىلىنىـپ تـۇرۇپ، بىزنـى بـەكلا تىت ـ تىـت قىلىۋەتتـى. بـۇ مېنىـڭ ھاياتىمدىكـى ئايروپـىلان سـەپەرلىرىمدە يولۇققـان پەۋقۇلئـاددە ئـۇزاق كېچىكىـپ ئۇچـۇش ئىـدى. شـۇنداق چـوڭ ھەجىملىـك ۋە نەچچـە يـۈز يولۇچـى ئولتۇرغـان بـۇ ئايروپىلاننىـڭ بۇنـداق ئـۇزۇن ۋاقىـت كېچىكىشـىگە ھېچكىممـۇ ئېتىـراز بىلدۈرمەيۋاتاتتـى. ئىچىمـدە «نـەدە قالـدى بـۇ دېموكراتىيە؟» دېگەن تەشۋىشلەر ئۇلغىيىۋاتاتتى.

شـۇنداق قىلىـپ ئاخىـرى پۈتنـى ئـۇزۇنمـۇ سـوزغىلى بولمايدىغـان تـار ئورۇندۇقلـۇق بـۇ ئايروپـىلان بىلـەن خـۇددى كاتەككـە كىرىـپ قالغـان توخـۇدەك ھىس ـ تۇيغـۇدا ئۇچـۇپ، سـەككىز سائەتتىن كېيىـن نيۇيـورك ئايرودرومىغـا قونـدۇق. بـۇ بىزنىـڭ ئامېرىكىغـا تۇنجـى قېتىـم بېرىشـىمىز بولغاچقـا، ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە مـەن غـەرب دۆلەتلىرىنىـڭ خىتايغـا سـۇكۇت قىلىشـى، چىقارغـان قانۇنلىرىنىـڭ ئەمەلـى نەتىجىسـىنىڭ بولماسـلىقىدەك رېئـال سـەۋەبلەر تۈپەيلـى دونالـد ترامـپ ۋە جوبايدىنـدەك ئامېرىـكا رېزىدېنتلىرىنـى ئوچـۇق تەنقىـت قىلغـان يازمىلىرىـم ۋە ئايالىمنىـڭ بېشـىدا ياغلىـق بولغانلىقىـدەك سـەۋەبلەر تۈپەيلـى سـەل ئەندىشـە ئىچىـدە ئىدىـم. نيويـورك جـون كېنىدېـي ئايرودرومىـمـۇ خـۇددى باشـقا دۆلەتلەردىكـى ئايرودروملارغـا ئوخشـاشلا، ئامېرىـكا پۇقرالىـرى ئۆتىدىغـان ئىشـىك بىلـەن باشـقا دۆلـەت پۇقرالىـرى ئۆتىدىغـان ئىشـىكلەرنى ئايرىـم كارىدورلارغـا

ئايرىغان ئىكەن. بىزمۇ شۇ بويىچە ئامېرىكىلىق ئەمەسلەر قاتارىدىكى كارىدوردا ئالاھەزەل 15 مىنۇت ئاتراپىدا كۈتكەندىن كېيىن، ئاخىرى نۆۋەت بىزگە كەلدى. بىزنى ئۆتكۈزىدىغان ئۈستەلدە ئەرەب چىراي، بۇدۇر چاچ بىر ساقچى ئولتۇراتتى. ئۇ بىزنى تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ، «نيۇيورك ۋە ۋاشىڭگتوندا قانچە كۈن تۇرىسىلەر؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى بىرىشىمىزگە، «مەرھەمەت» دەپلا ئۆتكۈزۈۋەتتى.

# غەربتىكى يېڭى خىرس ــ نەشكەشلىك

كۈنىمىزدە غەربتىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان يېڭى بىر خىرس — نەشكەشلىك، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە دىنسىزلىق دەپ يىغىنچاقلىساق ئانچە مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار. غەرب دۆلەتلىرىگە كېلىپ يامان يولغا كىرىپ قالغان، چېكىملىككە، كەيپ-ساپاغا ئۈگىنىپ قېلىپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇر ياشلارمۇ ئاز ئەمەس.

ۋەيران بولۇش پەقەت ئۆلۈپ كېتىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بىر مىللەتنىڭ ياشلىرىدا تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقى، دەۋرنىڭ يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتى، دۈشمىنىگە قارشى كۈرەش قىلىش روھى، جەڭگىۋارلىقى، ئادالەت ئېڭى... قاتارلىقلار زەئىپلىشىپ كەتسە، ئۇنداق ياشلار ئۆلمەي تۇرۇپ مۇردىغا ئايلانغان بولىدۇ. نەشە ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە كۈنۈپ قالغان ياشلاردا مەزكۇر خىسلەتلەر يوقالغان بولىدۇ. سىز بىرەر نەشىكەش ياكى خىروئىنخۇمار ياشنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئالدىغا چىقىپ ماڭالىغىنىنى ئۇچراتتىڭىزمۇ؟

بۇرۇن ياشلارنىڭ خىرىستىيان بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش بار ئىدى، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر خۇدالىق تەلىماتىغا زىت ھالدا «خۇدا ئۈچ» دېيىشنى ئاساسى ئىمان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن مەۋجۇت خىرىستىيانلىق ئەقىلگە سىغمايدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنى خىرىستىيان قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن يىل ھەپىلەشكەن بىر ئۇچۇم ئۇيغۇر خىرىستىيان مۇرتلىرىمۇ ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. شۇڭا ئاتالمىش ئۇيغۇر مىسسىيئونېرلارمۇ بۈگۈن خوتۇنى يەڭگۈشلەپ، ئۇ دۇنياغا، جەننەت-جەھەننەمگە ئىشەنمەيدىغانلىقنى رەسمى جاكارلاپ، دارۋىنچىلىق ئويۇنى ئويناۋاتماقتا. ئۇ دۇنياغا ئىشەنمەيدىغان بىر قوۋمنىڭ قانداق ھالغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى خىتاي جەمئىيىتى بىزگە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇغۇ!؟

ئاساسلىق گېپىمىزگە كەلسەك، نەشە ۋە كەيپ قىلىدىغان زەھەرلىك ماددىلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئىشسىزلىق ۋە

كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچسىزلىكتىن كېلىپ چىققان روھىي بېسىم ياشلارنى كەيپ-ساپاغا، ئەيش-ئىشرەتلىك رەڭلىك ھاياتقا سۆرەپ كىرىپ، ۋاقىتلىق ھۇزۇر ئاتا قىلماقتا.

شۇنداق قىلىپ، بوگۈنگىچە ئامېرىكىدا نەشە چېكىپ، كەيپ-ساپا قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئۇچىنچى ئۇيغۇر ياشنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان بولدۇق. ئامېرىكا ۋە كانادادىكى شەھەر مەركەزلىرىنى قاپلاپ كەتكەن نەشە پۇرىقى مېنىڭمۇ دىققىتىمنى تارتقان ئىدى. نەشىكەشلىك ۋە خىروئىنغا ئۈگىنىپ قېلىش ھادىسىسى شەرق ئەللىرىدىمۇ بار، بىراق غەرب ئەللىرىدىكىسى بىر قەدەر ئېغىردەك بىلىندى ماڭا.

ئۇيغۇر ياشلىرىنى مەزكۇر ئىللەتتىن ساقلاپ قالالايدىغان بىردىن-بىر ئامىلنى ھېچكىم كېسىپ ئېيتالىشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ، تەنتەربىيە ۋە ئۇيغۇر مەسچىتلىرىگە باغلانغان رىشتە، قۇرئان كەرىم...... قاتارلىقلارنى موھىم ئامىللاردىن دەپ ئېيتالىشىمىز مۇمكىن.

ئەركىن جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ دورىخانىلاردىن نەشە سېتىۋېلىش قانۇن بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بىر جەمئىيەتتە ياشلارنى قانداق قىلىپ قوغداپ قېلىش ھەر بىر ئۇيغۇرنى ئويلاندۇرىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. دىنسىزلىقنى كۆككە كۆتۈرىدىغان بىر ئۇچۇم كىشىلەرمۇ بۇ ئىللەتكە قارىتا چارە-تەدبىرنى ئويلاپ باقمىقى لازىم. غەرب ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىككىنچى كۈنمىڭ بولۇپ قالمىغاي!

# تۈرمدىكى ئۇستازىم توغرا دەپتىكەن

شەرقىي تۈركىستاندىكى 5 ـ 6 ياشلىق ۋاقتلىرىم بولسا كېرەك، خىتاي رېجىمىنىڭ شىددىتى خوتەن شەھەر ۋە ئەتراپىغا قارىغاندا مەن دۇنياغا كۆز ئاچقان قاراقورۇم تېغى ئېتەكلىرىدىكى يېزىمىزدا ناھايىتى يوقۇرى بېسىمدا دەۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتلار ئىكەنتۇق. يومشىچىك دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، بارلىق دۇنيا ـ ئۇقەتلىرى، يەر ـ زېمىن ۋە چارۋا قۇتانلىرى خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان بىر سۇلالىنىڭ تەۋەسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئېغىل بىلەن ئوتۇنلۇقلاردىن باشقا كىچىككىنە ئۈچ ئېغىرلىق ئۆيىمىز بولغان، ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلىك ھويلىدا ياشايتتۇق. دادام رەھمەتلىكنىڭ دەپ بېرىشىچە، چوڭ بوۋام پاشا بېگىمنىڭ ياپلاقلىرى، بەك كۆپ يەر ـ زېمىنلىرى ۋە ئىشلەمچىلىرى بار ئىكەنمىش. خىتاي رېجىمى بىلەن يۇرچىقى پەقەت پىششىمايدىغان دادام رەھمىتى پايانسىز كەتكەن ياپلاق ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. چۈشۈمدىكىدەك ئېسىمدە قېلىشىچە، بىرنەچچە قېتىم تاغدىكى ياپلاقلاردا گەمە ئۆيلەردە يېتىپ، چورۇق كىيىپ ياشايتتۇق ۋە ئۇ ئۆيلەرنى «سوۋۇق ئۆي» دەيتتۇق. بۆك ـ باراقسان ياپلاقلارنىڭ بىرقىسمى، بولۇپمۇ ئەڭ ئوتلاقلىق جايلىرى بىكتۇەن نامىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار ئەينى چاغدا «يەر ئىسلاھاتى» ۋە «ئىجارە كېمەيتىش» نامىدا ھەرىكەت قوزغاپ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىلغۇ ۋە ئوتلاقلىرىنى تارتىۋالغان ئىكەن. دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، خىتايلار بىزنىڭ يېزىغا 1952 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئاياق باسقاندا، يېزا خەلقى «خىتاي دېگەن قانداق مەخلۇقكەن» دەپ خۇددى ياۋايى ھايۋاناتلارنى سىنچىلاپ كۆرگەنگە ئوخشاش، ئەتراپىغا ئۇلىشىۋالغان ئىكەنتۇق. مەن ئەقلىمگە كەلسەم، زامان ـ زامان ئۇيغۇر چارۋىچىلار بىلەن خىتاي چارۋىچىلار ئوتتۇرىسىدا ياپلاق، سۇ تالىشىپ سۈركىلىش بولۇپ تۇراتتى ـ يۇ، ھەرزامان خىتايلار ھەقلىق چىقاتتى. يېزىمىزدا قەشقەر، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى تەرەپلەردىن سۈرگۈنگە ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر كادىرلارمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ خوتەن دېئالېكتىكىسىدىن سەل پەرقلىق سۆزلىشى ماڭا سەل غەلىتە بىلىنەتتى.

تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تېگى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىن بولغان بىر ئوقۇتقۇچىمىز بولىدىغان، بەئەينى دارۋىنغىلا ئوخشايدىغان، سېرىق تۈك. ئۇ بىزگە «ئاتېزىم» دەرسى بېرەتتى، بەرگەندىمۇ «خۇدايىمنى كىم كۆرۈپتىكەن» دەپ ئەزۋەيلەپ، دارۋىننىڭ «تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسى» نى چىن دىلىدىن ۋە يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئۆتەتتى. بىرقېتىم ئاشۇ دەرستە قارشى گەپ قىلىپ، ئوخشاش پارتىدىكى ساۋاقدىشىم بىلەن كۇسۇرلاشقانلىقىم ئۈچۈن قولىدىكى كىتابنى بېشىمغا ئاتقىنى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. كېيىن 1991-يىلى گۇمىغا چىقىپ مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا غەربى تۈركىستاندىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ئايلار ئىدى، ھازىر خىتاي تۈرمىسىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىم مۇناسىپ بولمايدىغان بىر ئۇستازىمىز شۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇكىلىرىم، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ناھايىتى ئېغىر، ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ ئاتېزىم تەربىيەسىدە چوڭ بولغان يېڭى بىر ئەۋلات ئۇيغۇر بىزنىڭ بېشىمىزنى ئاغرىتىدۇ. خىتايلار ئۇلارنىڭ ئىمانىنى بۇلغىۋەتتى. بىز ئۇزۇن يىل ئۇلارغا ئىمان-ئىسلامنى باشتىن ئاڭلىتىشقا توغرا كېلىدۇ...».

بۇ گەپنىڭ تېگىگە كېيىنكى يىللاردا يېتىۋاتىمەن. ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولۇش تۈگۈل، ھازىر بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ياكى يوقۇلۇپ كېتىشتەك خىرىسقا دۇچ كەلدۇق. ئاناتىلىمىز مائارىپتىن پۈتۈنلەي چەكلىنىۋېتىلدى، ئەھلى-ئىلىم ۋە زىيالىيلار قوشۇنىمىزنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرى نابۇت قىلىنىۋېتىلدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ھايات قېلىپ چەت ئەلگە چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ئاز بىرقىسىم زىيالىيلىرىمىز ئىچىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە خىتايدەك كولدۇرلاپ كىتاب يازىدىغانلار، ئىسلام دىنىي ئەھكاملىرىغا قارشى يازما يېزىپ، ۋاتساپ توپلىرىدا كاكىراپ ئاتېزىمچىلىق تەشەببۇسىنى بازارغا سالىدىغانلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاشۇ تۈرمىدىكى ئۇستازىمنىڭ يۇقىرىقى گېپىنى ئەسلەپ قالىمەن.

ئىسلامغا ۋە خۇداغا ئىشىنىش ئىنسانلارغا، جانلىقلارغا ۋە تەبىئەت ئالىمىگە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قاراشنى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، دۇرۇس ياشاشنى، ئاتا-ئانىغا ۋە قوۋم-قېرىنداشقا

سىلە-رەھىم قىلىشىنى، ھالال مېھنەت بىلەن جان بېقىشىنى، زۇلۇمغا قارشى دەس تۇرۇشىنى، ئادالەتنى ياقىلاشىنى، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۇرسا، مۇشۇ ئېتىقات بويىچە ياشاپ ھاياتىنى مەنالاندۇرۇشنىڭ كىمگە نېمە زىيىنى؟

# ۋەتەننى مۇستەملىكىچىگە تارتتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئىككى خىل شەرھى

بىزنىڭ جەمەت قىزىل خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ئەڭ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، پۇمشچىك، ھاللىق باي دېھقان دېگەندەك بەتنامىلار بىلەن بايلىقلىرى، يەر-زېمىنلىرى، تاغدىكى يايلاقلىرى مۇسادىرە قىلىنغان، سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز ھەر خىل بىۋاستە ناھەقچىلىكلەرگە توختىماي ئۇچراپ تۇرغان بولغاچقىمىكىن، مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى كادىرلىرى بىلەن پەقەت پۇرچىقى پىششىمايتتى. ھەتتا 1983-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى دېھقانلارغا چارۋامال ۋە يەر زېمىن بەرگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بىزنىڭ ئائىلىگە چارۋا مال تەقسىم قىلغاندا دادام رەھمەتلىك «ھۆكۈمەتنىڭ نەرسىسىنى ئالمايمەن» دەپ ئالغىلى ئۇنىمىغان ئىدى. مەن بۇنى چۈشەنمەي، ئېچىمدە دادامنى ئەيىبلىگەن بولسامۇ، ئەقلىمنى تاپقاندا دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەنگەن بولدۇم. بىزنىڭ ئۆيدە يۇرتىمىزنىڭ سەرخىللىرى بەزىدە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ «دالايلامانىڭ ھىندىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ۋە خىتايغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقى، ئۆركەش دۆلەتنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئارقىدىن خوڭكوڭ ئارقىلىق ئامېرىكىغا قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈچ توپلاپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىدىغانلىقى» دېگەندەك ۋەزنى ئېغىر پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى ئېسىمدە. مەن ئۇ چاغدا بۇنداق تېمىلارنى چۈشەنمەيتتىم، ھەم قىزىقمايتتىم.

كېيىن، كاللىسى سەل جايىدا ھەرقانداق ئۇيغۇر «نېمە ئۈچۈن بىز مۇستەملىكىگە چۈشۈپ، بۇ كۈنگە قالدۇق؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇپ، بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا قىزىققاندەك، مەنمۇ ئالاھەزەل 18 يېشىمدىن باشلاپ مۇشۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا تىرىشتىم.

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۇيغۇر دىنى ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ قانائەتچە «ئىسلامغا لايىقىدا ئەمەل قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە قالدۇق» دەپ شەرھىلەنسە، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بىزگە

ئۆگەتكىنى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا «ئىسلامغا يېپىشقانلىقىمىز، ھېچكىم بېرىپ-كېلىپمۇ باقمىغان ئۇ دۇنياغا ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە قالغان» ئىكەنمىز. مەن ئۇ دۇنياغا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىستلارنىڭ ھەر پىشكەللىكنى ئىسلامغا ئارتىپ قويىدىغان ساقايماس كېسىلىنى كەسكىن رەت قىلىش بىلەن بىرگە، بىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىپ قىلىشىمىزنى دىنغا باغلىغاندىن كۆرە، ۋەتەننى قوغدىيالمىغانلىقىمىزدىن، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كۆرۈشنى ئەڭ توغرا يەكۈن دەپ قارايمەن.

مەن بۇنىڭ جاۋابىنى ئىمان-ئېتىقاتلىق بىر مۆمىن بەندە سۈپىتىدە قۇرئان ۋە نەبەۋى سۈننەت پەنجىرىسىدىن ئىزدىگىنىمدە، سەۋەپ ۋە نەتىجە قانۇنىيىتى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى، مەيلى ئاللاھقا ئىشەنسۇن ياكى ئىشەنمىسۇن، كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ۋەتەننى دۈشمەندىن قوغداش يولىدا دەۋر روھىغا ماس قەدەمدە يول تۇتۇپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسە چوقۇم نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولدۇم.

ۋەتەننى مۇستەملىكىچىلەرگە تارتتۇرۇپ قويۇشنى ياكى ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشنى دىنغا باغلاش ئايىغى چىقمايدىغان تالاش-تارتىش دەپ قارايمەن. ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەنىڭ يەرلىك خەلقى ماۋرىلەر بىلەن ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ يەرلىك خەلقى ئىندىئانلارنىڭ يۇرتىنى تارتتۇرۇپ قويۇشتىن بۇرۇن قايسى دىنغا ئېتىقات قىلغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، بىز بىلەن ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولغان جەنۇبىي موڭغۇلىيە ۋە تىبەت خەلقىنىڭمۇ، ئىسلام بولمىسىمۇ، بۇددا دىنى بار ئىدى. ئۇلارمۇ بۇددا دىنىغا يېتەرلىك ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالدىمۇ ياكى بۇددا دىنىنى بۇرمىلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ دېگەن سۇئالنى ئۆزىمىزگە قويۇپ باقساق، بەلكىم بىر قەدەر قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. بولمىسا، دىنغا مايىللىرىمىز بىلەن سەكۇلەر ياكى دىنغا پەقەت مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ئايىغى چىقماس مۇنازىرىگە كىرىپ كېتىپ، مەسئۇلىيەتنى دىنغا ئەمەل قىلمىغانلىق ياكى دىنىنى بۇرمىلىغانلىققا، دىندا چىڭ تۇرىمەن دەپ تەركى دۇنيا بولۇپ كەتكەنلىككە ئارتىپ، بىر-بىرىمىزنى رەنجىتىپ ئۆتۈپ كېتىمىز.

ۋەتەن دىندارغىمۇ، دىنسىزغىمۇ كېرەك بولغاچقا، ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان

تەبىئى قانۇنىيەتكە كىم ئەمەل قىلغان بولسا، شۇ مۇستەقىل ياشايدىغان جاھانكەن. شۇڭلاشقا مەيلى ئۇ دۇنياغا ئىشىنىدىغىنىمىز بولسۇن، مەيلى يېرىم ئىشىنىپ ياكى ھېچ ئىشەنمەيدىغىنىمىز بولسۇن، بۇ كۆڭگە قىلىشىمىزدا ھەممىمىز ئورتاق گۇناھكار. بىر-بىرىمىزدىن قېلىشقۇچىلىكىمىز يوق. بىر-بىرىمىزگە چالما ئاتقۇچە، خىتايغا تاش ئاتايلى دوستلار.

# ئۆلىمانىڭ قىلمايدىغان ئىشى ۋە كېيىنىمۇ ئويلاش

ئۆلىمالارنىڭ، دىنى ساھەنىڭ قىلمايدىغان ئىشى شۇكى، مۇھاجىرەتتە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى يەرلىك سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ تەشۋىقاتچىسىغا ئايلىنىپ قالماسلىق.

بىر پىرقە چىقىپ ئۆزى تاغۇت دەپ بىلىدىغان پارتىيە ياكى پارتىيەلەرگە «بىلەت تاشلاش ھارام» دەپ چوقان كۆتۈرۈشى قانداق ئەيىبلىك ئىش بولغان بولسا، دەل، بۇنىڭ ئەكسىچە مەيداندا تۇرۇپلا قالماي، مەلۇم بىر سىياسى پارتىيەنىڭ تەشۋىقات ياچېيكىسىدەك پەتىۋا چىقىرىپ «XX پارتىيەگە بىلەت تاشلاش ۋاجىپ... خەلقئارا XX ئۆلىمالار بىرلەشمىسى بۇھەقتە پەتىۋا چىقىرىپتۇ...» دېگىلى تۇرسا، بۇمۇ تازا ئۆلىماغا ياراشمايدىغان قىلىق. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى خەتەرلىك. ئۆلىما ئۆزىنى بۇنداق ئەرزان ئىشلاردا پەرسۇدە قىلغىلى تۇرسا، بارا-بارا جامائەتكە قىلغان ۋەزىنىڭ تەسىرى ئۆز كۈچىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. ئەقىدە ۋە ئەخلاقىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى بولغان ئۆلىمالار كىمگە ياكى قايسى پارتىيەگە ئاۋاز بېرىشنى كونكىرتلاشتۇرۇۋالسا، بۇنىڭ زىيىنى ئېغىر.

مەسچىتكە سىياسەتنىڭ كىرمىگىنى ياخشى. بۇنداق دېگەنلىك سىياسەتتىن يىراق تۇرۇش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ھېكمەتلىك بولۇش، ھەركىم ئۆزساھەسىدىن چەتنىمەسلىك دېگەنلىك. ئىسلامنى سىياسەتكە خىزمەت قىلدۇرمەن دېمەي، سىياسەتنى ئىسلامغا خىزمەت قىلدۇرۇشقا كۈچىسە، ئاندىن ئۆلىماغا يارىشىدۇ.

# سايلامدىن كېيىنگىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويغان ياخشى

ئۇيغۇرلار نامىدىن لوبىيچىلىق قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ مەلۇم بىر سىياسىي پارتىيەگە ئۆزىنى يېقىن بىلىشى، بىز ئۇيغۇرلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مىننەتدار بولۇشى، ھەتتا ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق ھالدا كۆرۈشۈشى ئايرىم مەسىلە. بۇنىڭ تەنقىتلىگۈدەك يېرى يوق. ھەر كىم ياكى ھەر تەشكىلاتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس سىياسىي قىزىقىشى بولىدۇ. بىراق دېموكراتىك دۆلەتلەردە سايلام ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، سايلام ئارقىلىق تەختتىن چۈشىدىغان ئىش بولغاچقا، مەزكۇر پارتىيە تەختتىن چۈشۈپ كېتىپ قېلىپ، باشقا بىر پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ قېلىش ئېھتىماللىقىغىمۇ ئىدىيۋى تەييارلىق قىلىپ قويۇش ئەڭ ئاقىلانە ئىش.

«ماۋ خىتاي بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى» دەيدىغان قىزىل ناخشىغا يېقىن ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچى تۇرساق، بۇ پەقەتلا قاملاشمىغىنى. مېنىڭ بۇ گەپلىرىم كۆپ ساندىكى ھەمسەپەرلىرىمگە ياقماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، يۇقىرىدا مەن ئوتتۇرىغا قويغان نوقتىدىنمۇ ئويلاپ قويغان ياخشى. كېيىن «دېمىدى» دېمەڭلار دوستلۇرۇم. ئالمىلىرىمىزنى بىر سېۋەتكىلا ئەمەس، بىرنەچچە سېۋەتكە قويۇشنى ئۆگىنەيلى!

# مۇھەممەد تۇرسۇن ئۇيغۇرنىڭ ئىككى كىتاۋى

ئۇزۇن يىللىق ئۇلپەتدىشىم مۇھەممەد تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر ئەپەندىمنىڭ ئىككى كىتاۋى يېقىنقى يىللار ئىچىدە بىرنەچچە يىل ئارلىقتا نەشىر قىلىنغان ۋە قولۇمغا تېگىپ پايدىلانغان بولسامۇ، تەسىرات ماقالىسى يېزىپ ئىلھاملاندۇرۇش، ھېچبولمىسا مەزكۇر كىتابلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە يەنە بىر قېتىم سېلىپ قويۇش ئويۇم ھە ئەتە، مانا ئۆگۈن بىلەن رويابقا چىقماي كەلگەن ئىدى. ئاڭلىسام، سۇتۇقبۇغراخان كىتابخانىسىنىڭ تاقىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغانلىق خەۋىرىدىن كېيىن «كىتابلارنى ئەرزان باھادا سېتىپ تۈگىتىۋېتىش» پائالىيىتىدىكى كىتابلار تىزىملىكىدە مەزكۇر پائالىيەتچىمىزنىڭ «100 مەشھۇر ئۇيغۇر» ۋە «ۋەتەنسىزلىك — قەدىرسىزلىك كەچۈرمىشلىرىم» سەرلەۋھىلىك كىتابلىرىمۇ بار ئىكەن. دېمەككى، ئۇ كىتابلار ھېلىھەم سېتىلىپ بولالمىدى دېگەن گەپ. ئاپتور مەزكۇر كىتابلىرىنى ئۆلچەملىك ۋە ئەڭ سۈپەتلىك باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆتنە-يېرىم قىلىپ تۇرۇپ باستۇرغان بولسىمۇ، ئۇ كىتابلاردىن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، باستۇرۇشقا كەتكەن چىقىملىرىنىمۇ تىرىلدۈرەلمىگەنلىكى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلەرگە ئورتاق قىسمەت بولسا كېرەك.

ئاپتور ئىككى تومluq بىرىنچى كىتاۋى — «100 مەشھۇر ئۇيغۇر» دا، ئۇيغۇرلار ئىپتىخارلىنىدىغان، ئۈلگە ئالىدىغان داڭلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بىلەن بىللە مۇھىم ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇرغان بولسا، ئىككىنچى كىتاۋى — «ۋەتەنسىزلىك — قەدىرسىزلىك كەچۈرمىشلىرىم» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرىدە، ئانا يۇرتى شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ 1972- يىلىدىن باشلاپ 1997- يىلى ئۇيغۇر ئېلىدىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە 1997- يىلى 3- ئايدىن 2019- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چەت ئەللەردە، بولۇپمۇ تۈركىيەدە ياشاش جەريانىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆزى بىۋاستە دۇچ كەلگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ قەلەمگە ئالغان. كۈندىلىك تۇتۇپ ماڭغان خاتىرىلەر ئاساسىدا ئۆزى قانتاشقان بىرقىسىم

پائالىيەتلەرنىمۇ ئەسلىمە سۆپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلغان.

1997 - يىلى تۈركىيەگە كەلگەندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ھەم قەلەم ھەم ئەلەم كۆرۈشىدە ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيىتىنى تىكىپ قويۇپ كۆرەش قىلغان مۇھەممەد تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇرنى 2008 - يىلىدىكى بېيجىڭ ئولىمپىياتى ھارپىسىدا، خىتاينىڭ ئولىمپىك مەشئىلى ئىستانبۇل بوغاز كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ قولىدىن مەشئەلنى تارتىۋېلىپ دېگىزغا تاشلىۋېتىشقا ئۇرۇنۇشىنى ئاخباراتتىن ئوقۇپ، «ھەجەپ ئوت يۈرەك يىگىتكىنە!» دېگەن ئىدىم، ئىچىمدە. كېيىن ئۇ يىگىت ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدىكى بىر نامايىشتا كۆيدۈرمەيدىغان كىيىمنى كىيىۋېلىپ، ئۆزىگە ئوت قويۇش ئارقىلىق ئاخباراتنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بۇرۇماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەبلىك بەختكە قارشى بەدىنى ۋە يۈز كۆزى كۆيۈپ كېتىپ، ئايلارچە دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان ئىدى. مەن ئۇ چاغلاردا مەمەت تۇرسۇن ئەمەت ئەپەندىم بىلەن ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيتتىم. 2009 - يىلى 5 - ئىيۇلدا ئۈرۈمچى قەتلىئامى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇدىكى ئىستاسيون جامىيسىنىڭ ئەتراپىدا چاي ئىچىپ مۇڭدىشىدىغان بىرقانچە كىشىلىك گۇرۇپپا شەكىللىنىپ قالدى. ئۇلار مەمەت ئېلى دوختۇر، ئېزىز ئۇيغۇر، مەمەت تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر ۋە مەن پېقىر قاتارلىق يەنە باشقا بىرنەچچە كىشى ئىدى. بىركۈنى مۇھەممەد تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر ئەپەندىم ئاشۇ چاي ئىچىپ ۋەتەن-مىللەتنىڭ گېپى بولىدىغان يىغىلىشتا «بۇ قېتىم دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىرەر جانلىق ئىش قىلىشىمىز كېرەك» دەپ، پىلانىنىڭ يىپ ئۇچىنى چىقارغان بولسىمۇ، سورۇندىكىلەردىن ھېچكىم بۇ پىلانغا قوشۇلمىدى، مەندەك زوراۋانلىققا ياتىدىغان ئىشلارغا رايى بارمايدىغان توخۇ يۈرەك بىرىسى ئۈچۈن ئۇ پىلان تېخىمۇ قوبۇل كۆرۈلمەيتتى. ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتمىكىن، مۇھەممەد تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇرنىڭ ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا گرانات ئېتىپ، نەخمەيدانىدا تۇتۇلۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. بىراق بۇ خەۋەرنى تۈركىيەنىڭ ئانا ئېقىم مەركىزى تاراتقۇلىرى خەۋەر قىلغىلى ئۇنىمايۋاتاتتى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەرھۇم ئابدۇلھېكىم مەخسۇمكامغا تېلېفون ئۇرۇپ، ئەھۋالنى بىلدۈرسەم، مەخسۇمكامنىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ

كېتىپ، بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دېمىسىمۇ، بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى ھېچقانداق ئۇيغۇر تەشكىلاتى بۇنداق ئىشقا چېتىلىپ قالسا بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇرۇن بەزى ئىشلاردا بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەنقەرەدىكى خاقان ئاشىق ئىسىملىك بىر تۈرك ئادۋوكاتتىن بۇ ئىشقا پىدائىي ئادۋوكاتلىق قىلىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىپ، مەھكىمىلەردە مۇھەممەد تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر ئەپەندىمنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىشىنى قىلدى ۋە ئۈچ ئايدىن كېيىن مۇھەممەد تۇرسۇن ئەپەندىم قويۇپ بېرىلدى.

مەن شۇ ۋاقىتلاردىن بۇيان يېقىندىن تونۇغان مەزكۇر يازغۇچىمىز مۇھاجىرەت ھاياتىمدىكى مەن بىلىدىغان، يازغىنى بىلەن ئىش-ھەرىكىتى بىردەك، ئەڭ دادىل، ئەڭ ئىزچىل ۋەتەنپەرۋەرلەردىن بىرى. ئۇ نۇرغۇن قەلەمكەشلىرىمىزگە ئوخشاش ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمانلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى بىر قىسىم قۇسۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، قايتىدىن بازارغا سېلىپ، بۇ مىللەتنىڭ پسىخكىسىنى بۇزۇۋېتىش بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈۋاتقان، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ۋەتەننىڭ ئىسمىنى تالاش-تارتىش قىلىۋاتقانلاردىن پەرقلىق ھالدا ئىزچىل ئەجابىي تەرەپلەرنى يېزىپ، مۆتىدىل قەلەم تەۋرىتىۋاتقان نادىر قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ بىرىسى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەزكۇر ئىككى كىتاۋىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتتارلىقىمىزنى بىلدۈرسەك ئىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. بىر قەلەمكەشنى قوللىغانلىق ئۇنىڭغا قورۇق ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەسىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ھەقىقىي قوللىغانلىق بولىدۇ.

## روزا ھېيت خۇتبىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيم

**قال الله تعالى اِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ اِخْوَةٌ فَاَصْلِحُوا بَيْنَ اَخَوَيْكُمْ**

**وَقَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: تَصَافَحُوا يَذْهَبِ الْغِلُّ وَتَهَادَوْا تَحَابُّوا وَتَذْهَبِ الشَّحْنَاءُ.**

بۈگۈن خۇشال-خۇراملىق، ئىناق-ئىتتىپاقلىق ۋە مېھرى-مۇھەببەت كەيپىياتى يوقۇرى پەللىگە چىقىدىغان روزا ھېيتىمىزنى قارشى ئالماقتىمىز. رەھمەت، بەرىكەت ۋە مەغپىرەت ئېيى بولغان روزى-رامىزاننىڭ ھېيتىغا، بىزنى ئېرىشتۈرگەن ياراتقۇچىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالاغا چەكسىز مەدھىيەلەر-ھەمدۇسانالار بولغاي. بىزگە بۇ كۈننىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۆگەتكەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستافاغا سالاتۇ-سالام بولغاي! نىجاتلىق رامىزان ئېيىنى لايىق رەۋىشتە ئۆتكۈزگەن مەسئۇلىيەتچان-تەقۋادارلارغا نېسىپ بولغاي.

ھۆرمەتلىك ئەھلى ئىمان قېرىنداشلىرىم! ئالدى بىلەن ھەممىڭلارنىڭ بۇ مۇبارەك بايرام كۈنىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى بۇ كۈندە مەسچىتلىرىمىزدە جەم قىلغىنىدەك، ئۇ دۇنياغا بارغاندىمۇ جەننەتتە ھەم جەم ئەيلىگەي! بىزنى مۇھاجىرەت ھاياتىمىزدا توغرا يولدىن ئايرىمىغاي. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرۇمنى خىتايغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشتىن ساقلىغىنىدەك، چەت ئەلگە چىقىشقا مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن شۇنچىلىك ئاز ساندىكى ئېزىز مىللىتىمنى دىنسىزلىق فىتنىسىدىن ۋە ئىمانسىزلىقتىن ساقلىغاي. ياشاۋاتقان مۇھىتقا سىڭىپ كېتىشتىن ساقلىغاي!

ھېيت-بايراملار مېھرى-مۇھەببەت يېغىلىنىدىغان، شات-خۇراملىق

ھىس ـ تۇيغۇمىز لەرزىگە كېلىدىغان كۈنلەردۇر. ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىمىزغا، جۈپتىمىزگە، پەرزەنتلىرىمىزگە مېھرى ـ مۇھەببەت يەتكۈزەيلى، چوڭلارنىڭ دۇئاسىنى، يېقىنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئالايلى. ئەتراپىمىزدىكىلەر بىلەن، يېقىنلىرىمىز بىلەن بايرام خۇشاللىقىنى ئورتاقلىشايلى. ئىللىقلىقنى ئائىلىمىزدىن باشلاپ پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزگە يايايلى. بىز ياشاۋاتقان دۆلەتكە يېڭى كەلگەن مۇھاجىر ئۇيغۇرلىرىمىزغا داستىخىنىمىزنى، كۆڭلىمىز ئاچايلى. «يەريۈزىدىكىلەرگە مېھرى ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈڭلاركى، كۆكتىكى زات (ئاللاھ تەئالا) سىلەرگە مېھرى ـ مۇھەببەت يەتكۈزسۇن» دېگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەتلىك بولايلى.

تازىلانغۇسى بۇ روزا ھېيتتا ھەر مۆمىننىڭ ئىچكى دۇنياسى، ھەتتا ئۆيى ـ تالاسى. قاپلىغاي ھەر يەرنى بايرام ھاۋاسى!

قەدىرلىك قېرىنداشلار!

بىر ئاز ئاۋال مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تۇرۇپ ئوقۇۋالدۇق ھېيت نامىزىنى، بىر ئاز كېيىن قاتار بولۇپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئىللىق چىراي بىلەن تەبرىكلىشىمىز بايرىمىمىزنى. بىر ئاي روزا تۇتۇش بىلەن يەڭدۇق نەپسىمىزنى. دىققەت قىلايلى، قايتا ئەسىرگە ئالمىسۇن بۇ دۈشمەن بىزنى. رامىزاننىڭ چىقىشى بىلەن مەنىۋى تاھارىتىمىز سۇنۇپ كەتمىسۇن، ئىرادىمىزنى بوشاتمايلى، شەيتان سۆيۈنمىسۇن.

ئەزىز قېرىنداشلار! ھېيت ـ بايراملار ئۆزىمىزگە قايتىدىغان كۈنلەر بولۇپلا قالماي يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق ۋە قېرىنداشلىق كۈنىدۇر. ئاللاھ تەئالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

**إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**

مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، (ئارىسى يېرىكلىشىپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. ئاللاھقا تەقۋادار ـ مەسئۇلىيەتچان بولۇڭلار، ئۈمىدكى مېھىر ـ شەپقەتكە سازاۋەر بولغايسىلەر (سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا، بۈگۈن ئارىسىدا يېرىكلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىك بارلار ئۇنىڭغا خاتىمە بەرگەي. ھەممىمىز مۆمىن بەندە بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئائىلىمىزدىن باشلاپ ئارىمىزدىكى، جەمئىيىتىمىزدىكى يېرىكلىكلەرنى تۈگىتىشكە تىرىشايلى، بىر-بىرىمىزگە مېھرى-مۇھەببەت يەتكۈزەيلى. ئارىسى يېرىكلىشىپ قالغان قېرىنداشلىرىمىز بايقالسا، ئارىسىنى تۈزەپ قويايلى. ئەنە شۇ چاغدا بايرىمىمىز بايرام بولغان بولىدۇ.

ئېزىز قېرىنداشلار! بايراملار گۇناھلاردىن پاكلىنىدىغان ۋە تەۋبە-ئىستىغپار كۈنلىرى بولۇپ، رەببىمىز مۇنداق دەيدۇ:

**قَدْ اَفْلَحَ مَنْ تَزَكّٰى وَذَكَرَ اسْمَ رَبِّه فَصَلّٰى**

(گۇناھتىن) پاك بولغان، رەببىنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ ناماز ئوقۇغان ئادەم (ئۇ دۇنيادا) چوقۇم مۇراد-مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ (سۈرە ئەئلا 14-15- ئايەت).

مەسچىتلىرىمىزنى لىق تولدۇرغان قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم! خاتالىقلىرىمىز ۋە گۇناھلىرىمىزنىڭ ئاز-كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر «**وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ** (شەپقىتىم ھەممىگە ئورتاقتۇر[1])» دېگەن رەببىمىزنىڭ چوڭقۇر شەپقىتىگە پاناھلىنايلى. ھۇزۇر-ھالاۋىتىمىزنى، ئىستىقبالىمىزنى، ئارزۇ-ئۈمىتلىرىمىزنى ئىسلامنىڭ مېھرى-مۇھەببەتلىك بىشارەتلىرىدىن ئىزدەيلى. ھاراملاردىن، يامان ئوي-پىكىر، كىبىر، ھەسەتتىن پاكلىنايلى. ھەرخىل يامان ئىللەتلەردىن، قۇل ھەققىدىن ساقلىنايلى. ناماز، زىكىر-تەسبىھ، خەير-ئېھسانلىرىمىز بىلەن ئاللاھ تەئالاغا يېقىنلىششقا غەيرەت قىلايلىكى، بايرىمىمىز ھەققىي مەنىدە بايرام بولسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**تَصَافَحُوا يَذْهَبِ الْغِلُّ وَتَهَادَوْا تَحَابُّوا وَتَذْهَبِ الشَّحْنَاءُ** (بىر-بىرىڭلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭلاركى، ئىچىڭلاردىكى غۇم يۇقاپ كەتسۇن. بىر-بىرىڭلارغا سوۋغات بېرىشىڭلاركى، مېھرى-مۇھەببىتىڭلار ئاشسۇن، كىبىرلىك يوقالسۇن[2].)» دېگەن ئىكەن. شۇڭلاشقا بىر-بىرىمىز بىلەن سەممىي ھالدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئارقىلىق ئىللىقلىق يەتكۈزىشەيلى.

---

[1] سۈرە ئەئراف 651– ئەيەت

[2] مۇئەتتا – ھۈسنىلخۇلق

تەۋبىمىزدە چىڭ تۇرايلى، روزا تۇتۇپ ئاقارتقان دىلىمىزنى تەكرار قارايتمايلى. رامىزاننىڭ چىقىشى بىلەن ئىبادەتلەر تۈگىمەس. ئىبادەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ، رامىزانغا ئەمەس. ئاللاھ ئەزەلىيدۇر، ئەمما بىز بولساق بۇ دۇنياغا باقىۋەندە ئەمەس.

ئۆزئارا كۆچەيتەيلى ئىتتىپاقلىقنى، دەۋاملاشتۇرايلى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى. ناۋادا، ساقلىغان بولساق مۆمىن قېرىندىشىمىزغا گىنە-ئاداۋەت، يۇيۇۋېتەيلى، ئالسۇن ئورنىنى دوستلۇق-ساداقەت. ئارىمىزدا ھۆكۈم سۈرسۇن ئىمانىي قېرىنداشلىق، سۆز-ھەرىكىتىمىزدە ئاساس بولسۇن ئىسلامىي ھەمكارلىق.

بولايلى ئائىلىمىزگە ئۈلگە، مانا بۇ ياخشى ئادەملىككە بەلگە. ئىقتىسادىي مۇئامىلىمىز بولسۇن ھالال، مال - مۈلكىمىز تاپمىسۇن زاۋال. ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغدايلى ئاۋال، شۇ چاغدا مىللىتىمىز تاپمايدۇ زاۋال.

يۈرۈش قىلايلى ئىلىم - مەرىپەتكە، ئالدىنمايلى ۋاقىتلىق پايدا-مەنپەئەتكە. تۈگىتەيلى پىتنە-پاساتنى، نابۇت قىلمايلى ئىجتىمائىي ھاياتنى. كۆرەلمەسلىك قىلمايلى بىر - بىرىمىزنى، كەڭ تۇتايلى كۆڭلى-كۆكسىمىزنى.

ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ قەدرىنى بىلەيلى، دوست-يارەنلىرىمىزنى رەنجىتمەيلى. قولىمىزدىن كېلىشىچە قىلايلى ياخشىلىق، ھەل قىلايلى بولسا بىرەر قىيىنچىلىق.

ئورنىمىزدىن تۇرايلى، ئەمدى ياتمايلى، تۆت كۈنلۈك ئالەمنى دەپ ئاخىرەتنى ساتمايلى. ئەقىدىگە شېرىك، ئەمەلگە بىدئەت، ھاللاغا ھارامنى قاتمايلى، ياخشى ئىشلادا، ۋەتەن-مىللەت يولىدا سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشتىن قاچمايلى. بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئوتقا ئاتمايلى، رامىزاندا پاكلاندۇق، قايتا گۇناھقا پاتمايلى.

ھەر كۈن بىرئاز يېقىنلىشىۋاتىدۇ ئۆلۈم، ۋاقىت كەلگەندە دەۋالاش بەرمەس ئۆلۈم. لايىقىدا ئادا قىلىشقا تىرىشايلى بەندىچىلىكىمىزنى، ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ئىككى ئالەمدە رەببىمىز بىزنى! دۇنيادا ئاتا قىلغاي رەھمەت ۋە نۇسرەت، ئاخىرەتتە نېسىپ قىلغاي مەغپىرەت ۋە جەننەت.

ئاخىرىدا ھەممەيلەننىڭ ھېيتىغا مۇبارەك بولسۇن! خۇشاللىق ۋە ئامان ئېسەنلىك يار بولسۇن!

# رەھمانى ئەقىل ۋە شەيتانى ئەقىل

ئەقىل دېگەن نىسپى نەرسە، ئەقىلنىڭ ئۈستىدىمۇ ئەقىل بار. ئەقىلنىمۇ رەھمانىي ئەقىل ۋە شەيتانى ئەقىل دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەلمىساقتىن بۇيان ئىمان ـ ئېتىقادقا، توغرا ـ دۇرۇس ۋە ئالىجاناپ ياشاشقا تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئەنبىيالار، ئەۋلىيالار، ئەسفىيالار، ئارىفلار ۋە دانىشمەنلەر، ئۇ دۇنيانى ئىنكار قىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ھېساب بېرىشكە سەل قاراپ، بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىگە بەك بېرىلىپ كېتىپ، ياراتقۇچىغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئاقىۋەتنى كۆرگىلى، ئويلىغىلى ئۇنىمىغانلارنى ئەقىلسىز، گاس ـ گاچا ۋە كور دەپ ئەيىبلەپ كەلگەن.

بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا ئىمانسىز، دىن ـ دىيانەتتىن، ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن يىراق ياشاش يولىنى تاللىۋالغان ئىنكارچىلار، ئاسىيلار، غاپىللار ۋە يەككە دۇنيالىقلارمۇ ئىمان ـ ئېتىقادلىق سالىھ كىشىلەرنى ئەقىلسىزلىك، جاھالەت ۋە نادانلىق بىلەن ئەيىبلەپ كەلگەن.

شۇڭا ئەقىلنىڭ گېپىنى قىلغاندا «رەھمانىي ئەقىلنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن ياكى شەيتانى ئەقىلنىڭمۇ؟» دەپ سوراشقا توغرا كېلىدۇ.

رەھمانىي ئەقىل بىزنى روھانىي دۇنيانى كۆرەلەيدىغان ئارىپ كۆزنەك بىلەن مەسىلىگە قاراپ، ئاللاھ تەئالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ دېگىنى بويىچە مىراجغا، ئاينىڭ يېرىلغانلىقىغا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىنىڭ يوقلۇقىغا، بۈۋى مەريەمنىڭ قوش جىنسلىق ئەمەسلىكىگە، مەسجىدى ئەقسانىڭ قۇدۇستا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە بۇيرۇسا، شەيتانى ئەقىل ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ماتېرىيالىستىك تارازا بىلەن تارتىپ قۇرئان ۋە ھەدىس تېكىستلىرىدىكى مەجاز، ئوخشىتىش، كىنايە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن بايانلارنى قىسقا ئەقلى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىدۇ.

ئىشىنىش ۋە چىن پۈتۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىماننىڭ ئالدىنقى شەرقىي ئەقىل؛ ئەقىل بولمىسا ئاللاھنى، ئۇنىڭ رەسۇلىنى توغرا چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق روھانىي ئالەمگە قارىتا كور، گاس ـ گاچا ھالغا چۈشۈپ قالغان كىشى ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، ھەرقانچە ئەقىلنىڭ داۋراڭ سالسىمۇ، ئۇنىڭ ئەقىلنىڭ شەيتانى ئەقىل چىقىپ قېلىشى مۇقەررەر.

# سەن نېمىلىشىپ كەتتىڭ؟

مىللىتىمىزنىڭ دىندارلىرىغا خىتاينىڭ پەلسەپىسى بويىچە ھۇجۇم قىلماسلىق كېرەك

ئىمانسىز ياكى بۇددىست خىتاينىڭ نەزەرىدە بىز ئۇيغۇرلار ئەرەبلىشىپ كەتتۇق، ۋەھالەنكى بىز فىترەتكە قايتقان ئىدۇق. بىز ئۇيغۇرلار بوۋىمىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە قاراخانىيلارنىڭ يورۇقلۇققا چىقىپ ئىسلامغا قايتقان. «ئىسلامغا قايتقان» دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئىنسانلار ئەزەلدىنلا ئىسلام فىترىتى ئۈستىگە يارىتىلغان بولۇپ، تارىخ سەھنىسىگە چىققان ۋاقتىدىن بۇيان بەزىلىرى فىترەتتىن چىقىپ كېتىپ خۇراپىي شامان، بۇددىست، جوھوت، ناسارا ۋە ھەتتا دەھرىي — ئاتېئىست، ئانىمىست، ساتانىست يوللىرىغا كىرىپ قالغان. قاچانكى ئەسلى يارىتىلغان فىترەتكە قايتقىنىدا مۇسۇلمانچە ياشىغان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق 124 مىڭ ئەنبىيا بىردەك ئىسلامىيەتكە تەشەببۇس قىلغان. ۋەھىينى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاللاھ تەئالادىن تاپشۇرۇپ ئالغان پەيغەمبەرلەر كۆپىنچە مىللەتلەردىن تاللانغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى بەنىي ئىسرائىل مىللىتىدىن بولۇپ، ئەرەبلەردىن پەقەت تۆت پەيغەمبەر چىققان. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىغا قايتىش، ئېتىقات قىلىش، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىش ئەرەبلەشكەنلىك ياكى پارىسلاشقانلىق ئەمەس. ئەرەب ۋە پارسلار ئىچىدىمۇ نۇرغۇن ناسارا، مەجۇسىيلار ھېلىھەم بار. ئىسلام دىنى ھېچبىر مىللەتنىڭ مىللىي دىنى ئەمەس. دىنىنى مىللىي خاسلىققا ئايلاندۇرۇش يەھۇدىيلىشىپ كەتكەن بەنى ئىسرائىلنىڭ قىلىقى.

مۇھاجىرەتتىكى ھايات مۇساپىمىز ئۇزارغانسېرى ئىسلام دىنىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن، ياشاۋاتقان غەيرى ئىسلامىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ سەكۇلەر ھايات قايىنىمىغا غەرق بولغان، ھەتتا ئاللىبۇرۇن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يەكلىشىدىن قورقۇپ، مۇسۇلمان قىياپىتىدە كۆرۈنىدىغان بىر قىسىم غاپىل قېرىنداشلىرىمىز دىنغا مايىل قېرىنداشلىرىمىزنى «ئەرەبلىشىپ كەتتى»

دەپ مەسخىرە قىلغۇچە، ئەينەككە ئوبدان قاراپ «ئەجەبا مەن نېمىلىشىپ كەتتىم؟» دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇشى كېرەك. بولمىسا، ئۆزىنىڭ گېپى بىلەن ئۆزىنى مازلاشتۇرۇۋالغان بولىدۇ. بىز ھەرقانداق يولغا كىرىپ قالغان قېرىنداشلارغا مۇشۇنچىلىك دەپ تۇرايلى، ھازىرچە.

# كىتاب ئامبىرى تورىبەتلىرىمىزگە ئىگە چىقايلى

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، خىتاي ئالۋاستىلىرى ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر تىلىمىزنى مائارىپ ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىشتىن چەكلەپ، ئۇيغۇرچە كىتابلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ، يازغۇچى-ئەدىپ، شائىر، نەشرىياتچى ۋە مۇھەررىرلەرنى زىندانلارغا تاشلاپ نابۇت قىلماقتا. بۇنىڭلىق بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىغان زالىم خىتاي ئەمدى قارا قولىنى مۇھاجىرەتتىكى كىتابخانىلار ۋە تورىبەتلىرىمىزگە سۇنۇۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئىنتايىن ئاز ساندىكى چەت ئەللەردە ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرچە كىتابلىرىمىزنى رەقەملىك مەتبەلەردە ئاز-ئازدىن بېسىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىتاب بىلەن ئىشى بار ۋە ھالال پۇلغا سېتىۋېلىپ كىتاب ئوقۇيدىغان ئۇيغۇرلىرىمىزغا ئەۋەتىش بىلەن ئوقەت قىلىۋاتقان تۈركىيەدىكى بىرنەچچىلا ئۇيغۇر كىتابخانىلىرى بىر تەرەپتىن رەھىمسىز تىجارى رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرالماي تاقىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ ئەرز قىلىشى بىلەن «رۇخسەتسىز بېسىلغان كىتاب» نىقابى ئاستىدا مۇسادىرە قىلىنىپ، زەربە بېرىلىشكە دۇچ كەلمەكتە. كىتابخانىلىرىمىزنىڭ قولىدىكى كىتابلارنى ھەقسىز ئېلىشنىڭ كويىدا بولماي، سېتىۋېلىش ئارقىلىق قوللاش بىلەن بىللە، ھەقسىز ئۇيغۇرچە كىتاب تەمىنلەۋاتقان تورىبەتلىرىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، كىتاب ئەۋەتىش ئارقىلىق بېيىتىش، ئۇنىڭ پۇت تىرەپ تۇرىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قوللاش نۆۋەتتە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ئۇيغۇرلۇق بۇرچىمىز ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ ھەقتە ئايەت ۋە ھەدىس نەقىل قىلسام يازمام دىنىي تۈس ئېلىپ قېلىپ سىلەرنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ يەردە توختىتاي.

چەت ئەللەردە ھەرساھەدە ئۇتۇق قازانغان تالاي زىيالىلىرىمىز، ئەھلى ئىلىملىرىمىز ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە تالانتى بار ئەدىبلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭمۇ قەلەم تەۋرىتىپ ئۆز ساھەسىدە ئىگەللىگەن بىلىملىرىنى ئۇيغۇر تىلىمىزدا يېزىپ، كىتاب قىلىپ چىقىرىشى، بلوگ

يېزىشى، ھېچ بولمىغاندا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە ئانا تىلىمىزدا ئورتاقلىشىپ تۇرۇشى مىللىتىمىزنىڭ تا قىيامەتكىچە ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن تۆۋەندە خالىسانىلىك ئاساسىدا ھەقسىز كىتاب ئامبىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، تىنىمسىز خىزمەت قىلىۋاتقان بىرنەچچە توربەت ئادرېسىنى ئورتاقلىشىمەن، بۇ تور بەتلەر مۇستەقىل دۆلەتلەردە بىرنەچچە مائاشلىق خادىمىنىڭ سىنچىلاپ ئولتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان، تولۇق كۈن ئىشلەيدىغان زور تۈركۈمدىكى بىر قوشۇننىڭ ئىشى ئەمەس. بىزنىڭ پىدائىيلىرىمىزدىن تۆۋەندىكى تورلارنى باشقۇرغۇچى ئۇستاز رەھمىتۇللا ئىنايىتۇللا، ئاتاۋۇللاھ قارىم، مەمەتئېلى نىياز، ئابدىراخمان خېلىلئوغلى، ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ، ئەدىپ-شائىر ئەزىر ئەيسا ئەلكۈن، ماھىنۇر ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنىستىتوتى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر مىننەتتارلىقىمنى بىلدۈرىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەمدىن بۇ توربەتلەرنى خىتاي توربۇزغۇنچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىشىغا تىلەكداشمەن.

https://elkitab.org
https://www.uygur.com
https://turkistanilibrary.com
https://yanghin.net
https://dinhayat.com
https://www.azizisa.org
https://ug.uyghurtetqiqat.org

## خۇش كەلدىڭ ئەي قۇرئان ئېيى ــ شەھرى رامىزان

بىز ئەھلى ئىماننىڭ بىزگە ئۆزىمىزنى تۇتۇشنى ئۆگىتىدىغان روزا تۇتۇش ئېيى يېتىپ كەلدى.

**شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**

رامىزان ئېيىدا قۇرئان چۈشۈشكە باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، يول كۆرسەتكۈچى ۋە (توغرا بىلەن خاتانى) ئايرىغۇچى روشەن باياناتتۇر. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قىلىپ (روزا تۇتالمىغان بولسا، تۇتالمىغان كۈنلىرى ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىڭلارنى خالايدۇ (سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەت).

سۆيۈملۈك رەسۇل ئەكرەم تۆۋەندىكى ھەدىستە «رامىزان يېتىپ كەلگەندە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى يېپىلىدىغانلىقى، شەيتانلارنىڭ زەنجىرلىنىدىغانلىقى» نى بايان قىلغان.

**عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : ( إِذَا جَاءَ رَمَضَانُ فُتِّحَتْ أَبْوَابُ الْجَنَّةِ ،**

وَغُلِّقَتْ أَبْوَابُ النَّارِ، وَسُلْسِلَتْ الشَّيَاطِينُ. روى البخاري (1899) ومسلم (1079)

رامىزاندىمۇ شەيتاننى باغلانماي قىلىپ فىتنە-پاسات، تۆھمەت قىلىقلىرىنى تاشلىيالمىغانلار چىقىپ قالسا، «مەن قانداق بەندە بولغىيدىمكى، ماڭا بۇ رامىزان ئىبىي ھېچقانداق ساپا ئاتا قىلالماپتۇ؟!» دەپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغاي!

بۇ ئايدا ياراتقۇچى ئىگىمىز ئاللاھ تەئالانىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى مەكتۇبى — قۇرئان كەرىمنى ئۆزىمىز ياخشى بىلىدىغان بىرەر تىلدا ئوقۇپ چىقىشىمىزغا تىلەكداشمەن.

## تېرمىنلىرىمىزغا دىققەت قىلايلى!

تۆنۈگۈن بارىن قوزغىلىڭى — بارىن يېغىلىقى، ھەتتا بارىن جىھادى ھەرىكىتىنىڭ خاتىرە كۈنى ئىدى. قارىسام يەنە «بارىن ئىنقىلاۋى» سەرلەۋھىلىك يازمىلار ھەر تەرەپنى قاپلاپ كېتىپتۇ. زەيدىن يۈسۈپ قارىم ئىنقىلاپ قىلمىغان، ئەكسىچە، غازات / كۈرەش قىلغانغۇ!

مەدرىستىن يېتىشىپ چىققان دىنى زات زەيدىن يۈسۈپ قارىم باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن بۇ قوزغىلاڭنى، بۇ يېغىلىقنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە يېتىشكەنلىكىدىنمىكىن، ئىشقىلىپ يازمىلىرىدا يەنە شۇ ئاتالمىش قىزىل ئەدەبىياتتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «ئىنقىلاب»، «ئىنقىلاۋى قۇربانلار»، «يولداشلار»، «پرولىتارىيات» دېگەندەك كوممۇنىزمچە ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ كەلگەنلەرگە بىرنەرسە دېيەلمىسەممۇ، مەن زەيدىن قارىم باشلاتقان بۇ يېغىلىقنى «بارىن غازىتى» ھېچ بولمىغاندا «بارىن قوزغىلىڭى» دېيىشنى بەكرەك توغرا دەپ قارايمەن. بارىن غازىتىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنىڭغۇ ئىنقىلاۋى قۇربانلار دېمەي، «شېھىت» دەپ ئاتاپ كەتتۇق، ھەنىمە بولسا. فاشىست قىزىل خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى قۇرغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىزنىمۇ كوممۇنىزمچە شەرھىيلەپ، ئاتالغۇنى بۇراپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتىغان ۋە قانخور ماۋزېدۇڭمۇ مەزكۇر كۆرىشىمىزنى بورمىلاپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو كوممۇنىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىرقىسمى» دەپ بىلجىرلىغان ئىدىغۇ؟! شۇڭلاشقا ئاتالغۇلىرىمىزغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر.

بىز ئەھلى ئىمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قىلغان ئەمەلى كۈرەشلىرىمىزنى شەكلىگە قاراپ جىھات، غازات دەپ ئاتايمىز. كوممۇنىستلار «ئىنقىلاپ» دېيىشىدۇ. كوممۇنىستلار ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن يولداشلىرى ئۈچۈن «يولداش پالانى قۇربان بولدى» دېسە، بىز «مەرھۇم پۈكۈنى شېھىت بولدى» دەيمىز. كوممۇنىستلار ئۇرۇشتا يوقۇتۇپ قويغان يولداشلىرى ئۈچۈن خاتىرە قەبرىستانلىقى ياكى خاتىرە ئابىدىسى تىكلىسە، بىز ئەھلى ئىمانلار ئاللاھ يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن شېھىتلىرىمىز ئۈچۈن گۈمبەز تىكلەيمىز. قىزىل پاچاقلار ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلىرى

ئۈچۈن «پالانى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات» دېگەندەك سوتسىيالىستىك پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان قايغۇرۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشسە، بىز ئەھلى ئىمان «ئاللاھ تەئالا مەرھۇمنىڭ ماقامىنى ئالىي قىلغاي، فىردەۋس جەننىتىگە نائىل قىلغاي!» دېگەندەك ئىسلامى پۇراقلىق جۈملىلەر بىلەن تىلغا ئېلىپ، ھەققىدە ياخشى تىلەكلەردە بولىمىز.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنى ھېچكىم «ئىنقىلاپ» دەپ ئاتىمايدۇغۇ؟!

شۇڭلاشقا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تېرمىنلىرىغا ئالاھىدە سەزگۈر مۇئامىلە قىلىپ، ئىشلەتكەن ئاتالغۇلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە يارىشا تىل بىلەن ئىپادىلىشىمىز زۆرۈر دەپ قارايمەن.

«بارىن ئىنقىلاۋى» دېگەن ئاتالغۇنى تۈركچە باياناتتا بارىن دەۋرىمى «barın devrimi» دەپ ئىپادىلەپ، بىر بايانات ئېلان قىلىپ بېقىڭلارچۇ، قېنى، مەسخىرىگە قالىسىلەر. شەرقىي تۈركىستاندىكى چاغدا كومپارتىيە ئۈچۈن جان جەھلى بىلەن ئىشلەپ، بىر سەۋەبلەر بىلەن قەپەزدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتە بىر دومىلاپلا ۋەتەنپەرۋەر كۆرۈنۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقى ۋەجىدىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ سىستېمىلاشقان پىرىنسىپلىرىغا پات-پات ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇرغا قارشى ئىنقىلاپ قىلىدىغانلار ئىنقىلاۋىنى دەۋاملاشتۇرىۋەرسۇن. «ئىنقىلاپ» كەلىمىسى ئەرەبچىدىمۇ ئۆرىۋېتىش دېگەن بولىدۇغۇ. بىز ئۆرۈۋېتىدىغان، بۇزۇپ تاشلايدىغان ئەمەس، ئىسلاھ قىلىدىغان بولغاچقا كۈرىشىمىزنى قىلايلى ۋە بارىن يېغىلىقىنى ئۆز پېتى ئاتايلى!

# كىملەرگە بەكرەك ئېچىنىمىز؟

ئىستانبۇلدا زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قېلىپ، ئاخىرى كوچىدا قالغان، ئاتا-ئانىسى يېنىدا ئىككى ئۇيغۇر قىزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ھەتتا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە دوق قىلماسلىق كېرەك. بۇ مەرەز پۈتۈن دۇنياغا يامراپ كېتىگلىك. «بولۇپمۇ ئىقتىسادىي كىرزىس ئېغىرلاشقان، دىنى ئېتىقات سۇسلاشقان، ياشلار كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئۈمىتسىز قارايدىغان ئەھۋاللار ئەۋج ئالغانسېرى زەھەرلىك چېكىملىككە، ھاراق-تاماكىغا بېرىلىپ خۇمار بولۇپ قېلىش ھادىسىسى كۆپىيىدۇ» دەيدىكەن جەمئىيەتشۇناسلار.

زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغانلارغا قارىتا تۈركىيە دۆلىتى تۈگۈل، غەرب ئەللىرىمۇ چارىسىز قېلىغلىق. ئىشەنمىسەڭلەر روما، پارىژ، بېرلىن، ئوسلو، ستوكھولم ۋە خېلسىنكى كوچىلىرىغا نەزەر تاشلاپ بېقىڭلار. نەچچە مىڭلىغان كىشى كوچىلاردا، ۋوگزاللاردا ھوشسىدىن كېتىۋاتقان، يېرىم مەس لىڭشىپلا يۈرۈۋاتقان. مەندەك ھاياتىدا ئېغىزىغا ھاراق-تاماكا سېلىپ باقمىغان كىشىمۇ پات-پات كوچىدىكى ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ تاماكا ياكى پارچە-پۇل سورىشىغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. سىلەر ئىستانبۇلدىكى مەلۇم ھادىسىلەرگىلا ئېسىلىۋېلىشىنىڭ ئورنىغا، غەربتىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تالاي خىرسلارغىمۇ قاراپ قويۇڭلار.

سىلەر زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغان بىر-ئىككى ياشقا ئەمەس، مەلۇم ياشقا كەلگەن بولسىمۇ كاردىن چىققان، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى، دەۋاگەرلىرىمىزنى تىللاشقا خۇمار بولۇپ قالغان، ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىغا تىل ئۇزىتىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلارغا ئېچىنىڭلار. توختىماي سەلبى ئۇچۇر تارقىتىپ، ئەيىب-نۇقساندىن باشقىغا تىلى، قەلىمى بارمايدىغان، مىللەتنى چۈشكۈنلۈككە، ئۈمىتسىزلىككە، روھنى سۇندۇرۇشقا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ۋە مۇشۇنداق ئىشلارغا خۇمار بولۇپ قالغانلارغا ئېچىنىڭلار.

# خاسلىقتا ھۆرمەت قىلىشمۇ پەزىلەت

سورۇننىڭ خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلىشمۇ ئاڭلىقلىقتا كىرىدۇ. ھەرسورۇننىڭ، ھەر سۇپىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئۆز نۆۋىتىدە خاسلىقى بولىدۇ. بۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشمۇ مەسئۇلىيەت ئىشى بولۇپ، خىلاپلىق قىلىش، مۇناسىپ بولمىغان ئىش-ھەرىكەتتە بولۇش تۈۋەن بولغاندا كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەپ بولسا، بەزىدە ھەق-ھوقۇقتا دەخلى قىلغانلىق بولۇپ، نۇرغۇن ماجرالارغا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن.

مەسچىتنىڭ، خانىقانىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەدەپ قائىدىلىرى بار. مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى سىنىپلارنىڭمۇ ھەم شۇنداق. غەزەل تىۋلاش، ناخشا ئېيتىشتەك ئىشلارنى باشقا سورۇندا قىلسا نورمال قوبۇل قىلىنغان بىلەن، مەسچىتتە ئورۇندايمەن دېگەندە ئەيىبكە ئۇچرايدۇ. بىلىم يۇرتلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ماتېماتىكا دەرس سائىتىدە تارىختىن دەرس سۆزلەنمەيدۇ. ئەدەبىياتنىڭمۇ، تارىخ دەرسىنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ۋاقتى ۋە سائىتى بولىدۇ. بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلمايدۇ.

تور سۇپىلىرى ئومۇملىشىشقا باشلىغان، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپەيگەن بۈگۈنكىدەك كۈندە فەيسبۇك، تېلېگرامما ۋە ۋاتساپ قاتارلىق سۇپىلاردا ئېچىلغان مەخسۇس سۇپىلارغا ئۇ سۇپا بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوق تېمىلارنى ھەمبەھىرلەپ، گۇرۇپپىدىكىلەرنى بىزار قىلىۋېتىدىغان ئىشلار يىللاردىن بۇيان مېنى بىئارام قىلىپ كەلدى. دىنىي تېمىلارنى ئۆي-مۈلۈككە ئالاقىدار توپلارغا قايتا-قايتا ماڭدۇرۇپ قويىدىغان، تىجارەت ۋە سودا-سېتىق توپىغا ئايەت-ھەدىس ھەمبەھىرلەپ، ئىسلامىي مەزمۇنلارنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان، پەندى-نەسىھەت ياكى ئايەت-ھەدىس ئورتاقلىشىش ئۈچۈن قۇرۇلغان توپقا سودا-سېتىق ياكى مەھسۇلات ئېلانلىرى، سىياسىي مەزمۇنلارنى زورلاپ ھەمبەھىرلەپ، بىزار قىلىۋېتىش قىلىقلىرى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتسىز يوللانمىنى ئۈچۈرۈۋەتسە، ئۇششۇقلۇق قىلىپ ئۆكتە قوپىدىغان غەلىتە ئىشلارنى دېمەي قوياي. ئەسلىدە بۇنداق قىلمىش ھېلىقى مۇناسىۋەتسىز مەزمۇننى تازىلاش ئۈچۈن ھەم توپ باشقۇرغۇچىلارنىڭ

ۋاقتىنى ئالىدىغان، ھەم ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئۆزى خالىمايدىغان تېمىلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىزارلىقىنى كەلتۈرىدىغان بولغاچقا، بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلاش، بىزار قىلىۋېتىشتەك ناتوغرا ئىشتۇر. دىنى مەزمۇن، ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى سىياسىي مۇلاھىزىلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قىممەتلىك، بىراق گورۇپنىڭ خاسلىقىغا مۇناسىپ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا زورلاپ ئۇيەردە تەشۋىق قىلىش، شەخسەن مەن قوبۇل قىلالمايدىغان قىلىق.

مەن ئۇزۇن يىللىق مۇھاجىرەت ھاياتىمدا ئۇيغۇرلاردىن كۆپرەك ئەجنەبى مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاچقا، خالاپ-خالىماي مەن ئۆگىنىۋاپ قالغان شۇ مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى گۇرۇپپىلارغىمۇ ئەزا بولۇپ قالىدىكەنمەن. خېلى دىققەت قىلسام باشقا مىللەتلەر مەلۇم مۇددىئا ۋە ئىسمدا قۇرۇلغان خاس سۇپىلارغا باشقا مەزمۇن ۋە باشقا تېمىدىكى يوللانمىلارنى ئاساسەن يوللىمايدىكەن. بىزمۇ مۇشۇ ئەيىبنى تۈزەتمىسەك قەتئى بولمىدى. بۇ ھەقتە ئايەت ياكى ھەدىس ئوقۇسام ماقالە ئۇزىراپ كېتىدۇ. بەلكىم تورنى مۇسۇلمانچە ئىشلىتىش ھەققىدە بىر يازما يېزىپ، مۇشۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرنى نەقىل قىلىشىم مۇمكىن.

# شەيتانلار رامىزاندىمۇ باغلانماپتۇ دېمەڭلار!

تارىختىن بۇيانقى رامىزانلاردىكىگە ئوخشاش، بۇ رامىزاندىمۇ شەيتانلار جىم تۇرمىدى. بىرتۇركۈمى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن بەسلىشىدىغاندەك «دۇنيا ئۇيغۇر خىرىستىيانلار بىرلىكى» دەپ بىر لوگو ياساپ ئېلان قىلسا، يىللاردىن بۇيان مىسسىيئونېرلىك قىلىشتىن باشقا ئۇيغۇر دەۋاسىغا يېقىن يولىمايدىغان، خىتايغا قارشى ھېچقانداق ئەمەلىي كۆرەش سېپىدە بولۇپ باققانلىقىمۇ نامەلۇم بىر شەخس چىقىپ دوزاختا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ خىرىستىيان دىنىدىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر ئاتېئىست ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. دېمەك، شەيتان ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ، خالاس.

رامىزاندا شەيتانلارنىڭ باغلىنىشى نىسپىيلىك ئوقۇم بولۇپ، ئىمانلىق بەندىلەر روزا تۇتقانلىقى سەۋەپتىن ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ بەكرەك تەقۋادارلىشىپ، يامان گەپ-سۆزلەرنى ئېغىزىغا ئېلىشتىن، يوقىلاڭ ماجرالارغا ئارىلىششتىن، يامان ئوي-پىكىرلەردە بولۇشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىدىغان بولغاچقا، ئۇنداق بەندىگە نىسبەتەن گويا شەيتىنى باغلىنىپ قالغاندەك مۇھىت شەكىللىنىدۇ. بىراق تەقۋادارلىقتىن يىراق ياشايدىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئۇنىڭ شەيتىنى ھەرۋاقىت باغلانمىغان دېگەن گەپ. ئۆزىنى ئادەملەرنى ئازدۇرۇشقا ئاتىغەتكەن كىشىلەر سېپى ئۆزىدىن «ئادىمىي شەيتان» بولغاچقا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن رامىزانمۇ، باشقا ئايلارمۇ ئوخشاش.

بۇمۇ رامىزان ھەققىدىكى بىر مېتافورا-مەجاز-ئوخشۇتۇشتۇر.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس تېكىستلىرىدىكى نۇرغۇن بايانلار مېتافورا-مەجاز ئۇسلۇبىدا ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، ئەدەبىياتنىڭ ئىستىلىستىكا قائىدىسىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا يۈزەكى، تار مەنىدە چۈشىنىۋالىدۇ، تېكىستنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا دىققەت قىلىشقا سەل قارايدۇ ياكى گاڭگىراپ قالىدۇ.

تۆۋەندىكى ھەدىسقا قاراپ باقايلى:

**وعــن أبي هريــرة، أَنَّ رســولَ اللَّهِ ﷺ قــالَ: إِذا جَــاءَ رَمَضَــانُ، فُتِّحَــتْ أَبْــوَابُ الجنَّــةِ، وغُلِّقَــت أَبْــوَابُ النَّــارِ، وصُفِّــدتِ الشياطِينُ متفقٌ عَلَيْهِ.**

ئەبۇھۇرەيرە (ر.ئە) دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھىۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رامىزان يېتىپ كەلگەندە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ» (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

بۇ ھەدىستە رامىزاننىڭ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئەھمىيىتى ناھايىتى زور ئىكەنلىكى مېتافور ئۇسلۇبتا چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، رامىزاندا مۆمىن بەندىلەرنىڭ قەلبى، ئېغىزى، ھىس-تۇيغۇلىرى ۋە پۈت-قوللىرى روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان بولغاچقا، بۇنداق تەقۋادار كەيپىيات ئالدىدا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى، گۇناھتىن ئۇزاقلىشىپ، تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىپ، قۇرئان بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ تاقىلىپ كەتكەنلىكى، بۇنداق تەقۋادار كىشىگە يېقىن يولىيالمىغان شەيتانلارنىڭ خۇددى باغلاپ قويۇلغاندەك ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئازدۇرالمايدىغانلىقى ئىستىلىستىكىلىك ۋاستە ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر رامىزاندىمۇ نەپسىنى تىزگىنلەپ يېيىش-ئىچىش ۋە ئەر-خوتۇنچىلىق قىلىشتىن باشقا يەنە كىشىلەرنى رەنجىتىشتىن، بىگۇناھ كىشىلەرگە قارا چاپلاشتىن، تۇردا فىتنە تارقىتىشتىن قولنى ئۈزەلمەيدۇ؟ دېگەندە: ئۇ كىشى يا روزا تۇتمىغان، تۇتقان بولسىمۇ تەلەپكە لايىق تۇتمىغنى ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمىغان، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، شەيتان باغلانمىغان ۋە ياكى ئۇ كىشى ئۆزى شەيتانلاشقىنى ئۈچۈن رامىزاندىمۇ ھېيىقماي، شەيتانى قىلىقلىرىنى قىلىۋەرگەن.

يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان بىر مېتافور-مەجاز سۆيلۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەندەك ئۇرۇشىدا «ئاچلىقتىن قۇرساقىغا تاش تاڭغان» دېگەن تەسۋىردە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاچ قالسىمۇ باغرىغا

تاشنى تېڭىپ قويۇپ، چىدامچانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردىمۇ قانداقتۇر «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئاچ قالغاندا راستىنلا قورساققا تاشنى تاڭغانلىقى مەقسەت قىلىنمىغان. ئاچلىقنى باستۇرۇش ئۈچۈن قورساققا تاش تېڭىش ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باققان ئىش ئەمەس.

«باغرىغا تاش باستى» دېگەن مېتافور ئۇيغۇر تىلىمىزدىمۇ ئۇچرايدۇ.

# چەت ئەلدە ئۇيغۇرلۇقنى كىملەر ساقلاپ قالىدۇ؟

ئالدىنقى يىللىرى ۋاتساپتا بىر ئاۋاز تارقالغان ئىدى. ئاۋازنىڭ ئىگىسى غەربتىكى ناھايىتى داڭلىق ۋە ھەر كىم ئوقۇشقا ھەۋەس قىلىدىغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا بىلىم ئاشۇرۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ئەمما ئۇيغۇرنىڭ چەت ئەلدىكى دەۋا ئىشلىرىغا بەك ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان ھەم چىقىشىپتۇ بولالمايدىغان، دېسسىرتاتسىيە ياقلىغان كەسپى بولغىنىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇيغۇر ۋە خىتاي تارىخى توغرىسىدا سۆزلىسە، ئاكادېمىك سەۋىيەدە سۆزلەپ بېرنى قايىل قىلىدىغان بىر پىشقەدەم دوكتورىمىزغا تەۋە ئىدى. ئۇ چوڭىمىز تۇنجى تۈركۈمدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى يېتىشتۈرگەن زىيالىلار قاتلىمىدىن بولغاچقا، ئىسلامنى ۋە دىنى ساھەنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغانلىقى ياشاش ئۇسۇلى ۋە نۇتۇقلىرىدىن چىقىپ تۇرسىمۇ، دىندار ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىلغان بىر سۆزى ھەم رېئاللىققا ئۇيغۇن ھەمدە ۋەزنىلىكتەك تۇيۇلدى ماڭا.

ئۇنىڭ دېگىنى «دېئاسپورادا ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاپ قالىدىغانلار يەنىلا دىندار ئۇيغۇرلار» دېگەن مەزمۇندا ئىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر «دىندار» دېسە رادىكال، ئەرەبپەرەس، قالاق... دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. بۇ چۈشەنچىنىڭ كېلىش مەنبەسى ماركسنىڭ «دىن ئەپيۇن» دېگەن سەپسەتىسى بولغاچقا، خىتاي بەك ئوقۇتىۋەتكەن گرانىت كاللىلاردىن ئانچە بەك ئاغرىنىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ھالبۇكى، دىن يەنى ئىسلام كىشىلەرنى دۇرۇس ياشاشقا، ئىلىم-پەننى ئۆگىنىپ جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا، قىسقىسى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئاجىزنى يۆلەشكە، مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈشكە، ماددىي نەرسىلەرگە قۇل بولماسلىقتەك ئېسىل ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىدۇ. مىللەتنى ساقلاپ قېلىش، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئىسلامنىڭ نېگىزلىق تەشەببۇسى. بۇ تەشەببۇستىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئۆزنى بېغىشلاش روھى بولمايدۇ. ئەگەر غىلپال ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسىمۇ، ئۇزۇن مۇددەت دەۋام قىلالماي ئاستا-ئاستا سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئىسلامدىن يىراقلىشىپ

كەتكەنلەرنىڭ قانداق ھالغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

مەن مۇشۇ شام زېمىنىغا كەتكەن، كېيىنكى ئىستىكىدە بولغانلار بىلەن ئەزەلدىن پۈرچىقىم پىشماغلىق بولسىمۇ، فەيستە تونۇلغۇن ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچراپ قالغان رەسىمدىكى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىگە بولغان ساداقىتىدىن مەسلىكىم كەلدى ۋە مەزكۇر زىيالىمىزنىڭ يۇقارقى سۆزىنى ئەسلەپ، توغرىمىكىن دەپ قالدىم.

نېمىشقا؟ دېسەڭلار، مەن ئۇيغۇرنى كانۋاي كۆينەك كىيىپ، لەغمەن يەپ، ئەمما ئۇيغۇر ئۇچۇن قىلىنى قىمىرلاتماي، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ ساپا قىلىدىغانلارنىڭ ئەمەس، مۇشۇنداق دىنىغا مايىل ياكى دىندار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ساقلاپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدىم. سىزچۇ؟

# «نېمە ئىدىم» ئەمەس، «نېمە بولۇپ قالارمەن» دەپ ئەندىشە قىلىش كېرەك

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى تۇنجى ھىجرەتنى شۇ دەۋرنىڭ خىرىستىيان دۆلىتى بولغان ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىئوپىيە) غا قىلغان. بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلى بوش بىر ساھابە مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ناسارا بولۇپ كەتكەن. ئىمان-ئېتىقات دېگەننىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئاخشىمى ئىمانلىق يېتىپ، ئويغانغاندا ئىمانسىز قوپۇشىمۇ؛ بۈگۈن قىزىل جاھىل تۇرۇپ ئەتىسى پەرىشتىدەك ئىمانلىق بولۇپ كېتىشىمۇ تامامەن مۇمكىن. غەرب ئەللىرىدىكى پاراۋانلىق، قانۇننىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە غەربلىكلەرنىڭ دۇرۇسلۇقى بىزنى بىخۇتلاشتۇرمىغاي! بىزدە بىر ماقال-تەمسىل بولىدىغان «تۆگىگان بىلەن دوست بولساڭ، ئاياغلىرىڭنى يېنىڭدا بولسۇن» دەپ. غەربكە كۆچۈپ كەلگەنلەرمۇ ئىمانى سۇسلىشىپ قېلىش، تەقۋادارلىقنى يوقۇتۇپ قويۇپ «لەقۋادار» بولۇپ قېلىش. كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىمۇ ئېھتىيات پالتىسىنى يېنىدىن ئايرىمىغىنى ئەۋزەل.

بىر تورداشنىڭ مەلۇم قاراتمىلىقى بار، سەل ئاشقۇندەك سۆزى قاتتىق مۇنازىرە قوزغاپتۇ. مەن غەربتىكى كۆرگەن-بىلگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىمغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىنكاسنى يېزىپ قويغان ئىدىم. بۇ يەرگە قايتا چاپلاپ قوياي دېدىم، بەلكىم مەندىمۇ ئاشقۇن ئىدىيە بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن، ئېھتىياتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك دەيمەن.

ھەي قېرىنداشلار، يۇقارقى سۆزنى يازغان كىشىنىڭ گېپى قوپال تۇيۇلۇشى مۇمكىن، «ئاشقۇن بىرى ئىكەن» دەپمۇ تۇرايلى، بىراق نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنىمۇ، نېمىگە دىققەتنى بۇرىماقچى بولغانلىقىنىمۇ چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقساڭلار. توغرا، ياۋروپادا مەسچىتلەر بار، گەرچە ياگراتقۇدا ئەزان ئوقۇيالمىسىمۇ، ھەتتا 40 مىليۇنغا يېقىن مۇسۇلمانىمۇ بار. بىراق ياۋروپا شۇنداق مۇھىتكى، ئۇ مۇھىتتا خىرىستىيان ياكى نامى مۇسۇلمان، ئەمما چۈشەنچىسى خىرىستىيان ياكى قىپقىزىل كاپىر بولۇپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. بۇ خۇددى، خىتاينىڭ

مائارىپىدا ئۇزۇن يىل تەربىيەلىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا، ھەتتا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا قارشى كۆرەش قىلىدىغان قىزىل ئەۋلاتلار شەكىللەنگەندەك گەپ. ئۇيغۇرنىڭمۇ ياۋروپاغا كېلىپ خىرىستىيانلىشىپ كەتكەنلىرى يوقمۇ؟ بار. ياۋروپادىكى 4 مىليون تۈركنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاتقا كەلگەندە تۈرك تىلىنى بىلمەيدىغان، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارىمايدىغان بولغانلىرىنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىمۇ بار. شۇڭا ياۋروپاغا كەلگەنلەر بەلنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك، بولمىسا «ئەۋلاتلىرى ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقارغان ياخشى.

ھىندۇ دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان سىگانلار بۇندىن 500 يىل بۇرۇن ھىندىستاندىن چىقىپ تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا ماكانلاشقان. بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۇرۇق-ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان، ياۋروپاغا كەتكەنلىرىنىڭ بولسا، ھەممىسى خىرىستىيان بولۇپ كەتمىدىمۇ؟!

مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭلار: «ھەر بوۋاق ئىسلام فىترىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدى، يا خىرىستىيان ۋە ياكى مەجۇسى قىلىدۇ.

بۇ ھەدىسنى شەرھىلىسەك، مۇھىت ئامىلى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئاللاھ تەئالا ياراتقان فىترەتنى ساقلاپ قالالمىسا ياكى مۇھىتقا ماسلىشىپ، شامال قايسى تەرەپكە ئۇچۇرسا شۇ تەرەپكە ئېغىپ كەتسە، دېمەك، «موھىت كىشىگە تەسىر قىلىدۇ. بۇ خىل تەبىئەت خام سۈت ئەمگەن ئىنساننىڭ خاراكتېرىدە بار» دېگەن گەپ.

# تايلاند تۈرمىسى ۋە سۈرىيەدىكى قېرىنداشلىرىمغا سەمىمىي تەكلىپ

يېقىندا تايلاند ۋە سۈرىيەدە قاپسىلىپ قالغان بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زارلاشلىرى، بەزىلىرىنىڭ ماڭا ئايرىم ئۈچۈر يېزىپ دەرت ئېيتىشلىرى بۇ يازمىنى يېزىپ، شەخسىي ھىس-تۇيغۇمنى ئىپادىلەشكە تۈرتكە بولدى. بۇ يازمىنى ئوقۇغاندا نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلار ماڭا نارازىلىق بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئىچىمدىكىنى دېمەي بولمىدى. مەن ئالدى بىلەن شۇ جايلاردا قاپسىلىپ قالغان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئۇيغۇرلۇق نوقتىسىدىن ھېسداشلىق قىلىمەن ۋە پات-ئارىدا قۇتۇلۇپ چىقىشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىت قىلىمەن، شۇنداققىلا بۇ يولدا قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ھەرقانداق تىرىشچانلىقنى ئايىمايمەن. ناۋادا، ھازىرقى شارائىتتا سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش باشتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياكى بىرەر ئۇيغۇر تەشكىلاتىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بەدەلنى تۆلەشكە تەييار ئىكەنلىكىدە قىلچە گۇمانىڭلار بولمىسۇن. ئامېرىكىنىڭ ھوللىيۋود كىنولىرىدىكىدەك تايلاند تۈرمىسىگە تىك ئۇچار قوندۇرۇپ، ئاغامچا تاشلاپ سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئىمكانىيىتى ھازىرچە ھېچقانداق ئۇيغۇر تەشكىلاتىدا يوق. ئەگەر بۇنى خىيال قىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىر قىسىم خىيالپەرەستلەر قوشۇلۇپ كېتىش نىيىتىدە يولغا چىققان سۈرىيەدىكى دائىش، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى ياكى ئالدىنقى يىللاردا ئافغانىستاندا رەسمى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان تالىبان ھۆكىمىتى بۇ ئىشقا نامزات ئىدى. بىراق تايلاند تۈرمىسىدىكىلەرمۇ، سۈرىيە مۇخەييەمدىكىلەرمۇ ئوخشاشلا دېموكراتىك تۈزۈمنى لەنەتلەپ تۇرۇپ، يەنە شۇ دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىن ياكى غەرب ئەللىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشلىرىڭلار كىشىنى ئويغا سالىدىكەن. بۇ دېگەنلىك «زارلىماڭلار، ياردەم سورىماڭلار» دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

دېموكراتىك دۆلەتلەردە، خەلقارا قانۇن تۈزۈم ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئەھدىنامە ئىمزالاپ قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىدىن

قاتتىق ئاغرىنىشتىن بۇرۇن، مەن يۇقاردا تىلغان ئالغان تەشكىلاتلار ياكى ھۆكۈمەتلەردىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟ خۇددى ئۇسامە بىن لادىنغا ئوخشاش، باغدادىيغا ئوخشاش مەلۇم رولغا چىقىپ قالغانلاردىن نە ئەينى چاغدا، نە بۇنىڭدىن كىيىن ئۇيغۇر مىللىتىگە ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەيسلەر.

ئالدى بىلەن شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ سىلەرنى ئالدىغان «سۇرىيەدە خىلاپەت دۆلىتى ئاستىدا ياشاش، ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلمىسا كاپىر پېتى ئۆلۈپ كېتىدۇ» غانلىق ھەققىدىكى ئېزىتقۇ ۋەزلىرىگە ئالدىنىپ 30 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ سۇرىيە تۇپراقلىرىغا يۆتكىلىش دولقۇنى تۈرتكىسىدە 2012 ـ 2014ـ يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇلۇغۇار سەپەرگە چىققان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق ئۇلۇغۇار ئىشى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ، ئەرەب چۆللىرىدە نابۇت بولۇپ كەتتى. سىلەر ئاز بىرقىسمىڭلار تايلاند تۈرمىسىدە، يەنە بىرقىسمىڭلار سۇرىيەدە كۇرت كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىدا ئەسىر. بۇ مەنىدەك بىر سېپى ئۆزىدىن ئۈممەتچىنى ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

غەرب ئەللىرى دائىش ياكى شۇنىڭغا يېقىن رادىكال ھەرىكەتلەر بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋىتى بار ھەرقانداق شەخسكە ئالاھىدە سەزگۈر مۇئامىلە قىلىپ، بەك ئېھتىيات قىلىدىغان بولغاچقا، سىلەرنى سىياسىي مۇنبەرلەردە تىلغا ئېلىپ، قۇتۇلدۇرۇش ئىلتىماسى سۇنۇش ھەرقانداق ئۇيغۇر تەشكىلاتىغا قىيىن توختايدىغانلىقىنى مەن ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قوياي.

ماڭا كەلگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، تايلاند تۈرمىسىدە تەبئىي پەندە ياخشى ئوقۇغان ئىنژىنىرلار، يازغۇچىلار ۋە ئۆلىمالارمۇ بار ئىكەن.

سىلەرنىڭ بەزىلىرىڭلارنىڭ تايلاند تۈرمىسىدە يېتىپ تۇرۇپ كىتاب تەرجىمە قىلىپ، ئەركىن دۇنيادىكى قەلەم ئىگىلىرىمۇ قىلالمىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى رۇياپقا چىقارغانلىقىڭلارغا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. تېخى كومپيۇتېر بىلىملىرىنى تەقدىم قىلىپ، يۇتيۇبقا چىقىرىپ كېلىۋاتقان پىدائىيلارمۇ باركەن ئىچىڭلاردا. بۇخارىدەك چوڭ ھەجىملىك ھەدىس كىتاۋىمىزنىڭ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا تەرجىمە قىلىنغانلىقىغان بەك سۆيۈندۈم. سىلەردىن ئاللاھ رازى بولغاي!

سىلەر تۇرمىدە بولغان بولساڭلارمۇ روھىڭلار ئازات، ئىمانىڭلار مۇستەھكەم بولغاچقا، ۋاقتىڭلارنى بەرىكەتلىك ئىشلاردا ئۆتكۈزۈپ، زىندان ھاياتىڭلانى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇپسىلەر. «ئىمانلىق كىشى زىنداندا بولسىمۇ بەختلىكتۇر، ئىمانسىز كىشى سارايدا بولسىمۇ بەختسىزدۇر» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان، شۇڭلاشقا ئۈمىدۋار تۇرۇڭلار. ئەتە دۇنيا ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى، سىرتتىكىلەرنىڭ زىنداندا، زىنداندىكىلەرنىڭ سىرتتا بولۇشىنىمۇ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئالدىنئالا بىلەلمەيدۇ. سىلەرگىمۇ چوقۇم تاڭ ئاتىدۇ.

ناۋادا مەن سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا بولغان بولسام، بۇرۇن بىلمەي قىلىپ دەسسەپ سالغان خاتا ئىدىيە ۋە ناتوغرا يولدىن سەممىي تەۋبە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن چىققاندىن تارتىپ نۇرغۇن دۆلەت چېگرىلىرىدىن قانداق ئۆتكەنلىكتىن باشلاپ، سۈرىيە مۇخەييەمگىچە بولغان ئىشلارنىڭ جەريانىنى يازغان ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئىبرەت ۋە يالداما قالدۇرغان بولاتتىم.

# گوللاندىيە خاتا قىلمىدىمۇ؟

گوللاندىيە ھاۋا ئارمىيەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئۇچقۇچى مۇنىردىن يادىكارنىڭ گوللاندىيە پادىشاھلىقى تارماقلىرى تەرىپىدىن ئىشتىن بوشىتىلغانلىقى ياكى باشقا خىزمەتكە ئۇرۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى سىرى قىزىق تېما بولۇۋاتىدۇ.

مەن ئويلاپ قالدىم، ئەگەر مۇشۇ يىگىت تۈركىيە، غەربىي تۈركىستان ياكى بىرەر ئىسلام ئەللىرىدە ئۇچقۇچى ئوفىتسېرلىق خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان بولسا، بىزنىڭ كۆپىنچىمىز بۇنى خىتاينىڭ بېسىمىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، شۇ دۆلەت ۋە خەلقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنىمۇ چىشلەپ تارتىپ، ئېغىر ھاقارەتلەر بىلەن تىللاشقا باشلىغان بۇلاتتۇق. بىراق بۇ يىگىتنى گوللاندىيەدەك بىر غەرب دۆلىتى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇ دۆلەتنى توغرا چۈشەندۇق ۋە «بىخەتەرلىك ئۈچۈن توغرا قىلدى، بەلكىم ئۇ بالا تىكئۇچارنى ھەيدەپ بېرىپ، خىتايغا ھۇجۇم قىلىپ ئىنتىقام ئېلىشى مۇمكىن ئىدى» دەپ پەرەز ۋە قۇرۇق پانتازىيە توقۇشتۇق. ئۇ بالىدا ئاشۇنداق خىتايغا قارشى ئاڭ قانچىلىك بولغىيدى؟ دەپ ئويلاپ باققانلار قانچىلىكتۇر.

ئەسلىدە گوللاندىيە تەرەپ ئۇ بالىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك خىتاينى خۇش قىلىدىغان قىلىقنى قىلماي، ئۇ بالىنىڭ ئائىسىنى خىتاي لاگېرىدىن قۇتۇلدۇرۇشىنىڭ يولىنى قىلىپ، ئۆزىگە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئوفىتسېرىگە ئىگە چىقىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ بىز مەسىلىنى ما نوقتىدىن تەھلىل قىلساق، ئادالەتنى ياقىلىغان بۇلارمىز!؟

غەرب نېمە قىلسا «توغرا قىلىدۇ، خىتايغا مايىل ئىش قىلمايدۇ، خىتاينىڭ بېسىمىغا بويۇن ئەگمەيدۇ... » دېگەندەك قاراشلار بىزدە ناھايىتى ئېغىر. مەن بۇنىڭغا زىنھار قايىل ئەمەس. يېقىن كەلگۈسىدە غەربتىمۇ خىتاينىڭ دۇمبىقىنى چالىدىغان ھۆكۈمرانلارنى خېلى كۆپ ئاڭلاپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەيمەن. بىزنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى — ۋېنگرىيە بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

## ئاللاھ تائالانى ئەستە چىڭ ساقلاش

**عَـنْ بُرَيْـدِ بْـنِ عَبْـدِاللَّهِ، عَـنْ أَبِي بُـرْدَةَ، عَـنْ أَبِي مُـوسَى قَـالَ: قَـالَ النَّبِيُّ ﷺ: مَثَـلُ الَّذِي يَذْكُـرُ رَبَّـهُ وَالَّذِي لا يَذْكُـرُ رَبَّهُ مَثَلُ الحَيِّ وَالمَيِّتِ.**

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «رەببىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان ئادەم بىلەن رەببىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىمىغان ئادەمنىڭ مىسالى، تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ».

ئاللاھ تەئالانى قاچان ئەسكە ئالىمىز؟ پەقەت ناماز ئوقۇغاندىمۇ؟ بېشىمىزغا بالايى-ئاپەت كەلگەندىمۇ؟ ياكى جان ھەلقۇمغا يەتكەندىمۇ؟

ئەڭ مۇھىمى خىزمەت قىلىۋاتقاندا، سودا-سېتىق قىلغاندا، پۇل تېپىۋاتقاندا، توي قىلىۋاتقاندا... تېخىمۇ ئەسكە ئېلىش كېرەك. ئاللاھ تەئالانى ئەسكە ئېلىش، زىكىر قىلىش — ھەرۋاقىت ئۇ كۆرسەتكەن دۇرۇس يولدا مېڭىش دېگەنلىك بولىدۇ.

**فَـإِذَا قَضَيْتُـمُ الـصَّلَاةَ فَاذْكُـرُوا اللَّهَ قِيَامًـا وَقُعُـودًا وَعَلَى جُنُوبِكُـمْ فَـإِذَا اطْمَأْنَنتُـمْ فَأَقِيمُـوا الـصَّلَاةَ إِنَّ الـصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَّوْقُوتًا**

نامازدىن بوشىغان ۋاقىتلاردا ئۆرە تۇرۇپمۇ، ئولتۇرۇپمۇ، يېتىپمۇ ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار. خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن ھالدا پەرز قىلىندى (سۈرە نىسا 103- ئايەت).

# ئىككى يۈزلىمچىلەرنىڭ ئۆزگەرمەس كېسىلى

سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئىككى يۈزلىمچىلەر ۋە دىلىدا مەرەز بار «كوممۇنىست دەھرىيلەر» بىلەن بىز ياشاۋاتقان دەۋردىكى دەھرىيلەر پىرىنسىپ جەھەتتىن ئوخشايدىكەن. ھەر ئىككىلىسى مۆمىنلەرنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن بىر كۈنى غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەچكە ھەرخىل نەزەرىيىلەرنى توقۇپ چىقىپ، دىندارلارنىڭ دىنى ئامىنى ئالداپ خىيالپەرەسلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەسلىدە، دۈشمەن بىلەن سۈلھى-سالا قىلىپ باش ئېگىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. مىللەتنىڭ روھىنى ئۆلتۈرۈپ، قۇللۇقنى كۆندۈرۈشكە ئورۇنىدىكەن.

ئىشەنمىسەڭلار، ھايات كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەتنى بىر ئوقۇپ بېقىڭلار:

**إِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ غَرَّ هَؤُلَاءِ دِينُهُمْ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَإِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ**

ئۇ چاغدا ئىككى يۈزلىمچى — مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسىلى بارلار: «بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالداپ كەتتى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)» دەيتتى. ئەمەلىيەتتە كىمكى ئاللاھقا تايىنىدىكەن، (شۇنى بىلسۇنكى) ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، (ھەممىنىڭ ئۈستىدىن) ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچىدۇر (سۈرە ئەنفال 49- ئايەت).

## ماركسىزم مۇھەببىتى قەلبىگە سىڭىپ كەتكەنلەر

ئاللاھ تەئالا بىزگە مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ خىتايدىن يۇقتۇرۇۋالغان كونا ئادىتىمىزنى تاشلىشىمىزنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

قەدىمكى مىسىردا قىبتى مىللىتىنىڭ ئىچىدىن چىققان زالىم فىرئەۋنىنىڭ ئېزىشىگە دۇچار بولۇپ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىپ ئاسىيلىق قىلغان، يەھۇدىيلىشىپ كەتكەن بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن قۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ ھەيكەللەشتۈرۈلگەن مىسىر تەڭرىسى «موزاي» دىن مەرىنى ئۈزەلمىگەنلىك ھادىسىسى ئەيىبلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خۇيى مېتافور بىر ئىبارە بىلەن «دىللىرىغا مۇزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن ئىدى» دېيىلىدۇ. بەنى ئىسرائىل قوۋمىنىڭ بىرقىسمى ئۇزۇن يىللىق فىرئەۋن ئاسارىتى جەريانىدا دۈشمەن قوۋم بولغان قىبتىيلاردىن يۇقتۇرۇۋالغان ئادەتلىرىنى ھەتتا مىسىردىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىنمۇ تاشلىيالمىغان. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي يېمەك-ئىچمەك ئادىتى، مودىسى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغان ئىمانلىق قېرىنداشلىرى مەتۇ كۆرىنىدىغان بولۇپ قالغان. بۇ بىزگە نېمىنى ئەسلىتىدۇ؟

قېنى بۇ ئايەتنى ئوقۇپ باقايلى:

**وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ الطُّورَ خُذُوا مَا آتَيْنَاكُم بِقُوَّةٍ وَاسْمَعُوا قَالُوا سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَأُشْرِبُوا فِي قُلُوبِهِمُ الْعِجْلَ بِكُفْرِهِمْ قُلْ بِئْسَمَا يَأْمُرُكُم بِهِ إِيمَانُكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ**

ئەينى چاغدا بىز تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويۇپ، سىلەردىن (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا) چىن ۋەدە ئالغان ۋە سىلەرگە: «مەن چۈشۈرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار» دېگەن ئىدۇق.

بىراق (ئۇلار): «ئاڭلىدۇق ۋە ئاسىيلىق قىلدۇق» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ تۇزكورلۇقى تۈپەيلىدىن دىللىرىغا موزايىنىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتقۇچى بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكەنا؟» دېگىن (سۈرە بەقەرە93 ـ ئايەت).

مەن شەخسەن بۇ ئايەتنى ئوقۇغىنىمدا، بىز ئۇزۇن يىللىق خىتاي ئاسارىتى جەريانىدا دۇشمەن قوۋم بولمىش خىتايدىن يۇقتۇرۇۋالغان نۇرغۇن ئىللەتلىرىمىز ئېسىمگە كېلىدۇ، بولۇپمۇ ماركسىزملىق دۇنيا قاراش مۇھەببىتى قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن بىرقىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھلى ئىمان ئۇيغۇرلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئېسىمگە كېلىدۇ. ھەر مىللەتتىن ھەرخىل ئادەملەر چىقىشى نورمال ئەھۋال. ئۇيغۇرلار ئىچىدىنمۇ ھەرياڭزا ئادەملەر ۋە ئېقىملارنىڭ چىقىشىمۇ تەبىئىي بىر ئىجتىمائىي ھادىسە. بىركىمنىڭ ئاتېئىست بولۇشى، باشقا خالىغان دىنلارنى تاللىۋېلىشى ئۆزىنىڭ شەخسى ئەركىنلىكى. بىراق بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى مەسخىرە قىلسا، خىتاي كۈپپارلىرى بىلەن ئوخشاش مەيداندا تۇرۇپ ئەھلى ئىسلام ئۇيغۇرلارغا ئۆچمەنلىك قىلسا، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمىز.

ھەر قاندان مىللەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، ئۇنى جەم قىلىدىغان مەنىۋى بىر كۈچ بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى. بىزنى رۇس ۋە خىتايغا قارشى ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشتىن ساقلايدىغىنىمۇ، خىتايغا قارشى كۆرەشتە بىزگە ئىسترگۇچ كۈچ بولىدىغىنىمۇ يەنىلا ئىمان ـ ئىسلامدۇر. بۇنىڭغا قارشى چىققان، بۇنى مەسخىرە قىلغان ھەر قانداق كىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قارغىشىغا قالىدۇ. مىللىتىمىزنى ئېتىقاتسىزلاشتۇرماقچى بولغان كىشىلەر ئۇيغۇرلۇق شۇئارىنى تووۋلىسىمۇ، ماھىيەتتە، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۇيغۇرلۇق ئاتالمىش خىتاي كومپارتىيەسى تەشەببۇس قىلغان ئىچى قۇرۇق «قوۋمىيەتچىلىك» تىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەۋەس قىلىدىغىنى گەنسۇدىكى بىز بىلەن مۇناسىۋىتى قالمىغان سېرىق ئۇيغۇر ياكى تارىختا ئۆتكەن شامان بۇددىست ئۇيغۇرلار، خالاس. ئىشقىلىپ، دەۋرىمىزدە زاماندىكى ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئۇلارغا يات، شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ ھەر نەرسىمىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىش شۇنداق ئىكەن، بىزمۇ بۇ مەسىلىگە سەل قارىماسلىقىمىز زۆرۈر. ماركسىزم مۇھەببىتى قەلبىگە، يۈرىكىگە ۋە پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن كىشىلەر ھەرقانچە دىندار، ھەرقانچە ۋەتەنپەرۋەر،

ھەرقانچە ئۇيغۇر سۆيەر قىياپىتىگە كىرىۋالسىمۇ، يولنىڭ يېرىمىغا بېرىپلا كونا كېسىلى تۇتۇپ قېلىپ ماركىستەك، ماۋزېدۇڭ خىتايدەك تەپەككۇر قىلىپ، ماجرا تۇغدۇرۇشتىن يانمايدىكەن.

# نورۇزنى ئاتالمىش «شىنجاڭچىلار» غا تاشلاپ قويمايلى!

خىتاينىڭ چاغان بايرىمىغا قارشى ئۇيغۇر، ئىران ۋە تۇرانى خەلقلەرنىڭ دىن بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان باھارنى كۈتۈۋېلىش — نورۇز بايرىمى يېقىنلىشىۋاتىدۇ. بۇ بايرام بىز ئۇيغۇرلار مىڭلارچە يىلدىن بۇيان قۇتلۇقلاپ كەلگەن بىر مىللىي بايرام. شىڭشىسەي چەكلىگەن نورۇز 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاينىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيەسىنىڭ تەقەززاسى تۈرتكىسىدە رۇخسەت قىلىنغان ئىدى.

نورۇز شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن يىل قۇتلۇقلىنىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن مىللەتىمىزگە مىللىي تۇيغۇ بېغىشلاشتەك ئىجابى نەتىجىمۇ بەرگەن بولدى. مەنغۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئىشى يوق ئادەم، لېكىن سەنئەتخۇمار مىللەتىمىزنىڭ قىزىقىشىنى توغرا قانالغا باشلاپ، نورۇزنى شەرقىي تۈركىستان ـ ئۇيغۇر دەۋاسىغا خىزمەت قىلدۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ يازمىنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

خىتاي ئالۋاستىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چاغان بايرىمىنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان سورۇن ئۇچۇن ھەر يىلى نەچچە مىليارد ياۋرو خامچوت ئاجرىتىۋاتقانلىقى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇلار چاغان بايرىمىنى ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇدى دېگەن گەپ. بۇندىن بىر نەچچە يىللا بۇرۇن بولسا كېرەك، خېلسىنكىنىڭ مەركىزى مەيدانلىرىنىڭ بىرىدە خىتاينىڭ چاغان بايرىمى پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلانى فىن (فىنلاندىيە) ئاخبارات ۋاستىلىرىنى قاپلاپ كەتتى. بىز ئۇيغۇرلارمۇ دەل شۇ مەيداننىڭ بىر چېتىدە نامايىش قىلغان بولدۇق. ئاردا مەيداننى ئايلانغىلى كىرسەم، خىتاي ئەمەس فىنلارمۇ ئۇستەل ئېچىپ، خىتاينىڭ قىزىل چىرىقى ئاستىدا ئولتۇرۇشامدۇ! «خىتاي ـ فىن دوستلۇق جەمئىيىتى»، «فىن ـ خىتاي فاندا جەمئىيىتى»، «فىن ـ خىتاي كۆڭگۈزى جەمئىيىتى»، «فىن ـ خىتاي سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى»... دېگەندەك جەمئىيەتلەر بولۇپ 50 ئەتراپىدا جەمئىيەتنىڭ خىتاي چاغان بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بوتكا قۇرۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئىچىم

ئاچچىق بولدى. «ھەي پۇل، سەن نېمىلەرگە قادىرسەن!» دېدىم ئىچىمدە.

مېنىڭ يېتەرلىك ئىقتىسادىم بولغان بولسا ئىدى، ئۇنى قىلاتتىم، بۇنى قىلاتتىم دەپ پو ئاتىدىغانلارغا ئوخشاش پو ئېتىشىمغا توغرا كەلسە، ئەسلى چەت ئەلدىكى ئۇيسۇلچى، تەمبۇرچى، دۇتارچى ناخشىچى، رەسىمچى... ئىشقىلىپ، ھەنىمچىلەرنى يىغىپ سورۇن ھازىرلاپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغۇم كېلىدۇ. گەرچە ئۆزەممۇ سەنئەتخۇمار بولۇشۇمغا قارىماي بۇرۇن چوڭلاردىن «سەنئەتچىنىڭ ئوڭگى يوق، پاشىنىڭ قوڭگى» دەپ ئاڭلايتۇق، مەنسىتمەيتتىكەنمەن. بارا-بارا ئاشۇ گەپنىڭ سەل ۋەزنى بارلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدىم. قولىغا ئىنىستىرومان چىققان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئېسىدىن ۋەتەن-مىللەت مۇھەببىتى كۆتىرىلىپ كېتىپ، بارمىقىدا تەسبىھ تۇرمايدىكەن، دىلىدىن ئىمان كۆتىرىلىپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ!؟ ئەگەر بۇ دېگەنلىرىم يالغان بولسا، «يالغان» دەپ ئىسپات كۆرسىتىڭلارچۇ! ئىمان يوقالسا، ۋەتەن مىللەتنىڭ قەدرىيەتلىرىمۇ ئاساسەن يوقاپ كېتىدىغان ئىش ئىكەن، مەنىۋىي — روھى دۇنياسى قاراڭغۇلۇشۇپ كېتىدىكەن (نى-نى ئىمانلىق، ۋىجدانلىق سەنئەتچىلىرىمىزمۇ بار، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئېلىۋالمىسۇن). مەن كۆپ ساندىكىلەرنى دەۋاتىمەن. مېنىڭ دادام رەھمەتلىك ئۇستا راۋابچى ئىدى. كېيىن تۇۋا قىلغاندا مەن ھەيران قالغان، تۇۋا قىلغىنى بىكار ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدىم. زادى بۇنداق كىشىلەر ئېغىپ كېتىشكە مايىل كېلىدىكەن. بولۇپمۇ، غەربكە كېلىۋالغان سەنئەتخۇمارلار بىزنىڭ بېشىمىزنى تولا ئاغرىتىپ، مۇشۇ ئويغا كەپ قالدىم، كەچۈرۈڭلار.

ھە، راست! بۇ ئارىدا «رەسۇلۇللاھ نورۇز ئۆتكۈزمىگەن»، «بىزنىڭ ئىككى بايرامدىن باشقا بايرىمىمىز يوق»، «ئىستىقلال مارشىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى رەسۇللۇللاھ قىلمىغان» ... دەپ دىن نامىدىن سۆزلەيدىغانلىرىڭلار، سەللەڭلار بولسا ئالدىڭلارغا ئېلىپ قويۇپ قايتا ئويلىنىپ، دىنىي بايرام بىلەن مىللىي بايرامنى ئايرىشنى ئۈگۈنۈڭلار. بەك سۆزلىگىڭلار كەلسە، رەسۇلۇللاھنىڭ زۇلۇمغا سۈكۈت قىلمىغانلىقى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ فىرئەۋنگە قارشى ئالدىنقى سەپتە كۆرەش قىلغان سۈننەتلىرىنى كۈنتەرتىپىمىزگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۈچەڭلار.

# خىتاينىڭ قارا قولى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرچە كىتابلاردا

بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى ئىستانبۇلدا يۈزبەرگەن قۇتادغۇبىلىك كىتابخانىسىدىكى «باندىرولسىز ئۇيغۇرچە كىتابلارنى مۇسادىرە قىلىش ۋەقەسى» ھەممىزنى ساراسىمىگە سالدى. ئايلار ئاۋال 19 مىڭ پارچە كىتابنى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن كىتاب ئامبىرىدىن. بۇ قېتىم پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت كىتابلارنىلا نىشان قىلىپ، 5 مىڭ پارچە كىتابنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ۋەھالەنكى، تۈركىيەدە كىتابلارنى نۇسخىلاپ سېتىش ئىشى شۇنچىۋالا ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان، ھەر تەرەپ ساختا مەھسۇلات بىلەن قاپلانغان تۇرسا، قانداق بولۇپ ئۇيغۇرچە كىتابلار نىشان بولۇپ قالدى؟

گەرچە بىرقىسىم ئۇيغۇرچە كىتابلار ماشىنىغا يۈكلەنگەندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىلگەندەك قىلسىمۇ، بۇنى كىتابخانىنىڭ ئالدىغا جۇغلىشىپ چوقان كۆتۈرگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ غەلىبىسى دەپ ئۆزىمىزنى ئالدىمايلى. سايلامغا يېقىن ۋاقىت قالدىغۇ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئا ك پ نىڭ خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن ئەنسىرەپ، كىتاب يىغىۋېلىش ئىشىنى كېيىنگە قالدۇرۇش تاكتىكىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايلى. كېيىنكى كۈنلەردە يەنە كېلىشى مۇمكىن. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىلا ئەمەس، ئۇلارغا بېسىم قىلىپ ئۇيغۇرچە كىتابلارنى قانۇن يولى بىلەن يوقاتماقچى بولغان خىتاينى لەنەتلەپ، مۇداپىئەلىنىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنەيلى. تۈركىيەنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ئىشلاردىن ئاۋال ئۆزىمىزنى ساقلايلى.

شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە ئۇيغۇرچە كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ نابۇت قىلىۋەتكەن ۋە ئۇيغۇرنىڭ تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، دىنىنى، پۈتۈن مىللەتنى، ھەتتا قىزىل پاچاق ئۇيغۇرلارنىمۇ ئاياپ قويماي يوق قىلىپ تاشلاشتەك شۇم نىيىتىنى رەھىمسىزچە ئىجرا قىلىۋاتقان خىتاي فاشىستلىرى ئەگەر قولىدىن كەلسە، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنىمۇ ئاياپ قويماي يوق قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ چەت ئەلدىكى كىتابلىرى، توربەتلىرىمۇ خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ھۇجۇم نىشانى.

شۇڭلاشقا كىتابخانىلىرىمىزغا ساقچىلار كېلىشتىن بۇرۇن، كىتاب سېتىۋېلىش ئارقىلىق كىتابخانىلىرىمىزغا ئىگە چىقايلى. مۇھىم قۇرال

كىتابلارنى ئۆيىمىزدە ساقلاپ قويايلى!

ھەقسىز پ د ئەف كىتابلار بىلەن تەمىنلەۋاتقان تور سۇپىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىغا ھەمدەمدە بولايلى.

# ئۇيغۇرنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن «ئۇلۇبەقىيە» لەر بىلەن ئىسلاھاتچىلار كېرەك!

مەۋجۇداتنىڭ ئەزەلى ۋە ئەبەدى ئىگىسى ۋە ئۇلارنى يوقتىن بار قىلىپ، مىكرو جانلىقلاردىن ماكرو ئالەملەرگە قەدەر ھەرنەرسىگە مەلۇم قانۇنىيەت ۋە ئۆلچەم بېكىتىپ پەيدا بولۇش، تەرەققى قىلىش ۋە يوقاپ كېتىشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تۈزگەن ئۇلۇغ ئاللاھ بىزگە ئۆتمۈش ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ھۇد سۈرىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

**فَلَوْلَا كَانَ مِنَ الْقُرُونِ مِن قَبْلِكُمْ أُولُو بَقِيَّةٍ يَنْهَوْنَ عَنِ الْفَسَادِ فِي الْأَرْضِ إِلَّا قَلِيلًا مِّمَّنْ أَنجَيْنَا مِنْهُمْ وَاتَّبَعَ الَّذِينَ ظَلَمُوا مَا أُتْرِفُوا فِيهِ وَكَانُوا مُجْرِمِينَ**

نېمىشقىدۇر سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدىن بىز قۇتۇلدۇرغان ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقا، زېمىندا كوللېكتىپ چىرىكلىككە-بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەر چىقمىدى، كاشكى، چىققان بولسا! ئۆزىگە ئۇۋال قىلغانلار بولسا ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلاشتى، گۇناھ-مەئسىيەتكە چۆمدى (سۈرە ھۇد 116- ئايەت).

**وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ الْقُرَى بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ**

رەببىڭ ئاھالىسى ئىسلاھپەرۋەر بولغان ئەلنى ناھەق ھالدا ھالاك قىلغىنى يوق (سۈرە ھۇد 117- ئايەت).

مەزكۇر ئىككى ئايەتتە ئۇلۇبەقىيە (ئاۋانگارتلار) بىلەن ئىسلاھاتچىلار ئۈستىدە توختىلىپ، ھەرقانداق قوۋم ئىچىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرىدىغان پەزىلەتلىك ۋە ئىسلاھاتچى بىر تۈركۈم ئاۋانگارتلارلا بولىدىكەن، ئۇنداق قوۋمنىڭ يوقاپ كەلمەيدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ئەھلى ئىلىملەر، زىيالىلار، پۇلدارلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇلۇبەقىيەلىرى (ئاۋانگارتلىرى) بولۇپ، بۇ ئۈچ قاتلام كىشىلەر ئۆتمۈشكە توغرا ۋارىسلىق

قىلىپ، دەۋرنىڭ روھى بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ۋە بەل قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك.

ئۇيغۇر مىللىتى مۇشۇ ئۈچ قاتلام كىشىلەر توپىغا ئامانەت. رەببىم بىزنى ئۆزىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلمىغان بەندىلەر قاتارىدىن بولۇشىمىزغا مۇيەسسەر قىلغاي!

## بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇلغان

كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَوْ آمَنَ أَهْلُ الْكِتَابِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُم مِّنْهُمُ الْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ الْفَاسِقُونَ

(ئى ئۈممىتى مۇھەممەد!) سىلەر ئىنسانىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئاللاھقا ئىشىنىدىغان خەيرلىك ئۈممەتسىلەر. ناۋادا ئەھلى كىتابمۇ ئىمان ئېيتقان بولسا ئەلۋەتتە ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقۇچىلارمۇ بار، بىراق تولىسى يولدىن چىققۇچىلاردۇر (سۈرە ئالى ئىمران 110- ئايەت).

مەزكۇر ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ياكى مۆمىننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان... دېمەستىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «لىلناس» كەلىمىسىنى ئىشلىتىشتىكى ھېكمەت — بىز بىلەن ئوخشاش دىندىكى، ئوخشاش مەزھەپتىكى، ھەتتا ئوخشاش كۆزقاراشتىكى كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئىش-ھەرىكەتلەردە بولۇش ئاسان، بىراق ھەرقانداق ئىنسانغا ياخشىلىق قىلالايدىغان ھەقىقىي مۆمىن بولۇش بەسى مۈشكۈل بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئايەتنى شەرھلىگەن ئاساستا «ئىنسانلارغا ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغىنىڭلار سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلاردۇر» دەپ كۆرسەتكەن ئىكەن.

# ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قۇرۇق گەپلەر

بۈگـۈن قارىسـام، خىتـاي ھۆكۈمىتـى چـەت ئەلدىكـى بىـر ئۈچـۈم گۇماشـتىلىرىنى ئىشـقا سـېلىپ، توپ-تـوپلاردا نامايىشـنى خىتـاي كونسۇلخانىسـى ئالدىـدا قىلماي، تۈركىيـە جۇمھۇرىيىتـى جۇمھـۇر باشـقانلىقى سـارىيى ئالدىـدا قىلىشـنى تەشـەببۇس قىلغـان قىياپەتكـە كىرىۋېلىـپ، دىققەتنـى باشـقا ياققـا بۇراشـقا ۋە نامايىشـتىن توسۇشـقا ئۇرۇنۇۋېتىپتـۇ. سـەۋەبى بولسا، ھازىرغا قـەدەر قىلغان نامايىشلارنىـڭ ھېچبىرىگـە خىتـاي جـاۋاپ بەرمىگەنمىـش... شـۇڭا يـا بـۇ نامايىشـنى قىلماسـلىق ۋە ياكـى ئۇيغۇرغـا زۇلـۇم قىلمىغـان دۆلەتلەرنىـڭ ئەلچىخانىلـىرى ئالدىـدا قىلىـش كېرەكمىش.

بۇنى ئاڭلاپ، تۆۋەندىكى مۇنۇ جۈملە ئېسىمگە كېلىپ قالدى:

ئۆيۈڭگـە ئـوت كەتكەنـدە بـىراۋ سـېنى نامازغا ۋە دۇئاغا دەۋەت قىلسـا، بىلگىنكـى، ئـۇ خائىنلىـڭ دەۋىتىـدۇر. چۈنكـى بۇنـداق ئەھۋالـدا ئـوت ئۆچۈرۈشـتىن باشـقىغا كۆڭـۈل بۆلـۈش ۋە دىققەتنـى باشـقا ئىشـقا بـوراش، گەرچـە ئـۇ ئـىش ھـەر قانچـە مۇقـەددەس بولغـان تەقدىردىمـۇ، بىخۇدلاشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس (مۇتەپەككۇر، ئەلى شەرىئەتى).

تەشـكىلاتلار «يىغىـن ئۇيۇشـتۇرىمىز» دېگـەن ۋاقىتلاردا پات-پـاتلا بـۇ خىتـايلار: «يىغىنىنـى زۇم ئارقىلـىق قىلسـىمۇ بولـىدۇ. نىمىشـقا ئۇنـداق قىلىـدۇ، پـۇل چىقىـم قىلىـپ؟»، «نامايىشـنى دۆلـەت ئـاتلاپ بىـر يەرگـە جـەم بولـۇپ، ئامېرىـكا ئەلچىخانىسـى ئالدىـدا قىلغۇلـۇق»، «كىشـىلىك ھوقـۇق دېـدى، مۇسـتەقىللىق دېمىـدى»، ... دېگەنـدەك تەتـۈر تەشۋىقاتلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئىش قىلىـپ، بـۇ خىتايىنىـڭ گۇماشـتىلىرى خىتايغـا قارشـى قولغـا قـورال ئالغانلارنـى بىـر نېمىلەرنـى دەپ خۇنۇكلەشتۈرۈشـكە، ئۇيغـۇر ئورنىدىـن دەس تۇرسـىلا، قـۇرۇق گـەپ بىلـەن توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

## «چاۋنى چىتقا يېيىش» ھەققىدە دىنىمىز نېمە دەيدۇ؟

باشقىلارنىڭ قۇسۇرىنى «چىتقا يېيىش»، سازايى قىلىش دىنىمىزدا ئەڭ قەبىھ گۇناھ دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ ياكى مەلۇم قوۋمنىڭ زىھىن دۇنياسىدا قەھرىمانلىق سىمۇۋۇلىغا ئايلانغان، ئەھلى ئىسلام ياكى بىرەر مىللەت ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە يازمىلىرىدىن ئىلھام ئالىدىغان تارىخى شەخسلەرنى يەرگە ئۇرۇدىغان، ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈدىغان سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىش، يېزىش مىللىي مەنپەئەتكە زەربە بېرىدىغان قىلمىش بولغاچقا، «بۇنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئېغىر» دەپ كەسكىن قىلىپ ئېيتالايمىز.

ئاللاھ تەئالا يامان ئىشلارنىڭ يېيىلىشى، مۆمىن بەندىلەر ھەققىدە سەلبى سۆز-چۆچەكلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**انَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ**

مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان (گەپ-سۆز، پىتنە-پاسات) نىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە دەرد-ئەلەملىك ئازاب-ئوقۇبەتكە قالىدۇ. ئاللاھ (ھەممىنى) بىلىپ تۇرىدۇ، ھالبۇكى سىلەر بىلمەيسىلەر (سۈرە نۇر 19- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

**مسلمًا ستَرَهُ اللَّهُ في الدُّنيا والآخرةِ» (رواه مسلم)**

كىمكى بىر مۇسۇلماننى ئاسرىسا، (ئەيب-نۇقسانلىرىنى) ياپسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسرايدۇ، (ئەيب-نۇقسانلىرىنى) ياپىدۇ (مۇسلىم).

نېمىشقا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ 12 ھاۋارىيسى قۇرئان كەرىمدە مەدھىيىلەنگەن؟ دېگەندە، ئۇلار ئەيسا پەيغەمبەرنى قوغدىغان ۋە كۆز

قارچۇغىدەك ئاسرىغان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت خەلىپىسىنىمۇ باشقا ساھابىلەردىن ئۇلۇغ قىلغان خىسلەت، دەل رەسۇلۇللاھنى ئاسرىغانلىقىدا. شۇڭا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەھرىمانلىرىغا ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاستە قىلىنغان ھۇجۇمغا سۈكۈت قىلماسلىقىمىز ئەڭ ئەقەللى ئادىمىيلىكىمىزدۇر.

# ماڭا كۆرۈنمەس بولۇپ قالغانلار

ئۇيغۇرلار بۈگۈنكىدەك مىللىي كرىزىسقا، ئومۇمىيۈزلۈك ئىرقىي يوقۇتۇشقا دۇچ كېلىۋاتقان دەۋردىمۇ ئۇيغۇرنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، مىللىي روھنى ئويغىتىدىغان، جەڭگىۋارلىق، پىداكارلىققا چىللايدىغان شېئىر يېزىشنىڭ ئورنىغا لىرىكىلىق، «قۇش ئۇچتى»، «دەرەخ ئوڭشىدى» ... دېگەندەك بىزنىڭ ھىس-تۇيغۇمىزغا زىت شېئىرلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان شائىر كۆزۈمگە شائىردەك كۆرۈنمەيدۇ.

خىتايغا قارشى كۈرەشكە، مىللىي مەنپەئەتكە، ئۆملۈككە، مېھىر-مۇھەببەتكە تەشەببۇس قىلىدىغان يازما يازماي، دەۋاننىڭ ئالدىنقى سېپىدا كۈرەش قىلىۋاتقانلارغا شىلتىڭ ئاتىدىغان، مىللىتىمىز ئارىسىغا نەپرەت، ئۆچمەنلىك ۋە پاسسىپ ئېنېرگىيە تارقىتىدىغان سەلبى خاراكتېرلىق يازما يازىدىغان يازغۇچىلارمۇ يازغۇچىدەك كۆرۈنمەيدۇ.

خىتايغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ، مىللەتنى يېتەكلەپ بىر كىشىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ئورنىغا، يالتىيىپ يۈرۈيدىغان، قالاق كىشىلەردىن پەرقسىز، قورساقنى تويغۇزۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان زىيالىيلارمۇ زىيالىيدەك كۆرۈنمەيدۇ.

مىللەتنىڭ ئۇخرەۋى ھاياتىغا تەئەللۇق ئويغىتىش، ئەمرى-مەرۇپ، نەھى ئەنىلمۇنكەرگە ياتىدىغان ھېچقانداق ئەمەلى ئىشلارنى قىلماي، بىركىشىلىك نامىزىنى قىلىپ يۈرىيدىغان، ئاللاھ تەئالادىن «ئۇنى قىلىپ بەرگەيسەن»، «بۇنى نېسىپ قىلغايسەن» دەپ ئېغىزاكى دۇئادىن باشقا ئەمەلىي ھېچقانداق ئىش قىلمايدىغان ئۆلىمامۇ ئۆلىما كۆرۈنمەيدۇ كۆزۈمگە.

## خىتاي ياكى خىتايپەرەسلەر بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇۋاتقانلار ھەققىدە ئاللاھ نىمە دەيدۇ؟

ئۇزۇندىن ئۇزۇن گەپتانلىق قىلغاندىن كۆرە، سۈرە مۇمتەھىنەدىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئۆز پېتى ھەمبەھىرلەپ قويدۇم:

عَسَى اللَّهُ أَنْ يَجْعَلَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ الَّذِينَ عَادَيْتُمْ مِنْهُمْ مَوَدَّةً وَاللَّهُ قَدِيرٌ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ (7) لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ (إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَى إِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ (9)

ئاللاھ سىلەر بىلەن ئۇلاردىن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا دوستلۇق بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ئاللاھ (ھەممىگە) قادىردۇر، ئاللاھ ئەپۇ-مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئىنتايىن رەھىمدىلدۇر. ئاللاھ سىلەرنى سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇشمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن، ئۇلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىل بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى پەقەت دىن توغرىسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەن كىشىلەرنى جان-جىگەر دوست قىلىۋېلىشىڭلاردىن توسىدۇ. كىمكى ئۇلارنى جان-جىگەر دوست قىلىۋالىدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملارنىڭ دەل ئۆزىدۇر (سۈرە مۇمتەھىنە 7 - 9- ئايەت).

# بىزگە نېمە بولغاندۇ؟

مۇسـبەتنى ناخشا-ئۇسسۇل ۋە موزىكا-ساز بىلەن ئۇنتۇشقا تىرىشىش، مېيتنى داپ-ئۇسۇل بىلەن ئۇزۇتۇش، مېيت چىققان ئۆيدە قوي سويۇپ، بەتتە پولۇ يېيىش... ئادەتلىرى شامان دىنى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر خۇراپاتلىقلىرى دەپ قەيت قىلىنىدۇ. ھېلىھەم سىبىرىيەدە، لاتىن ئامېرىكىسىدا ۋە ئافرىقىدىكى قەبىلە ھاياتى ياشايدىغان ئىندىجىنىسلاردا خۇشاللىق كۈنلىرى بىلەن غەم-قايغۇ كۈنلىرى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. خۇشال بولغاندىمۇ كەيپ-ساپا، غەم قايغۇدىمۇ كەيپ-ساپا قىلىدىغان غەلىتە ئادەت بار ئىكەن. يىللار بۇرۇن خېلسىنكىدا ئافرىقىلىقلارنىڭ بىر نامايىش ئۇقتۇرۇشىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنىڭدا «بىر قىسىم غەرب جاھانگىر ئەللىرىنىڭ ئافرىقىلىقلارنى ئەسىرلەرچە قۇل قىلىپ، ئۆز تۇپراقلىرىدا ئېلىپ بارغان مۇستەملىكىچىلىك قىلمىشلىرىنى ئەسلەش، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن نامايىش قىلىمىز...» دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئۇ چاغلاردا فىنلاندىيەدىكى «شىنجاڭلىقلار» نىڭ سانى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ سانىدىن كۆپ بولغاچقا، خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى نامايىش قىلىدىغانغا شەرقىي تۈركىستانلىقنى تېپىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا تۈرك قېرىنداشلار ۋە بىرقىسىم ئەرەب مۆمىن قېرىنداشلار بىلەن نامايىش قىلمىساق، سانىمىز بەشتىن ئاشمايتتى.

«دەرۋىش دەرۋىشنى تەككىدە، ھاجى ھاجىنى مەككىدە تاپار» دېگەندەك، ئافرىقىلىقلارنىڭ نامايىش ئۇسۇلىنى بىر كۆرۈپ باقاي دەپ، شۇ ئېزىلگەن ئافرىقىلىقلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، ۋىدېئوغا ئېلىپ، رەسىمگە تارتىپ دېگەندەك نەچچە مىڭ ئافرىقىلىقنىڭ نامايىش سېپى ئىچىگە كىرىپ قاپتىمەن. ئۇلار يول بويى غەرب مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى شۇئارلارنى توۋلاشنىڭ ئورنىغا كۈلۈشۈپ، ھا ھا ھا... ھى... ھى... قىلىشىپ مېڭىپ فرانسىيە، بىلگىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كونسۇلخانىلىرى جايلاشقان كوچىغا كىرىپ، كونسۇلخانىلارنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشى، ھەتتا بەزىلىرى سەل شەھۋانىيلىقتەك بىلىنىدىغان، كۆتىنى ئويىنىپ سەكرەيدىغان، ئۇسسۇلنى ئويناپ، مېنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇرغان

ئىدى. مەن ئۇ كۈنى «تويغا قاتناشتىممۇ ياكى مۇسىبەت كۈننى ياد ئېتىش پائالىيىتىگىمۇ؟» دەپ، سەل ئىككىلىنىپ قالغان ئىدىم. كېيىن بىلدىمكى، نېجىرىيەدە بەزى قەبىلىلەر ھېلىھەم مېيىتنى يەرلىككە قويۇش ئالدىدا تاۋۇتنى ئېلىپ مېڭىۋېتىپ، سازغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن.

ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى ۋە شۇنىڭدەك نۇرغۇن دۆلەتلەرنى قۇرغان بىز ئۇيغۇر مىللىتى قەبىلە ھاياتى ياشايدىغان مىللەتلەرنى دورىماي، ھەر نىمە بولسا، تويىنى توي پېتى، ئۆلۈمنى ئۆلۈم پېتى ئېلىپ بارىدىكەنمىز دەپ پەخىرلەنگەن ئىدىم. ھازىر ئۇ ھېسسىياتىم ئۆزگىرىپ كەتتى. بىزدە ئۆلۈم ھازىسىغا بارغاندا كۈلۈپ، ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرمايتتۇققۇ!؟ مۇھاجىرەتتىمۇ نامايىش ياكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى قىلغاندا كۈلۈمسىرەپ ئەمەس، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ قايغۇسىنى ۋۇجۇدىمىزنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسىدە ھېس قىلىپ ئەزگۈچى، يەتتە باشلىق يالماۋۇز خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىمىزنى نامايەن قىلىپ تۇرىشىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولاتتى!

# ئۇنىڭ روجىستىۋا بايرىمى ئۆزىگە، مېنىڭ قۇربان ھېيتىمۇ ئۆزۈمگە

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ**

ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنى جانجىگەر دوست قىلىۋالماڭلار، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ جانجىگەر دوستىدۇر. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى جانجىگەر دوست قىلىۋالىدىكەن، ئۇمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ئاللاھ ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلغۇچى-زالىم كىشىلەر توپىنى ھەقىقەتكە توغرا يولغا ئېرىشتۈرمەيدۇ (سۈرە مائىدە 51- ئايەت).

ئەھلى ئىسلامغا تەۋە بولمىغان نوئېل بايرىمى ئەسلىدە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ھەيتىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى ئەسلەش، كۆنتەرتىپكە ئېلىپ كىلىش ئارقىلىق ناسارا جامائەتچىلىكىنىڭ زېھىن دۇنياسىنى ئويغىتىش نىشانلانغان بىر پائالىيەت سۈپىتىدە باشلانغان بولسىمۇ، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىستىك نىشانىدىن ئاللىبۇرۇن چەتنەپ، مەنىۋى كۈچىنى يوقۇتۇپ، كاپىتالىزمنىڭ قۇربانىغا ۋە غەربنىڭ سىمۋوۋلىغا ئايلىنىپ قالغان.

ئۆينىڭ تۆرىگە قارىغاي دەرىخى تىكلەپ قويۇش، قىزىل پۆپۈكلۈك شىلەپە كىيىۋېلىش، يېڭى يىل بېشى كېچىسىدە خرىستىيانلارغا تەڭكەش ھالدا ئىچىپ-چېكىش، نەغمە-ئۇسسۇلغا غەرق بولۇپ خۇدىنى يوقۇتۇش قاتارلىق قىلمىشلار مۇسۇلمانغا ياراشمايدىغان چاكىنا قىلىقلاردۇر. «ئەبۇ داۋۇت» تىكى كىيىم-كېچەككە ئائىت بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ:

«كىمكى بىر قوۋمغا ئوخشىۋالسا (دورىسا) ئۇمۇ شۇ قوۋمنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ.» بۇ ھەدىسنى باشقا قوۋمغا ھەۋەس قىلىپ ئوخشىۋېلىشنى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ ئەمەس، بەلكى بارا-بارا شۇ قوۋمغا

قېيىپ كېتىدۇ دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. كۆنىمىزدە بىرقىسىم ئۇيغۇرنىڭ خىتايىنى جان-جىگەر دوست تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن ئىغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈشى، مۇھاجىرەتتىمۇ ئۇلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكى، خىتايچە پاسوندا كىيىم كىيىشى، خىتاي پاسوندا گىرىم قىلىشى، خىتاي ئۇسۇلىدا، ھەتتا خىتايچە تاماق يېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشى خىتايلىشىپ كېتىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئەمەسمۇ؟! بۇ مىللىي نۇقتىدىن «ئاسسىمىلاتسىيە» دەپ ئاتالسا، دىنىي نۇقتىدىن «دەھرىيلىشىشنىڭ شەپىسى» دەپ تەبىر بەرسەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماسلىقى مۇمكىن. دېمىسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى چاغدا خىتايچە ياشايدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربكە ماكانلاشقاندىن كېيىن، خىرىستىيانلارنىڭ ئادەتلىرىنى ئەڭ ئاسان ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئەھۋاللىرى كۆز ئالدىمىزدىغۇ!؟ ئۇنداقلارنىڭ ئۇمۇرتقىسى ئاجىز بولۇپ، خۇددى خامېلىيوندەك قەيەرگە بارسا شۇ جاينىڭ دىنىي ئادەتلىرىگە ماسلىشىپ، ھېلى بۇددىستنىڭ يوگاسىغا، ھېلى خىرىستىياننىڭ يىلبېشى بايرىمىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. «ئاكام كىمنى ئالسا، يەڭگەم شۇ» دەپ سۆزنىڭ ئىقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا بېقىپ ياشاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ بۇ دۇنيادىن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەتەندە قىرىلىپ كېتىۋاتقان مىللىتىمىز ئۈچۈن ھەر قانداق ئەمەلىي ئىش قىلىشتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. ئەينى چاغدىكى رەسۇلۇللاھ ياشىغان مەككە ۋە مەدىنىدە خىرىستىيان ۋە يەھۇدىيلارمۇ ياشايدىغان بولۇپ، «ئاللاھ تەئالانىڭ كىشىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە پۇل مېلىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ ۋە ئىچ دۇنياسىنىڭ، شۇنداقلا ئىش-ھەرىكىتىنىڭ پاكلىقىغا دىققەت قىلىدىغانلىقى» نى تەكىتلىگەن رەسۇلۇللاھ، ھەم شۇنداقلا ئەسھابىلارنىڭ، بولۇپمۇ مۇسۇلمان ياش ئەۋلاتلارنىڭ يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردەك پاسوندا چاچ ياسىتىشىدىن، ساقال بۇرۇتلىرىنى ئۇلارغا ئوخشاش قىلىپ قويۇشىدىن چەكلىشىدىكى پەلسەپىۋى ئاساسىنى «ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش ۋە مودا تەسەۋۋۇرىدا مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ھەۋەس قىلىپ، بارا-بارا يەھۇدىي، خىرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلاردىن پەرقسىز ياشاش ئىستىلىغا كۆنۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دەپ ئېيتالايمىز.

خىرىستىيان مەزھەبلىرى بىرلىككە كېلەلمىگەن مەسىلە شۇكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى 12-

ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دەپ قارايدىكەن. ھەتتا بىز ئەھلى ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغان «مەۋلىدى نەبەۋى» دە دۇرۇت ۋە قەسىدىلەرنى ئوقۇپ، رەسۇلۇللاھنى ياد ئېتىدىغان ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەكسىچە، بۇنى كەسكىن رەت قىلىپ، «بىدئەت» دەپ قارايدىغان سەلەپى ـ ۋاھابى مەزھىبى ئېقىمىغا ئوخشاش، ئۇلاردىمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغان «نوئېل» بايرىمىنى «قۇتلۇقلاش ھارام» دەپ قارايدىغان ي«ەھوۋا شاھىتلىرى» ناملىق بىر خرىستىيان مەزھىبىمۇ بار ئىكەن.

خرىستىيان دىنىدىكى نوئېل بايرىمى بۇ دىنىنىڭ ئەڭ سىمۋوللۇق بايراملىرىدىن بىرى بولۇپ، بىزدىكى قۇربان ھېيت بايرىمىدەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. مەيلى دىندار مەيلى سەكۇلەر خرىستىيان بولسۇن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا نوئېلغا ناھايىتىمۇ داغدۇغىلىق ھازىرلىق قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ كۈننى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ياد ئېتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى دىباغا، كىچە كۇلۇبلىرىغا بېرىپ رەڭلىك ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەنلىكىگە قاراپ، بىزنىڭمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدىغان ھالغا كەپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، تەنلىرىم شۈركۈنۈپ كېتىدۇ. خۇددى بىز تەۋھىت پېشىۋاسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا بولغان سەمىمىيىتى ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ يولىدا جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىغۇبار تەسلىمىيىتىنى ئەسلەش يۈزىسىدىن، ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىدا ھەرەمدىكى ھاجىلار بىلەن بىر رېتىمدا، قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە بىرەر چارۋىنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنى يوقسۇللارغا تارقىتىش ئارقىلىق ئاجىز يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىش ھېكمىتىنى ئۇنتۇپ، نۇقۇل گۆش يېيىش بەزمە كۈنىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىمىزنى ئەسلەپ كۆڭلىمىز يېرىم بولىدىكەن.

ئىچىدىن چىققان ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر ئارقىلىق ۋەھيي ئامانىتى بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن بەنى ئىسرائىل مىللىتى بۇ نىمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ، تالاي پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە پۇل ـ مالغا دۈم چۈشۈپ، دۈشمەن قوۋملىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى گاھ پەيغەمبەرلىرىگە، گاھ مەلئۇم كىشىلەر توپىغا تاشلاپ قويغان، ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «قارشىمىزدا ناھايىتى كۈچلۈك بىر قوۋم بار، بىز مۇشۇيەردە ئولتۇرۇپ

تۇرايلى، سەن رەببىڭ ئاللاھ بىلەن بىللە ئۇ قوۋمغا قارشى ئۇرۇش قىلغىن» دېگۈدەك دەرىجىدە قورقۇنچاقلىق قىلىپ يېتىۋالغان. ئۇلارنىڭ سۈرگۈندىكى زامانلىرىدا مايمۇندەك دورامچىلىق قىلىپ، قەيەرگە بارسا شۇ جاينىڭ ئادىتىگە مەھلىيا بولۇپ دورامچىلىق قىلىشى «مايمۇنلاشقانلىق» دەپ قامچىلانغان. بىزمۇ بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم.

شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە مەجبۇرى ھالدا بۇددىست خىتاينى دوراپ كىملىكىنى يۇلغاۋاتقان ئۇيغۇرۇمنىڭ دەردى ئازدەك، مۇھاجىرەت ھاياتىمىزدا ناسارا ۋە جوھتلارنى دوراش ئارقىلىق كىملىكىمىزدىن چىقىپ كېتىۋاتقان، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە ئۆزىنى خىرىستىيان دەۋېلىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدىن يۈتۈپلەي چىقىپ كەتكەن ئاز ساندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ناھايىتى ئېچىنىمەن. بىز بارغانلىكى جايغا سىڭىپ كەتسەك، ئۇيغۇرلۇقىمىزنى لەغمەن يەپ، كانۋاي كۆينەك كىيىپ ساقلاپ قالالمايمىز. ئىمان كەتسە ھەممە نېمىمىز كېتىدۇ. سۆزۈمنى كالامۇللاھتىن بىر ئايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇراي:

« **وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ**

ھۆكۈم مانا شۇنداق. كىمكى ئاللاھنىڭ سىمۋوللىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ ھەقىقەتەن دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر (سۈرە ھەج 32ـ ئايەت).

خىرىستىيان بايرىمىنى خىرىستىيانلار ئۆز ئارا قۇتلۇقلىسۇن، ئەمما بىز قۇربان بايرىمىمىزنى قۇتلۇقلاش بىلەن كۇپايىلىنەيلى!

## ياۋروپادا ئىلتىجا تەلىۋىڭىز رەت قىلىنسا قانداق قىلىسىز؟

ياۋروپاغا كېلىۋېلىپ، سىياسىي ئىلتىجا قىلىسىلا تەلىۋى قوبۇل بولىدىغان ئىش يوق. ياۋروپانىڭ گۈل-گۈلىستانلىق ئەمەسلىكىنى، توغرا يۇسۇندا ئىلتىجا قىلىش ئۇسۇللىرىدىن تارتىپ، قوبۇل قەغىزىگە ئېرىشكەندىن كېيىنكى بىرنى كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان تالاي خىرىسلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلىتىپ، مەن كۆرگەن ياكى شاھىت بولغان ئاچچىق قىسمەتلەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ، بىرنەچچە يازما يازغان ئىدىم. نۇرغۇن كىشىلەر مېنى ئەيىبلەپ: «ماۋۇ گۇي، ئۆزى ياۋروپاغا بېرىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ياۋروپا چۈشىگە سوغۇق سۇ سېپىۋاتىدۇ» دېگەندەك ئىنكاسلىرىغىمۇ يولۇقتۇم. مەن ئۇيغۇرغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ كېتەلمىسەممۇ، ئۇيغۇر مىللىتىمگە بولغان چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتىم تۈرتكىسىدە، «بىر ئۇيغۇر بولسىمۇ ياخشى كۈن كۆرسىكەن» دېگەن ئۈمىتتە، توغرا دەپ قارىغان پىكىرلىرىمنى ئورتاقلىشمەن ھاياتلام بولسام.

مەقسەتكە كەلسەك: ئەگەر سىز ياۋروپا چۈشىڭىزنىڭ باشلانغۇچ قىسمىغا مۇشەررەپ بولۇپ، ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق ماڭماي، ياۋروپادىكى مۇناسىۋەتلىك دۆلەت تەرىپىدىن رەت جاۋابى ئالغان بولسىڭىز، قەتئىي بۇشاشماڭ. دۆلەت تەمىنلىگەن سىزنىڭ ھەقسىز ئادۋوكاتلىرىڭىز ئارقىلىق قايتىدىن ئىلتىماس سۇنۇڭ. ئامېرىكا ۋە كانادادىكىگە ئوخشاش ئۆزىڭىز بىر پاتمان پۇل تۆلەپ ئادۋوكات تۇتمىسىڭىزمۇ، ياۋروپادا ھەم دۆلەتنىڭ، ھەمدە ساخاۋەت ئورگانلىرىنىڭ ھەقسىز ئادۋوكاتىغا «دات» ئېيتىپ بېرىپ، يول كۆرسىتىشكە ئېرىشەلەيسىز. ياۋروپانىڭ كانادا ۋە ئامېرىكىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان تەرەپلىرىنىڭ بىرى مۇشۇ. شۇ ۋاقىتتا سىز غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، قولىڭىزغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆك بايرىقىنى ئېلىپ نامايىش، ھەرخىل پائالىيەت سېپىگە قوشۇلۇپ، سىز تەۋە بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەردىنى ئاڭلىتىشقا ئاتلىنىڭ. بىرەر ئورۇنغا ئىشقا چۈشۈپ، ئىش توختامىنى كۆرسىتىڭ. ئەۋەل ئاللاھ، چوقۇم قوبۇل قەغىزىگە ئېرىشىسىز.

بىلىڭكى، ھەر يىلى نەچچە مىڭ كۆچمەن ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنماي، ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلىدۇ. مەن يەتتە يىلدىن كېيىنمۇ قايتا-

قايتا رەت جاۋابى ئېلىپ قايتۇرۇۋېتىلگەن ياكى قانۇنسىز تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان نەچچە ئونمىڭ كۆچمەننىڭ ئېقىپ يۈرىدىغانلىقىنى مېدىيادىن ئۇقۇدۇم

بىراق ھازىرغىچە ئۇيغۇرلۇق بۇرچىدىن قاچمىغان، خىتايدىن ئەمەس، خۇدايىمدىن قورقۇپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەۋاسىدا ئورۇن ئالغان ھېچقانداق بىر ئۇيغۇر ياۋروپادىن خىتايغا قايتۇرۇلۇپ باقمىدى.

# ئەلۋىدا 2022 ! خوشكەلدىڭ 2023 !

«**مەن ئىستوي يومىاھ فەھو مغبون** (ئىككى كۈنى ئوخشاش تۇرغان كىشى زىيان ئىچىدىدۇر)» .

ــــ (ئىسلام دىنى ھېكمەتلىرىدىن

يۇقىرىقى ھېكمەت بويىچە ئىككى يىلى ئوخشاش سىزىقتا توختاپ قېلىپ ئالغا باسمىغان كىشىمۇ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكى ئېنىق. بىز ياشاۋاتقان دەۋردە ئاساسەن زامان بىرلىكى ۋە ئۆلچىمى قىلىپ ئىشلىتىلىپ ئومۇملاشقان مىلادىيە كالىندارى بويىچە 2022 ـ يىلنى ئۇزۇتۇپ 2023 ـ يىلغا كىرىپ تۇرۇپتىمىز. ئىنسان ئاپىرىدە بولغان زامانلاردىن بۇيان تالاي قوۋملار، مەدەنىيەتلەر، دىنلار، سۇلالە ۋە ئىمپېرىيەلەر ئۆزلىرىگە خاس كالىندار تۇرغۇزۇش ئارقىلىق زامان ئۆلچىمى بېكىتكەن. بۈگۈن مايا كالىندارى، زەردۇش كالىندارى، بۇددا كالىندارى، يەھۇدى تەقۋىمى بىزگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىسىمۇ، 12 ھايۋان تەقۋىمى ھېلىھەم بىز ئۇيغۇرلاردا ئىستېمالدىن قالغىنى يوق (مېنىڭ دادام رەھمەتلىك 12 ھايۋان تەقۋىمنى كۆپ ئىشلىتەتتى ۋە چارۋىچىلىق ـ دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا پىلاننى ۋە ھېسابىنى مۇشۇ يىل بويىچە ئېلىپ باراتتى).

مىڭ يىللىق ئىسلام ئەنئەنىسى قان بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تۈركىي مىللەتلەر، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان يىلى باشلانغۇچ نوقتا قىلىپ بېكىتىلگەن ھىجرىيە كالىندارى خېلى تونۇش بولسىمۇ، مەيلى شەرقىي تۈركىستاندىكى، مەيلى مۇھاجىرەتتىكى ھاياتىمىزدا مىلادىيە كالىندارىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىمىز بىر رېئاللىق. بۇنى «ناسارا كالىندارى» دەپ قويىدىغان بىرقىسىم كىشىلەرگە كۈلگۈم كېلىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى باشلانغۇچ نوقتا قىلىپ بېكىتىلگەن مىلادىيە كالىندارى پۈتۈن دۇنيادا زامان ئۆلچىمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنماقتا، ھەتتا سەئۇدى ۋە ئىراندەك دۆلەتلەردىمۇ ھەرئىككى كالىندار ئوخشاش ھالدا ئىشلىتىلىدۇ. بىز ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مەيلى قانداق كالىندار بويىچە ھېساپلىمايلى، زاماننى توختۇتۇپ

قالالمايمىز. بىز ئۆتكۈزگەن ھەربىر يىل، ھەربىر ئاي، ھەربىر ھەپتە، ھەربىر كۈن، ھەتتا ھەربىر مىنۇت قايتا كەلمەسكە كېتىدىغان بولۇپ، يېڭى كېلىدىغىنى باشقا بىر يىل، باشقا بىر ئاي، باشقا بىر ھەپتە، باشقا بىركۈن ۋە باشقا بىر مىنۇت بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇملۇق. ۋاقىت شۇنچىلىك قىممەتلىككى، بۇ ئۇقۇم «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دېگەن ئەقلىيە سۆزدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھايات ھەلەكچىلىكىدىن سىرت، يەنە ئۇچۇر بومباردىمانى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن قەلبىمىز، زېھنىمىز ۋە روھىمىزنى چىرمىۋالغان تالاي نەرسىلەردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، رەببىمىز ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ئەسلەيدىغان، مىللىتىمىز، ئۈممىتىمىز ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دەردى بىلەن ھەمھال بولۇشنى ئويلايدىغان ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش مىنۇتلىرىغا ئېھتىياجىمىز بار. ئۇيغۇرنىڭ، ئۈممىتى مۇھەممەدنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ دەردىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۆز ئاتا-ئانىسى ياكى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى خىتاي دۆلىتى يەپ كېتىۋاتسا، بەدىنىنىڭ بىر تال تۈكىنىمۇ مىدىرلاتماي سۈكۈت ئىچىدە، ئۆز راھىتى ۋە گېپىنى كۆزلەپ يېتىۋاتقان، ھايۋاناتتەك نەپسىدىن كېچەلمەي مىللەتنىڭ ئەمەلى دەرمانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئىشقا يېقىن يولىماي، ماددىي ياكى مەنىۋىي پىداكارلىقتىن قېچىپ يۈرۈۋاتقان ھەرقانداق ئۇيغۇر ئەسلىدە ئاللاھ تائالانى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان بولىدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالانى ئۇنۇتقانلىقى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسى ۋە قوۋمى-قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنۇتقان.

يەر يۈزىدىكى جانلىقلار ئىچىدە مەسئۇلىيەت ئامانىتى بېرىلگەن يىگانە مەۋجۇدىيەت ئىنسان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە ئىداك بەخىش ئېتىلگەنلىكى ئۈچۈن مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت يۈكلەنگەن. شۇڭلاشقا ئىنسانغا ۋە ئۇنىڭ ھايات مىزانىغا ئالاقىدار قانۇنلار بىلەن تولغان قۇرئان كەرىمدە 97 ئورۇندا ئىنساندىن ھېساب ئالىدىغانلىقىغا ئائىت «ھېساب» ئىبارىسى تەكرارلىنىدۇ.

سۈرە مۆئمىنۇندا مۇنداق بايانلار بار:

**قَالَ كَمْ لَبِثْتُمْ فِي الْأَرْضِ عَدَدَ سِنِينَ (112) قَالُوا لَبِثْنَا يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ فَاسْأَلِ الْعَادِّينَ (113) قَالَ إِن لَّبِثْتُمْ إِلَّا**

**قَلِيلًا لَّوْ أَنَّكُمْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ (114) أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ (115)**

ئاللاھ ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق. ھېسابلىغۇچىلاردىن سورىغىن» دەيدۇ. ئاللاھ: «سىلەر پەقەت ئازلا ۋاقىت تۇردۇڭلار. كاشكى، بۇنى (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) بىلگەن بولساڭلار. سىلەر بىزنى ئۆزۈڭلارنى بىكارغا، مەقسەتسىز ياراتتى ۋە (ھېسابقا تارتىلىش ئۈچۈن) دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايسىز دەپ خام خىيال قىلغانمۇ؟» (سۈرە مۆئمىنۇن 112 ـ 115 ئايەتلەر)

ئىنسانىنىڭ ئۆمرى چەكلىك بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى ھايات سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ياراتقۇچىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇ دۇنيادىكى چەكسىز ھاياتقا سېلىشتۇرغاندا، بەندىنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغان ۋاقتى بىر، ھەتتا يېرىم كۈندەك بىلىنىدىكەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۆزىدىن ھېساپ ئېلىپ تۇرۇشنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان:

**الْكَيِّسُ مَنْ دَانَ نَفْسَهُ، وَعَمِلَ لِمَا بَعْدَ الْمَوْتِ. وَالْعَاجِزُ مَنْ أَتْبَعَ نَفْسَهُ هَوَاهَا، ثُمَّ تَمَنَّى عَلَى اللّٰهِ**

«ئەقىللىق كىشى — ئۆز ـ ئۆزىنى ھېسابقا تارتقان ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ۋاقىت ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىدۇر. ئەقلى ئاجىز ئاجىز كىشى — نەپسىنىڭ ـ ھاۋايى ھەۋىسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ، ئاخىرى ئاللاھ تائالادىن قۇرۇق ئارمان كۈتكەن كىشىدۇر (تىرمىزى).

دېمەككى، ۋاقتىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، كۆڭلى نېمىنى تارتسا شۇنى قىلىدىغان، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، ئالدىغا كەلگەننى يەپ ياشايدىغان، غايە پىلانى يوق، لايغەزەل كىشىلەر «ئاجىز، بىچارە كىشىلەر» دەپ تەسۋىرلەنگەن.

قېنى، ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى:

2022 ـ يىلى ناللاھنى ئەسلەپ بەشۋاخ نامىزىمىزنى جايىدا ئادا

قىلالىدۇقمۇ؟ روزا، زاكات دېگەنلەرنىچۇ؟ قانچە ئۇيغۇر تەشكىلاتى ياكى قانچە ئۇيغۇر پىلان لايىھىلەر ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلالىدۇق؟ قانچىلىك ئۇيغۇر يېتىم-يېسىرنىڭ بېشىنى سىلىيالىدۇق؟ قانچە قېتىم خىتايغا قارشى نامايىشقا ئىشتىراك قىلالىدۇق؟ قانچە قېتىم شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ساختا ئىسىملار بىلەن ئۇيغۇر دەۋاگەرلىرى ياكى تارىخى شەخسلەر ھەققىدە ئېگىز-پەس بىرنەرسە يېزىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا بومبا ئاتتۇق؟

بۇ سۇئاللار ھەربىرىمىزنىڭ ئەمەلى شارائىتىگە قاراپ كۆپىيىپ ماڭىدۇ، ئەلۋەتتە.

2023- يىلى ئالدىنقى يىلىمىزغا كۆرە تېخىمۇ بەرىكەتلىك ئۆتكەي. ئاللاھ تائالاغا يۈز كېلەلىگۈدەك بىر ھايات ياشاشقا مۇيەسسەر بولغايمىز! بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممە تورداشلارنىڭ 2023- يىلىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارچە ئەزىزلەر ئامان بولۇڭلار!

# گەپنى قاراتمىلىقدىن بۇرىۋېتىش

غەربنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمى، ئىش ئەخلاقى، كىشىلىك ھوقۇقتا بولغان ئىلغار پوزىتسىيەسى، ئەڭ مۇھىمى قانۇن-تۈزۈمىنىڭ سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسىدەك ئىشلىشى، قانۇن ئالدىدا ھەركىمنىڭ باراۋەرلىكى قاتارلىق ئىلغار تەرەپلىرىنى تولا تىلغا ئېلىپ، مەندىن بەكرەك تەقۋادار قېرىنداشلىرىمنىڭ چىشىغا تەككەن، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان مەن، يىللار بۇرۇن يازغان بىر ماقالەمدە، ياۋروپانىڭ بەزى سەلبى تەرەپلىرىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىم. مەزكۇر ماقالە ياۋروپاغا قانۇنسىز يوللار بىلەن ئادەم توشۇيدىغان بىدىكلەرگە ئالدىنىپ، ھەممە پۇل-مېلىنى خەجلەپ ياۋروپاغا كېتىۋالسىلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن بىرقىسىم قېرىنداشلىرىمغا قارىتا يېزىلغان ئىدى. يەنى ئۇ يازمىنىڭ كونتېكىستى — قاراتمىلىقى پەقەت ياۋروپانى «قۇسۇرسىز» دەپ ئويلاپ، بارچە ئۈمىدىنى ياۋروپاغا باغلىماسلىق كېرەكلىكى، غەربنى رومانلاردىكى، كىنولاردىكى سەھنىدەك ئەمەس، بەلكى رېئال تۇرمۇشتىن كۆزىتىش توغرىسىدا ئىدى.

مېنىڭ ھېچقاچان بىركىمنى غەربكە قىزىقتۇرغىنىم ياكى توسقىنىم يوق. مەن نۇرغۇن جاپالار بىلەن كېلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ مەكتىۋىدە ئوقۇپ، تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇزۇن يىلدىن بۇيان قانۇنلۇق ئىشلەپ، فىن گراژدانى بولۇشۇمغا نېسىپ قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارمەن. خىتاي دۆلىتى مېنى يۇرتۇم شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغىلى قويمىغان، چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، مېنى باغرىغا باسقان فىنلاندىيەگە بىر ئۆمۈر رەھمەت ئېيتىمەن. بىراق مېنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى مەلۇم ماددىي مەنپەئەتنى قوغلىشىپ خىرىستىيان بولۇۋالغان ياكى مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ مەسىلىلەرنى خىرىستىيان مەيدانىدا تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىپ، بىزنىڭ بىردىنبىر ھەق دىنىمىز ئىسلامغا قارشى گەپ سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتكە ئۆتۈپ كەلگەنلەر، خالاس. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىن يىراقلاشتۇرۇۋاتقان بىر روھنىڭ قەيەردىن كەلگىنىنىمۇ ياخشى بىلگەچكە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىمان-ئىسلامدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن ۋە ھەر ۋاقىت مۇشۇ ھەقتىكى ئاچچىق ئەسلىمىلەرنىمۇ خاتىرىلىتىپ

تۇرىمەن. پۇل-مالدىنمۇ ياخشى بىر ئالەمنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگىنىم ئۈچۈن، مېنى قىزىقتۇرىدىغىنى باشقا بىرئالەم، يەنى ئىمانلىق ياشاش.

ئالدىنقى ھەپتە كانادا پارلامېنتوسىنىڭ 10 مىڭ ئۇيغۇرنى قوبۇل قىلىشى ھەققىدە چىقارغان قارارىغا مەنمۇ سۆيۈندۈم. ئاسىيا ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىدە كىملىكسىز قېلىپ دىشۋارچىلىقتا يولۇققان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ پۇرسەت بىلەن كاناداغا ماكانلىشىۋېلىشى ھەممىمىزنى خۇرسەن قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ يەرگە بېرىۋالغاندىن كېيىن تۆگۈلۈپ تۇرۇۋېلىپ، بەشكاپالەت بىلەن ياشامدۇ ياكى تىرىشىپ ئىشلەپ، خىزمەت قىلىپ، دۆلەتكە باج تاپشۇرۇپ دۇرۇس ياشامدۇ؟ ئۇ تەرەپنى مەن يېزىپ ئولتۇرمايمەن. كانادا ئەسلىدىلا كۆچمەن نوپۇس بىلەن ئىش ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھالدا ھەر يىلى نەچچە مىليون كۆچمەننى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خىتايلارمۇ بار.

بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇزۇن يىلدىن بۇيان جاپا تارتىپ كەلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ھۆرمەتلىك مەمەت توختى ئاكىمىز ۋە ئارقا سەپتىكى پىداكار قېرىنداشلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىسامۇ، مېنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئوخشىمىغان ساھەدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن تەشكىلات ۋە تەشكىلات مەسئۇللىرىنى ھەرۋاقىت ئالقىشلاپ، مەدەت بېرىپ، ھەققىدە ياخشى تىلەكلەردە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىمنى يېقىن-يۇرۇقلىرىم ياخشى بىلىدۇ.

مەن ھازىرغا قەدەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى روياپقا چىقارغان ھەرقانداق ياخشى ئىشتىن، ھەرقانداق پائالىيەتتىن قۇسۇر ئىزدەپ يازما يېزىپ كەلگەن، ھېچقانداق ئىجابى گەپ-سۆزى يوق ساقايماس قۇسۇرچىلارنىڭمۇ مەمەت توختى ئاكىغا بۇ قېتىم رەھمەت ئېيتىپ يازما يازغىنىغا، تەبرىكنامە ئورتاقلاشقىنىغا قاراپ، سەل ھەيرانمۇ قالدىم. ھەتتا مەلۇم بىر ئۇيغۇر زۇۋانلىق كانومۇسىنىڭ يەنە تەپتارتماستىن، خىتاي ھۆكۈمىتى قىزىل تەشۋىقات ۋەجىدىن نەشىر قىلىپ تارقاتقان «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» دېگەن كىتابتىكى تەبىر بويىچە «جاھالەت پىرلىرى كانادادا» دەپ ماقالە يازغىلى تاس قالغانلىقىدىنمۇ خەۋىرىم بار. ئۆلارنىڭچە بولغاندا، غەرب ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلار مەسچىت ئەتراپىغا ئۇيۇشماسلىقى، قۇرئان كەرىم ئۆگەنمەسلىكى، پەرەڭلەرنىڭ تىلىنىلا

ئۆگۈنۈپ، ئاشۇلاردەكلا ياششى كېرەك.

قاچانكى 10 مىڭ ئۇيغۇر كانادادا ئورۇنلۇشۇپ بولسا، ئەنە شۇ چاغدا داپ چالامدىم، بۆكۈمنى ئاسمانغا ئاتامدىم، ھايات بولساق بىللە تەنتەنە قىلىمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ ياۋروپا ھەققىدىكى يىللارئىلگىرى يازغان ماقالەمنى قاراتمىلىقىدىن بۇراپ، كانادادا بېرىشتىن توسقاندەك تۇستە ئورتاقلىشىپ، ئارقىدىن ۋاتساپلاردا مېنى تارتىپ چىقارغان قېرىنداشلىرىمنى ئويلاپ، ئاللاھ تەئالانىڭ «سۈرە نىسا» دا سۆزلەرنى قاراتمىلىقىدىن، كونتېكستىدىن بۇراپ، ئۆزمەيلىچە شەرھلەيدىغان جوھوتلارنى تەنقىت قىلغانلىقى ئېسىمگە كەلدى:

**مِّنَ الَّذِينَ هَادُوا يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِ وَيَقُولُونَ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَاسْمَعْ غَيْرَ مُسْمَعٍ وَرَاعِنَا لَيًّا بِأَلْسِنَتِهِمْ وَطَعْنًا فِي الدِّينِ وَلَوْ أَنَّهُمْ قَالُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَاسْمَعْ وَانظُرْنَا لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَقْوَمَ وَلَكِن لَّعَنَهُمُ اللَّهُ بِكُفْرِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُونَ إِلَّا قَلِيلًا**

يەھۇدىيلەشكەنلەردىن بەزىلىرى سۆزلەرنى ئۆز ئوبيېكت-كونتېكستتىن بۇرمىلىۋېتىدۇ، ئۇلار (رەسۇلۇللاھقا): «بىز (سۆزۈڭنى) ئاڭلىدۇق، ئاسىيلىق قىلدۇق، (سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى) ئاڭلىغىن، (ھېچ!) ئاڭلىماس بولۇپ كېتەرسەن» دەيدۇ. دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن «رائىنا» دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقى سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا) «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، قۇلاق سال، قارىغىنە» دېگەن بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ توغرا بولاتتى، لېكىن تۇزكورلۇقى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. (ئەمەلىيەتتىمۇ) ئۇلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ (سۈرە نىسا 46- ئايەت).

كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى، ماقالە-يازمىلىرىنى قاچان ۋە قەيەردە، قايسى ۋەقەلىك ھەققىدە سۆزلىگەن ياكى يازغانلىقىنى بورمىلاشتىن ساقلانمىساق، جوھوتلۇق قىلغان بولىمىز شۇ.

# بەلەد سۈرىسىدىكى دەۋان نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

«بەلەد» سۈرىسىدىكى دەۋان — شەرقىي تۈركىستاندىكى قۇللۇقتا قالغان چارىسىز خەلقىمىزنىڭ بويۇنتۇرۇقنى يېشىپ، ئاسارەت زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ:

**فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ (11) وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ (12) فَكُّ رَقَبَةٍ (13)**

شۇنداق تۇرسا، ئۇ دەۋان ئاشمىدى سەن ئۇ دەۋاننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ بويۇننى (قۇللۇقتىن) يېشىشتۇر (سۈرە بەلەد 11 ـ 13 ئايەت).

بويۇننى قۇللۇقتىن يېشىش — قۇتقۇزۇش پەقەت مەلۇم كىشى ياكى گورۇھنىڭ ئىلكىدىكى بىر قۇلنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى بويۇنتۇرۇقتىن قۇتقۇزۇپ جىسمانىي ئەركىنلىككە ئىگە قىلىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇستەملىكىدە، ئاسارەت قۇللۇقىدا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان قوۋمنى قۇتۇلدۇرۇشمۇ، ھەتتا باشقا بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىراۋنى ئۆز شەخسىيەتچىلىكىگە، نەپس ـ خاھىشىغا، ھەۋەسلىرىگە، شەيتانغا، گۇناھقا، بۇتلارغا ۋە ئىنسانلارغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، پەقەت ئاللاھ تائالاغا بەندە قىلىشمۇ «بويۇننى (قۇللۇقتىن) يېشىش» دائىرىسىگە كىرىدۇ. جىسمانىي قۇللۇققا قارىغاندا يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن مەنىۋى قۇللۇق ھەر زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

«ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن (ھالى ناچار كەمبەغەل) گە تاماق بېرىشتۇر» (سۈرە بەلەد 14 ـ 16ـ ئايەت).

پەقەت بەندىگە ۋە مال ـ مۈلۈككە قۇل بولۇشتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالىغان كىشىلەرلا مال ـ مۈلۈكنى مۇھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن سەرپ قىلالايدۇ. مال ـ مۈلۈكنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلار بۇنى قىلالمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر قۇل خوجايىنىنى باشقىلارغا بېرىۋېتەلمەيدۇ.

مانا بۇ دەۋانلارنى ئېنىشنىڭ ئۆزى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇش، ياخشىلىق ۋە مەرھەمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

مانا بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىن تارتىپلا قوللۇقنى بىكار قىلىشنى كۆزلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. مەزكۇر ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «داۋان» ئەسلىدە ئادىمىيلىك داۋىنى بولۇپ، ئەگەر ئىنسانلار بۇ دەۋاندىن ئاشمىسا، ئىنسانىيەت زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ. ئەگەر بۇ دەۋان ئېشىلسا، ئىنسانىيەت تۆزلەڭلىككە چىقىدۇ، نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت مانا بۇ دەۋاننى ئاشالىغانلارغا خۇشخەۋەر بەرمەكتە:

«ئەنە شۇنداق كىشلەر (نامە ـ ئەمەل دەپتىرى) ئوڭدىن بېرىلىدىغان كىشلەردۇر» (بەلەد سۈرىسى 18 ـ ئايەت).

ئىنسانىيەت ۋىجدانىنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ساماۋى داستىخان سۈپىتىدە ئىنسانىيەت ۋىجدانىغا نازىل قىلىنغان قۇرئانى ۋەھيىنى ئىنكار قىلىش، ئەسلىدە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. بۇ ئىنسانغا ۋە مال ـ مۈلۈككە قۇل بولۇشنى ياقىلىغانلىقتۇر.

«بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار بولسا دەل (نامە ـ ئەمەل دەپتىرى) سول تەرەپتىن بېرىلىدىغان ئادەملەردۇر». ئىنسانىيەتنى زۇلۇمغا مەھكۇم قىلغۇچىلار ئاخىرەتتە بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە دوزاخقا تاشلىنىدۇ (سۈرە بەلەد 20 ـ ئايەت).

مۇشۇ سۇلايمان ئىسىملىك تۇڭگانچىلىك بۇلالمىغان بولساق، مەن ئۇيغۇر دەپ پو ئاتماسلىق كېرەك. مايىتىمنى ئۇيغۇرغا ھىسداشلىق قىلدۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا تۈرتكە بولغىنى «ماركسىزىملىق دۇنيا قاراش» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىمانى. شۇڭا ئىمان مۇستەھكەم بولمىسا، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قىلىشقا ماجال بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يول جاپالىق يول بولۇپ، غايەت زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ.

بىر يىلنىسى پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىنى چېقىپ تاشلىغىلى كەلگەن ئىسرائىلىيەنىڭ كىرانلىرى ئالدىدا گىگانتتەك تۇرۇۋېلىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ بۇ قىلمىشىغا قارشى چىققان ۋە ئاخىرى كىران ئاستىدا

جان ئۈزگەن راچىل ئىسىملىك بىر ئىبرانى قىز «زۇلۇم مەندىن بولغان بولسا، مەن مەندىن ئەمەس» دېگەندەك بىر مەشھۇر سۆزى بىلەن ئۆزى ئىبرانى بولسىمۇ، ئىبرانىيلارنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرغان ئىدى. ماۋۇ بالاڭىزا تېخى ئۇنداق شەرەپلىك بەدەل تۆلىمىگەن بولسىمۇ، ئىشقىلىپ نى-نى ئۇيغۇرۇمنىڭ، «ۋاي مېنىڭ بايراق بار يەردە رەسىمىم چىقىپ قالمىسۇن...» دەپ، تۇمەن مىڭ خىل باھانە بىلەن مۆكۈنۈپ ياشىغىنىدىن يېقىملىق تۇيۇلىدىكەن. خىتاينى «خىتاي» دېيەلمەي «خەنزۇ» دەپ ئاياىدىغان ئوقۇمۇشلۇقلىرىمنى بىر سورىماڭلار، ھەي!!!

# داشقال پىكىرلەر يېڭىلانسۇن!

ئون نەچچە يىل ئاۋال يېڭى سېتىۋالغان ئۈستەل كومپيۇتېر ۋە بىر قىسىم ئېلېكترونلۇق زاپچاسلارنى كومپيۇتېر سېتىش دۇكىنىنىڭ ھەقسىز يىغىۋېلىش ئورنىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ قۇتۇلدۇم. ھازىر ئاللاھ تائالا يەنە ياشاشقا نېسىپ قىلسا، ئالدىمىزدىكى بىرنەچچە يىلدا كۈنئاتىئۇم كومپيۇتېرلار بازارلىرىنى قاپلاپ كەتكەندە ھازىر ئىشلىتىۋاتقان كومپيۇتېرنىمۇ مۇشۇنداق تاشلىۋېتىدىكەنمىز.

قاراپ باقسام، ئون يىل بۇرۇنقى نۇرغۇن پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىمنىمۇ چۆرۈپ تاشلىۋېتىپتىمەن. ئىنسان دەۋاملىق ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرمىسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا دەۋرنىڭ كەينىدە قالغانلىق مەسئۇلىيىتىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئىشكەن.

ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىمۇ دەۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك ئىكەن. شۇڭا ئاللاھ تەئالا سۈرە «نىسا» 136- ئايەتتە، ئىمان ئېيتقانلارنىمۇ قايتا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئىمان ۋە ئىشەنچنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئۈندىگەن.

يېڭىلىنىپ تۇرمىساق، ئەتە نېمە ھالغا كېلىدىغانلىقىمىزنى ئالدىن بىلىش تەس.

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنزَلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا**

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا، ئاللاھ ئۇنىڭغا تەدرىجىي چۈشۈرگەن كىتابقا ۋە ئىلگىرى چۈشۈرگەن كىتابلارغا ئىمان ئېيتىڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، رەسۇللىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ (سۈرە نىسا 136- ئايەت).

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، خىتاي مائارىپىدا ئۇزۇن يىل تەربىيەلىنىپ دۇنياغا، ئىسلامغا ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىغا بولغان چۈشەنچىسى بىر تەرەپلىمە ھالدا قېتىپ قالغانلار، ئوتتۇراشەرق مەدرىسلىرىدە تەلىم ئالغانلار، قىسقىسى، ھەممىمىز داشقال پىكىر ۋە ناتوغرا چۈشەنچىلىرىمىزنى يېڭىلاپ، ئىمانىمىزنى رۇسلاپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇشىمىز زۆرۈر ئىكەن.

# چاقنىغان يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىمىزدىن ئىزدەيلى!

«گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونىمساڭ نېمە پايدا» ( ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىلى).

يۇلتۇزى پارلاپ ئاللىبۇرۇن ئۆچۈپ بولغان سەئۇدىيلىق ۋاھابى — سەلەپى ھەرىكىتىنىڭ نەزىرىيە ئاساسچىسى ئابدۇلۋاھابئوغلى مۇھەممەد، مىسىردىكى ئىخۋان پارتىيەسىنىڭ پىكىر ئاساسچىلىرىدىن ھەسەن بەننا، سەييىت قۇتۇپ، ئوسمانلىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى 2 ـ ئابدۇلھېمىتخان بىلەن پۈرچىقى پىشمىغان سەئىدى كۇردى، چېچەن جىھادىي ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن جەۋھەر دۇدايەۋ، شامىل باسايېۋ، ھاماسنىڭ قۇرغۇچىسى ئەھمەت ياسىر، تۈركىيە رىفاھ پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى — سىياسال ئىسلامچى ھەرىكەتنىڭ ۋەكىللىك سىموۋۇلى ۋە تۈركىيە سابىق باش ۋەزىرى پروفېسسور نەجمىددىن ئەرباقان، ھەتتاكى ئۇسامە بىن لادىن، موللا ئۆمەر، ئابدۇللا ئەززام قاتارلىقلار ئەينى دەۋردە ئۆز قەۋمى ئىچىدە يۇلتۇزى پارلاپ، ئۆچۈپ بولغان مەرھۇملاردۇر. ئۇلار ئۇيغۇر قەۋمىگە، بولۇپمۇ دەۋرىمىزدىكى بىزنىڭ ياشلىرىمىزغا ئۈلگە بولالىغۇدەك يۇلتۇز ئەمەس، ھەتتا شام بولالىشىغىمۇ مەن قەتئىي ئىشەنمەيمەن. مەيلى ۋەتەن ئىچىدە، مەيلى ۋەتەن سىرتىدا بولسۇن، چەتتىن ئىمپورت قىلىنغان ئېقىملار بىزگە كۆپلىگەن دىشۋارچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. شۇڭا «دوغاپ ئىچكەندىمۇ پۈۋلەپ ئىچىش» نى ئۇنتۇمايلى، ھەر ئېقىمغا قارىغۇلارچە ئېسىلىپ، «مۇتلەق توغرا» دەپ قارىۋالمايلى.

بىزگە يۇلتۇز كېرەك بولسا، ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى تەۋپىق، ئابدۇلئەھەت مەخسۇم، مەمەت ئېلى خەلپىتىم ۋە مۇھەممەد سالىھلار يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېلىھەم ئارىمىزدا ياشاۋاتقان ئۆرنەك ئۆلىما، تەشكىلاتچى، ئاكتىۋىستلىرىمىز خېلى بار. شۇڭا چەتنىڭ «رادىئوسى» نى تىڭشاۋەرمەي، ئۇيغۇرنىڭ «رادىئوسى»غىمۇ قۇلاق بېرەيلى!

## مەمەت رىزا پاشا ۋاپاتىنىڭ 12- يىلىدا

(2010 ـ 1925)

مەرھۇم گېنىرال مەمەت رىزا پاشا 1925 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق ئىلچە ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يېقىن تۇققىنى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن بىرلىكتە 1934 ـ يىلى ئافغانىستانغا ئېلىپ كەلگەن. رىزا پاشا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەينى چاغدىكى تۈركىيەنىڭ كابۇلدىكى باش ئەلچىسى مەمدۇھ شەۋكەت ئەسەندالنىڭ ياردىمىدە جىيەنى نىياز مەمەت بىلەن بىللە 1937 ـ يىلى تۈركىيەگە كېلىپ، ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇشقا كىرگەن.

1938 ـ يىلى مالتەپە ھەربى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، 1944 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا دەل 2 ـ قېتىملىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان ۋاقىتتا ئوقۇشنى تاماملايدۇ. 1944 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلغىچە قۇرۇقلۇق ھەربى مەكتەپنى، 1946 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە توپچى ـ زەمبىرەك مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، توپچى ئوفىتسېر سۈپىتىدە تۈركىيە ئارمىيەسىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىدۇ. كورىيەدە 1950 ـ 1953 ـ يىللىرى يۈزبەرگەن خىتايغا قارشى ئۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلىنىدۇ. كورىيەدىن قايتقاندىن كېيىن تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورۇنلىرىدا 30 يىل خىزمەت قىلىدۇ ۋە 1977 ـ يىلى توغگېنىرال ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، پېنسىيەگە چىقىدۇ.

مەمەت رىزا پاشا پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەزى مىنىستىرلىقلىرىدا مەسلىھەتچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدا تۈركىيە ۋەكىلى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئافغانىستاندىكى ۋەكىلى بولۇپ بىرمەزگىل كابۇلدا تۇرۇپ قالىدۇ. 1986 ـ يىلى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ خىزمەت قىلىدۇ. مەرھۇم رىزا پاشا 2010 ـ يىلى

2- ئاينىڭ 16- كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن، دەۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ

مەرھۇم مەمەت رىزا پاشا 1986- يىلى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن تارتىپ، تاكى ۋاپات بولغۇچە جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي سەپتىكى يوقىرى دەرىجىلىك نوپۇزىنى ئىشقا سېلىپ، تۈركىيەنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئورگانلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ھېچقانداق بىر سىياسى پارتىيەگە تەرەپ تۇتماستىن، ھەرقانداق سىياسىي پارتىيە، دىنى جامائەتلەر بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسىدا بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بارغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى ئالى مەكتەپلىرىدە ھەقسىز ئوقۇتۇشىنىڭ يولىنى ئاچقان ئىدى. 1992- يىلى ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ باش ئۇيۇشتۇرغۇچىسىمۇ يەنە شۇ رىزا پاشام ئىدى.

رەھمەتلىك پاشام بىزگە مەكتەپكە مېڭىشىنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلىپ: «سىلەر ھەر بىرىڭلار بارغان يېرىڭلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر ئەلچىسى ھېساپلىنىسىلەر، شۇڭا تىرىشىپ ياخشى ئوقۇڭلار ۋە ئىش-ھەرىكىتىڭلارغا قاتتىق دىققەت قىلىڭلار» دېگىنى ھېلىھەم قولقىمدا.

بىر يىلى پاشامنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىشتىراك قىلغان مەلۇم بىر يىغىندا پۇتى زەخملىنىپ، ئۈسكۈدارىدىكى بىر ھەربى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئىدى. يوقلاپ بارسام، ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك بىر دوختۇرخانا ئىكەن، ئۇزۇن تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ئاران كىرىشكە رۇخسەت قىلىندىم. دوختۇرخان ياتىقىنىڭ ئالدىدىمۇ ئىككى ھەربى پوستتا ساقلاپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇزۇن-ئۇزۇن سۆھبەتتە بولغان ئىدۇق. 2009- يىلى ئۈرۈمچى قەتلىئامى يۈز بەرگەن مەزگىلدە «خىتاينى سوتقا بېرىش لايىھەسى» ئۈچۈن مەرھۇم زەينۇرە ھەدەم بىلەن ئىككىمىز ئەنقەرەگە بېرىپ، ئادۋۇكاتلار ۋە بىرقىسىم سىياسى پارتىيەلەر بىلەن كۆرۈشكەن ئىدۇق. شۇ كۈنلەردە پاشامنىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان چاغلار ئىكەن. تېلىفۇن ئۇرۇپ زىيارەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتقان بولساقمۇ، پاشام بىئەپ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولغاچقا، يوقلىيالمىغان ئىدۇق. ئەڭ ئاخىرقى ئاۋازلىق كۆرۈشۈشۈم ئاشۇ بولۇپ

قالدى. ئاردىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە پاشامنىڭ تۇگەپ كەتكەن خەۋىرىنى ئالدۇق. جىنازە نامىزى ئەنقەرەدىكى مەركىزى جامە ھېسابلىنىدىغان «كوجاتەپە جامەسى» دە ئوقۇلغان ئىدى. پاشامنىڭ جىنازىسىغا ناھايىتى كۆپ كىشى قاتناشقان بولۇپ، ھەربى مۇراسىم بىلەن ئۇزۇتۇلۇپ، ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق بىلەن ئاي-يۇلتۇزلۇق ئالبايراق يۇپۇقى يېپىلغان تاۋۇت تۈركىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قەۋرىستانلىققىچە ئېلىپ بېرىلىپ، يەرلىككە قويۇلغان ئىدى. پاشام ھايات ۋاقتىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار يۈك بولمىغىنىدەك، تاۋۇتىنىمۇ يۈك قىلمىغاندەك قىلاتتى.

پېقىرمۇ مەرھۇم رىزا پاشانىڭ غەمخورلىقىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ سايىسىدە ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغانلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەرھۇم پاشانى قايغۇ ئىچىدە ئەسلەيمەن. رىزا پاشا بىلەن تونۇشقان ۋاقتىمدا ۋەتەندىن يېڭى كەلگەن ۋە باشقا بىر مۇھىتتا يېتىلگەن بولغاچقا، خېلىلا رادىكال ئىدىيەدىكى بىرى ئىدىم. ئەينى چاغدا پاشامنىڭ نۇرغۇن پىكىر ۋە گەپ-سۆزلىرىنى غەلىتە ھېس قىلغان بولساممۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ پاشامنى سەل چۈشەنگەندەك بولدۇم. پاشام نۇر ئىچىدە ياتسۇن! ئاللاھ ئىگەم تەقسىراتىنى ئەپۇ قىلسۇن! بىزلەرنى ئۇنىڭ دەۋاسىنى يەنىمۇ بىربالداق ئېگىز چوققىغا ئېلىپ چىقىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن!

# بۇ ئۇرۇشمۇ بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ئەمەس

ئوكرائىنا خەلقى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ۋە دۆلىتى تاجاۋۇزغا دۇچ كەلگەنلىكى بەرھەق. لېكىن ئۇكرائىنانىڭ ئۇرۇشمۇ ماھىيەتتە ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش. بۇ ئۇزۇن دەۋاملىشىدىغان ئۇرۇشتا قەغەز يولۋاسلىق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ خىتايغا قارشى كۆرىشىمىزنىڭ ئۈستىگە ئارتۇقچە يۈك ئارتىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

نېمە مەقسەتتە بارغان بولۇشتىن قەتئىينەزەر گروزنىيەدە، ئىدلىپتا، تورابورا تاغ ئېزىملىرىدا مىڭلارچە ئۇيغۇرنىڭ جەسەتلىرى قەۋرىسىز قالدى. نە مۇساغا، نە ئەيساغا يارىمىدۇق. بۇ بىزگە ئىبرەت بولسۇن!

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالىي مەنپەئەتى زىممىسىدە بولغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ ھەقتە تەرەپ تۇتۇپ، كەسكىن بايانات بېرىشتىن ساقلىنىشى ۋە تەمكىن بولۇشى، غەربىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپ-پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشى زۆرۈر.

ئۇيغۇرلار شەخس نامىدىن ئۇكرائىناغا ھېسداشلىق قىلىپ نامايىشلارغا قاتناشساقمۇ، ئۆلۈپ بېرىدىغانغا بارىمەن دەپ قەغەز يولۋاسلىق قىلمىغان ئەۋزەل. بەك ئۆلگۈڭلار كەلسە، فەيستە تەشۋىقات قىلماي ئۇدۇل كېتىۋېرىڭلار. بىز ئەمدى «بولماق» يېمەيمىز.

سۈرىيەدە دائىشنى، ئافغانىستاندا ئەلقائىدەنى كىملەر قۇرغان بولسا، ئۇكرائىنادىمۇ شۇنداق بىر فرونتنى قۇرمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، يېقىندا ئۇنىمۇ كۆرەمدۇق تېخى؟

## مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئەھمىيىتى

2 مىڭ يىلدىن سەل كۆپرەك ۋاقىت سەرگەندان، سەرسان بولۇپ ياشىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئانا تىلىنى، يەھۇدىي ئەنئەنىسىنى ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتا سىناگوگ (يەھۇدى ئىبادەتخانىسى) ھالقىلىق رول ئوينىغان، دىنىي ئەربابلىرى تەۋراتنى تەپسىر قىلغاندا، ۋەز ئېيتقاندا ئېروسالىمنىڭ پەزىلىتىنى، ئانا ۋەتەنىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۈزلۈكسىز تەكىتلىگەن، ھەتتا مەھشەر كۈنىنىڭ ئېروسالىمدا بولىدىغانلىقىدەك ئەپسانىلەرنى توقۇپ، «ئېروسالىمدا قەۋرىسى بولغان كىشىلەرنىڭ ھېساپ-كىتاۋى ئاسان بولىدۇ» دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقىپ، دىئاسپودا ياشىغان يەھۇدىيلارنىڭ شۇ جايغا بولغان تەلپۈنىشىنى جانلىق تۇتۇپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، تەۋرات قانۇنلىرىغا ئېرەڭسىمەيدىغان، دۇنياغا دۈم چۈشكەن، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ يەككە دۇنيا چۈشەنچىسى بويىچە ياشايدىغان، نېمىنى يېگەن مۇھىتقا خۇددى سۇ قۇمغا سىڭىپ كەتكەندەك سىڭىشىپ كەتكەن، مودا قوغلىشىدىغان يەھۇدىيلار توپى بىرنەچچە ئەۋلاتتىن كېيىن ياشىغان قەۋمگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ يوقاپ كەتكەن.

ئۆزىمىزنىڭ مەسلىسىگە كەلسەك، بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسجىدى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مەسچىتنى گۈللەندۈرۈشنى پەقەت ئىمانى بار كىشىلەرلا ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق مەسچىتكە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ، مەسچىتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئىمان بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايان قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «مەسچىت» دېمەك، بىرىيەرگە جەم بولىدىغان سورۇن دېمەك؛ ئاناتىل مەكتىۋى، كۇتۇپخانا، مىللىي خاسلىقنى نامايەن قىلىدىغان سۇپا، يىغىن زالى دېمەك؛ شۇنداقلا ھېيت-بايراملاردا ساما ئوينايدىغان خانىقا دېمەكتۇر.

**إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللَّهِ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ**

وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا اللَّهَ فَعَسَى أُولَئِكَ أَن يَكُونُوا مِنَ الْمُهْتَدِينَ

ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن، نامازنى ئەستايىدىل ئادا قىلغان، زاكات بەرگەن، پەقەت ئاللاھتىنلا قورققان كىشىلەرلا گۈللەندۈرىدۇ. ئەنە شۇلار توغرا يولغا ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشى ئۈمىد قىلىنغانلاردۇر (سۈرە تەۋبە 18-ئايەت).

«مەسچىتنى گۈللەندۈرۈش» دېگەن گەپ، مەسچىت بىنا قىلىشتىن تارتىپ ئۇنىڭ ئىچىنى ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن تولدۇرۇش، شۇنىڭغا ھەمدەمدە بولۇش دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەھشەر كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىنىڭ ئىچىدە كۆڭلى مەسچىتكە باغلانغان كىشىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق مەسچىتنىڭ ئەھمىيىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

بەزىلەر «ناماز دېگەننى ھەر قانداق يەردە قىلساق مەسچىت تېپىلىدۇغۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. بىزنىڭ نەزەردە تۇتقىنىمىز نۇقۇل ناماز ئوقۇيدىغان جاي ئەمەس، ئۇنىۋېرسال قىممەتكە ئىگە ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى.

ئاللاھ تەئالا بىزنى مەسچىدىمىزدىن ئايرىمىغاي!

## ئاللاھسىز ۋە كىتاپسىز خىتاي قانداق ئۇيغۇرنى ياقتۇرىدۇ؟

ۋەتەن ئىچىدە ئاللاھنى تونۇمايدىغان، ئۆزىدەك ئىمانسىز، مانقۇرت، زۇلۇمغا ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرمايدىغان ئۇيغۇرلارنى زورۇرىيەت تۇپەيلى ياقتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىغا لاخشىگىر قىلىپ كەلدى. مەزكۇر سۇپەتكە ئىگە ئەمەس ئۇيغۇرلارنى تۇرمىگە، لاگېرلارغا سۇلاپ يوق قىلماقتا.

ۋەتەن سىرتىدا ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلا قېلىش ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان ئاناتىل مەكتەپلىرى، قۇرئان كۇرسلىرى، ئۇيغۇر مەسچىتلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ يوق بولۇشى، يېڭىدىن قۇرۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق نەيرەڭۋازلىق ئويۇنلىرىنى ئوينىغان خىتاي، يەنە ئۇيغۇر ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان ۋە ئاتلىنىۋاتقان دىن-دىيانەتلىك ئۇيغۇرلاردىن قاتتىق بىئارام بولماقتا. نېمىشقا، بىلەمسىلەر؟

دىن-دىيانەتلىك ئۇيغۇرنىڭ ئاشۇ دىنى ئېتىقادى ئۇنى خىتايغا قارشى مېلى ۋە جېنىنى تىكىپ كۆرەش قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. ناۋادا، ئۇ ئۇيغۇر ئاشۇ مەنىۋى كۈچتىن مەھرۇم قالسا ياكى ئىمانى بولغانسا، ئادالەت تۇيغۇسىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرگە پۇل ئىئانە قىلمايدىغان، كۆك بايراق بار يەردە رەسىمگە چۈشۈشتىن قورقىدىغان، ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئاتلانغانلارغا ئاستىرتتىن ئورا كولايدىغان، قارانىيەت، گۇمانخور، ئۇرۇشقاق، پاسىق كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ. خىتاينىڭ چەت ئەلدە ئارزۇ قىلىدىغىنى، دەل، ئاشۇ ئىككىنچى خىلدىكى ئاتالمىش ئۇيغۇرلار تويىدۇر.

سىز بىرەر ئاتېئىست، ناسارا ھەتتا جوھوت بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قارشى ئىزىزۈن مۇددەت كۆرەش قىلغىنىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەيلى تۈركىيەدە مەيلى غەربتە خىتايغا قارشى ھەرقانداق پائالىيەتتە سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ دىن-دىيانەتلىك ئاقكۆڭۈل، مەرت-مەردانە كىشىلەر ئىكەنلىكى بىر رېئاللىق؟ بۇنىڭ تەتۈرىسىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلار بولسا، يېزىپ قويسۇنكى،

بىلىۋالايلى.

نېمىشقا بىلى بوش، ۋىجدانسىز، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا پاسسىپ سەپتە تۇرىدىغانلارنىڭ ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كەتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز؟ خىتاي بىزنى چەت ئەلدىمۇ ئۆزىگە ئوخشىتىپ قويسا، ئۇنداق ياشىغانىنىڭ نېمە مەنىسى بار؟

بۇندىن ئالاھەزەل 80 يىل بۇرۇن ئۆتكەن بىر ئالىم-ئۆلىما «ئەكمەكسىز ياشارىم، ئەمما ئىمانسىز ياشىيامام (نان بولمىسىمۇ ياشايمەن، ئەمما ئىمانسىز ياشىيالمايمەن)» دەپ چوقان كۆتۈرۈپ، دەھرىيلىككە قارشى كۈرەش قىلغان ئىكەن. مەن ئاشۇ گەپكە بارمىقىمنى ھېلىھەم باسىمەن.

# ئىسلام دىنىغا يېپىشىشىمىزنىڭ سەۋەبى

ئىسلام دىنىغا گۇمان بىلەن قارايدىغان، ئىشەنمەيدىغان ياكى ئىسلام دىنىنى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ نېگىزلىق نۇقتىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە پۈرسەت تاپسىلا قارشى چىقىدىغان كىشىلەر دېيىشىپ قويغاندەك، بىر ئېغىزدىن مۇنداق بىر مۇددىئانى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ: «بىز مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا ئىسلامدىن باشقا دىنلارغىمۇ ئېتىقات قىلىپ كەلگەن، شۇ چاغدىمۇ ئۇيغۇر ئىدۇق، ئىسلام دىنى بولمىغان بولسىمۇ ئۇيغۇرلۇقىمىزنى ساقلاپ قالاتتۇق»، ھەتتا بەزىلىرى يەنىمۇ بىر بالداق ئەزۋەيلەپ: «بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنداق قەھرىمان ئىدۇق، مۇنداق قەھرىمان ئىدۇق، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن زەئىپلىشىپ مۇنقەرز بولۇشقا باشلىدۇق» دېيىش ئارقىلىق مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمىزنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىمىزغا دۆڭگەپ، ئىسلام دىنىنى قارىلايدۇ.

بۇنى خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇرۇن بۇددا دىنى قاتارلىق نەچچە خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار كېيىن قىلىچ ئارقىلىق مۇسۇلمان بولغان.... دېيىش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى مەلۇم تەسەۋۋۇپ ۋەكىللىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ساختا-يالغان تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئىسلام دىنىنى سەت كۆرسىتىپ كەلگەن.

بىز ئېتىقات قىلىۋاتقان تۇنجى ئىنسان ئادەم پەيغەمبەردىن تارتىپ مۇسا، ئەيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ يولى ۋە بىردىنبىر ھەق دىن بولغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشىمىز ئۇيغۇر مىللىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچى ئاللاھقا بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. مىللىي كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى شۇ ئېتىقات قىلغان دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىمىز. توغرا يولدىن ۋە ئاللاھنىڭ ئىنائىتىدىن چىققانلار ساقلاپ قالماقچى بولغان ئۇيغۇر كىملىكى بىلەن بىز ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئۇيغۇر كىملىكى بىر-بىرىدىن

پەرقلىق ئۇقۇملار.

قان بىلەن گوشتەك بىرلىشىپ كەتكەن ۋە بىر-بىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغان ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئېتىقادى بىلەن ئېتنىك كىملىكىنى ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئەمەس، بۇلارنىڭ دىنى ئاتالغۇدىكى نامى «ئادىمىي شەيتانلار» دۇر. ئۇلار پۇرسەت تاپقان ھامان دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلسىمۇ، ئۇلارغا پەرۋا قىلماسلىقىمىز ۋە ئەپۇ قىلىۋېتىپ يولىمىزغا مېڭىۋەرگىنىمىز ياخشى.

# ئىنتېگراسىيون ۋە ئاسسىمىلياتسىيون

غەربنىڭ ھەممە نەرسىسىگە قارا-قويۇق چوقۇنۇپ، ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىدىن چەتنەپ كېتىش، كەلگۈسىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ ئۆزىنىڭ مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قالغان قارغىغا ئوخشىغانلىقتۇر.

غەربتە ئىنتېگراسىيون ۋە ئاسسىمىلياتسىيون دەيدىغان ئىككى ئۇقۇم بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچىسى، ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆز كىملىكىنى ئۇنۇتمىغان ھالدا قارشى تەرەپكە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، شۇ جەمئىيەتتە تەڭ ۋە باراۋەر ياشاشنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىسى، ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقادى، ئانا تىلى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۇنتۇپ، شۇ دۆلەتكە سىڭىشىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىملىك قارىشى مۇكەممەل تىكلەنمىگەن كىشىلەر مەيلى قايسى قىتئەگە كۆچۈپ كەلسە-كەلسۇن، ئىنتېگراسىيون ۋە ئاسسىمىلياتسىيون باسقۇچلىرىدا تەمتىرەيدۇ. بەزىسى ئىنتېگراسىيون باسقۇچىدىن ئۆتەلمەي ئاۋارە، يەنە بەزىسى ئاسسىمىلياتسىيون بولۇپ كېتىپ، ئۆز قەۋمىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئارىسىدا غېرىب بولۇپ قالىدۇ.

ناۋادا، دەۋرىمىزدە ئابدۇقادىر داموللام ھايات بولغان بولسا، يەنە كېلىپ مۇھاجىرەتتە بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بولسا «جاھالەتكە چىللىغۇچى، رادىكال بىر موللا بىزنى ‹خرىستىيان بولۇپ كەتمەڭلار› دەپ شۇۋىت مىسسىيونېرلىرىغا قارشى گەپ قىلىپ، غەربكە قارشى ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى چېچىۋاتىدۇ. نەدىكى كونا گەپنى قىلىپ، مەسچىت قۇرۇشنىڭ، قۇرئان ئۆگىتىشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كېتىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالىمەن دەپ كاكىراپ، ھېلى ‹قىز-ئاياللار شەرمى-ھايالىق بولۇپ ئورۇنۇڭلار، ئۇيەر بۇيەرلىرىڭلارنى ئېچىۋالماڭلار› دېسە، ھېلى ‹ھالال ماركىلىق مەھسۇلات ئېلىش› نىمىزنى تەرغىپ قىلىپ يۈرۈيدۇ. بىزنى ئەرەبلەر ۋە تۈركلەرگە ئوخشاش قىلماقچىكەن. بىز ياۋروپالىقنى دورىشىمىز كېرەك ئىدى. بۇ تازا پانتۈركىست، تۇرانچى، ياق، سېپى ئۆزىدىن ئۈممەتچى موللا گۇيكەن!...

ھەقىقىي موللا دېگەن بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي موللىسى

دېگەن ئارتۇق ئىشقا چات كەرمەي، پەقەت ئايدا يىلدا جۈمە، ھېيت ۋە جىنازە نامازلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، نەزرى-چىراقتا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئۆلسەك يۇيۇپ تاراپ گورىمىزغا قويۇشتىن باشقا ئىشىمىزغا قوشۇق سالمايدىغان كىشىدۇر...» دەيدىغانلار چوقۇم چىقاتتى. بۇنىڭدىن گۇمانىم يوق.

خىتاي «ئۈچ خىل كۈچنى يوقىتىمىز» دېسە، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش سەنەمگە ئۇسسۇل ئويناشتىن خىجىل بولمايدىغان قىزىلپاچاقلار نېمىدېگەن كۆپ؟

# خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان مالىم چىققان يەردە خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان قارىم چىقماسمۇ؟

1949 ـ يىلدىن بۇيان خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان، ئەمما دىنغا قارشى تۇرىدىغان بىر ئۇچۇم كىشىلەرنى تەربىيەلەپ چىققان قۇۋ خىتاي يېقىن زامانلاردا دىن تونىغا ئورۇنۇپ تۇرۇپ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا قارشى تۇرىدىغان «قارىملار» نى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئاتالمىش «ئىسلام ئىنىستىتوتى» نى ئاچقان ئىدى. سىياسى كېڭەشكە ئەزا ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇ جايدا تەربىيە ئالغان قارىملار ئىدىغۇ! قارىم دېگەننىڭ دىنغا خىزمەت قىلىدىغانلىرى بولغىنىدەك، شەيتانغا خىزمەت قىلىدىغانلىرىمۇ كۆرمىڭ.

خىتاي بۇنى «قۇرئان كۇرسى» ياكى باشقا ناملاردا چەت ئەلدىمۇ دەۋاملاشتۇرمايدىغانلىقىغا ھېچكىم كاپالەت بېرەلمەيدۇ. ئالجىرىيەدە دۇنيانىڭ 3 ـ چوڭ جامەسىنى سېلىپ بېرىپ، كۆز بويامچىلىق قىلغان خىتاي ئەنە شۇ.

خىتاي بىزگە قۇرئان ئۆگىتىپ سالمىغاي. شۇڭا ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز زۆرۈر.

بۈگۈنكى كۈندە خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان قارىم، خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان ئاكادېمىك زىيالى، خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان موزىكانت ـ سەنئەتچى، خىتايغا قارشى تۇرمايدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچى، سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەرزىمەس كىشىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ھەركىم ئۆز ساھەسىدە خىتايغا قارشى كۆرەش قىلىشى كېرەك.

قارىمنىڭ گېپىنى دېسەم بەزىلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىشى مۇمكىن، لېكىن مەن بىر جانلىق مىسال ئېيتىپ بېرەي. مەن ئەينى چاغدا گۇمدىكى مەدرىسىدە ئەيساغۇجىدا بىللە ئوقۇغان بىرساۋاقدىشىم ھازىر ئايەت بىلەن ھەدىس ئوقۇپ، كەينىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆك بايرىقىنى «بۆددىست ئۇيغۇرنىڭ بايرىقى»، «ئىستىقلال مارشى ئوقۇش ۋە بايراققا ھۆرمەت بىلدۈرۈش مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئىشى»، «نامايىش قىلىش بىدئەت»، «رەسۇلۇللاھ ۋە سەلەپى ـ سالىھىنلار نامايىش

قىلمىغان» ، «ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى مۇرجىئە» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ كاكىراپ، خىتايغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇيغۇر دەۋاسىغا قارشى تۇرىدىغان بولۇپ قېلىشلىق.

بۇ زاتى مۇھتەرەمنىڭ ئۇيغۇر نامىدا مىكرو مىللەتچىلىك بايرىقى كۆتۈرۈپ تۈركى مىللەتلەرگە قارشى ئايرىمچىلىق قىلىدىغان، ئۇيغۇرنىڭ دوپپىسىنىڭ كەينىگە يۇشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ھىجابلىنىشقا قارشى چىققان، غەرب مەدەنىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئىسلام ئۈممىتىنى ھاقارەتلەيدىغان غەربپەرەسلەردىن ئانچە پەرقىمۇ يوق.

## دىنى ئاتالغۇدا «زۇلۇم» ئۇقۇمى

**هَـلْ يَنظُـرُونَ إِلَّا أَن تَأْتِيَهُـمُ الْمَلَائِكَـةُ أَوْ يَـأْتِيَ أَمْـرُ رَبِّـكَ كَذَٰلِـكَ فَعَـلَ الَّذِيـنَ مِـن قَبْلِهِـمْ وَمَـا ظَلَمَهُـمُ اللَّهُ وَلَٰكِـن كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ**

(كاپىرلار) نېمىنى كۈتۈۋاتىدۇ؟ پەرىشتىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنىمۇ ياكى رەببىڭنىڭ (بالايىئاپەت) بۇيرۇقىنىڭ يېتىپ كېلىشىنىمۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇلارغا ئاللاھ ئۇۋال قىلغىنى يوق، بىراق ئۇلار ئۆزلىرى ئۆزىگە ئۇۋال قىلىشقان ئىدى (سۈرە نەھل 33- ئايەت).

زۇلۇم — قاراڭغۇلۇق دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇۋال قىلىش، ناھەقچىلىك قىلىش دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تەئالانىڭ ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدىغانلىقى «**وماظلمهم الله**» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋە «زۇلۇم»، «ئۇۋال قىلىش» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى «ئۇۋال قىلمايدۇ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. كاپىرلارنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلىشى، گۇناھكارلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشىمۇ «زۇلۇم» دەپ قارىلىپ، «زالىملار» دەپ ئاتالغان. بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «زۇلۇم» سەل تارلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان، مەسىلەن: «خىتاينىڭ زۇلۇمى»، «زۇلمەتلىك يىللار» دېگەندەك.

**قال الرسول صلى الله عليه وسلم: اتقوا الظلم، إنه ظلمات يوم القيامة، واتقوا الشح، فإنه أهلك من كان قبلكم حملهم على أن سفكوا دماءهم، واستحلوا محارمهم رواه مسلم**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زۇلۇم- ئۇۋال قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى ئۇۋالچىلىقلارغا قېلىشقا سەۋەپ بولىدۇ. بېخىللىق- پىخسىقلىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بېخىللىق سىلەردىن بۇرۇنقى قەۋملەرنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەن. بېخىللىق ئۇلارنى بىر- بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، ھالال نەرسىلىرنى ھالال

ساناشقا تۇرتكە بولغان (مۇسلىم).

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىش ئۇستىدىكىلەرنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىگە ئادىل بولماسلىقى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنى لايىقىدا ئادا قىلماسلىقى، دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا ئادىل مۇئامىلىدە بولماسلىقى، ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرى ئۇستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلماسلىقى، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى ياخشى، ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆگىنىش ئۇچۇن تىرىشماسلىقى، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلماسلىقى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا-ئانا ئۇستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلماسلىقى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زۇلۇمدۇر.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ ئەسكىلىكلىرىنى، زۇلۇم ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىقلىرىنى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلارغا دۆڭگەش، ئۇلارنى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ سىياسىيۇنلىرىغا سېلىشتۇرۇپ مازاق قىلىشمۇ بىر خىل زۇلۇم بولسا، ھەر بىر شەرقىي تۈركىستان پۇقراسىنىڭ ئۆزى بىر كىشىلىك قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلماستىن، ھەممە ئىشنى ئۇيغۇر تەشكىلات مەسئۇللىرىغا ئارتىپ قويۇپ، قۇلاق يوپۇرىۋېلىشمۇ زۇلۇمدۇر.

مەزكۇر ئېنىقلىما بويىچە زۇلۇم قىلغان كىشى زالىم بولغان بولىدۇ، «زالىم» دېسە خىتاي ھۆكۈمىتىلا ئەقلىمىزگە كەلمىسۇن، بىزمۇ زالىملاردىن بولۇپ قالمايلى!

# ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ئېغىر گۇناھلىقى ھەققىدە

ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن بولۇپ، ئۇ بىراۋنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش، قېنىنى تۆكۈشنى كۆرسەتسە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بولسا، بىر ئىنسانىنىڭ ئۈمىدسىزلىك، نومۇس تۇيغۇسىنىڭ ئېغىر بېسىشى، بېشىغا ئېغىر كېسەللەرنىڭ كېلىشى، كۆتۈرۈش ئېغىز بولغان ئىقتىسادى قىيىنچىلىق قاتارلىق تالاي دىشۋارچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆز قولى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى، ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۆزى زامىن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىلمىش ھەم قۇرئان كەرىمدە، ھەمدە ھەدىس شەرىپلەردە ئېغىر گۇناھ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ، قەتئىي رەۋىشتە چەكلەنگەن.

دەۋرىمىزدە بىر قىسىم بىمارلارنىڭ كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇكۇل ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى غەرب تىببى ئاتالغۇسىدا «ئوتونازى» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئاللاھ بەرگەن جاننى ئاللاھ ئۆزى ئېلىشى كېرەك بولغاچقا، بۇ ئىسلام دىنىدا ناھايىتىمۇ ئېغىر گۇناھ دەپ قارىلىدۇ، ھەتتاكى خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ باش روھانى ئورگىنى ۋاتىكانمۇ بۇنى ناتوغرا قىلمىش دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، دىندىن يىراقلىشىپ كەتكەن ۋە دېئىست بولۇپ كەتكەن كىشىلەر كۆپىيىپ كەتكەن غەرب ئەللىرىدىكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن.

ھازىر دۇنيادىكى 7 مىلياردتىن ئارتۇق ئىنساننى تەھدىت ئاستىغا ئېلىۋاتقان كورونا — خىتاي ۋىرۇسى ھاياتىمىزغا ئېغىر يۈك ئېلىپ كەلمەكتە، يېڭى بېسىملارنى تۇغدۇرماقتا. بىز ئومۇمەن ھەرقانداق بالايى-ئاپەتلەردىمۇ، ئېغىر كۆنلەردىمۇ چىدامچان بولۇپ، ئۈمىت بىلەن ياشاپ كەلگەن بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ تۆۋەن مىللەتلەر قاتارىدىن» دەپ ئېيتالايمىز.

تۆۋەندە مەن سىلەر بىلەن بۇ ھەقتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلارنى ئورتاقلاشماقچىمەن:

**يَـا أَيُّهَـا الَّذِيـنَ آمَنُـوا لَا تَأْكُلُـوا أَمْوَالَكُـم بَيْنَكُـم بِالْبَاطِـلِ إِلَّا أَن تَكُــونَ تِجَــارَةً عَــن تَــرَاضٍ مِّنكُــمْ وَلَا تَقْتُلُــوا أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا**

ئـى ئىمـان ئېيتقـانلار! بىرــبىرىڭلارنىڭ مال-مۈلكىنـى (ئالـداش، ئوغـرىلاش، خىيانـەت قىلىـش، بـۇلاش، جازانىخورلـۇق، قىمـار ئوينـاش قاتارلىـق) ناھـەق يـول بىلـەن يەۋالمـاڭلار، ئىككـى تـەرەپ رازى بولۇشـۇپ قىلىشقان سـودا ـ سېتىق ئارقىلىـق ئېرىشىلگەن نەرسە (نـەپ) بۇنىڭدىـن مۇستەسـنا. سـىلەر ئۆزۈڭلارنـى ئۆلتۈرۈۋالماڭلار، ئـاللاھ ھەقىقەتـەن سـىلەرگە تولىمۇ رەھىمدىلدۇر (سۈرە نىسا 29 ـ ئايەت).

**وعــن أبي هريــرة رضي الله عنــه عــن النبي صلى الله عليــه وســلم قــال: (مــن تــردى مــن جبــل فقتــل نفســه فهــو في نــار جهنــم يتردى فيــه خــالداً مخلداً فيهــا أبــداً ومــن تحسى ســماً فقتــل نفســه فســمه في يــده يتحســاه في نــار جهنــم خــالداً مخلداً فيهــا أبــداً ومــن قتــل نفســه بحديــدة فحديدتــه في يــده يجــأ بهــا في بطنــه في نــار جهنــم خــالداً مخلداً فيهــا أبداً) رواه البخاري والمسلم.**

ئەبـۇ ھۇرەيـرە (ر.ئـە) نىڭ نەقىل قىلىشـىچە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېگـەن: «كىم تاغدىـن ئـاتلاپ ئۆزىنـى ئۆلتۈرۈۋالسـا، ئـۇ دوزىخـى بولـىدۇ، ئەبەدىلئەبـەت ئۆزىنـى تاغدىـن تـاشلاپ ئازاپلىنىـدۇ. كىمكـى زەھـەر ئىچىـپ ئۆزىنـى ئۆلتۈرۈۋالسـا، دوزاخ ئوتىنىـڭ ئىچىـدە قولـدا زەھەرنـى تۇتقـان ھالـدا ئۇنىڭدىـن يۇتـۇملاپ ئازاپلىنىـدۇ. كىمكـى ئۆزىگـە تۆمۈرنـى سـانجىپ ئۆزىنـى ئۆلتۈرۈۋالسـا، دوزاختـا ئەبەدىلئەبـەت تۆمۈرنـى ئۆزىگـە سانجىش ئارقىلىق ئازاپلىنىدۇ (بۇخارى، مۇسلىم).

ئەبۇھۇرەيـرە (ر.ئـە) نىـڭ نەقـل قىلىشـىچە، ئـۇ مۇنـداق دېگـەن: «رەسـۇلۇللاھ بىلـەن بىللـە خەيبـەر ئۇرۇشـىغا قاتناشـتۇق، مۇسـۇلمان ئىكەنلىكىنـى ئېيتقـان بىـر كىشـىگە قارىتـا رەسۇلۇللاھ <بـۇ كىشـى ئەھلـى

دوزىخىدۇر> دېدى. ئۇرۇش باشلىنىۋىدى ئۇ كىشى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى ۋە ئاخىرى يارىلاندى. ساھابىلار ئىچىدىن بەزىسى: <يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزلىرى ئەھلى دوزىخى دېگەن ھېلىقى ئادەم (دۈشمەنگە قارشى) قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتى> دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ يەنە <ئۇ كىشى دوزاخقا كەتتى> دېدى. بۇ چاغدا ساھابىلاردىن بەزىلىرى گۇمانغا چۈشۈپ قېلىشقا تاس قالغان ئىدى. ئەسكەرلەر مۇشۇنداق تۇرغان پەيتتە رەسۇلۇللاھ <ئۇ كىشى تېخى جان ئۈزمەپتۇ، ئېغىر يارىلىنىپتۇ> دېدى. دەرۋەقە، كېچىچە ئۇ كىشى يارا ئاغرىقىغا چىدىيالماي قىلىچىنىڭ ئىتتىك ئۇچىغا بەدىنىنى تاشلاپتۇ ـ دە، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. بۇ ئەھۋال رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: <گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋە بەندىسىمەن>، ئاندىن بىلال (ر.ئە) نىڭ ساھابىلا ئىچىدە مۇنداق دېيىشىنى بۇيرىدى: <جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان نەپسلەرلا كىرىدۇ، شۇنىسى مۇقەررەركى، ئاللاھ بۇ دىنىنى گۇناھكار ـ فاجىر كىشىلەر ئارقىلىقمۇ كۈچلەندۈرىدۇ» (بۇخارى، مۇسلىم)

جابىر بىننى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىشىچە: رەسۇلۇللاھقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىر كىشىنىڭ خەۋىرى يەتكۈزۈلۈۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «مەن ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيمەن» دېدى (ئەبۇداۋۇت جەنائىز 51).

دېمەك، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ھېساپلايدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ قەتئى قىلماسلىقى كېرەك بولغان ئىشلاردىن.

# سىز شەرقىي تۈركىستانلىقمۇ ياكى خىتايمۇ؟

«سەن قەيەرلىك؟» دېگەن سوئالغا يالغان جاۋاپ بېرىشمۇ يالغانچىلىقتۇر، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىق، ھېچبولمىغاندىمۇ «ئۇيغۇر» دېيەلمەسلىك يالغانچىلىقتۇر.

مەن ئۇزۇق يىللىق مۇھاجىرەت ھاياتىمدا «سەن قەيەرلىك؟» دېگەن سوئالغا «شەرقىي تۈركىستانلىق» ياكى ئۇدۇللا «ئۇيغۇر» دەپ جاۋاپ بېرىپ كەلدىم. «خىتايدىن» دېيىشنى نومۇس دەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بىر قېتىم بىر تۈرك ساقچىسىنىڭ مەندىن تېلېفوندان «سەن چىنلىق XX مۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىدىن «چىنلىق (خىتايلىق)» ئىبارىسى تىنتاڭ تومۇرۇمغا تېگىپ، سەل قاتتىقراق گەپ بىلەن «مەن شەرقىي تۈركىستانلىق» دېگىنىم ئۈچۈن دىشۋارچىلىققا ئۇچرىدىم. ساقچىغا يالغان مەلۇمات بەردى دەپ سوتقا چىقىرىلدىم، بىر يىل ئاۋارە قىلىندىم - يۇ، دۆلەت تەۋەلىكىمنى «خىتاي» دېيىشنى ئار-نومۇس بىلىپ «بىز ئۇيغۇرلارنى <خىتايدىن> دېيىش بىزنى ھاقارەتلىگەنلىك» دەپ ئوزەمنى ئاقلاپ، پاكلىنىپ قۇتۇلغان ئىدىم.

غەربكە كەلگەندىن بۇيان ئۇنداق ئوغامنى قاينىتىدىغان سوئالغا كۆپ دۇچ كەلمىدىم. غەربلىكلەرنىڭ ئېسىل ئادەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار ئالدىراپ كىشىلەرنىڭ ئېتنىك كىملىكى ياكى دۆلەت تەۋەلىكىنى سورىمايدۇ، ھەتتا ئىش ئورۇنلىرىغا ئىلتىماس سۇنغاندا ئىلتىماس سۇنغۇچىنىڭ دىنىنى سوراش ئايرىمچىلىققا يول ئاچىدىغانلىقى ئۈچۈن، قانۇن بويىچە چەكلەنگەن ئىكەن.

بىز شەرقىي تۈركىستان ياكى ئۇيغۇرىستانلىق بولغان ئىكەنمىز، يۇرتىمىزنىڭ نامىدىن تانماسلىقىمىز ۋە شۇ نامغا يۈز كېلەلىگۈدەك ياشىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەر پۇرسەتتە تىلغا ئېلىش ئۈچۈن مىڭ قېتىم سورىسا، مىڭ قېتىم زېرىكمەسلىكىمىز، مىڭ قېتىم «قەيەرلىك؟» دېسە، «شەرقىي تۈركىستانلىق» ياكى «ئۇيغۇر» دېيىشتىن تېرىكمەسلىكىمىز لازىم.

بىر كىشىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ ساپالىق ياكى قالاق ئىكەنلىكىنى

ئۆزىنى «خىتاي» (چاينا، جۇڭگولۇق) دەپ تونۇشتۇرۇشىدىن باشقا يەنە خىتاينى «خەنزۇ»، «جۇڭگو» دەپ ئاتىشىدىن، جۈملە تۈزگەندە «شىنجاڭ» دېگەن نومۇس ئىبارىنى ئىشلىتەلىگۈدەك دەرىجىدە مانقۇرتلاشقانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ يازمىنى باياتىن بىرەيلەن ئۆزىنىڭ «سەن قەيەرلىك» دېگەن سوئالىدىن زېرىكىپ، ئۆزىنى «مەن قازاقىستانلىق» ... ياكى بىر نېمە ئىستانلىق دەيدىغان بولىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ شۇڭا يازدىم.

دىنىمىز ئىسلامدا «ئۆز ئاتا-ئانىسىدىن تېنىۋېلىش ئېغىر گۇناھ دەپ قارىلىدۇ»، ئانا ۋەتىنىنىڭ ئىسمىدىن تېنىۋېلىشمۇ مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاتا- ئانىسىدىن تانغانلىق بولماي نېمە؟

## خاتا تەبىر بېرىلىپ كېلىنگەن ئايەت ــ «ئۇلارنى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار»

بىر كىشىنىڭ رەسمىنى سىزىش ئۇچۇن پەقەت كۆرسەتكۈچ بارمىقى ياكى بۇرنىنىڭ ئۇچىغىلا قاراپ تۇرۇپ سىزىش قانداق نەتىجىگە ئېلىپ بارسا، بىرەر ئايەتكىلا قاراپ قۇرئاننىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىنى يەكۈنلەشمۇ ئەنە شۇنداق خاتا نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ.

**وَاقْتُلُوهُمْ حَيْثُ ثَقِفْتُمُوهُمْ وَأَخْرِجُوهُم مِّنْ حَيْثُ أَخْرَجُوكُمْ وَالْفِتْنَةُ أَشَدُّ مِنَ الْقَتْلِ وَلَا تُقَاتِلُوهُمْ عِندَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ حَتَّى يُقَاتِلُوكُمْ فِيهِ فَإِن قَاتَلُوكُمْ فَاقْتُلُوهُمْ كَذَلِكَ جَزَاءُ الْكَافِرِينَ**

ئۇلار (ئۇرۇش ئاچقانلار) نى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىڭلار، پىتنە — ئېتىقادتىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن زىيانكەشلىك قىلىش ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يامانىدۇر. تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار، كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ (سۈرە بەقەرە 191- ئايەت).

بۇ ئايەت بىلەن گارمونىك مۇناسىۋەتتى بار يەنە بىر ئايەت بولسا:

**لَا إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ فَمَن يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللَّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى لَا انفِصَامَ لَهَا وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ**

دىندا زورلاش (زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ بىراۋنى دىنغا مەجبۇرلاش) يوقتۇر، ھەق بىلەن باتىل (توغرا بىلەن خاتا) ئېنىق ئايرىلدى. كىمكى

تاغۇت (ئىنساننى ئاللاھتىن ئۇزاقلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسە) نى رەت قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، سۇناس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى (تەلتۆكۈس) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى (چەكسىز) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر (سۈرە بەقەرە 256- ئايەت).

بۇ ئايەتتىن بىر ئىنساننى مەجبۇرلاپ مۇسۇلمان قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭمۇ، مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ كېتىشكە زورلاشنىڭمۇ چەكلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

بۇ مەزمۇننى كۈچلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئايەت:

**وَلَوْ شَاءَ رَبُّكَ لَآمَنَ مَن فِي الْأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعًا أَفَأَنتَ تُكْرِهُ النَّاسَ حَتَّىٰ يَكُونُوا مُؤْمِنِينَ**

ناۋادا رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئىمان ئېيتقان بولاتتى. شۇنداق ئىكەن، سەن خالايىقنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلامسەن؟ (سۈرە يۇنۇس 99- ئايەت).

پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە شۇنداقلا مۆمىنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەقنى يەتكۈزۈشلا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن توغرا-خاتانى ئايرىشى ئىمتىھاننىڭ تەقەززاسىدۇر. زورلاش ئەركىن ئىرادىگە قارشى چىققانلىق بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىمتىھاننىڭ ھېچقانداق مەناسى قالمىغان بولىدۇ.

بۇ مەزمۇننى كۈچلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئايەت:

**وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا أَشْرَكُوا وَمَا جَعَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا وَمَا أَنتَ عَلَيْهِم بِوَكِيلٍ**

ناۋادا، ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلار شېرىك كەلتۈرمەيتتى. سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا جاۋابكار ئەمەسسەن(سۈرە ئەنئام 107- ئايەت).

دېمەككى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ھېچكىمگە كۈزەتچى قىلىپ ئەۋەتىلمىگەن، باشقىلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن جاۋاپكارلىققا تارتىلمايدىغانلىقىمۇ ئەسكەرتىلگەن.

مَّا عَلَى الرَّسُولِ إِلَّا الْبَلَاغُ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا تَكْتُمُونَ

رەسۇلنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ (سۇرە مائىدە 99 ـ ئايەت).

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَيْكُمْ أَنفُسَكُمْ لَا يَضُرُّكُم مَّن ضَلَّ إِذَا اهْتَدَيْتُمْ إِلَى اللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر پەقەت ئۆزۈڭلارغا مەسئۇل بولۇڭلار. ئەگەر سىلەر توغرا يولدا ماڭساڭلار باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھ قىلغان ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ (سۇرە مائىدە 105 ـ ئايەت).

وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَكِن يُضِلُّ مَن يَشَاءُ وَيَهْدِي مَن يَشَاءُ وَلَتُسْأَلُنَّ عَمَّا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

ناۋادا، ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، سىلەرنى بىر ئۇممەت قىلاتتى، لېكىن ئاللاھ خالىغاننى زالالەتتە تاشلاپ قويىدۇ، خالىغاننى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. (ئۆز تاللىشىڭلار نەتىجىسىدە) قىلغان بارچە قىلمىشىڭلاردىن چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر (سۇرە نەھل 93 ـ ئايەت).

فِيهِ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ وَمَن دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ

ئۇنىڭدا (كەبىنىڭ ئىبادەتگاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم (ئىبراھىمنىڭ تۇرغان يېرى) شۇلارنىڭ

بىرىدۇر. كەبىگە كىرگەن كىشى ئەمىن بولىدۇ، قۇربىتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى ھەج-تاۋاپ قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر، كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر (سۈرە ئالى ئىمران 97- ئايەت).

ئاللاھ تائالا قۇياشىنىڭ نۇرىغا، دەل-دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىگە مۇھتاج بولمىغاندەك، مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە ھېچقانداق بىرىنىڭ ئىبادىتىگىمۇ ئېھتىياجى يوق بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىسىمۇ، ئاللاھقا بەندىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىسىمۇ، ئاللاھ تەئالاغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ قىلغان تائەت ئىبادەتلىرى پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرلىرىنىڭ كونتېكسى-قاراتمىلىقى بولۇپ، ئۇرۇش ۋاقتىغا قارىتىلغان ئايەتلەرنى نورمال ۋاقىتلارغا ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىق كېرەك.

ئاللاھ تەئالا بىزدىن ئۆلتۈرۈش ئەمەس، ياشىتىشنى تەلەپ قىلماقتا:

**مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ كَتَبْنَا عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنَّهُ مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا وَلَقَدْ جَاءَتْهُمْ رُسُلُنَا بِالْبَيِّنَاتِ ثُمَّ إِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم بَعْدَ ذَلِكَ فِي الْأَرْضِ لَمُسْرِفُونَ**

شۇ سەۋەبتىن بىز (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا: «كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ خۇددى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ؛ كىمكى بىرەر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرغاندەك بولىدۇ» دەپ يازغان ئىدۇق. پەيغەمبەرلىرىمىز ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا راستىنلا ئوچۇق پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ تولىسى زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى (سۈرە مائىدە 32- ئايەت).

دېمەك، ئەڭ ئەقەللىسى بىر ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش، گويا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرغاندەك پەزىلەتلىك، ناھەق بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ،خۇددى بارچە ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك قەبىھ گۇناھ.

## بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا سىلەر نېمە ئويلايسىلەر؟

**وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَن نَّصْبِرَ عَلَى طَعَامٍ وَاحِدٍ فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنبِتُ الْأَرْضُ مِن بَقْلِهَا وَقِثَّائِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَى بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ اهْبِطُوا مِصْرًا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ وَبَاءُوا بِغَضَبٍ مِّنَ اللَّهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُوا يَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللَّهِ وَيَقْتُلُونَ النَّبِيِّينَ بِغَيْرِ الْحَقِّ ذَلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُوا يَعْتَدُونَ**

ئەينى چاغدا (سىنا چۆلىدە قۇۋۋەت ھالۋىسى ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا) سىلەر: «ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن رەببىڭگە دۇئا قىلساڭ، بىزگە زېمىننىڭ ھەرخىل كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسىكەن» دېدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشمەكچى بولۇۋاتامسىلەر (يەنى ئەركىنلىكنى قۇللۇققا تېگىشمەكچىمۇ)؟ ئۇنداقتا مىسىرغا قايتىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا خار-زارلىق، يوقسۇللۇق تامغىسى بېسىلدى. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، نەبىلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. چۈنكى ئۇلار ئاسىيلىق قىلغان ۋە ھەددىدىن ئاشقان ئىدى (سۈرە بەقەرە 61- ئايەت).

مەن مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇغىنىمدا بىزنىڭمۇ «خوگو، ئاچچىقسۇ، لەڭپۇڭ، سېرىق ئاش... دېگەندەكلەرنى سېغىنىپ كەتتۇق» دېگەنگە ئوخشاش، دۈشمەن قەۋمنىڭ يۇرتىدىكى فرئەۋنچە كۆكتات ۋە يېمەكلىكلەرنى سېغىنىپ كېتىپ، فرئەۋن ماركېتلىرىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان بەنى ئىسرائىلنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن.

بىر قوۋم دۈشمەن قوۋمنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە گىرىم پاسونلىرىغا دۈم چۈشكەن بولسا، ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا!

# ۋالۋۇل ئاتالغۇلار بىزنى ئازدۇرۇپ كەتمىگەي!

**يَـا أَيُّهَـا النَّاسُ إِنَّ وَعْـدَ اللَّهِ حَـقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُـمُ الْحَيَـاةُ الدُّنْيَـا وَلَا يَغُرَّنَّكُـم بِـاللَّهِ الْغَرُورُ**

ئـى خالايـىق! ئاللاھنىـڭ ۋەدىسـى راسـت ـ ھـەق. سـىلەرنى ھەرگـىز دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالـداپ كەتمىسۇن، ئالدامچىمۇ سـىلەرنى ئـاللاھ (نىـڭ نامىنـى سۇيىئىسـتىمال قىلىـش) بىلـەن ئالـداپ كەتمىسـۇن (سـۈرە فاتىـر 5 ـ ئايەت).

تەۋھىـد — مونىتېئىـزم، ئـاللاھ تەئالانـى يەككە ـ يېگانـە بىلـىش، ئۇنىڭغا پەيغەمبەردىـن تارتىـپ ھېچقانداق نەرسىنى تەڭداش بىلمەسلىك، ھەمتـەڭ كۆرمەسـلىك، ئۇنىڭدىـن باشـقىغا چوقۇنماسـلىق، ئۇنىڭدىـن باشـقىنى ئىلاھلاشتۇرماسـلىقنى كۆرسـىتىدۇ. ئەلمىسـاقتىن تارتىـپ بارچـە ئەنبىيالارنىـڭ، ئەسـفىيالارنىڭ تەشەببۇسـىمۇ دەل مۇشـۇ نۇقتـا، يەنـى ئىـسلام دىنىنىـڭ مەركـىزى ئىدىيسـى ئـاللاھ تەئالانـى بىـردەپ بىلىـپ، ئۇنىڭدىن باشقىغا چوقۇنماسلىقتىن ئىبارەت.

كىمكـى مۇشـۇ ئۇلـۇغ نامنـى سۇيىئىسـتىمال قىلىـپ، بىزنىـڭ قىزىـل سـىزىقىمىز بولغـان شـەرقىي تۈركىسـتان دۆلەتچىلىـك ئېڭىمىزغـا، بايرىقىمىزغا، مىللىـي قەھرىمانلىرىمىزغـا ئۇنى ـ بۇنـى دېيىشـكە ئۇرۇنسـا، يەرشارىلاشـقان دۇنيـادا، بولۇپمـۇ ئىلغـار جەمئىيەتتـە قوبـۇل قىلىنغـان كىشـىلىك ھوقـۇق، دېموكراتىيـە، ئايـاللار ھوقۇقـى قاتارلىـق ئالەمشـۇمۇل قىممەت قاراشلارغـا قارشـى چىقسـا، بىزنىـڭ ئـۇزۇن ۋاقىـت دەۋاملىشـىۋاتقان خىتـاي تاجاۋۇزچىلىقىغـا قارشـى ھايات ـ ماماتلىـق كۆرىشـىمىزنى ئىنـكار قىلسا، ئۇنداق كىشىنى ياكى گورۇھنى رەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭدىـن باشـقا «جىھـات» ئاتالغۇسـىنىمۇ بورمىلـىدۇق. «ئـاللاھ تەئالانىـڭ رىزاسـىنى كۆزلـەپ، پۇل ـ مېلـى ۋە ئىسسـىق جېنىنـى تىكىـپ قويـۇپ ھـەق ۋە ھەققانىيـەت ئۈچـۈن كـۈرەش قىلىـش» دېگـەن ئۇقۇمدىكـى «جىھات» ئاتالغۇسـىنى تارايتىـپ، قۇراللىـق كۆرەشـنىلا جىھات دەيدىغـان بولۇۋالـدۇق، قۇرالسـىز كۈرەشـلەرنى جىھـات كاتېگورىيسـىدىن چىقىرىـپ تاشـلىدۇق. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە، ئـۆز دۈشـمىنىمىز — خىتـاي فاشىسـتلىرىغا

قارشى كۆرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا، مەزكۇر ئاتالغۇنى بورمىلاپ شەرھىلىگەنلەرگە بەكرەك قۇلاق سېلىپ، دۈشمەننى بېيجىڭدىن ئەمەس، گاھ ۋاشىڭگتوندىن، گاھ تېلئاۋىۋدىن ئىزدەپ يۈردۇق. ۋاھالەنكى، نە رەسۇلۇللاھ، نە ساھابە كىراملار دۈشمەننى ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتتىن باشقا يەرلەردىن ئىزدىمىگەن. مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى تاشلاپ قويۇپ، قىتئە ئاتلاپ باشقا دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغان.

# مىنى قايتىدىن ئويلاندۇرغان 31 يىل ئىلگىرىكى سۆز

1991 ـ يىلى خوتەننىڭ گۇما ۋىلايىتىدە مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىم ئىدى، چەت ئەل كۆرگەن ۋە خىتاي ئاچقان ئاتالمىش ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقانىدا سەزگۈر تېمىدا گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدەلگەن ئابدۇلھېپىز ھاجىم ئىسىملىك بىر ئىلغار پىكىرلىك ئۇستاز بولىدىغان. ئۇ كىشى قاغىلىقتىكى مەرھۇم ئابدۇلھېكىم مەخسۇمنىڭ بىرىنچى ئەۋلات شاگىرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلغا ھەمدە ئەرەب تىلغا بەك پىششىق بولغاچقا، دەرس ئۆتكەندە ئەرەبچە تېكىستلەرنى مەدرىس تىلغا ئەمەس، پاساھەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلغا تەرجىمە قىلاتتى. بۇ ئۇستاز ماڭا شۇ دەۋردە بەكمۇ ئۇلۇغ كىشى ھېسابلىناتتى. ھەتتا شەرقىي تۈركىستان مەدرىسلىرىدە ئوقۇتۇلۇپ كېلىنگەن پارس تىلىدىكى مورفولوگىيە كىتاۋى «بىدان» نى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇش ئارقىلىق يېڭىلىق ياراتقان ئىدى. شۇ چاغلاردا گۇمىدا ئەخمەتجان داموللام ۋە مەمتىمىنجان داموللاملاردىنمۇ ئىستىلىستىكا (ئىلمى بالاغەت) ۋە لوگىكا (ئىلمى كالام) دەرسلىرىنى ئالاتتۇق، ئەمما ئابدۇلھېپىز ئۇستازنىڭ دەرسىدىن مەن بەك ھوزۇر ئالاتتىم. ئاڭلىسام بۇ ئۇستاز 2014 ـ يىلى 14 يىللىق كېسىۋېتىلگەنمىش. ئاللاھ تەئالا خىتاي تۈرمىسىدىن ساق ـ سالامەت چىققىلى نېسىپ قىلغاي!

ئۇ يىللىرى ئاقتۇدا بارىن قوزغىلىڭى، 1989 ـ يىلى خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا تيەنئەنمىن قوزغىلىڭى پارتلاپ، بېرلىن تېمى يېقىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي سابىق سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر بىرلەشمىسى غۇلاپ چۈشۈپ، غەربىي تۈركىستاندىكى تۈركىي مىللەتكە تەۋە قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ ئاتموسفېرا مەدرىستىكى دەرس ھەلقىلىرىدىمۇ قىزىق تېمىغا ئايلىنىپ، بىزنىڭمۇ مۇستەقىللىققا ئېرىشىدىغان كۈنلىرىمىزنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز ئاشقان ئىدى. مەدرىستە ئوقۇۋاتقان تالىپلار ئارىسىدا تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتاۋىنى ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىنى ئوقۇشمۇ مودا ئىدى. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندە دۆلەتنى باشقۇرىدىغان ئوقۇمۇشلۇق خادىملارنىڭ نامزاتلىرىمۇ مۇنازىرە تېمىسى بولاتتى. بىر كۈنى ئابدۇلھېپىز ئۇستاز مۇنداق دېگەن

ئىدى: «بىز مۇستەقىل بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئىشىمىز ناھايىتى قىيىن، چۈنكى خىتاي مائارىپىدا مىڭىسى ئاتېئىزم ئېڭى بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەن خېلى زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار قوشۇنىنى قايتىدىن ئىسلاملاشتۇرۇش بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا».

مەن ئۇچاغلاردا بۇ گەپنىڭ تېگىگە ئانچە يەتمەپتىكەنمەن، بارغانسېرى بۇ گەپنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىۋاتىمەن. بەزىلەرنىڭ دارۋىندىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە خۇداسىزلىقى ۋە «ئىسلام»، «تۈركىي خەلقلەر» ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ ماركسىزم دۇنيا قارىشى رامكىسىدا ئىكەنلىكى مېنى بەك ئازابلايدۇ.

ئۇستاز ئابدۇلھېپىز ھاجىم يەنە شۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنىپ، توڭگاننىڭ مەنبەلىرىدە بېسىپ تارقىتىلغان «ئېلكترونلۇق مېڭە ئاستىدىكى قۇرئان كەرىم» ناملىق كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى «ساغلام ئەمەس» دېگەن ئىدى. مەن ئۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشىنىڭ گېپىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەپتىكەنمەن. يېقىنقى يىللاردا تونۇپ يەتتىمكى، ئۇ كىتابمۇ ئامېرىكىغا قېچىپ پاناھلانغان ۋە بۇزۇق پىكىرلىك رىشات خەلىپىنىڭ «19 مۆجىزە» ئويدۇرمىسى ئىكەن. ئۆزى تۈزگەن ماتېماتىكا فورمۇلاسى ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، ئاشۇ فورمۇلاسىغا چۈشمىگەن سۈرە تەۋبىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئىنكار قىلغان بىر ساختا قۇرئانچى ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدىم.

# ئېچىنمەن

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇرۇس ياشاش، ئەخلاقلىق بولۇش، تىرىشىپ ھالالدىن ئىشلەش قاتارلىق سۈننەتلىرىنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىپ، پولونى قولدا يېيىشنى، ئۇستەلدە ئەمەس يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى، ئىشتاننىڭ ئۇشۇقتىن ئۇزۇن قىسمىنى قايچا بىلەن كېسىۋېتىشنى، ساقالنىڭ قانداق پاسونىدا قويۇلۇشىنى سۈننەت قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ھېلىھەم تۆگىدە يول ماڭماي ماشىنىغا چىقىدىغان، رەسىم بار دەپ پۇلنى بەلدىن يوقىرى ئۇرۇنغا سالماسلىقنى تەقۋادارلىق ھېساپلايدىغان خېلى زور بىر تۈركۈم ئىسلام ئەھلىنىڭ بىز بىلەن بىللە ھېلىھەم مۇشۇ يەرشارىدا ياشاۋاتقانلىقىغا ئېچىنمەن.

تېخى خورما يېيىشنى سۈننەت، سۈننەت دېگەندىمۇ، تاق يېيىش سۈننەت دېيىشلىرى بار. خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياشىغان مۇھىتتا ئۆرۈك، ئانار، ئالما-نەشپۈت بولۇپ، ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىن خورمىنى تاللىغاندەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغۇ قايتا دۇنياغا كەلمەيدۇ، ناۋادا، 21-ئەسىردە قايتا يەر يۈزىدە ئايان بولىدىغان ئىش بولغان بولسا، قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىشى مۇقەررەر.

بۇندىن يۈز يىل بۇرۇن مىسىر ئۆلىمالىرى ئىچىدە «ئاچچىقسۇ ھارام» دەپ پەتىۋادا چىڭ تۇرغانلارمۇ بولغان، ئوسمانلىنىڭ ئاناتولىيىسىدە نەچچە ئون يىل «قەھۋە ئىچىش ھارام» دەپ تۇرۇۋالغان ئىشلارمۇ بولغان، جۇمۇ.

# «كۇن فەيەكۇن» ئايىتىنى قانداق چۈشىنىمىز؟

«كۇن فەيەكۇن» جۈملىسى قۇرئان كەرىمنىڭ «بەقەرە»، «ئالى ئىمران»، «ئەنئام»، «مەريەم»، «ياسىن»، «مۆئمىن» قاتارلىق سۈرىلىرىدە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرەر نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ نەرسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقى تەسۋىرلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇدات ئالەمگە ھەر ۋاقىت ئارىلىشىپ تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى تەدرىجىيلىك پرىنسىپى ئاساسىدا بولۇپ، مەزكۇر ئايەت قانداقتۇر «ۋۇجۇتقا كەل» دېگەن ھامان، بىر پۈۋلەش بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ ئەمەس، ۋۇجۇتقا كېلىش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ دەپ چۈشىنىلسە ئەقىلگە ۋە ئىلىمگە مۇۋاپىق شەرھىلەنگەن بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان زات بىلەن كائىنات قانۇنىيىتىنى بېكىتكەن زات بىرلا ئاللاھ تەئالا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ كالامى بىلەن تەبىئەتتىكى قانۇنىيەتلىرى بىر-بىرى بىلەن پۈت تېپىشمەيدۇ، بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى مەخلۇقاتلارنى ياراتقاندا تەدرىجى ھالدا ياراتقان بولۇپ، بۇ قانۇنىيەت ھەر زامان كۈچكە ئىگە. ئاللاھ بىر نەرسىنى «ۋۇجۇتقا كەل» دېگەن ھامان ئۇ نەرسە ۋۇجۇتقا كېلىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. بۇ قانۇنىيەت پىلانىتلاردىن تارتىپ زەررىچىلىك كىچىك نەرسىلەرگىچە بولغان بارلىق يارىتىشلاردا، پۈتكۈل جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلار ئۈچۈن كۈچكە ئىگە. ئۇنداقتا «كۇن فەيەكۇن» ئايىتىنى ئوقۇغاندا مۇنداق تەرجىمە بىلەن ئوقۇپ باققايسىلەر:

إِنَّمَا أَمْرُهُ إِذَا أَرَادَ شَيْئًا أَن يَقُولَ لَهُ كُن فَيَكُونُ

ئاللاھ بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا پەقەتلا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ دەرھال ۋۇجۇتقا كېلىش باسقۇچىغا كىرىدۇ (سۈرە ياسىن 82ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالانىڭ داۋاملىق بىر ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىدىغانلىقى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

**يَسْأَلُهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِي شَأْنٍ**

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھتىن تىلەيدۇ، ئاللاھ ھەر كۈنى بىر ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىدۇ (سۈرە رەھمان 29- ئايەت).

## مۆئمىن ئۇچۇن ئەرەبلەر ئۇلۇغمۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ھەققىدە توختۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى بايانلارغا قارىساق، ئاللاھ تائالادىن ئۆزگىگە چوقۇنماسلىق، يىگانە ئاللاھقىلا چوقۇنۇش ۋە بەندىچىلىك قىلىش، ئاللاھ تەئالاغا بويسۇنۇشنىڭ ئىسلام دىنى ئىكەنلىكى، بۇ تەشەببۇسنىڭ بايراقدارلىقىنى تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئەڭ ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىمدە ھېچبىر پەيغەمبەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىم دەپ قاراشقا بولمايدىغانلىقى، قۇرئان كەرىمدىن بۇرۇنقى كىتابلارنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىملىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

تارىختا ئەرەبلەردىن چىققان پەيغەمبەر پەقەت تۆت نەپەر بولۇپ، 24 مىڭ پەيغەمبەر بەنى ئىسرائىل ۋە باشقا قەۋملەردىن چىققان.

يەنە قۇرئان كەرىمگە ئاساسلانغاندا، مۇتلەق ئۇلۇغ مىللەت ياكى مۇتلەق ناچار مىللەت دەيدىغان پىرىنسىپ يوق. ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر چىقىرىپ ۋەھيى ئامانەت قىلىنغان بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ زور نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىقى قامچىلىنىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە دىننى بۇرمىلىغانلىقى سەۋەبلىك داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ تىلى ئارقىلىق قارغىشقا قالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە بىزنىڭمۇ ئاشۇنداق قىلماسلىقىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىپ، دىلىدا ئىشەنمىسىمۇ، ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا «ئىمان ئېيتتۇق» دېگەن ئەرەبلەر تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق تەنقىتلىنىدۇ:

**قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُل لَّمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِن قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ وَإِن تُطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ لَا يَلِتْكُم مِّنْ أَعْمَالِكُمْ شَيْئًا إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ**

ئەرەبلەر: «ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشتى، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «سىلەر (تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، (ھەقىقى) ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ (ياخشى) ئىش-ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ-مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىمدىلدۇر» (سۈرە ھۇجۇرات 14-ئايەت).

شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېچىنىپ «ۋاي ئىست، ئەرەبلەر!» دېگەنلىكىنى كۆرىمىز:

**عَـنْ أُمِّ المؤمـنينَ أمِّ الحكَـمِ زَيْنَـبَ بنـتِ جَحْـشٍ - رَضْيَ اللهُ عَنْهـا أنَّ النَّبِّي صَّلى اللهُ عليـه وسـلَّم دَخَـلَ عليْهـا فـزِعًا يقـولُ: «لا إِلٰه إِلَّا اللهُ، وَيْـلٌ للعـرَبِ مِـنْ شَرٍّ قـدِ أُقتَرَبَ، فُتِـحَ اليـومُ مـن رَدْمِ يَأجُـوجَ ومَأجُـوجَ مثـلُ هـذه»، وحلَّـق بأصبعيـه الإبهـامِ والَّتي تِلِيهـا، فقلـتُ: يـا رسـولَ اللهِ، أَنَهلَـكُ وفينـا الصَّالحُـون؟ قَـالَ: «نَعَـمْ إِذَا كَثُرَ الخَبَـثُ» متَّفقٌ عليه**

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ھەكەم زەينەپ بىنتى جەھشىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ناھايىتى غەمكىن ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق. يېقىنلىشىپ كەلگەن يامانلىق سەۋەبلىك ئەرەبلەرنىڭ ھالىغا ۋاي ئىست! بۈگۈن يەجۈج ۋە مەجۈجنىڭ سېپىلىدىن مۇشۇنچىلىك ئېچىلدى» دېدى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى. مەن: «يا رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئارىمىزدا سالىھ كىشىلەر بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھالاك بولۇپ كېتەمدۇق؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «ھەئە، گۇناھ-مەسىيەت كۆپىيىپ كەتسە، شۇنداق» دېدى (مۇسلىم ۋە بۇخارى).

دېمەك، ئۇلۇغ ئىش-ھەرىكەت بىلەن سالىھ ئەمەل بار، لېكىن

«ئۇلۇغ قەۋم» ئۇقۇمى يوق. ئاللاھ تەئالانىڭ نەزەرىدە ئاڭلىق بولغان تەقۋادار كىشىلەر ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، نە بىرەر قەۋم، نە بىرەر تىل زىنھار ئۇلۇغ ھېسابلانمايدۇ.

**يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ**

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر قىلدۇق. ئەڭ تەقۋادار ـ مەسئۇلىيەتچان بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەتىۋار ھېساپلىنىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن (ھەممىنى) بىلگۈچىدۇر، (ھەممىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر (سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت).

مەزكۇر ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن، ئۇلۇغ تىل ۋە ئۇلۇغ ئىرق — مىللەت يوق. «جەننەتنىڭ تىلى ئەرەبچە» دېگەن سۆزلەر پۈتۈنلەي ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ ئۇيدۇرمىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋىدا خۇتبىسىدا «ئەرەبنىڭ ئەجەمگە، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىككە ئۈستۈنلۈكى يوق» دېگەن ۋەسىيتىنى قۇلاقتا چىڭ ساقلاش كېرەك.

# ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن دۇرۇس بول

**عـن أبي عمـرٍو - وقيـل: أبي عمـرة - سـفيان بـن عبـدالله الثـقفي رضي الله عنـه قـال: قلـت: يـا رسـول الله، قـل لي في الإسلام قـولًا لا أسـأل عنـه أحـدًا غيرك، قـال: «قُـل: آمنـتُ بالله، ثمَّ استقم»؛ رواه مسلم.**

ئەبـى ئەمـرە دەپمۇ ئاتىلىدىغـان سۇفيان بىننـى ئابـدۇللاھ سـەقەفىي رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىنىشـىچە، ئـۇ ئېيتتىكـى: مـەن «يـا رەسـۇلەللاھ! مـاڭا ئىـسلام دىنـى توغرىسـىدا شـۇنداق بىرنەرسـە دەپ بەرسـىلەركى، مـەن ئۆزلىرىدىـن باشـقا ھېچكىمدىـن سوراشـقا ھاجىتىـم قالمىغـاي» دېگـەن ئىدىـم، رەسۇلۇللاھ مۇنـداق دېدى: «ئىمـان ئېيتقاندىن كېيىن دۇرۇس بول!» (مۇسلىم).

«دۇرۇس ياشـا» دەپ تەرجىمـە بېرىلگـەن «استقم» سـۆزى بىـز ھـەر كۈنـى ئوقۇۋاتقـان بـەش ۋاقىـت نامىزىمىزنىـڭ ھـەر بىـر رەكئىتىـدە بىـر قېتىمدىـن تەكرارلىنىسـاق نامـاز ئـادا بولمايدىغـان سـۈرە پاتىھەنىـڭ «ئەسسىراتەلمۇسـتەقىيم» جۈملىسـىدە ئـۆز ئىپادىسـىنى تاپقـان. بۇنـى غەربلىكلـەر «سـتىرايت ۋېـي» دەپ ئاتىشـىدىكەن. بـۇ سـۆزنى تەلەپپـۇز قىلىش ئاسان بولغان بىلەن، بىر ئۆمۈر ياشاش تەسكەن.

## ئامېرىكا ئۇيغۇرنى راستىنلا قوللاپ كۆشكۆرتۈۋاتامدۇ؟

ماۋزۇغا قاراپلا مېنى تىللاشقا ئورۇنماڭلار، مەن پەقەت ھېس قىلغانلىرىمنى ئورتاقلاشتىم. مەن ئامېرىكىنىڭ «دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى» ئارقىلىق دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم كۆرەش تۈرلىرى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق فروجېكتى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ بەزى خىزمەت تۈرلىرىگە ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىگە شەرتلىك ھالدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلمايمەن ۋە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. بىراق مەزكۇر شەرتلىك ياردەمنىڭ تىبەتلەرگە، كۆرتلەرگە بېرىلگەن ياردەمنىڭ يۈزدە بىرىگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. بىلمىگەنلىرىم بولسا، دوستلار ئەسكەرتىپ قويۇڭلار، بىلىۋالسام.

«ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۇيغۇرلارنى كۆشكۆرتۈۋاتىدۇ» دېگەن يالغان ئۇچۇرنى خىتايلارمۇ تەكرارلاپ قويىدىغان، بىرقىسىم ئەرەب تاراتقۇلىرى، ھەتتا تۈركىيەدىكى سوتسىيالىزمنى ئارزۇلايدىغان سابىق تۈركىيە ئىشچى پارتىسى كاتىتۇېشى دوغۇ پېرىنچەكتەك رەزىل كۆچلەرمۇ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان بۇنى تەكرارلاپ كەلدى. ئالدىنقى يىلى پاكىستاندىكى بىر سىياسىي كېڭەش مۇللىسى شەيخ ئىمران ھۆسەينمۇ مۇشۇ گەپنى قىلىپ: «ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى كۆشكۆرتۈپ، سەئۇدى ۋە تۈركىيە يېقىندىن ياردەمدە بولغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكىمىتى ئۇيغۇرلارنى يوق قىلماقتا. ئەگەر مەن خىتاي ھۆكۈمتى بولغان بولسامۇ، چوقۇم شۇنداق قىلاتتىم» دەپ جار سالغان سىن ھۆججىتى ھېلىھەم يۇتيۇبتا بار.

مەن ئامېرىكىنىڭ تىبەتكە ۋە تىبەتلىك مۇساپىرلارغا قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ياردىمىنى ھېچ بولمىغاندا ئوخشاش رەۋىشتە ئۇيغۇرلارغىمۇ قىلىشنى ئۈمىت قىلىمەن. ئامېرىكىغا ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ كېتىشنى قويۇپ تۇرايلى، ئامېرىكىغا بىر يوللار بىلەن بېرىپ بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە ئۇزۇن يىل يېشىل كارت ئالالماي سەرسان بولۇپ قالماسلىقىنى، يېڭى چىققان ئۇيغۇر قانۇنىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆچىنى كۆرسىتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئىشـقىلىپ ئامېرىكىنىـڭ كـۆرت ئامىـۋى تەشـكىلاتلىرىغا بەرگـەن ئىقتىسـادىي ياردىمـى، ئېغىـر تىپتىكـى قۇرال-ياراقلىـرى ۋە ئۇكرائىناغـا كۆرسـىتىۋاتقان قوللاشـلىرىغا قـاراپ، مـەن ئامېرىكىنىـڭ ئۇيغۇرلارنـى كۆشـكۆرتمىگەنلىكىنى، كۆشـكۆرتكەن بولسـا، بىزنىڭمـۇ تىبـەت، كـۆرت ۋە ئۇكرائىنالىقلارغـا بېرىلىۋاتقـان ياردەملـەردەك ياردەملەرگـە ئېرىشـەلەيدىغانلىقىمىزنى ئـويلاپ ۋە هازىرقـى ئەهۋالىمىزنـى باشـقىلار بىلـەن سېلىشـتۇرۇپ، خىتاينىـڭ «ئامېرىـكا ئۇيغۇرنـى كۆشـكۆرتۈۋاتىدۇ» دېگـەن سەپسەتىسـىنىڭ يالغانلىقىغا شـاھىتلىق بىلدۈرىمـەن. ئامېرىـكا تېخـى بىزنى كۆشـكۆرتكىنى يـوق، ئـەي خىتـاي ۋە خىتاينىـڭ دۇمبىقىنـى چېلىۋاتقـان دۆلەت ۋە شەخسلەر!

## دۇئا قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە قائىدىسى

مۇسۇلمانلىقىمىزنى ئاللاھ تەئالاغا پەش قىلماسلىقىمىز كېرەك!

ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ

رەببىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن، پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ (سۈرە ئەئراف 55-ئايەت).

مەيلى گەپ-سۆزلىرىمىزدە بولسۇن، مەيلى دۇئالىرىمىزدا بولسۇن، سىلىق-سىپايىلىق ۋە بەندىنىڭ ياراتقۇچىسىغا بولغان نالە-پەرياد ۋە ئىستەكلىرىگە ياراشمايدىغان ئۇسلۇبتا دۇئا قىلىش، مۇناجات ئوقۇش توغرا ئەمەس.

يَمُنُّونَ عَلَيْكَ أَنْ أَسْلَمُوا قُل لَّا تَمُنُّوا عَلَيَّ إِسْلَامَكُم بَلِ اللَّهُ يَمُنُّ عَلَيْكُمْ أَنْ هَدَاكُمْ لِلْإِيمَانِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ

ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) «سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، مىننەت قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا يېتەكلىگەنلىكىنى مىننەت قىلسا بولىدۇ، ئەگەر سىلەر راست (مۆمىن) بولساڭلار» دېگىن (سۈرە ھۇجۇرات 17-ئايەت).

دۇئانى شۇئارغا ئايلاندۇرۇپ ياكى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغاندەك ئوقۇش دۇئا ھېسابلانمايدۇ، دۇئا دېگەن بەندىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ، يەككە ياكى جامائەت ھالىتىدە كۆڭلىدىكىنى ئۆزى چۈشىنىدىغان، ياكى بىلىدىغان تىلدا پەس ئاۋازدا رەببىگە يالۋۇرۇشىدۇر. ئاللاھ تائەلا ھەممىنى ئاڭلاپ، ھەتتا قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكىنىمۇ بىلىدىغان زات بولغاچقا، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

كان - عليه الصلاة والسلام - يخشع ويتضرع ويخفض

**صوتــه في الدعاء، فقــال: (ارْبَعُــوا علَى أَنْفُسِكُــمْ؛ إِنَّكُــمْ لا تَدْعُــونَ أَصَــمَّ ولَا غَائِبًــا؛ إِنَّكُــمْ تَدْعُــونَ سَــمِيعًا قَرِيبًــا وهــو معكُمْ)**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇشۇ ۋە يىغا ـ زار ئىچىدە، پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار، سىلەر پاك ياكى يىراقتىكى بىر زاتنى چاقىرمايۋاتىسىلەر، بەلكى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، سىلەر بىلەن بىللە بولغان زات (ئاللاھ تائالا) نى چاقىرىۋاتىسىلەر.

## كۆرەشتىن قاچقان نەپسلەرگە ئىككى كەلىمە خىتاپ

ئەي نەپس! شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىن قاچتىڭ، ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىشتىن قاچتىڭ، خىتاي زىندانلىرىغا تاشلانغان ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قوۋمى قېرىنداشلىرىڭ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتىن قاچتىڭ، نامايىشتىن، زاكات بېرىشتىن، يوقسۇل ئۇيغۇرنى يۆلەشتىن قاچتىڭ، مەسچىتنى گۈللەندۈرۈشتىن، كۆك بايراق بار يەرلەردىن قاچتىڭ، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىن قاچتىڭ، ئۆلۈمدىن قاچتىڭ... بىراق سەن قاچقان ئۇ ئۆلۈم سېنى چوقۇم تاپىدۇ. ناھايەت قاچقانلىرىڭدىن ھېساب بېرىسەن.

تۆۋەندىكى ئايەتكە ئوبدان زەن سال. قاچقانلىرىڭ بىلەن ھامان بىر كۈنى يۈزلىشىسەن.

**قُلْ إِنَّ الْمَوْتَ الَّذِي تَفِرُّونَ مِنْهُ فَإِنَّهُ مُلَاقِيكُمْ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ**

(ئېيتقىنكى،) سىلەر قېچىۋاتقان بۇ ئۆلۈم چوقۇم سىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ ھۇزۇرىغا قايتۇرۇلىسىلەر - دە، ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بېرىدۇ (سۈرە جۇمۇئە 8- ئايەت).

# روزنى بۇزىدىغان ئامىللار

فىقھە تېرمىنولوگىيىسى ئاتالغۇسى بويىچە ئاۋامنىڭ روزىسىنى بۇزىدىغان ئۈچ نەرسە بار بولۇپ، بۇلار: يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش. بىراق ئەھلى خاس ۋە تەقۋادارلارنىڭ تېرمىنولوگىيىسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىي بوزىدىغان ھەرقانداق نەرسە روزىنىمۇ بۇزىدۇ.

ئىنساننى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) شىرك كەلتۈرۈش. (2) بەندىگە بەندە بولۇش(قۇلغا قۇللۇق قىلىش). (3) جاھالەت، خۇراپاتلىق. (4) ناھەقچىلىق قىلىش — بىراۋغا ئۇۋال قىلىش. (5) رەھىمسىزلىك. (6) بوھتان چاپلاش. (7) يالغان سۆزلەش. (8) بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش. (9) چوڭچىلىق قىلىش — كىبىر. (10) كۆچكە ۋە بايلىققا چوقۇنۇش. (11) ئاللاھ تەئالاغا دىن ئۆگىتىشكە دىۋەيلەش — بىدئەت پەيدا قىلىش. (12) ئاللاھ تەئالانىڭ نامىنى قالغان قىلىپ تۇرۇپ بىراۋنى ئالداش. (13) زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىش. (14) ئەھلى كۇپۇرنىڭ دىنىنى چېلىش.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۇقارقى مەزمۇننى مۇنداق ئىپادىلىگەن ئىكەن:

«تالاي روزى تۇتقۇچىلار ۋە ناماز ئۆتىگۈچىلەر باركى، ئۇلارنىڭ روزىدىن ۋە نامازدىن ئېرىشكەن نېسىۋىسى پەقەتلا ئاچ ۋە ئۇيقۇسىز قېلىشتۇر» (ئىبنى ماجە، سۈنەن).

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن نىشاندا روزىلىرىمىزنى ئادا قىلغىلى نېسىپ قىلغاي!

## «لا اله الا الله محمد رسول الله» نىڭ زاغرا تىلدىكى يەشمىسى

ئـاللاھ تائالادىــن باشـقا ئـىلاھ يـوق، مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام ئـاللاھ تائالانىــڭ ئەلچىســىدۇر دىگەنلىــك، مۇھەممــەد ئەلەيھىسســالام ئــاللاھ تائالانىــڭ شــېرىكى ئەمــەس، مۇھەممــەد ئەلەيھىسســالام خــۇدا ئەمــەس، ئىنسان. ئۇ نـە بـۇ دۇنيادا، نـە تاڭلا قىيامەتتـە ھېچكىمنىڭ ۋاكالەتچىسىمۇ ئەمەس،شـۇڭا ئــاللاھ تائالانىــڭ ئازابىدىــن ھېچكىمنــى قۇتقۇلــدۇرۇش خاسـىيتىمۇ يـوق. مەدىنـە مۇنەۋۋەرەدىكـى قەۋرىسـى ئالدىـدا سـالام بەرگەنلەرنـى، يـاردەم تىلىگەنلەرنـى ئاڭلىمايـدۇ، ھـس قىلمايـدۇ، بارچـە پەيغەمبەرلەرگــە ۋە ئىنسـانلارغا ئوخشـاش ئۇمـۇ بـۇ پانـى ئالەمدىـن كېتىـپ قالـدى. پەيغەمبەرمۇ ئـاللاھ تائالاغـا ھېساب بېرىـدۇ، بـۇ دۇنيادىكـى ئىش-ھەرىكىتىدىــن جاۋابكارلىققا تارتىلىـدۇ دېگەنلىـك بولـۇپ، بۇنىـڭ يەنـە بىـر ئاتىلىشى «تەۋھىت» تۇر.

**قُــلْ لِلَّهِ الشَّــفَاعَةُ جَمِيعًــا لَهُ مُلْــكُ السَّــمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ثُــمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ**

ئېيتقىنكـى، شـاپائەت پۈتۈنلـەي ئاللاھنىـڭ ئىلكىدىـدۇر، ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنــڭ ئىگىلىــك ھوقۇقــى ئاللاھقــىلا مەنسـۇپتۇر. ئاخــىرى ســىلەر (ھەممىڭلار) ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا قايتۇرۇلىسلەر (سۈرە زۇمەر 44- ئايەت).

غـەرب ئەللىرىدىكـى چىركاۋلارنىـڭ تـۆت تېمىغـا ئەيسا ئەلەيھىسسـالام، بـۈۋى مەريـەم، ھاۋارىـيلار ۋە ئەزىز-ئەۋلىيالارنىــڭ ھەيكەللىرىنــى تىكلىگۈلغىنىغا قـاراپ، بىزنىڭمۇ جامـە تاملىرىدىكـى ئـاللاھ تەئالانىـڭ نامـى شـەرىپى يېنىغـا مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ، ھەتتـا ھەزرىتـى ئەبۇبەكـىر، ھەزرىتـى ئۆمـەر، ھەزرىتـى ئوسـمان ۋە ھەزرىتى ئەلى قاتارلىـق خەلىپىلەرنىڭ ئىسىمىنى يېزىـش، خانىقالارنىـڭ ئالـدى تېمىغـا ھەزرىتى ئەلىنىڭ رەسـىمىنى ئېسىش كىشىنى ئويغا سالىدىكەن.

كىم كىمنى، كىمنىڭ قولىدىن قۇتقۇلدۇرماقچى؟

مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام: «ئـەي قىزىـم پاتىمـە! سـەن ئۆزۈڭنـى ئـۆزۈڭ قۇتقۇلدۇرغىــن، مــەن ئــاللاھ تەئالانىــڭ ئالدىــدا ساڭا ھېچنەرســە ئۈچــۈن

ئارىغا كىرەلمەيمەن» دېيىش ئارقىلىق، سۆيۈملۈك قىزى بۇۋى پاتىمە ئانىمۇ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان تەقدىردە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدىغانلىقى يۇرۇتۇپ بېرىلگەن.

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى يېقىن-يۇرۇقلىرى ياكى سالىھ ئاتا بوۋىلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئارىغا كىرىپ، قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغانلىقىدەك چىرىك شاپائەت چۈشەنچىسىگە قارشى كۈرەش قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىمان ۋە ئەمەلى سالىھىغا مەركەزلەشمەي، ئوڭدا يېتىپ ئۇنىڭ بۇنىڭ، ھەتتا رەسۇلۇللاھنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىشىغا بەل باغلىشى تەۋھىت ئېتىقادىغا زىت.

ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىغۇبار تەۋھىت تەلىماتىنى بۇرمىلىغان خىرىستىيانلارنىڭ پەيغەمبەر سۆيگۈسىنى ئىلاھى دەرىجىگە كۆتۈرۈپ، قىلغان گۇناھلىرىنى ئەيسا مەسىھنىڭ چارمىخقا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشى يۇيۇپ تاشلايدىغانلىق تېئورىيىسىنى تەنقىت قىلغان بىز ئەھلى ئىسلام ئۆزىمىزنىمۇ تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز، ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەر ئۇقۇمىنى ئارىلاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك.

ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغان كىشىنى ھېچقانداق كۈچنىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدىغانلىقى قۇرئان كەرىمدە قايتا-قايتا تەكرارلانغان. بۇنىڭ ئىچىگە پەيغەمبەرلەر، سالىھ بەندىلەرنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

يەككە يىگانە بولغان ئاللاھ تائالاغا قارشى چىقالايدىغان ھېچقانداق كۈچ مەۋجۇت ئەمەس.

**اللَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لَا تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِندَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلَّا بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَا يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ**

يەككە-يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ۋە تايانچىسىدۇر، ھەممىنى باشقۇرۇپ

تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟ ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ۋە ئارقىلىرىدىكى (ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى ئاشكارا ۋە مەخپىي) شەيئىلەرنى بىلىدۇ. ئۇ خالىمىغۇچە ئىنسانلار ئۇنىڭ ئىلمىدىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاسمان ـ زېمىننى مۇھاپىزەت قىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىدىن يۇقىرى، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر (سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەت).

پەيغەمبەرنى بۇتلاشتۇرماسلىق ھەققىدە:

**قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَاسْتَقِيمُوا إِلَيْهِ وَاسْتَغْفِرُوهُ وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ**

(ئى پەيغەمبەر!) (سەن ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا ‹ئىلاھىڭلار پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ئەپۇ ـ مەغپىرەت تىلەڭلار!» . زاكات بەرمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان مۇشرىكلارغا ئىسسىت! (سۈرە فۇسسىلەت 6 ـ 7 ـ ئايەت).

**وعن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: (أن ناساً قالوا: يا رسول الله يا خيرنا وابن خيرنا، وسيدنا وابن سيدنا، فقال: يا أيها الناس قولوا بقولكم ولا يستهوينكم الشيطان، أنا محمد عبد الله ورسوله، ما أحب أن ترفعوني فوق منزلتي التي أنزلني الله عز وجل) رواه أحمد وصححه الألباني.**

ئەنەس ىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئى بىزنىڭ ياخشىمىز ۋە ياخشىمىزنىڭ ئوغلى! بىزنىڭ خوجىمىز ۋە خوجىمىزنىڭ ئوغلى!»

دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئـې خالايىق! سىلەر مۇناسىپ سۆز قىلىڭلار، شەيتان سىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن، مەن مۇھەممەد، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇرمەن. مەن سىلەرنىڭ مېنى ئاللاھ تەئالا قويغان مەرتىۋەمدىن يوقۇرىراق مەرتىۋىگە قويۇشۇڭلارنى ياقتۇرمايمەن (ئەھمەت رىۋايىتى).

# قەدىر كېچىسى

ئىسلامدا لاتارىيە ئويناش ھارام، قەدىر كېچىسىمۇ لاتارىيە كېچىسى ئەمەس. شۇڭا لاتارىيە ئويناشقانلىق قۇۋۋەتكە كىرىشنى تېزلەشتۈرىدىغان ئىشلار، مەڭگۈ ئايدىنىمۇ قەدىرلىك بولغان ئۇ كېچىنىڭ قەدرىنى بىلىپ، روھى يۈكسىلىشكە مەركەزلىشىشىمىز كېرەك.

شۇڭا ئارىفلار: «ھەركېچىنى قەدىر بىل، ھەركىمنى خىزىر» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان.

قەدىر — بىر نەرسىنىڭ مىقدارىنى، قىممىتىنى ۋە نەتىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان قەدىر، قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان مەزكۇر كېچىگە قوشقان قەدىر-قىممەتنى ئىما قىلماقتا. بۇ مەنا مەزكۇر سۈرىدە ناھايىتى روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن: «مىڭ ئايدىن ئارتۇق كېچە»، يەنى بىر ئۆمۈرگە تەڭ كېلىدىغان كېچە.

بۇ سۈرە نۇبۇۋۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە «ئەبەسە» سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. بۇ، سۈرىنىڭ ئەڭ بالدۇر دېگەندە رىسالەتنىڭ 4- يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى قۇرئان ۋەھيىنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەققىدە بولۇپ، بۇ سۈرە بارلىق خىتاب قىلىنغۇچىلىرىغا: «ئەي ئىنسان! قۇرئان — ۋەھيى نازىل بولۇشقا باشلىغان بىر كېچىنى بىر ئۆمۈرگە (مىڭ ئاي، تەخمىنەن 83 يىل تۆت ئايغا توغرا كەلمەكتە) تەڭ ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى. مانا بۇ ۋەھيى سېنىڭ ھاياتىڭغا نازىل بولۇپ، ئۆزىنى سەندە نامايەن قىلىشقا باشلىسا، سېنىڭ ئۆمرۈڭ قانچە ئۆمۈرگە تەڭ بولار؟!» دېمەكتە.

مەزكۇر سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان «كېچە» خاس ھالدا ۋەھيى نازىل بولۇشقا باشلىغان كېچىنى ئىشارەت قىلماقتا.

**إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ (1) وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ (2) لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ (3)**

«بىز ئۇ ( قۇرئان) نى ھەقىقەتەن قەدىر كېچىسىدە (چۈشۈرۈشكە)

باشلىندۇق. قەدىر كېچىسىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئەۋزەلدۇر (سۈرە قەدىر 1 ـ 3ـ ئايەت).

بۇ كېچە ئىما قىلغان يەنە بىر ھەقىقەت جاھالەتنىڭ زۇلمەتلىك كېچىسى بولۇپ، نۇرنى ئاللاھ تەئالادىن ئالغان «قۇرئان تولۇن ئېيى» بۇ كېچىنى يورۇتقان ئىدى.

مەزكۇر سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى نەزەردە تۇتۇلغاندا، دۇنيا ھاياتىنىڭ بىر «كېچىگە» ئوخشىتىلغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. دۇنيا ھاياتىنى بىر كېچە دېسەك، ئاخىرەت بۇ كېچىنىڭ تاڭ سەھىرى. ئىنسان ئىلاھىي يېتەكچىلىك بولماي تۇرۇپ، بۇ ھايات سەپىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ۋەھىي ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن يول خەرىتىسى بولۇپ، ئىنسانغا توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. «يەقىين» دەپ ئىلغا ئېلىنغان ئاخىرەت سۈبھىسى يېتىپ كەلگەندە، ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن دۇنيا ھاياتىدا ھەقىقەتكە كۆزنى ئېتىۋالغانلار ئۈچۈن ھەقىقەتنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

مانا بۇ ۋەھىي دۇنيا كېچىسى ئاخىرلىشىپ تاڭ ئاتقۇچە ئەبەدىي ھوزۇر، خاتىرجەملىك ۋە شادلىقنىڭ يېتەكچىسىدۇر، رېتسىپىدۇر.

**تَنَزَّلُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِمْ مِنْ كُلِّ أَمْرٍ (4)**
**سَلَامٌ هِيَ حَتَّى مَطْلَعِ الْفَجْرِ (5)**

«پەرىشتىلەر ۋە روھ (جىبرىئىل) ئۇ كېچىدە رەببىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ھەر ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. ئۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر ئامان ـ ئېسەنلىكتۇر (سۈرە قەدىر 4 ـ 5ـ ئايەت).

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشنىش ۋە ياشاش پەسلى ئاخىرلىشىپ، كۆرۈش ۋە ھوسۇلنى يىغىش پەسلى باشلىنىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىزنى بۇ دۇنيادا ھايات ئىككىنزارلىقىغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەجىر قىلغان ۋە ھوسۇل زامانىدا ئۆز رەھمىتى بىلەن مول ھوسۇل ئالغۇچىلار قاتارىدىن قىلغاي ( ئامىن!).

# رەسۇلۇللاھنى ياراتمىغان ئۈچ كىشىلىك گورۇھنىڭ ئىبرەتلىك ھېكايىسى

**عـن أنـس قـال: جـاء ثلاثـة رهـط إلى بيـوت أزواج النبي ﷺ يسـألون عـن عبـادة النبي ﷺ فلمـا أخبروا كأنهـم تقالوهـا وقالـوا: أيـن نحـن مـن النبي ﷺ وقـد غفـر له مـا تقـدم مـن ذنبـه ومـا تأخـر. قـال أحدهـم: أمـا أنـا فـأصلي الليـل أبـدا. وقـال الآخـر: وأنـا أصـوم الدهـر أبـدا ولا أفطـر. وقـال الآخـر: وأنـا أعتزل النسـاء فلا أتـزوج أبـدا. فجـاء رسـول الله ﷺ إليهـم، فقـال: أنتـم الذيـن قلتـم كـذا وكـذا؟ أمـا والله إني لأخشـاكم لله، وأتقاكـم له، لـكني أصـوم وأفطـر، وأصلي وأرقـد، وأتـزوج النسـاء، فمـن رغـب عـن سنتي فليس مني، متفق عليه.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۈچ كىشىلىك گورۇھ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبادىتى ھەققىدە سوئال سوراش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ رەپىقىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كەلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ رەپىقىلىرى ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋىدى، ئۇلار رەسۇلۇلۇللاھنىڭ ئىبادىتىنى ئازكۆرۈپ: «رەسۇللاھ كىم؟ بىز كىم؟ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا؟!» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوتەيمەن» دېسە، يەنە بىرى: «مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ھەركۈنى روزا تۇتىمەن» دېدى. ئۈچىنچىسى، «مەن ئاياللاردىن يىراق تۇرۇپ، بويتاق ياشايمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئۇ گەپلەرنى قىلغانلار سىلەرمۇ؟ ئەزبىرايى خۇدا، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھتىن ئەڭ كۆپ ئەيمىنىمەن ۋە ئاللاھقا سىلەردىنمۇ بەكرەك تەقۋادارلىق

قىلىمەن، بىراق مەن روزىمۇ تۇتىمەن، ئېغىزىمۇ ئاچىمەن، نامازمۇ ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىم (ئىش-ئىزلىرىم) دىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مەندىن ئەمەس) دېدى (مۇسلىم ۋە بۇخارى).

بۇ قىسسىدە مۆتىدىل بولۇش ھەققىدە ئىبرەت بار. مەزكۇر ئۈچ كىشىلىك گورۇھ ھەر دەۋردە كۆزگە چېلىقىشى مۇمكىن.

# نىيەتنى رۇسلاش

**قُلْ إِن تُخْفُوا مَا فِي صُدُورِكُمْ أَوْ تُبْدُوهُ يَعْلَمْهُ اللَّهُ وَيَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَاللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ**

ئېيتقىنكى: «دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» (سۈرە ئالى ئىمران 29- ئايەت).

**عـن النعمـان بـن بـشير رضي الله عنهمـا قـال: سـمعت رسـول الله صلى الله عليـه وسـلم يقـول: ((ألا وإن في الجسـد مضغـة إذا صلحـت صلـح الجسـد كله، وإذا فسـدت فسد الجسد كله، ألا وهي القلب))؛ متفق عليه**

نۇمان بىننى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئېيتتىكى: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم: <بىلىپ قويۇڭلاركى، ئادەم بەدىنىدە بىر چاينام گۆش بار، ئۇ پاك بولسا (ئوڭشالسا)، پۈتۈن بەدەن پاك بولىدۇ (ئوڭشىلىدۇ)؛ ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ — قەلبتۇر>» (مۇتتەپەقۇن ئەلەيھ).

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھېكمەتلىك سۆزى ئارقىلىق ئىمانلىق كىشىنىڭ ئەڭ ئاۋال قەلبىنى دەۋاملىق ئىسلاھ قىلىپ تۇرۇشى، ناۋادا، ئۇنىڭ قەلبى بۇزۇلسا، سۆزى، مەسىلىلەرگە قارىتا پوزىتسىيەسى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنى فىزىئولوگىيىلىك قەلب بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ ئېڭى بولۇپ، ئاڭنىڭ ئەھمىيىتىنى شەرھىلىگەن.

ئىنسان ھەرۋاقىت نىيىتىنى رۇسلاپ، قەلبىدىكى مەنمەنلىك، ئىچى تارلىق، ئۆزمەپتۇنلۇق ۋە شەيتانى ھىس-تۇيغۇلار ئۈستىدىن غالىپ كېلەلمىسە، يولۇققان ۋەقە-ھادىسىلەر ئالدىدا گاڭگىراپ قالىدۇ. دېمەك، قەلبىنى ۋە نىيەتنى رۇسلاپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن مەيداندا تۇرۇپ ياشاشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا يامان ئوي-پىكىر، يامان نىيەتتە بولۇشتىنمۇ ھېسابقا تارتىدىغانلىقىنى، شۇڭا دەۋاملىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىشىمىزنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ:

**لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَإِن تُبْدُوا مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ اللَّهُ فَيَغْفِرُ لِمَن يَشَاءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاءُ وَاللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ**

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى مەۋجۇدات ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. دىلىڭلاردىكىنى مەيلى ئاشكارىلاڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاندىن ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئەپۇ — مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى جازالايدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر (سۈرە بەقەرە 284- ئايەت).

# ئىچىمىزدىكى خىتاي قورقۇنچىسىنى پاچاقلاپ تاشلايلى!

بىز ئىچىمىزدىكى خىتاي قورقۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماي تۇرۇپ، زىنهار ئۇيغۇر بولالمايمىز، ئۇيغۇردەك ياشىيالمايمىز. بىر كىشى ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلىسە، ئايدا ـ يىلدا كانۋاي كۆينەك، بادام دوپپا كىيىۋالسىلا ھېساپ ئەمەس. ھەقىقىي ئۇيغۇر دېگەن خىتاي قورقۇنچىسىدىن ئىبارەت بۇتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن، خىتايغا قارشى مەيدانى ئېنىق ۋە بايرىقى رۇشەن بولغان كىشىدۇر.

**وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُم بِاتِّخَاذِكُمُ الْعِجْلَ فَتُوبُوا إِلَى بَارِئِكُمْ فَاقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ**

ئەينى چاغدا مۇسا ئۆز خەلقىگە: «ئى خەلقىم! سىلەر موزايغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا ئۇۋال قىلدىڭلار، دەرھال (پۇشايمان قىلىپ) ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، نەپسىڭلار (ئىچىڭلاردىكى يامان ھېس ـ تۇيغۇ، فىرئەۋندىن قورقۇش ئىللىتى) نى ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭلار. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىمدىلدۇر (سۈرە بەقەرە 54 ـ ئايەت).

مەزكۇر ئايەتتە، قىبتىي مىللىتىدىن بولغان فىرئەۋننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان بەنى ئىسرائىلغا مۇسا ئەلەيھىسسالام قىلغان نەسىھەت بايان قىلىنىدۇ. بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئەينى چاغدا فىرئەۋندىن قورقۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەركىنلىك چاقىرىقىغا قۇلاق سالمىغاندا، تەۋبە قىلىپ نەپسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. نەپسىنى ئۆلتۈرۈش دېگەنلىك، ئىچكى دۇنياسىدىكى فىرئەۋن قورقۇسىنى ئۆلتۈرۈش ئىدى.

بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئىلگىرى بىلىپ بىلمەي خىتايدىن قورقۇپ ئاللاھ

تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن تۇۋا-ئىستىغپار ئېيتىپ، يۈرىكىمىزدىكى خىتاي قورقۇنچىسىنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، خىتايغا قارشى كۈرەش قىلالمايمىز. چەت ئەللەردە، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدەك ئەركىن ۋە بىخەتەر دۆلەتلەردە تۇرۇپمۇ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغاندا رەسىمگە چۈشۈپ قېلىشتىن، سىنغا چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىسەك، ئۇ ھالدا بىزنى بىئارام قىلماي، ئۆيىمىزگە مۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىمىز ئەۋزەل. ئىچىدىكى خىتاي قورقۇنچىسىنى يېڭىپ تاشلىيالمىغانلار، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىدىن بىئارام بولىدىغانلار، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئويۇشتۇرغان پائالىيەتلەرگە كەلمىگىنى ئەۋزەل.

بەنى ئىسرائىل قەۋمى قەدىمكى مىسىرنىڭ ئىلاھى بولغان موزاينى مۇھاجىرەتتىمۇ ئىلاھ قىلىۋالغانلىقىنى تەنقىدلەش ئاسان، بىراق بىز ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن، ھەتتا مۇھاجىرەتتىمۇ «خىتايدىن قورقۇش ئىلاھى» نى پاچاقلاپ تاشلىيالمىغانلار خېلى بار ئىكەن. بىز بۇ بۇتنى چاقماي تۇرۇپ نە ھەقىقىي مۇسۇلمان، نە ھەقىقىي ئۇيغۇر بولالمايمىز.

# دىننى مىللىيلەشتۈرۈشنىڭ خەتىرى

نىمىنىڭ مىللىي، نىمىنىڭ دىنىي ئىكەنلىكى كۆپ ھاللاردا ئاۋام تەرىپىدىن ئارىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاۋامدىن رەنجىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە مىللىي خاسلىق بىلەن دىنىي خاسلىقنىڭ چېگرىسىنى ئايرىۋالمىغان ئۇرتاق نوقتىلىرى بولغانلىقتىن، بەزى يەرلەردە زىتلىشىپ قالىدىغان تەرەپلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر ياشىغان دەۋىردە زاماندىشىلىرى بىلەن بولغان جەڭگى-جېدەلمۇ دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدىغان بولۇپ، پەيغەمبەرلەر مىللىي ئەنئەنىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە ساغلام ئەقىلگە زىت بەزى مىللىي ئەنئەنىلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا تەمشەلگەندە، نەچچە ئەسىرلىك ئەنئەنىنى ۋە كۆنۈپ كەتكەن خۇيىنى ئۆزگەرتىش ئېغىر كەلگەن قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئىنكار قىلىپ، تىرىق چىقىرىشقا باشلىغان.

ھەر قاندان ئەنئەنە ياكى مىللىي خاسلىق نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزۈن يىل، ھەتتا ئەسىرلەپ كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى بولغاچقا، پۈتۈنلەي توغرا ياكى پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ چىقىشى، ياكى بىرقىسمى خاتا، بىرقىسمى توغرا بولۇشى مۇمكىن.

بىزگە قۇرئان كەرىم ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن قەۋملەرنىڭ دىنىي قىسسىلىرىدە يەھۇدىلار بەك كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى ھىكمەت ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىش. ئۇلار تەۋرات ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىزاھلىغاندا ھەممىنى مىللىي نوقتىدىن ئىزاھلاپ، مىللىي تەڭرى، مىللىي كىتاب، مىللىي پەيغەمبەر ۋە مىللىي دىن ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرگەچكە، بارا-بارا نىمىنىڭ دىنىي، نىمىنىڭ مىللىي ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىش مۇمكىن بولمايدىغان، ئەبجەش بىر دىنى چۈشەنچە ئوتتۇرىغا چىققان. نەتىجىدە، ئاتا-بوۋىلار نىمە قىلغان بولسا ئۇنى مۇتلەق ئۇلۇغلاش، ھەتتا ئۇنى «دىن» دەپ بىلىش ئومۇملاشقان.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇيغۇر قەۋمىنى يەھۇدىلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلغاي! ئەنئەنىنى قۇرئان ۋە سەھىھ سۈننەت سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ، گېزى كەلگەندە، ئىسلاھ قىلىپ ماڭىدىغان ئاڭنى نېسىپ قىلغاي!

ئۇيغـۇر مىللىتىنىـڭ بۇتقا چوقۇنغـان جاھالـەت دەۋرلىرىگـە ھـەۋەس قىلىدىغـان ئەمـەس، ياراتقۇچـى ئاللاھنـى تونۇغـان مەرىپـەت دەۋرىنـى ئۇلۇغلايدىغان مەپكۇرە ئاتا قىلغاي!

# رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ئەبۇجەھلى بار يەردە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئەبۇجەھىللىرى بولمامتى؟

ئىنسانىيەت مۇشۇ دۇنياغا ئايرىدە بولۇپ، كوللېكتىپ ياشاشقا باشلىغان دەۋردىن تارتىپ ھەق بىلەن باتىل، چىنلىق بىلەن رەزىللىك بىر-بىرىگە قارشى كۆرەش قىلىپ كەلگەن ئىكەن. ھابىل بىلەن قابىل بىرقۇرساقتىن چىققان قېرىنداش تۇرۇپ، ھەسەت-چىدىماسلىق سەۋەبىدىن قابىلنىڭ ھابىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى تەۋراتنىڭ «تەكۋىن» بابىدا تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم بولسا، تەپسىلات ئۈستىدە توختالماستىن، ھەرئىككىسىنىڭ قۇربانلىق سۇپىتىدە ئاللاھ ئۈچۈن ئاتىغان ماددىي بويۇملىرىدىن بىرىسىنىڭ مەقبۇل بولۇپ، يەنە بىرىنىڭ مەقبۇل كۆرۈلمىگەنلىكى نەتىجىسىدە، ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ ئاچچىقلانغان بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى يۇرۇتۇپ بېرىلىدۇ. دېمەك، ھەسەت ۋە ئىچى يامانلىق كىشىلىنىڭ ئىنسانىي قانداق رەزىللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدىغانلىقى بىزگە ئەسلىتىلىدۇ. تارىختىن بۇيان ھەر پەيغەمبەرنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە دۈشمىنى بولغان بولۇپ، شۇ پەيغەمبەر ياشىغان دەۋردە پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە تەتۈر تاناسىپلىق ھەرىكەت قىلىدىغان، پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىنى بورملاپ، مازاق قىلىپ، كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن دۈشمەنلىرى بولغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەمرۇتى، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ پىرئەۋنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇجەھلى بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر. ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى دۈشمەنلىرى ئىمان ئېيتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، مەدىنە مەسچىدىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئايرىم مەسچىت بىنا قىلغاندا، بۇ مەسچىتنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى ۋەھىي ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا بىلدۈرۈلۈپ، ئۇ مەسچىتتە زىنھار ناماز ئوقۇماسلىق تەلەپ قىلىنغان ۋە يامان نىيەت بىلەن سېلىنغان ئۇ مەسچىت ئىسلام تارىخىدا «مەسچىدى زىرار» دەپ ئاتالغان.

بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋا تارىخىمىزدىمۇ ئۈزلۈكسىز ھالدا بۇ دەۋاغا دۈشمەنلىك قىلىشنى ھاياتىنىڭ تۈپ مەقسىدىگە ئايلاندۇرۇپ كەلگەن بىر ئۈچۈم كىشىلەر چىقىپ تۇرغان. شەرقىي تۈركىستان

ئىچىدىمۇ شۇنداق ئىدى، مۇھاجىرەتتىمۇ ھەم شۇ.

ئاللاھ تەئالا ئاشۇنداق يامان نىيەتتە بولۇۋاتقان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلغاي! دىلىنى يۇمشاتقاي! مىللىتىمىز قىرغىن قىلىنىپ يوقۇتۇلۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردىمۇ، خەلقىگە ئىچى ئاغرىپ بولسىمۇ دۈشمەن بىلەن ھەپىلىششكە كۈچ سەرپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، سۆز ئويۇنلىرى ئويناپ، زېھنىمىزنى مەشغۇل قىلىشنىغا پۇرسەت بەرمىگەي!

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قەلەمكەش چىقىپ، شەرقىي تۈركىستان بېسىۋېلىنغان كۈندىن تارتىپ ئۇيغۇر دەۋاسىغا زىيانكەشلىك قىلغان، دەۋا پېشىۋالىرىغا قارشى خىتاي بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ، شەيتان بىلەن ھەمكارلاشقان رەزىل كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تارىخ بېتىگە يېزىپ قالدۇرۇپ قويسا، ھەيران قالماڭ.

## ھەممىز ئوخشاش كىيمدە

مەزھىبىڭىز، تەشكىلاتىڭىز نېمە بولسا بولسۇن، سىز ئولتۇرۇۋاتقان چوڭ كېمىنى ئۇنۇتماڭ!

ئەگەر سىزنىڭ كىندىك قېنىڭىز شەرقىي تۈركىستاندا تۆكۈلگەنلا بولسا، ھەممىمىز بىر كېمىدە دېگەن گەپ. خىتاي چۆكتۈرىۋەتمەكچى بولغان كېمىمىز چۆكۈپ كەتسە تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ، تۈۋلىغان شۇئارلىرىمىزنىڭ، ھەتتا شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسىغا قارشى ئۇنى-بۇنى دەپ بېقىپ، ھەر يىلى ۋەتىنىمىزگە ئۆزىڭىزچە تاقىۋالدىغان ھەيۋەتلىك ئىسىملارنىڭمۇ ھېچقانداق قىممىتى قالمايدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى نابۇت بولۇپ كەتكەن كۈنى ئۇ زېمىننىڭ نېمە قىممىتى قالسۇن؟

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى كۆپ قىرلىق دەۋا بولۇپ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىدىن تارتىپ، ئاداققى غايە بولغان مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقىچە كىشىلىك ھوقۇق، ئاپتونومىيە ھوقۇقىمىزنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر بىر جەريان، خالاس. بىزنىڭ قايسى مۇنبەردە، قايسى تېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىمىز باشقا نوقتىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىزنى كۆرسەتمەيدۇ.

xx كىشى xx ۋاقىتتا مانى دەپتىكەن، xx كىشى xx سەھنىدە xx خىتاي بار يىغىنغا قاتنىشىپتىكەن، xx كىشى مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلماپتىكەن، شۇڭا مۇستەقىل بولالماپتىكەنمىز، تەيۋەننىڭ xx ئارخىپىدا xx خىتاي ئەيسا يۈسۈپ بىلەن ئەخمەت ئەپەندى ھەققىدە مۇنداق يېزىپتىكەن...

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. ئۆتمۈشنى كوچىلىساقمۇ، ئارخىپ قازساقمۇ، تارىخ ۋە ئارخىپ دېگەنلەر نەتىجىدە ئىنسان مەھسۇلى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىدىكى ئاتالمىش «شىنجاڭ» دېگەن ئاشۇ نامى ئىشغال قىلىنغان، يېڭى قوشۇۋېلىنغان زېمىن دېگەننى بىلدۈرۈپ تۇرمامدۇ؟ تارىخ دېگەننى غالىپلار يازىدۇ.

مۇستەقىللىق دېگەن خىتايدىن ياكى بىرەر غەرب دۆلىتىدىن تىلەپ

ئالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنى بەش دائىمى ھەيئەت ئەزاسىنىڭ بىرى خىتاي بولغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ بىزگە ئېلىپ بېرىدىغان ئىش يوق، ھەم شۇنداقلا جىم ئولتۇرۇۋېلىپ «يارەببىم! دۆلىتىمنى مۇستەقىل قىلىپ بەرگەيلا» دەپ يىغلاپ قويغانغا مۆجىزە يۈز بېرىپمۇ قالمايدۇ. بۇ ئاللاھ تەئالا بېكىتكەن كائىناتتىكى سۈننەتۇللاھقا زىت. تارىختا ھېچبىر قەۋم قۇرۇق دۇئا بىلەن مۇستەقىل بولغان ئەمەس، شۇنداقلا ناخشا توۋلاپمۇ مۇستەقىل بولغىنى كۆرۈلمىگەن. ئۇنى بىز ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ئۇسۇل بويىچە بەدەل تۆلەپ، ئەمەلىي كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىز ئالىمىز.

## ئاۋۋال نىيەتنى ئوڭشاش كېرەك

چاپاننىڭ بىرىنچى تۈگمىسى خاتا ئېتىلسە، باشقا تۈگمىلىرىمۇ مۇقەررەر ھالدا خاتا ئېتىلگىنىدەك، نىيەت رۇس بولمىسا، نەتىجىمۇ رۇس بولمايدىكەن. شۇڭلاشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، شۇ قىزنىڭ كەينىدىن مەدىنىگە كېلىپ قالغان بىر ساھابە توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ:

**إِنَّمَا الأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى دُنْيَا يُصِيبُهَا، أَوْ إِلَى امْرَأَةٍ يَنْكِحُهَا، فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ**

«ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەر كىم ئۆزى نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ. كىمنىڭ ھىجرەت قىلىشتىكى نىيىتى مال-دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىرەر ئايال بىلەن نىكاھلىنىش بولسا، ئۇ شۇ ئىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ شەرھى:

پسىخولوگىيە ئىلمى دەيدۇكى: نىيىتىڭنى ئوڭشىساڭ، ئىش-ھەرىكىتىڭ؛ ئىش-ھەرىكىتىڭنى ئوڭشىساڭ، ئەخلاقىڭ؛ ئەخلاقىڭنى ئوڭشىساڭ، كېلەچىكىڭ؛ كېلەچىكىڭنى ئوڭشىساڭ، دۇنيارىڭ ئوڭشىلىدۇ.

ھىجرەت ئەينى چاغدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىبادەت بولۇپ، دىنى ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىپ، بىسىم ئاستىدىكى مەككە مۇھىتىدىن ھەبەشىستانغا ۋە مەككىگە كۆچۈشنى كۆرسىتەتتى، كېيىن مەككە ئازات بولغاندا كۆچۈشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان ۋە بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى تىلغا ئالغان.

# پان ئىسلام ۋە پان تۈركىزم ئەيىبنامىسىنىڭ پاتېنتى خىتاي ۋە رۇسقا تەۋە

ئۆزى ئالما يەپ تۇرۇپ باشقىلارنى ئالما يېمەسلىككە ئۈندەش، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق بىر كېسەل ئىكەن.

تۈرك ئەللىرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرلىشىپ تاجاۋۇزچى خىتاي ۋە رۇسلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ھەم خىتايلار ھەم رۇسلار «پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم» (تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرسەپتە تۇرۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى) دەپ ئاتاپ، ئەيىبلەپ كەلگەن. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش بۆلگۈنچىلىك ئەيىبنامىسى تۇرغۇزۇپ جازالىغان ئۇيغۇرلارغا ئاساسەن مۇشۇ قالپاقنى كەيدۈرگەن. بىرىتانىيە ۋە چاررۇسىيەمۇ 600 يىللىق ئوسمانىيە خىلاپىتىگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىۋاتقاندا تۈركلەرنى «پانئوسمانىزمچىلىق» قىلدى دەپ ئەيىبلىگەن.

ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، مەيلى خىتاي، مەيلى رۇس مەيلى بىرىتانىيە بولسۇن، ھېچبىرى ئۆزلىرىنى پانخىتايچىلىق، پانسلاۋىيانچىلىق ياكى پانبىرىتانىيەچىلىك بىلەن ئەيىبلىمىگەن.

خىتاي كونتروللىقىدا سۈنئىي يېتىشتۈرۈلۈپ، بۆلۈپ پارچىلاش ۋە قېرىنداشىنى قېرىنداشقا قىردۇرۇش ئىستىراتېگىيىسىنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن، تار مەنىدە شەرھىلەنگەن «ئۇيغۇر» نامىنى شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسىگە قارشى ئىستىمال قىلىپ، ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسىغا قارشى چىقىش، باشقا تۈركىي قەۋملەرگە قارشى ئايرىمچىلىق بايرىقى كۆتۈرۈش، ماھىيەتتە خىتاي ۋە رۇسلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلىقتۇر.

شەرقىي تۈركىستان ئازات بولغاندىلا ئاندىن يېڭى دۆلەتنىڭ نامىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا مۇزاكىرە قىلىش ئەڭ ئاقلانىلىك بولىدۇ. بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستانىمىز ئازات بولمىغۇچە شەرقىي تۈركىستان دۆلەت نامىمىزدىن زىنھار ۋاز كەچمەيمىز. غەربكە ياكى شەرققە سىرىن كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر كىملىكىنى سۇلاندۇرمايمىز. دىنى كىملىكىمىز بىلەن مىللىي كىملىكىمىزنى بىر-بىرىگە قارشى ئىشلىتىش غاپىللىقىمۇ

چۈشمەيمىز. ئىمانىمىزنى بۇلغاپ، بۇددىزمغىمۇ ھەۋەس قىلمايمىز.

روسىيەنى ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلدۇرۇش ئارقىلىق ياۋروپانى ئالاقىزادە قىلىۋەتكەن، قۇرال سېتىشنىڭ غېمىدە بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، يەنە بىرتەرەپتىن ئامېرىكا ۋە ناتوغا «بىز روسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلمايمىز» دېگۈزۈپ، ئۇكرائىناغا كىرالىق ھەربىيلەرنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇزۇن يىللىق تۈگىمەس جېدەلگە مەبلەغ سېلىۋاتقان كۈچنى پەرق ئېتەلىگىنىمىزدە، مەسىلىنىڭ تۈگىنى يېشىلىدۇ. خىتاينى كۈچلەندۈرۈپ بېشىمىزغا بالا قىلغان، خىتاينىڭ جازا لاگىرلىرى ئۈچۈن كىرىدىت ئاچقان كۈچ دەل شۇ.

ئىنسانىيەت ئاپەرىدە بولغان كۈندىن بۇيان بۇ زېمىن ئاشۇنداق ئوت قۇيرۇقى گۇرۇھلار تۈپەيلى پەقەت تىنىچ بولمىغان ئىكەن. دىنى ئاتالغۇدا بىز بۇ كۈچنى «شەيتانىنى كۈچ»، «تاغۇت» دەپ ئاتايمىز.

«ئەقىللىق كىشىلەر ئەقلىنى ئىشلىتىدۇ، تېخىمۇ ئەقىللىق كىشىلەر ئەقىللىقلارنى ئىشلىتىدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆز پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ناييناقىشتىۋاتقان پەردە ئارقىسىدىكى كۈچلەر ئۈچۈنمۇ ماس كېلىدۇ.

مېدىيانىڭ بىزگە «قەھرىمان» دەپ تەرىپلىگەن كىشىلىرى ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا قەھرىمانلىقنى ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھىدىن، ساھابە كىراملارنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن ئىزدىگەن تۈزۈك.

ئاتېئىست خىتايلار پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگىرلاردىلا مېڭە يۇيۇۋاتامدۇ؟ ياق، لاگىر سىرتىدا، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ قولىدىن كەلگەنلىكى ھەرقانداق رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ مېڭىمىزنى يۇيۇشقا، كونترول قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. بىزنى دىني ئېتىقادىمىزدىن، تۈركىي قەۋم تەركىۋىدىكى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىمىزدىن ۋاز كەچكۈزۈپ روھسىز، ئۈمىتسىز، چۈشكۈن، نە مۇسۇلمانلىق، نە ئۇيغۇرلۇققا يارىشا ھايات ئىستىلى بولمىغان، خىتاينى دوست بىلىدىغان مۇردىغا ئايلىنىشىمىزنى ئارزۇ قىلماقتا.

ساراڭدىن: «سەن ساراڭمۇ؟» دەپ سورىسا، «ياق، مەن ساراڭ ئەمەس، دۇنيا ساراڭ» دەپ جاۋاپ بەرگىنىدەك، بىز ئېتىراپ قىلمىساقمۇ، خىتاينىڭ ئارزۇسىدەك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان بولساق، دېمەك، خىتاي مېڭىمىزنى كونترول قىلىۋېتىپتۇ، دېگەن گەپ.

# دىن ۋە دىندارلىق دېگەن نېمە؟

2011- يىلى نەشىر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 3- تومىنىڭ 532- بېتىدە دىن ۋە دىندارغا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

دىن: [ئە] <پەلس> بىرخىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىي، ئۇ ئىلاھىي كۈچكە ئىشىنىشكە ئاساسلانغان دۇنيا قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلار: ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى.

دىندار: سۈپ [ئە+پ] دىنغا ئەمەل قىلىدىغان: خۇداغا، دىنغا ئىشىنىغان؛ دىندار كىشى.

دىنسىز: سۈپ. دىنغا ئېتىقات قىلمايدىغان، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان؛ ئاتېئىست، دەھرى: دىنسىز كىشى.

يۇقىرىقى ئېنىقلىما ئاتالمىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئاتالمىش «شىنجاڭ تىل-يېزىق كومىتېتى» تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» بولۇپ، مەزكۇر ئاتالغۇلارنى سوتسىيالىستىك ئاڭ فورماتسىيەسى بويىچە شەرھلەپ، دىننى «ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە» دەپ ئاتىغان يېرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، دەماللىققا، دىننى ئىلاھى كۈچكە ئىشىنىشكە ئاساسلانغان، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسايدىغان، بۇ دۇنيادىكى بارلىق سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۇ دۇنيادا سورىقى بارلىقىنى چىقىش قىلغان ئېتىقات دەپ شەرھلەپ تۇرايلى.

ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدىكى بىردىنبىر ھەق دىن ئىسلام دىنى بولغاچقا، بىزنىڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقىنىمىزمۇ ئىسلام دىنى، ئەلۋەتتە.

بىر كىشى نېمىلەرگە ئەمەل قىلىپ ياشىغاندا دىندار بولغان ياكى دىندارلاشقان بولىدۇ؟

دىندار كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئېنىقلىمىسى:

1) تەۋھىد. ئاللاھ تائالانى يەككە-يىگانە بىلىش (سۈرە بەقەرە 163، ئەنئام 19 ۋە 102، ئىسرا 23- ئايەتلەر).

2) بۇتپەرەستلىك قىلماسلىق. ئاللاھ تەئالاغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، يەنى ئاللاھتىن باشقىنى ئۇنىڭغا تەڭ ئورۇندا قويماسلىق (سۈرە نىسا 36، 116، 171، ئەنئام 151، ئاراف 191 ـ 195، يۇنۇس 18، نەھل 20ـ ئايەتلەر).

3) ئاللاھنىڭ نامىنى كەلسە-كەلمەس يەردە ئىشلەتمەسلىك، ئاللاھنىڭ نامىنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ مەنپەئەتكە ئېرىشىش كويىدا بولماسلىق، يالغان يەرگە ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچمەسلىك (سۈرە بەقەرە 224، مائىدە 89، نەھل 91ـ ئايەتلەر).

4) ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش (سۈرە بەقەرە 83، ئىسرا 23ـ ئايەتلەر).

5) ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك (سۈرە بەقەرە 84، نىسا 29، مائىدە 32ـ ئايەتلەر).

6) ئوغرىلىق قىلماسلىق (سۈرە مائىدە 38، مۇئمىنۇن 12ـ ئايەتلەر).

7) زىنا قىلماسلىق (سۈرە نۇر 30 ـ 31ـ ئايەت).

8) خۇلۇم-خوشىنىغا قارشى يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك، خۇلۇم-خوشنىنىڭ مال-مۈلكىگە قول ئۇزاتماسلىق، نومۇسىغا چېقىلماسلىق (سۈرە بەقەرە 83، نىسا 36، فۇرقان 72ـ ئايەتلەر).

9) ۋەتەننى قوغداش، مىللەتنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا (ئىخلاسمەنلىك ۋە پىدائىيلىق ئاساسىدا) ئۇرۇش قىلىش، ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش (قۇرئان كەرىمدە سۈرە بەقەرە 280ـ ئايەت قاتارلىق70 ئايەتتە تەكىتلەنگەن).

10) زاكات-سەدىقە بېرىش ۋە خەير-ساخاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئاجىزلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا ياريۆلەكتە بولۇش (سۈرە بەقەرە 3ـ ئايەت قاتارلىق كۆپلىگەن ئايەتلەر).

11) نامازنى راۋرۇس ئادا قىلىش (سۈرە بەقەرە 3ـ ئايەت قاتارلىق نۇرغۇن ئايەتلەر).

12) ھەج قىلىش (سۈرە ھەج ۋە باشقا سۈرىلەر).

13) رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش (سۈرە بەقەرە 183 ـ 187ـ ئايەتلەر).

مەزكۇر ماددىلار ئىلگىرىكى ۋەھىيلەردىمۇ ئۈزلۈكسىز تەكىتلىنىپ

كەلگەن.

ھەرقانداق بىر كىشى مەزكۇر پەرمانلارنى بەجا كەلتۈرسە، ئەمەل قىلسا دىندارلاشقان بولىدۇ ۋە دىندار كىشىگە ئايلىنىدۇ. يۇقىرىقى پەرمانلارغا ئەمەل قىلمىغان كىشى دىنسىز ھېساپلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «دىن سەمىيەتتۇر» دېگەن سۆزى ئارقىلىق دىندارلىقنى ناھايىتى قىسقا قىلىپ «ئاللاھ تەئالاغا، ئۇنىڭ رەسۇلىغا، كىتاۋىغا ۋە بارچە ئىنسانلارغا سەمىمى بولۇش» دەپ شەرھىيلىگەن. بىر ساھابى كىرام رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ماڭا ئىسلام ھەققىدە شۇنداق بىر تەلىم بەرگەيلىكى، مەن باشقا ھېچكىمدىن بۇ ھەقتە سوراشقا ھاجىتىم چۈشمىگەي» دېگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «قل امنت بالله ثم استقم (ئىمان ئېتقاندىن كېيىن دۇرۇس بولغىن)».

دىندار بىلەن دىنسىزنى مەزكۇر ئېنىقلىما بويىچە چۈشەنسەك، بىزنىڭ دىندارلىشىشىمىزنى مەيلى شەرقتە، مەيلى غەربتە ھەركىم قوبۇل قىلىدۇ. ناۋادا، بىز دىنسىزلاشساق ھەم بۇ دۇنيادا، ھەم ئۇ دۇنيادا زىيان تارتىمىز. دىنسىزلىشىشىمىزغا ئادىمى شەيتانلاردىنمۇ بەكىرەك خىتاي ھۆكۈمىتى خۇشال بولىدۇ. جىننى شەيتانلاردىن ئىبلىس چاۋاك چالىدۇ.

# ئىستىقلال مارشى

بۈگۈن تۈرك ئىستىقلال مارشى شائىرى مەھمەت ئاكىف شېئىرىنىڭ رەسمى دۆلەت شېئىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغىنىغا توپتوغرا 100 يىل بولغان كۈن ئىكەن. 600 يىللىق ئوسمانىيە خاندانلىقى ئەھلى كۇففارنىڭ 200 يىللىق ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بىلەن غولاپ، ئىستانبۇل ئەھلى سەلىپ ئىستىلاسىغا چۈشۈپ، يۇنان لەشكەرلىرى ئاناتولىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان كۈنلەردە دۆلەت مەجلىسىدە پارلامېنت ئەزاسى بولغان مەھمەت ئاكىف ئەرسوي «قورقما» دەپ باشلاپ بىر شېئىر يازغان بولۇپ، ئۇ شېئىر تۈرك خەلقىگە ئۈمىت، جاسارەت ئاتا قىلغان ئىكەن. شېئىرنىڭ دىنى پۇرىقى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولۇپ، 100 يىلدىن بۇيان يەرەكنى لەرزىگە سېلىپ كەلمەكتە. گەرچە تۈركلەرنىڭ ئەڭ سېكۇلەر، ئەڭ مودېرنىزىمچى ئېقىمدىكى كامالىستلار نەچچە قېتىم شېئىرغا ئۆزگەرتىش تەكلىۋى سۇنۇپ تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، نەتىجە ئالالمىغانلىقى مەلۇم.

شېئىرنىڭ تۈگەنجىسى «ھەققىدۇر، ھەققە تېۋىنغان مىللىتىمنىڭ ئىستىقلال» دەپ ئاخىرلىشىدىغان بولۇپ، دېمەك، قورقمىغان مىللەتنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولىدىكەن، قورمىغان مىللەت مۇستەقىللىققا ئېرىشەلەيدىكەن، قورقمىغان كىشىلەر دەۋاسىغا سادىق، دىنىغا سادىق، مىللىي مەنپەئەتىگە سادىق بولالايدىكەن. ئۇلۇغ ئاللاھ مەرھۇم شائىر مەھمەت ئاكىفنىڭ روھىنى شات، قەبرىنى نۇر ئەيلىگەي!

ئۇلۇغ ئاللاھ،ئۇيغۇر مىللىتىمگىمۇ ياۋدىن قورقمايدىغان كۈچلۈك ئىمان، كەلگۈسىگە ئۈمىت بىلەن قارايدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغاي! بىزنى بۇ دۇنيادا ۋەتەنسىز، ئۇ دۇنيادا ئىمانسىز قويمىغاي!

# دۆڭۋاغ مەدرىسى

1980 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتاي تۇرمىسىدە 15 ـ 20 يىلدىن يېتىپ هايات چىقالىغان مەمەت ئېلى خەلپىتىم، ئابدۇلئەهەت مەخسۇم. مەمەت زاكىر خەلپىتىم، مەتقۇربان داموللام، مەمەت ئابدۇللا مەخسۇم قاتارلىق ئۆلىمالار يەر ئاستى ئۆيلەردە دىنى مائارىپ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى باشلىغان ئىدى. مەزكۇر ئۆلىمالارنىڭ تۇنجى تالىپلىرى سىراجىدىن ئەزىزى، ئابدۇلجېلىل تۇران، ئابدۇلئەهەت ئۇچقۇن، ئابدۇقادىر ئابلىكىم قاتارلىقلار ئىكەنلىكى مەلۇم. دۆڭۋاغ مەدرىسىنىڭ بىرەر مۇقىم قورۇسى ياكى ۋىۋىسكىسى بار ھەشەمەتلىك بىناسى بولمىسىمۇ، مەزكۇر ئۇستازلارنىڭ ئالدىنقى ئۇچى خوتەن شەھرىنىڭ شەرقي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەرنىڭ سەل ئېگىز چېتىدىكى «دۆڭۋاغ» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىسىدە ئولتۇرىدىغان بولغاچقا، «دۆڭۋاغ مەدرىسەسى» دەپ ئاتالغان ۋە دەسلەپتە بىرنەچچە تالىپ بىلەن باشلانغان بۇ ئوقۇتۇش بارا ـ بارا كۆلەملىشىپ، 1989 ـ يىلغا كەلگەندە تالىپلارنىڭ سانى نەچچە يۈزگە يەتكەن. تالىپلار خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيەلىرىدىن سىرت كورلا — چەرچەن، قەشقەر، غولجا تەرەپلەردىن كەلگەن ئۇيغۇر تالىپلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي بۆرتالا، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن قازاقلارمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئېگەللەيتى.

دۆڭۋاغدىكى تۆمۈراخۇنكامنىڭ چوڭ هويلىسىدىكى 50 كىشىلىك تالىپلار ياتىقىدىن سىرت، يەنە نەچچە يۈزلىگەن ئائىلىلەرنىڭ بىرەر ئېغىزلىق ئۆيلىرى 4 ـ 5 تالىپنىڭ يېتىپ قوپۇشىغا بېرىلەتتى. دۆڭۋاغدىكى بايلاردىن ئابدۇلھېكىم ھاجىم، مەشھۇر كاۋاپچى سالاھىدىن ھاجىم قاتارلىق مەن ئىسمىنى بىلىپ بولالمىغان تالاي ساخاۋەتچىلىرىمىز تالىپلارغا دەرسخانا قىلىش ئۇچۇن ئۆيلىرىنى بېرىشتىن سىرت، يەنە ئوتۇن ـ كۆمۈر بىلەنمۇ تەمىنلەيتتى.

خوتەننىڭ ئەتراپىدىن كەلگەن تالىپلار ھەپتە ئاخىرى ئۆيلىرىگە كېتىپ، يەيدىغان نانلىرىنى يۆدۈپ كېلىشسە، يىراقتىن كەلگەن تالىپلارنىڭ بەزىلىرى يىللارچە ئۆيىگە بارالمايتتى. ئۇلارنىڭ تاماق ئېتىدىغان ئۇن ـ ياغ، مايلىرىنى بىرقىسىم ساخاۋەتچىلەر تەمىنلەيتتى.

خىتاي ھۆكۈمىتى مەدرىسە ئېچىشقا رۇخسەت قىلمىغان بولغاچقا، «كۆچمە ئوقۇتۇش» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بۇ سىستېمىدا دەرسلەر بەزىدە مەسچىتتە ئۆتۈلسە، كۆپ ھاللاردا ئۆيلىرىنىڭ مېھمانخانىلىرىنى پىداكارلىق بىلەن دەرسخانا سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، سۇپا ھازىرلاپ بەرگەن خوتەن خەلقىنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆتۈلەتتى. تالىپلارنىڭ كىيىنىشى ۋە يۈرۈش تۇرۇشى خىتاينىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان شەكىلدە بولۇپ، پەننى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ستۇدېنتلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

تالىپلار بۇ مەدرىسىلەردە ئوخشىمىغان يىللىقلار بويىچە غوللۇق كىتابلار قاتارىدا نەھۋى (ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى) دىن «ھىدايەتۇننەھۋى»، «كاپىيە»، «موللا جامى ئەلفىيە»، ئىلمى بالاغەت (ئىستىلىستىكا) دىن «مەتنى تەلخىس»، فىقھىتىن «مۇختەسەرۋەقايە»، «شەرھى ۋەقايە»، «قۇدۇرى» ۋە «ھىدايە»، ھەدىسلەردىن «مىشكات»، «بۇخارى»، «مۇسلىم»، تەپسىردىن «تەپسىرى جەلالەين»، «تەپسىرى بەيزاۋى» قاتارلىقلار ئاساس قىلىناتتى. كېيىنكى زامانلاردا سەئۇدى ۋە مىسىردا ئاۋام ئۈچۈن يېزىلغان سېيىت قۇتۇپنىڭ «فىيزىلالىلقۇرئان» ناملىق تەپسىرى، «روھۇددىنۇلئىسلامى»، «ئەقىدەتۇلمۇئمىنىين»، «فىرقەتۇنناجىيە» قاتارلىق ئەرەب دۇنياسىنىڭ، بولۇپمۇ سەئۇدىينىڭ كىتاپچىلىرىمۇ دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىدى.

گەرچە ھەممە ئۇستازنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئوقۇتۇۋاتقان تالىپلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرى بولسىمۇ، تالىپلار قايسى ئۇستازنىڭ دەرسىگە قاتناشماقچى بولسا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشالايتتى. مەزكۇر ئۇستازلارنىڭ كېيىنكى سەۋەبى ياكى خىتاينىڭ تۈرمىلەردە قىيناپ شېھىت قىلىۋېتىشى نەتىجىسىدە تۈگەپ كېتىشى ۋە ئىزباسارلىرىنىڭ خىتاي زىندانلىرىغا تاشلىنىشى بىلەن 2016 - يىلىغا كەلگەندە، دۆڭۋاغ مەدرىسىسىنىڭ 36 يىللىق دىنىي مائارىپ كۆرۈشى شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە توختىغان بولدى.

## باشقىلار ئۇلۇغ بىلگەن نەرسىگە تىل تەگكۈزمەسلىك

**وَلَا تَسُبُّوا الَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ فَيَسُبُّوا اللَّهَ عَدْوًا بِغَيْرِ عِلْمٍ كَذَٰلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ أُمَّةٍ عَمَلَهُمْ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِم مَّرْجِعُهُمْ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ**

ئاللاھتىن غەيرىگە چوقۇنىدىغان كىشىلەرنىڭ چوقۇنغانلىرىغا تىل ئۇزاتماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار،) ئۇلار نادانلىقىدىن دۈشمەنلىك قىلىپ ئاللاھنى ھاقارەتلەيدۇ. شۇنىڭدەك بىز ھەر توپلۇققا ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق. نىھايەت، ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدۇر، ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ (سۈرە ئەنئام 108 ـ ئايەت).

ئەينى چاغدا مەككە مۇشرىكلىرى چوڭ بىلىدىغان بۇت ھەيكەللىرى ۋە چوقۇنىدىغان نەرسىلىرىگە ھاقارەت قىلىش مەزكۇر ئايەت ئارقىلىق چەكلەنگەن. سەۋەبى كۆرسىتىلىپ، بۇنىڭ ئەكسى تەسىرىدىن مەككە مۇشرىكلىرىمۇ مۇسۇلمانلار ئۇلۇغلايدىغان ئاللاھ تائالانى تىللاشقا سەۋەپ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

شۇڭا ئۆلىما بولسىڭىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مەلۇم ئېقىم چوقۇنىدىغان بىرقىسىم مۇراسىملارغا، ھەتتا مىلىڭ ئۆيىدىكى بۇددا رەسىملىرىگە بەك تىل تەككۈزۈپ كەتمەڭ. ئۇنداق قىلسىڭىز، ئۇلار قوپۇپ ئۆلىما دېگەن ئۇنداغ ھەي، مۇنداغ ھەي... دەپ ھاقارەتلىشىگە سەۋەپچى بولىسىز.

ئەگەر سىز شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىرەر ئۇيغۇر تەشكىلاتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشى بولسىڭىز، سىز رىقابەتلىشىۋاتقان جەمئىيەت ياكى پىكىر ئېقىمىغا ھاقارەت قىلماڭكى، ئۇلارمۇ ئاچچىقلىنىپ، سىز چوڭ بىلگەن نەرسىلىرىڭىزگە تىل ئۇزىتىپ سالمىسۇن.

# بىز ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ ياكى بەندىچىلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ؟

**وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ**

مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا بەندىچىلىك قىلسۇن ئۈچۈنلا ياراتتىم (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت).

تارىختىن بۇيان ئىنساننىڭ ۋە جىننىڭ يارىتىلىشتىكى ھېكمىتىنى تار ۋە كەڭ دائىرىدە چۈشىنىپ كەلگەن ئىككى ئېقىم ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن. يۇقىرىقى تېمىنىڭ جاۋابى يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئۈممىتى مۇھەممەد (مۇسۇلمانلار) ئىچىدىكى ئىككى ئېقىم تەرىپىدىن ئىزچىل ئىككى خىل ئىزاھلىنىپ كېلىنگەن. بۇنىڭ بىرى، «يەھۋا / خۇدا / ئاللاھ ئىنسان ۋە جىننى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلسۇن ئۈچۈن ياراتقان، شۇڭا دۇنياغا ئالاقىدار ھېچقانداق ئىش قىلماي، ئەتىدىن كەچكىچە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇرۇش كېرەك» دەپ چۈشەنگەن بولۇپ، يەھۇدىيلار ئىچىدىكى قارا شەپكە كىيىپ، ئۇزۇن چاچ قويۇۋالىدىغان ھارەدى مەزھىبىگە تەۋە يەھۇدىلار مۇشۇ ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەۋراتنى تىلاۋەت قىلىپ، مۇناجات ۋە دۇرۇت ئوقۇشتىن باشقا، دۇنياغا ئالاقىدار ھېچقانداق ئىشقا رايى بارمايدىغان بولۇپ، ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، مېھنەت قىلىپ ئىشلەشنى ئىبادەتتىن باش تارتقانلىق دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئىسرائىلىيەدە ھەربىي خىزمەتكە بېرىشنى، دۆلەت ئىدارىسىدە ئىشلەشنى رەت قىلىدۇ. ئۇلار دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشلەشنى، ئاياللارنىڭ ئاۋازىنى، مۇزىكىنى «ھارام» دەپ بىلىدۇ. خىرىستىيانلار ئىچىدىمۇ «ئامىش تەرىقىتى» مۇرىتلىرى ئەيسا پەيغەمبەردەك كىيىنىپ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى جارى قىلدۇرىمىز دەپ 2 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەيسا ئەلەيھىسسالام كەيگەن كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئوخشاش كىيىنىشنى تەۋەررۇك ھېساپلاپ، توك ئىشلەتمەي دېھقانچىلىق قىلىش، ماشىنىغا ئولتۇرماي ئات ھارۋىسى ئىشلىتىش، جىن چىراق ئاستىدا ئەتىدىن كەچكىچە كىتابى مۇقەددەس تېكىستلىرىنى ئوقۇپ

ئولتۇرۇشــنى هاياتىنىــڭ مەركىزىگــە قويۇشــى بــۇ كاتېگورىيەنىــڭ تىپىــك ۋەكىلى.

مۇسـۇلمانلارغا كەلسـەك، بىرقىسـملىرى ئـاللاھ تائالانىـڭ ئىنسـاننى ۋە جىننى يارىتىشـىدىكى ھېكمىتىنـى كـەڭ دائىرىدىكـى بەندىچىلىـك قىلىـش ئەمـەس، پەقـەت ئىبـادەت قىلىـش دەپ چۈشـىنىپ، ئـورۇنلاش كېـرەك بولغىنـى پەقـەت «نامـاز ئوقـۇش»، «روزا تۇتـۇش»، «زاكات بېرىـش»، «ھـەج قىلىـش» دەپ چۈشـەنگەن ۋە يۇقىرىقـى تـۆت تۈرلـۈك ئىشـتىن باشقىنى كاللىسـىدىن چىقىرىۋەتكـەن. يەنـە بىرتۈركۈملىـرى بولسـا، ئـاللاھ تائالانىـڭ ئىنسـاننى ۋە جىننـى يارىتىشـىدىكى ھېكمىتىنـى «پەقـەت ۋە پەقـەت بىـر ئاللاھقـىلا بەنىچىدىلىـك قىلىـش، بىـر ئاللاھتىـن باشـقىغا چوقۇنماسـلىق» دەپ چۈشـىنىپ، قىلغـان ھـەر قانـداق ئىشـىنى ئـاللاھ كۆرسـەتكەن دۇرۇس يولـدا ئېلىـپ بېرىشىنى، قانـداق بىـر كەسـىپ ۋە ھۈنـەر بىلـەن شۇغۇللانسـۇن، مېھنـەت ئاققـۇزۇپ ئـەڭ ياخشى رەۋىشـتە قىلىشنى ئاللاھقا تولـۇق بەندىچىلىـك قىلغانلىـق دەپ چۈشـەنگەن. ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجنـى ئاللاھقـا بولغـان بەندىچىلىكنىـڭ دەل ئـۆزى ئەمـەس، بەلكـى سـىمۋوللۇق ئىپادىسـى دەپ بىلىـپ، مەزكـۇر ئىبادەتلەرنـى لايىقـىدا ئـادا قىلىـش بىلـەن بىـر ۋاقىتتـا ھالالدىـن رىزىـق ئىزدەشـنى، دۇرۇس يـول بىلـەن ئىشلەشـنىمۇ بەندىچىلىكنىـڭ بىـر پارچىسـى دەپ بىلگەن.

ئـاللاھ تائـالا بىزنـى ئۆزىگـە ھەقىقـي بەنـدە بولۇشـقا نېسـىپ قىلغـاي! ئـەڭ ئاخىرقـى ئەلچىسـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئىش-ئىزلىرىنـى دورايدىغـان ئەمـەس، ماھىيىتىنـى تونـۇپ يېتىـپ، نېمىنـى نېمـە ئۈچـۈن قىلغانلىقـى بىلـەن بىرگـە چۈشىنىشـكە تىرىشـىدىغان بەندىلـىرى قاتارىدىـن بولۇشـىمىزغا مۇيەسسـەر قىلغۇسـى! ئاللاھ تەئالا بىلەن بولغان مۇناسـىۋىتىمىز قـۇل ۋە قۇلدارلىـق مۇناسـىۋەت ئەمـەس، رەھىمدىـل ۋە كـەڭ قورسـاق ياراتقۇچـى بىلـەن، نەتىجىسـىگە ئـۆزى ئىگـە بولىدىغـان ئاجىـز يارىتىلغۇچـى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر.

# كۈچلۈك بولۇش پەزىلەتتۇر

**قـال رسـولُ اللهِ صلَّى اللهُ عليـه وسـلَّمَ: «المؤمـنُ القـويُّ خيرٌ وأحـبُّ إلى اللهِ مِـنَ المؤمـنِ الضَّعيـفِ وفي كلٍّ خيرٌ. احْـرِصْ على ما يَنفعُك**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۆمىن ئاللاھ تەئالاغا ئاجىز مۆمىندىن سۆيۈملۈكتۇر. ھەرئىككىسىدە خەير بار، سەن پايدىلىق بولغىنىنى قوغلاشقايسەن... (مۇسلىم).

كۈچلۈك بولۇش دېگەندە تەن ـ ساغلاملىقىدىن تارتىپ ئىقتىسادىي، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. غېرىپ، مىسكىن بولۇپ قېلىش پەزىلەت ئەمەس، ئەكسىچە، زىللەت ـ خورلۇقتۇر. باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ، تەلمۈرۈپ ياشىغاندىن، تەر ئاققۇزۇپ مېھنەت قىلىپ، ھالالدىن رىزىق ئىزدەش ئىسلام دىنىدا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

كۈچلۈك بولۇش، ساخاۋەتچى باي بولۇش پەزىلەتتۇر. شۇڭا ھىندۇ دەرۋىشلىرىنى دوراپ تەركى دۇنيا بولۇپ كېتىش، خىرىستىيانلىقتىكىدەك روھبان سىنىپى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىۋەتكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشمۇ ئاخمىقانىلىقتۇر. شۇڭلاشقا ئىسلامدا روھبانلىق يوق دەپ قارىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق ھېچبىر پەيغەمبەر ھېچقاچان تۆۋەن تەبىقە بولۇپ ياشاشنى تەشەببۇس قىلمىغان، ھەم شۇنداقلا بۇ دۇنيالىقنى دەپ ئۇدۇنيالىقنى ئۇنتۇپ، گويا كى ئاللاھ تائالا يوقتەكدەك يەككە دۇنيالىق قاراشتا ياشماسلىق، ھەر قانداق ئىشتا ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماي دۇرۇس بولۇشقا ئۈندىگەن.

# ئاكتىپ ئېنېرگىيەمۇ دېدىڭىز؟

ئـادەم ئەلەيھىسسـالامدىن تارتىـپ تاكـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامغىچە بارچـە پەيغەمبەرلەرنىـڭ هايـات سەرگۈزەشـتىلىرى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنـى ئوقۇغىنىمىـزدا ھەممىسـىنىڭ ئاكتىـپ ئېنېرگىيـە تارقاتقۇچىلار ئىكەنلىكىنـى كۆرۈۋالالايمىـز. قەۋمـى چۈشكۈنلەشـكەن، بۇشاشـقان، ھەتتـا ھالقىلىـق پەيتلـەردە بـەل قويۇۋەتكـەن مىنۇتلاردىمـۇ پەيغەمبەرلـەر ئۈمىدۋارلىقىنـى ئىپادىلەپ، قەۋمىنى تىك تۇرۇشقا ئۈندىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قۇرئـان كەرىمـدە، يۇنـۇس ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئـۇزۇن يىـل ئىسلامغـا دەۋەت قىلغـان بولسـىمۇ، بىرمـۇ كىشـى ئۇنـىڭ گېپىگـە چىنپۈتمـەي، ھېچكىـم ئىمانغـا كەلمىگەنلىكـى ئۈچـۈن ئۈمىدسـىزلىنىپ، يامـانلاپ نىنـەۋا رايونىدىـن كەتكەنـدە، بېلىققـا يـەم بولۇشـتەك ئاقىۋەتـى ۋە ئاللاھقـا تـەۋبە قىلغاندىـن كېيىـن بېلىقنىـڭ قارنىدىـن سـاق قۇتۇلـۇپ چىقىـپ، يەنـە دەۋەتنى داۋاملاشتۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بـۇ ۋەجىدىـن «ئۇيغـۇر مىللىتـى ئۇنـداق ھـەي! ...» دەپ مىللەتتىـن رەنجىـپ، پالتا ـ كەكىسـىنى قاقتـۇرۇپ ئۇيقۇغـا كېتىدىغـانلار ئىمانغـا كەلسە، پەيغەمبەرلەردىـن ئىلھـام ئالسـا ئەسـلىگە كېلەلەيـدۇ. شۇڭلاشـقا «ئىمـان كۈچتۇر» تېئورمىسى چىرىتكىلى بولمايدىغان پەلسەپە.

# قەلەم ئارقىلىق گۇناھ ئۆتكۈزۈش

1980 ـ يىلىدىن بۇيان تۈركىيەدە ئەخلاقسىزلىققا كۈشكۈرتىدىغان، ياشلارنى يامان يوللارغا باشلايدىغان قىلىقسىز ماقالىلىرى بىلەن داڭ چىقارغان ھەيدەر دۈمەن ئىسىملىك كىشى ئالدىنقى كۈنى 91 يېشىدا ئۆلۈپ كېتىپ، جىنازىسى پەقەت بىرنەچچە كىشىنىڭ ئىشتىراكى بىلەنلا ئۆزۈتۈلۈپتۇ، ئۇ ئاق چاچلىق، شەيتان سۈپەت كىشى ئەخلاقسىزلىققا ئۈندەيدىغان نەچچە پارچە كىتاۋنى ۋە بىر بۆلۈك ئەخلاقسىز كىشىلەر توپىنى ئارقىسىدا قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭغا مۇنبەر تەييارلاپ بەرگەن «پوچتا گېزىتى» نىڭ تىراژى بىراقلا ئازىيىپ كەتكەنمىش. تۈركىيەنىڭ «ھۆررىيەت گېزىتى» دە ئاشۇنداق يازمىلارنى قەلەمگە ئالىدىغان گۈنىز ئاپايدىن ئىسىملىك كىشىدىن كېيىن بۇ كىشىمۇ، شۇنداق قىلىپ، بۇ قىسقىغىنا ھاياتى دۇنيادىكى ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قەلەم ئارقىلىق گۇناھ بىرىكتۈرۈپ، بىر پاتمان گۇناھ بىلەن ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى دېگەن گەپ.

قارىسام، ئاممىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدە نەچچە مىڭ كىشىنىڭ «ھەيدەر دۈمەننىڭ ئاتەشى مول بولغاي!» دەپ بەددۇئا ئوقۇۋاتقىنىغا شاھىت بولدۇم.

بىز ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەيدەر دۈمەندەك سەت ماقالە يازىدىغانلار يوق بولسىمۇ، لېكىن ۋاتساپ توپلىرىدا ئاغزىنى سەت بۇزۇپ ئادەم تىللايدىغان، فەيسبۇكلاردا بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئېغىزىغا ئېلىشى زىنھار مۇمكىن بولمايدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرنىڭ مەۋھۇم دۇنيادىكى ئەدەبىياتىنى كىر ـ قاسماققا بۇلغىۋەتكەن، ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئۈستىدىن ھەرخىل ئەيقاچتى گەپلەرنى ئۇيدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە گۇمان، ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان يازمىلارنى يېزىپ نەچچە ئون يىلنى، ھەتتا قەلەم كۆرىشىگە قەدەم باسقان قىممەتلىك ھاياتىنى مۇشۇنداق يازمىلارنى يېزىشقا ئاتىۋەتكەن كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. ئاشۇ زەھەرلىك يازمىلىرى باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنسا، بىز ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قېلىشىمىز مۇمكىن. يازمىلارلا ئەمەس، سىن ھۆججەتلەر ئارقىلىق سائەتلەپ ۋىرۇس

تارقىتىدىغانلارنى تىلغا ئالماي قويۇپ، بولدى.

ئىشقىلىپ، بىز مەھشەر كۈنى ئىغىزىمىزغا ئالغان ياخشى ياكى ناچار گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتىمىزدىنلار ئەمەس، يازمىلىرىمىزدىنمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇنۇتمىغىنىمىز ياخشى. زەھەرلىك يازمىغا بۇ دۇنيادا سوت بولمىغىنى بىلەن، ئۇ دۇنيادا سورىقى بار.

# ئۇيغۇرنىڭ كۆز يېشى رومانلىشىپتۇ

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ چەت ئەللىك قوللىغۇچىلىرى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر، فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ياكى ھەرخىل يوسۇندا ئۇيغۇر دەۋاسىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا بىرەر ئېسىل خىسلەتلىك ئۇيغۇردىن تەسىرلىنىپ، شۇ ۋەسىيلە بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىغا ئاۋاز بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى كۆپ ئۇچراتتىم (مەلۇم دۆلەت فروجېكتىنىڭ ماددى قوللىشى بىلەن خەۋەر ئىشلەيدىغان، كىتاب يازىدىغان چەت ئەللىكلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا). گېرمانىيەدىن ختايغا ساياھەتكە بېرىپ، بېيجىڭدا بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يېيىش جەريانىدا ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپ، كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىمۇ ساھايەت قىلغان ۋە تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرلار ھەققىدە نېمىسچە، تۈركچە كىتابلارنى يېزىپ، ئاممىۋى تاراتقۇلاردا ئۇزۇن يىل ئۇيغۇرلارنى ھىمايە قىلىپ ماقالە يازغان مەرھۇم مەمەت ئايدېمىر بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. شۇڭلاشقا ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتە يازغۇچى ژورنالىستلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتالىسا، ياخشى خىسلىتى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالىسا، دەردىمىزنى ئاڭلىتىدىغانغا كۈچ قوشتى دېگەن گەپ.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن گېرىتسىيەگە قاراشلىق غەربى تىراكىيە تۈركلىرىدىن ۋىلدان سەردار خانىم ئىستانبۇلدىكى شائىرە (ھامىت كۆكتۈرك ئاكىنىڭ رەپىقىسى) نۇرەلا كۆكتۈرۈك خانىم بىلەن بىر تېلىۋىزىيە ستودىيوسىدا تونۇشۇپ قىلىپ، ئۇ ھەدىمىزنىڭ سەممى ۋە ئىللىق مۇئامىلىسىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپىدۇ ۋە بارا-بارا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى رومان ئارقىلىق تەسۋىرلەش نىيىتىگە كېلىپ، لاگىر شاھىدلىرى ۋە يېقىنلىرى ختاي زىندانلىرىغا قامالغان تالاي ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «تۈركۈئاز كۆز يېشى» ناملىق رومانىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

مەزكۇر كىتاب «چىرا نەشرىياتى» تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلىپتۇ.

تۆركچىدىن پايدىلىنالايدىغانلارنىڭ سىڭتۈشلىپ ئوقۇپ قويۇشى، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە مۇشۇ روماننى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ياخشى ئىشقا ۋەسىلە بولۇشى خاسىيەتلىك ئىشلاردىن.

يازمامنى بىر ھەدىس بىلەن ئاخىرلاشتۇراي:

**الدّال على الخير كفاعله؟**

بىر ياخشى ئىشقا تۈرتكە بولغۇچى گويا شۇ ياخشى ئىشنى قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر (تىرمىزى).

## قۇرۇش مۇھىم ئەمەس، گەپ ئۇنى ماڭدۇرۇشتا

غەرب ئەللىرىدە تەشكىلات ياكى شىركەت ئەنگە ئالدۇرۇش ئۇنچە مۇرەككەپ ۋە ئالاھىدە ئىشمۇ ئەمەس. بىرەر ئىسىم بىلەن شۇ دۆلەتنىڭ تۈزۈمگە باب كېلىدىغان نىزامنامە ۋە پائالىيەت ساھەسىنى ئېنىق يېزىپ، ئازغىنا ئەنگە ئالدۇرۇش چىقىمىنى تۆلەپ ساقلىسىلا، بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە پاتېنت ئىدارىسىنىڭ ئەنگە ئالغانلىقىغا دائىر، ۋالۋۇل، بىر پارچە ۋاراقچە قەغەزنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان گەپ، ئۇ شىركەت ياكى تەشكىلاتىڭىزنىڭ نامى بۇرۇن باشقا بىر كىشى ياكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئەنگە ئالدۇرۇلۇپ بولۇنمىغان بولۇشى شەرت.

ئاساسى مەسىلە، شۇ شىركەت ياكى تەشكىلاتنى ماڭدۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا. شىركەت قۇرسا تاپاۋىتىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قارىتا باج كەلگىنى بىلەن، تەشكىلات قۇرغاندا «تاپاۋەتسىز» دەپ ئەنگە ئالدۇرۇلغىنى ئۈچۈن، باج ئىدارىسى تەشكىلاتتىن باج ئالمايدۇ، شۇڭا ئاجايىپ دەبدەبىلىك تەشكىلات لوگوسىدىن بىرنى لايىھىلەپ، يېقىن-يۇرۇقلارنىڭ ئىمزاسى بىلەن ئەنگە ئالدۇرۇش ئىدارىسىغا ئىلتىماس سۇنۇش كۇپايە. بۇ ۋاقىتتا «تەشكىلات قۇردۇم» ياكى «ئەنگە ئالدۇردۇم» دەپ بۆكنى ئاسمانغا ئاتماي، بۇ تەشكىلات ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن قانداق ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن دەپ تىركەشسە، ئۇنى خەلق ئۆزى كۆرىدۇ ۋە باھا بېرىدۇ.

دۇنيا مىقياسىدا ھەر يىلى ئەنگە ئالدۇرۇلغان شىركەتلەرنىڭ يىل ئاخىرىغا قەدەر تاقىلىپ كېتىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80% بىلەن 85% ئەتراپىدا بولىدىكەن. تەشكىلاتتىن باج ئېلىنمىغاچقا، ماڭمىسىمۇ پو ئاتىدىغان گەپكەن. پوغا باج ئالمىغاندىكىن شۇنداق بولسا كېرەك؟!

# «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مېتاۋەرسەدە» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاشقا تەقەززامەن

2000 ـ يىلى قولۇمغا بىر گېزىت چىقىپ قالدى، گېزىتنىڭ ئىسمى «ئۇچقۇن» ئىدى. «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» دەپ شۇئار يېزىلغان بۇ گېزىتنى «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماسىيون مەركىزى» نىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇجېلىل قارقاش ئاكىمىز گېرمانىيەدە تۇرۇپ چىقارغان ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەزكۇر گېزىتتە »شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئىنتېرنېتتا» سەرلەۋھىلىك بىر خەۋەر ماۋزۇسى مېنى ھاياجانغا سالغان ئىدى. خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە «www.uygur.org» ناملىق تور سۇپىسى ئېچىلىپ ئۇيغۇرچە، تۈركچە ۋە ئېنگىلىزچە تىللاردا شەرقىي تۈركىستان تونۇشتۇرۇلغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆندە ئاران بىرنەچچە سائەتلا ئىشلىتىش نۆۋىتى كېلىدىغان مەكتەپنىڭ تورخانىسىدا ياكى ئىنتېرنېت كاپېيخانىلىرىدا مەزكۇر تور بەتتىكى يېڭى-يېڭى يازمىلارنى ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم. مەزكۇر توربەتنىڭ دەرۋازىغا كىرسەكلا بىزنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ لەپىلدەپ تۇرغان ئاي-يۇلتۇزلۇق بايرىقى قارشى ئالاتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ تور بېتى بىلەن تونۇشۇپ، مەرھۇم ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر، ئىرادە، گۈلچېھرە خانىم، ئۆمەر قانات ۋە شۆھرەت ھۇشۇر قاتارلىقلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدىم. كېيىنچە ئۆزۈممۇ مېدىيا كەسپىمنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن «www.uygurunsesi.com» سوپىسىنى ئېچىپ، ئۇزۇن يىل تۈركچە خەۋەر ئىشلەپ «Uygur Haber Ajansı» ماركىسىدا تۈرك ئاخبارات ساھەسىدە كۆرەش قىلدىم. ئۇچاغلاردا نۇرغۇن كىشىلەر تېخى ئىنتېرنېت بىلەن ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيدىغان ۋاقىتلار ئىدى.

بۈگۈن مېتاۋەرسە ھاياتىمىزغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. سەئۇدىي ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى مېتاۋەرسە ئارقىلىق ھەج پائالىيىتى لايىھىسى تۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئامېرىكىدا بەزى ماگىزىنلار مېتاۋەرسەدە دۇكان ئاچتى ۋە رەقەملىك دۇنيادا سودا قىلالايدىغان خېرىدارلىرى خۇددى دۇكانغا ئۆزى بېرىپ، تاۋارلارنى تۇتۇپ بېقىپ سودا قىلغانغا

ئوخشاشلا، بىمالال مال تاللاپ سېۋەتكە قويۇپ، بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا مەھسۇلاتنىڭ ئىشىكى ئالدىغان كېلىپ بولغانلىقىدىن سۆيۈندى. يېقىن كەلگۈسىدە مېتاۋەرسە دۇنياسىدا مەسچىتلەر، سىناگوگلار، چىركاۋلار ۋە بۇتخانىلار ئېچىلىدۇ. بىزمۇ ئۇيغۇر مەسچىتى ئېچىشىمىز مۇمكىن. دېمەك، مېتاۋەرسە دۇنياسىدا رەقەملىك جامائەتلەر بارلىققا كېلىدىكەن، ھەركىمنىڭ بىر ئاۋاتارى بولىدىكەن.

ھازىرچە مەن «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مېتاۋەرسەدە» سەرلەۋھىلىك خەۋەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىمەن. قېنى، ئۇچۇر تېخنىكىسىدىكى دوستلار، بۇ بوشلۇق سىلەرنى كۈتمەكتە.

# يىغلىما بالام، ۋاڭجىن يەۋەتمىسۇن!

باياتىن گوگىلدا بىرنەرسە ئىزدەۋېتىپ تارىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوروسىدىكى ۋاڭجىنىنىڭ ھەيكىلى كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى.

ۋاڭجىن دېگەن خىتاينى تۇنجى قېتىم مەمتىمىن ھەزرەت ئاكىنىڭ قەلىمىدىن ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ مەلئۇن 1949-يىلى خىتاينىڭ ئاخىرقى قېتىم شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىغا قەدەم باسقان لەشكەرلىرىنىڭ بېشى سۈپىتىدە نەچچە مىليون ئۇيغۇرنى قىرىۋەتكەن بولۇپ، ئەينى چاغدا كىچىك بالىلار يىغلىسا ئانىلار: «بالام، يىغلىما! ۋاڭجىن كېلىپ يەۋەتمىسۇن» دەپ پەس قىلاتتىكەن.

مەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋاقتىمدا مەمتىمىن ھەزرەت ئاكا 1986-يىلى تۈركىيەگە كېلىپلا «شەرقىي تۈركىستان مەكتۇپلىرى» سەرلەۋھىلىك چاتما ماقالە يېزىپ، تۈركىيەدىكى «زامان گېزىتى» دە ئۇدۇللۇق ئېلان قىلدۇرغان ئىكەن. كېيىن بۇ كىتاپ قىلىپ باستۇرۇلغان بولۇپ، بىر يوللار بىلەن خوتەنگىچە يېتىپ بېرىپتىكەن، بىز ئۇ كىتاپنى «يەرئاستى كىتاپپۇرۇش» تىن سېتىۋېلىپ ئوقۇغان ئىكەنمىز. ئۇ ۋاقىتلار دەل 1991-يىللىرىدىكى بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ ۋە تۇرغۇن ئالماسىنىڭ كىتاپلىرىنىڭ تەنقىت قىلىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغلار ئىدى.

مەزكۇر ئەسەرنى ئوقۇپ، مېنىڭ ھاياتىمدا ناھايىتى زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان ئىدى. ئەيتاۋۇر، شۇ كىتابنىڭ تەسىرىدىنمىدۇر بىلمەيمەن «ماڭىمۇ تۈركىيە دېگەن دۆلەتكە چىقىش نېسىپ بولسا، ئاشۇ مەمتىمىن ھەزرەت ئاكىنىڭ چىپىنى دەملەپ، ئىشخانىسىنى سۈپۈرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغان بولسام...» دەپ كەتكەن چاغلىرىم بولغان ئىدى. كېيىن تۈركىيەگە كېلىش نېسىپ بولدى، ئەمما شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىدە مەرھۇم رىزا پاشامنىڭ چېيىنى دەملەش، ئىشخانىسىنى سۈپۈرۈش نېسىپ بولدىيۇ، مەمتىمىن ھەزرەت ئاكا بىلەن دىدارلىشىش نېسىپ بولمىدى.بىراق مەن بىر نەچچە يىل كۈرەش مۇنبىرى سۈپىتىدە ماڭدۇرغان بىر تۈركچە تور بەتتە مەمتىمىن ھەزرەت ۋە مەرھۇمە زەينۇرە ئەيسالارنىڭ كۆنتەرتىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك يازغان ھەپتىلىك يازمىلىرىنى نەشر قىلىشقا مۇيەسسەر بوپتىمەن، ئەلھەمدۇلىللاھ.

مەمتىن ھەزرەت ئاكا «ئەژدەرھانىڭ قۇرقۇنچىسى تۈركىيە» ناملىق تۈركچە يېزىپ نەشىر قىلدۇرغان كىتاۋىنى بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن ماڭا ئەۋەتىپتىكەن، ئوقۇپ ھۇزۇرلانغان ئىدىم. بىراق مەمتىمىن ھەزرەت ئاكىنى ھازىرغىچە دۇنيا كۆزۈم بىلەن كۆرەلمىدىم. ئىنشائاللاھ، تېنى سالامەتتۇر؟ ئىستانبۇلدىكىلەر ئىزدەپ، سوراپ قويارسىلەر.

1985 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەمتىمىن ھەزرەت، زەينۇرە ئەيسا، ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر، سۇلتان مەھمۇت قەشقىرى قاتارلىق بىر قىسىم ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى تۈركىيەگە كېلىپ، مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋا سېپىدە قەلەم تەۋرەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى شۇ دەمدە بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا يوق.

## ھەر ئىشنى ئەھلىگە تاپشۇرۇش كېرەك!

«قۇشقاچ بولسىمۇ قاساپ سويسۇن» (ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن)

**إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ النَّاسِ أَن تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ إِنَّ اللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ سَمِيعًا بَصِيرًا**

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە — لاياقەتلىك كىشىگە تاپشۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نېمىدېگەن ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن (ھەممىنى) ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر (سۈرە نىسا 58- ئايەت).

ئۆلىمالار تەشكىلاتچىلىق قىلماي، تەشكىلاتلار ئۈستى تۇرغىنى ئەۋزەل. بولۇپمۇ، ئايىغى چىقمايدىغان كوچا پاراڭلىرىغا ھۆم سېلىشىپ بەرسە، جامائەت بۆلۈنۈپ كېتىپ، كىيىن ئايەت ۋە ھەدىسنى ئوقۇسىمۇ سىياسىي تۈستە چۈشۈنۈپ، مەنىۋىيتى بولغىنىپ كېتىدۇ.

ئەينى چاغدا ئوسمانىيە خىلاپىتىگە خاتىمە بېرىپ، غەربچە سېستىمىدا يېڭى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشتا پاسسىپلىق رولىنى ئوينىغان مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ زامانىدىشى، كاتتا ئۆلىما سەئىد نۇرسى تۈركىيە دۆلەت مەجلىسىگە تۈنجى تۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرى ئىچىدە تەكلىپ قىلىنغاندا يولۇققان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئېچىنىپ «نعوذ بالـ ـه من الشيطان الرجيم والسياسية (شەيتاندىن ۋە سىياسەتتىن ئاللاھقا پاناھلىنىمەن)» دەپ توۋلا ئېيتىپ چىقىپ كېتىپ، كېيىنكى ھاياتىنى مىللىتىنىڭ ئىمانى ۋە دىن-دىيانىتىگە ئاتاپ، ئۆز ساھەسىگە مەركەزلەشكەن. سەئىد نۇرسىنى مەيلى ياقتۇرايلى، مەيلى ياقتۇرمايلى ئۇ زات يېقىنى زامان دەۋەت-تەبلىغ مېتودولوگىيىسىدە چىغىر ئاچقان بىر شەخس بولغاچقا، مەزكۇر پوزىتسىيەسىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرىدىغان ئاساسى بار.

ئۆلىما دىنى ھۆكۈملەرنى پۇختا بىلسىمۇ، باشقا ھەممە نەرسىنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن. «ھەممىنى بىلىمەن» دېگەن كىشى بەلكىم ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولۇپمۇ، ھازىرقىدەك ھەر ساھەدە كەسپىيلىك تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەردە. ئۆلىمالار كۆندىلىك سىياسەتكە چات كېرىپ مەلۇم بىر تەشكىلاتنى تۇتۇپ، يەنە بىرىنى ئىنكار قىلىپ ئىقتىساد، پۇتبول، ئېقىم مەسىلىلىرى، ئاكسىيە بازىرى، بىتكوين، بلوكچېنج، مېتاۋۆرس... قاتارلىقلارنىڭ مۇلاھىزە- تەبىرلىرىدە باش رول ئوينىغىلى تۇرسا، قۇرئان كەرىمنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى خالايىققا يەتكۈزۈش ئىشىنى كىم قىلىدۇ؟

ئۆلىما قوپۇپ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە فورمۇلاسىدىن نوتۇق سۆزلىيەلەمدۇ؟ مېنىڭچە ياق. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ھەر ئىشنى ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرۇشنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

تېخى «الاسلام هو السياسة (ئىسلام دېمەك — سىياسەت دېمەك) دەيدىغان ئىخۋان پارتىيەسىنىڭ سىياسى شۇئارىنى دىنىي ھۆكۈمدەك بىلىدىغان قېرىنداشلىرىمىزمۇ بار. سىياسەت مەسچىتكە كىرگەن كۈندىن باشلاپ مەسچىت ئۆزىنىڭ ئۇنۋېرسال، ئاممىباپ، ساپ ھالىتىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ، نىزا باشلىنىدۇ.

مەلۇم بىر دۆلەتتىكى بىر سىياسى پارتىيەنىڭ رەئىسى بىر چاغلاردا «XX پارتىيەگە ئاۋاز بەرگەنلىك، دوزاخقا بېلەت ئالغانلىقتۇر» دەپ سۆزلەۋاتاتتى. شۇ ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

# ئاۋۋال ۋاكسىنا ئەملىتىڭ، ئاندىن تەۋەككۇل قىلىڭ

**ما أنزل الله داءً إلا أنزل له شفاءً**

«ئاللاھ بىرەر دەرت ـ ئەلەم ۋە كېسەللىكنى ئاپىرىدە قىلغان بولسا، شىپا تېپىش يولىنىمۇ ئاپىرىدە قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام).

خۇراپاتلىقتا، يوقسۇللۇقتا ياشايدىغان جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ئاغرىپ قالسا تېۋىپقا، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ دورا ئىشلەتمەي، باخشىغا، ئەپسۇنكەشكە سۈفلىتىدىغان ئىشلار بار. بۇنداق ئەھۋاللار ھازىرمۇ ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىدەك 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدە تولا كۆرۈلىدىكەن. شۇڭلاشقا خەتاي ۋىرۇسىغا پەرۋا قىلمايدىغان، بۇ ۋاپاغا پىسەنت قىلمايدىغان، ئۆزى يۇقۇملىنىپ قالغان بولسىمۇ، باشقىلارغا يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن بەك ئېرەنسىپ كەتمەيدىغان كىشىلەرمۇ دەل يوقىرىدىكى دۆلەتلەردە كۆپ ئۇچرايدىكەن.

كېسەل بولۇپ قالسا دەۋالانماي بىخەستەلىك قىلىشنى «تەۋەككۇل» دەۋېلىش، يۇقۇملۇق خەتاي ۋىرۇسى يامراپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردىمۇ ۋاكسىنا ئەملەتمەي ھەم ئۆزىگە، ھەمدە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە خەتەر ئېلىپ كېلىش ئەسلا تەۋەككۇل ئەمەس، بەلكى ئاڭسىزلىقتۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىر ئادەم تۆگىسىنى يېتىلەپ قويۇپ ئىزدەۋاتسا، رەسۇلۇللاھ: «نەگە باغلاپ قويغان ئىدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۇ كىشى: «مەسچىتنىڭ ئالدىدا چۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ئىدىم» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە: «ئاۋۋال تۆگىنى مەھكەم باغلاپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان بولسىڭىزچۇ؟» دېگەن ئىكەن.

قۇرئان كەرىمدىكى:

**وَعَلَى اللَّهِ فَتَوَكَّلُوا إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ**

ئەگەر (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار ئاللاھقىلا تايىنىڭلار» (سۈرە مائىدە 23 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتتىكى «تەۋەككۇل» نىڭ ھەممىسى

ئاللاھ تەئالا كائىناتتا ئورناتقان قانۇنىيەت بويىچە ئاۋۋال سەۋەبنى قىلىش، ئاندىن كېيىن قالغىنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئاللاھقا يۆلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

نەچچە قېتىم ۋاكسىنا ئەملەتكەن بولسىمۇ، يەنە خىتاي ۋىرۇسىغا گىرىپتار بولۇش ھادىسىسى كۆرۈلسە، ساقىيىپ كېتىش نىسبىتى يۇقۇرى ئىكەن. يەنە شۇنداقتىمۇ، سەۋەبكە يۆزپىرسەنت ئىشىنىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ ئارىلىشىشىغا ئىشەنمەسلىك ئاتېئىستلىقتۇر. ۋاكسىنىنى يۈز قېتىم ئۇردۇرساقمۇ، ئاللاھ تائالا ساقلىمىسا، يەنە بىكار. شۇنداقلا ۋاكسىنا ئۇردۇرۇشقا، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەل قاراشمۇ ئۇچىغا چىققان خۇراپاتلىقتۇر. ئاللاھ تەئالا قۇرئان ئايەتلىرىنى كۇپۇر، مۇناپىقلىق، ھەسەت، نەپرەت، ئۆچمەنلىكتەك يامان ئىللەتلەرنى ساقايتىدىغان شىپا دەپ تەسۋىرلىگەن مېتافورنى ئۇدۇل، ھەمدە خاتا مەنىدە چۈشىنىپ، سۈفلەپ كېسەل دەۋالاشقا ئۇرۇنۇشمۇ تازا بىمەنىلىك. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى شامان باخشىلىرىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق، ھەتتا قىلغان ئىشى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى نىقاپ قىلىپ، ئادەم ئالداشتۇر، ساختىپەزلىكتۇر. قۇرئان كەرىم بىزنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كېسەللىمىزنى دەۋالايدىغانغا چۈشكەن كىتاپ ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ تېۋىپ ئەمەس، ئەكسىچە، بىزنىڭ ئىككى دۇنيالىقىمىزنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ماياك، تەرتىپكە سالىدىغان ھايات مىزانىمىز ۋە ئۆلگىمىز ئىدى. بۇ، ھازىرمۇ ۋە تاكى قىيامەتكىچىمۇ شۇنداقتۇر.

# ئابلەت مەخسۇمنىڭ ئۆزۈم پەتۋاسى

1990 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شەرقىي تۈركىستانلىق بىر قىسىم ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر گۇاڭجۇ، شىنجىن... قاتارلىق خىتاي شەھەرلىرىگە بېرىپ، تېلېۋىزور ئېلىم ـ سېتىم ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈزۈمىنى خىتاينىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ بېرىپ پارچە ساتىدىغان بىر تۈرمۇ بارلىققا كەلدى. 1993 ـ يىلى خوتەندىن 20 كىشىلىك بىر گۇرۇپ ئۇيغۇر ئۆزئارا تەشكىللىنىپ، گۇاڭجۇغا ئۈزۈم ئاپىرىدىغان بولۇپ يولغا چىقتۇق. پېقىرمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدىم. بىز تۈرپاننىڭ شەھەر مەركىزىدىكى مەلۇم بىر مېھمانخانىغا چۈشكەن ئىدۇق. بىركېچىسى خىتاينىڭ ساقچىلىرى باستۇرۇپ كىرىپ: ئاراڭلاردا قاراقاشلىق بارمۇ؟ دەپ، قارىقاشلىقلارنى ئېنىقلاپ چىقتى. ھەممىمىزنىڭ قېشى قارا بولغىنى بىلەن ھېچبىرىمىز قاراقاشتىن ئەمەس ئىكەنمىز، شۇڭا ئامان قالدۇق. بىز تۈرپانغا بارغان ۋاقىت دەل ئاۋغۇست ئېيى بولۇپ، تۈرپاندىكى ئۈزۈم بايرىمى مەزگىللىرى ئىكەن. تۈرپانغا بېرىپ يېزىمۇ ـ يېزا قاتناپ، تاغارلاپ ئۈزۈم سېتىۋېلىشقا باشلىدۇق. يىغىلغان نەچچە توننا ئۈزۈمنى، يەنە ئالدىن پۇلىنى تۆلەپ ئامانەت قويغان ئۆيلەردىكى ئۈزۈملەرنى ماشىنىغا قاچىلاپ، تۈرپانغا بىر نەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان داخىيەن پويىز ئىستانزىسىغا ئېلىپ باراتتۇق. بىز كىرالىغان كونتېينېرغا ئۈزۈم باسىدىغان خىتايلار پۇلنى ئاۋۋال بەرمىسەك، كونتېينېرنى توشقۇزماستىن، ئېتىۋېلىپ خاپا قىلاتتى. بىز شۇ يىلى قىش تۈرپاندىن ئىككى قېتىم سالغان ئۈزۈمنى گۇاڭجۇغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، خېلى ياخشى پۇل تاپقان بولدۇق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈزۈم ۋە قوغۇنلىرى ئۇ چاغلاردا خىتاينىڭ چوڭ شىركەتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتمىگەن چاغلار بولسا كېرەك، بېشىمىزدا ئۇيغۇر دوپپىسى بولغاچقا خىتايلار چېۋىندەك ئولىشىۋېلىپ، گىراملاپ ئالىدىغان ئۈزۈملەردىن ھەركۈنى بىرەر تاغار ئۈزۈم تۈگەيتتى.

ئەمدى كېلەيلى مەسىلىنىڭ پوسكاللىسىغا، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنى ئۇيغۇرلار «كۆلىي» دەپ خىتايچىلا ئاتايدىغان بولۇپ، ئارىمىزدا «كۆلىيغا ئۈزۈم ئېلىپ كىرىپ سېتىش دىنى نۇقتىدىن

جائىزمۇ-ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلە مۇنازىرە قىلىنىشقا باشلىدى. ئۈزۈمچىلىك قىلىپ بېيىپ، ئىسلام ئەللىرىگە نەچچە رەت چىقىپ كەلگەن ھاجىملار بۇ مەسىلىنى سەئۇدىي ئەرەبىستان، تۈركىيە ۋە پاكىستاندىكى ئۆلىمالاردىن سوراپ، بۇنىڭ «توغرا» ئىكەنلىك جاۋابىنىمۇ ئالغان ئىكەن («خىتايغا ئۈزۈم ساتسا جائىزمۇ؟» دېگەن سوئالنى بىرەر ئۆلىمادىن سورىسا، ئەلۋەتتە، «جائىز» دەيدۇ - دە). ئەمما مەرھۇم ئابلەت مەخسۇم بۇ مەسىلىدە قەتئىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ «خىتايغا ئۈزۈم سېتىش ھارام» دەپ چىڭ تۇرۇۋالاتتى ۋە سەۋەبىنى مۇنداق ئىزاھلايتتى: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈزۈمنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ بېرىپ سېتىش، ماھىيەتتە شەرقىي تۈركىستانغا كېلەلمىگەن خىتايلارنىڭمۇ ئۈزۈمگە ئېغىز تېگىپ، شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشىگە تەلپۈندۈرىدىغان، قىزىقتۇرىدىغان تەشۋىقات رولىنى ئوينايدۇ. شەرقىي تۈركىستانغا كېلەلىگەن خىتايلارغۇ ئۇيغۇر ئۈزۈمگە ئېغىز تېگىدۇ، كېلەلمىگەنلىرىمۇ ئۈزۈمدىن بەھرىمەن بولسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۈزۈمنى ئېلىپ بارغانلىق بولىدۇ. دۇنيادا ھەممە ئۆلىمالار <خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە شەرقىي تۈركىستاندىن ئۈزۈم ئېلىپ بېرىپ سېتىش توغرا> دەپ پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، مەن زىنھار توغرا دەپ قارىمايمەن».

مىللىي ئېڭى، سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يوقىرى بولغان مەرھۇم ئابلەت مەخسۇمنىڭ يۇقارقى پەتىۋاسىنى دىنىي نورملارغا ۋە ئادەتتىكى سودىگەرچىلىك مەنتىقىسىغا سالساق، كۆلكىلىك تۇيۇلغان بىلەن، ئۇ گەپ بىزنى ئويلاندۇرۇشقا ئەرزىيتتى. مەخسۇمنىڭ دەرس ھەلقىلىرىدە بېيىق، ئەمما بەك پەلسەپىۋىيلىك سۆزلەرنى ئاڭلايتتۇق. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مۇسا پەيغەمبەرنىڭ پىرئەۋن مىللىتىگە تەۋە بىر كىشىنى، جېدەلنى ئايرىش جەريانىدا، بىر مۇش بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان قىسسىسىنى «مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر خىتاينى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن» دەپ سۆزلىگىنى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

مەرھۇم ئابلەت مەخسۇمنىڭ خوتەن شەھەر ئوتتۇن بازىرىنىڭ سەل شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ئۆيىنى سالدىغان ۋاقتىدا، ساۋاق ئالغىلى بارغاچ، بىرنەچچە كۈن ياردەملەشكەن ئىدىم. غىزالىنىدىغان چاغدا ئابلەت مەخسۇمنىڭ شۇ چاغدا ئالاھەزەل 90 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ئانىسى بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ قالدۇق. مەن ئۇ نۇر يۈزلۈك ئانىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشىم بولۇپ، «خىتايلارنى ۋەتىنىمىزدىن

قوغلىۋتىشىمىز كېرەك...» دېگەن مەزمۇندا بىرمۇنچە نوتۇقلارنى سۆزلىگەن ئىدى. ئۇ موممىزنىڭ مەشھۇر پىشىۋا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغلاردا بىلمەيتتىم.

# مېھىر-مۇھەببەت

قەدىرلەيدىغانلارنى ھايات ۋاقتىدا قەدىرلىۋېلىشقا ئالدىرايلى! رەسۇلۇللاھنىڭ مېھىر-مۇھەببەت ھەققىدىكى ھەدىسى بىزگە ماياك بولغاي!

«تىرمىزى» دا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر ئۇدۇملۇق سۆزى بولىدىغان: «**الراحِمونَ يرحمهم الرحمنُ ارْحموا مَنْ في الأرض يرحمكم من في السماء** (مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزگەنلەرگە رەھمان تائالامۇ مېھىر-شەپقەت قىلىدۇ. سىلەر يەريۈزىدىكىلەرگە مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈڭلاركى، ئاسماندىكى رەھمان تائالا سىلەرگىمۇ مېھىر-شەپقەت قىلسۇن!)»

مۇشۇ ئىبارە بىزنىڭ ھايات پەلسەپىمىزدە يېتەكچى ئىدىيە بولالىسا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى خېلىلا ئۆڭشىلاتتى.

بىر كىشىنى نەپرەت، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، ھەسەت چىرمىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ قەلبىنى شەيتان چىرمىۋالغان بولىدۇ ۋە ئەتراپىدىكى ئادەمنىڭ ئەڭ بىغۇبار ۋە سەممىي ئىش-ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە تۇيۇلۇپ قېلىپ، پۇتاق چېقىرىشنىڭ، قارىلاپ يىقىتىۋېتىشنىڭ كويىدا بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تەئالا بىز مۆمىنلەرنىڭ قەلبىگە مېھىر-مۇھەببەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن بىزمۇ ئەتراپىمىزدىكى ئادىمىزاتلارغا، ھايۋاناتلارغا، ئۆسۈملۈكلەرگە، قىسقىسى، مۇتلەق مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قاراشنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. باشقىلارغا نەپرەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كۆڭلىنى زەخمىلەندۈرۈپ قويۇپ، ئۇ كىشىدىن ياخشى مۇئامىلە كۈتۈش بىنورماللىقتۇر. ھېچبولمىغاندا قەدىرلەشكە تېگىشلىك كىشىلىرىمىزنى ھايات ۋاقتىدا قەدىرلىۋالايلى!

قېنى، ھاياتىمىزدىكى بىز قەدىرلەشكە تېگىشلىك چوڭلىرىمىزنى ئەسلەپ باقايلىچۇ:

سىز ئىستانبولدا بولسىڭىز نىياز داموللام، ئابدىقادىر ياپچان، پروفېسسور سۇلتان مەھمۇت قەشقىرى، قۇددۇس ھاپىز، مەمەت توختى ھاجىم، سېيتنىساخان لوقمان ...؛ ئامېرىكىدا بولسىڭىز غۇلامىدىن پاختا، رابىيە قادىر ...؛ سەئۇدىي ئەرەبىستاندا بولسىڭىز رەھمىتۇللا ئىنايەتۇللا

...؛ ئاۋستىرالىيەدە بولسىڭىز ئەخمەت ئىگەمبەرد ...؛ كانادادا بولسىڭىز غۇلام ياغما ...؛ گېرمانىيەدە بولسىڭىز ئەركىن ئالپتېكىن، ئەسقەرجان ...؛ شۋېتسىيەدە بولسىڭىز هاجى ئابدۇرېشىت كېرىمى ...؛ فىنلاندىيەدە بولسىڭىز تاهىر هاجىم ... قاتارلىقلار. مەن دەماللىققا ئەقلىمگە كەلگەنلىرىنى مىسال سۈپىتىدە يېزىپ قويدۇم، خالاس.

يازمىنى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ بىر سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: «ليس منا من لم يرحم صغيرنا ولم يوقر كبيرنا (كىچىكلەرنى ئاسراپ چوڭلارنى هۆرمەتلىمىگەن كىشى بىزدىن ئەمەس)» (تىرمىزى).

# خىتاي پانۇسى ئاستىدا قۇرئان ئوقۇش

**وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا وَإِيَّايَ فَاتَّقُونِ**

ئايەتلىرىمنى ئازغىنا مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار (سۈرە بەقەرە41- ئايەت).

ئاللاھنىڭ كالامى بولغان ئايەتنى سېتىش تارمەنىدىكى قۇرئان ئوقۇپ، دىمىدە سىلىپ بىرىپ پۇل ئېلىشىنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى قۇرئان كەرىمنى دۈشمەننىڭ سورۇنلىرىدا ئوقۇش، دۈشمەنگە خىزمەت قىلدۇرۇش، ئايەتنى بورمىلاپ شەرھلەش، دۈشمەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

خىتاي كونسۇلخانىسى چاقىرغان يىغىنغا ئىشتىراك قىلىپ ئولتۇرۇشۇپ بېرىش، بىللە ھاراق ئىچىش، ئۇسسۇل ئويناش قانداق ئېغىر گۇناھ بولسا، خىتاي سپونسور بولغانلىقى پانۇسلىرىدىن چىقىپ تۇرسىمۇ، غاپىللارچە خىتاينىڭ پانوس چىرىغى ئاستىدا ئۇيغۇرنىڭ دوپپىسىنى كىيىپ قۇرئان ئوقۇپ، شۇ سورۇنغا قاتنىشىش شۇنچىلىك ئېغىر گۇناھتۇر. بولۇپمۇ، ئىلاھى كالامنى ئەڭ قەبىھ دۈشمەننىڭ سىمۋۇلى بار بىر زالدا تىلاۋەت قىلىش تېخىمۇ كەچۈرگىسىز ئېغىر گۇناھتۇر.

يا رەببى! قۇرئان ئەھلىگە ئىماننىڭ يىنىدا مىللىي ئاڭ ئاتا قىلغايسەن! بىزنى دۈشمىنىمىزگە ۋاستىلىك خىزمەت قىلىپ، قىلغان ئەمەللىرى بىكارغا كېتىدىغانلاردىن ئەيلىمگەيسەن!

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىغا دىن نامىدىن تىل ئۇزىتىدىغان نائەھلى بەلئاملارنى كۆرگەن ئىدۇق، بۇ قېتىم باشقا بىر مەنزىرىنى كۆردۇق. بۇنىڭدىن كېيىن بىلىپ-بىلمەي پەردە ئارقىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتى بولغان ھەرقانداق سورۇندا ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىپ قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشىلەر چىقسا، ھېچ ئىككىلەنمەستىن قارشى تۇرۇش بىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بۇرچىمىز بولغۇسى!

شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە ئاتالمىش سىياسىي كېڭەشكە باغلىنىپ ئاللاھنىڭ كالامىنى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن

شەرھىلەيدىغان، ئايەتنىڭ باش-ئاخىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، مەلۇم قىسمىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئۇنى بورمىلاپ، خىتاينىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغان ئۆلىمانى قانداق ئەيىپلىگەن بولساق، ئەركىن دۇنيادا — مۇھاجىرەتتە خىتاي تەرەپتە تۇرۇش مايىللىقى بولغان ھەرقانداق دىنى زاتنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشىمىزمۇ شۇنچىلىك زۆرۈردۇر.

ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە خىتاي ھۆكۈمىتى چەت ئەلدە قۇرئان كەرىمنى مۇڭلۇق ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ قالسا ياكى قۇرئان كۇرسى ئاچسا، ئاشۇنداق يىغىلىشتا قۇرئان ئوقۇيدىغان، بېرىپ سالىدىغان ھەرقانداق ئۇيغۇرنى خەلقىمىز زىنھار كەچۈرمەيدۇ.

خىتاينىڭ تېخى يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئالدىدىلا ئالجىرىيەدە بىرچوڭ جامە سېلىپ «ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ جامەنى خىتاي سېلىپ بەردى» دەپ تەشۋىق قىلدۇرغانلىقىنى ئەسلىگىنىمىزدە، خىتاينىڭ يەنە قانداق نەيرەڭلەرنى ئويناش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

## سىمۋوۇلنى ئاددى چاغلىماڭ

**ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ**

ھۆكۈم مانا شۇنداق. كىمكى ئاللاھنىڭ سىمۋوللىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ ھەقىقەتەن دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر (سۈرە ھەج 32 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت گەرچە ھەج مەناسىكىنىڭ سىمۋوۇللىرى ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، ئومۇمەن، ئىسلامغا سىمۋوۇللۇق قىلىدىغان ھەرقانداق ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك بەلگىلەرنى قەدىرلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ھەر دىنىنىڭ ۋە ھەر قەۋمىنىڭ، ھەتتا ھەر دۆلەتنىڭ سىمۋوۇللىرى بار. ئىسلام دىنىنىڭ سىمۋوۇلى كەبە ۋە ھىلال ئاي؛ خىرىستىيان دىنىنىڭ سىمۋوۇلى كىرىس، رىۋدىسىۋا — نوئېل دەرىخى؛ يەھۇدىي دىنىنىڭ سىمۋوۇلى داۋۇت يۇلتۇزى؛ بۇددىزمنىڭ سىمۋوۇلى يوگا سېلىپ ئولتۇرغان بۇت؛ ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ سىمۋوۇلى كۆك بۆرە. دىنى بايرىمى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت. مىللىي بايرىمى بولسا نورۇز. شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ سىمۋوۇلى ئاي ـ يۇلتۇز ۋە ھىلال ئايلىق كۆك بايراق.

خىتاينىڭ سىمۋوۇلى ئەجدەرھا، مىللىي بايرىمى چاغان. خىتاي دۆلىتىنىڭ سىمۋوۇلى بولسا، ئۇيغۇرنىڭ قېنىغا بويالغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل لاتا.

ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن خىرىستىيان دۇنياسى ئەھلى ئۆيلىرىنىڭ تۆرىگە قارىغاي دەرىخىنى تىكلەپ بىزەپ، بېشىغا نوئېل داسىسىنىڭ پۇپۇكلۇك قىزىل باش كىيىمىنى كىيىپ، يېقىنلىرى بىلەن ھېيتلىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دىنى سىمۋوۇلى. بۇ يازمىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسىمۇ دەل مۇشۇ مەسىلە. غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلار، سىلەرمۇ شۇلارنى دوراپ بارا ـ بارا سىڭىشىپ كەتمەڭلار. بەلكىم، بەزىلىرىڭلار مودېرنىزىم ئېقىمى دەپ پەرۋا قىلماسلىقىڭلار مۇمكىن، لېكىن بۇ ئاددى چاغلايدىغان ئىشمۇ ئەمەس.

بىز ھەدىس مەنبەلىرىمىزدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئەيىنى چاغدا، ئوخشاش ماكاندا بىللە ياشاۋاتقان مۇشرىك ۋە جوھوتلارنىڭ

ساقال-بۇرۇت پاسوندا گىرىم قىلىشتىن چەكلىگەن باياندىلىرنى ئۇچرىتىمىز.

بۇ ھەقتىكى ئەڭ مەشھۇر ھەدىس تۆۋەندىكىچە:

**عن عبد الله بن عمر - رضي الله عنهما - عن النبي - صلى الله عليه وسلم - قال: «من تَشَبَّه بقوم, فهو منهم».**

**(ابو داود)**

«ئۆمەر ئوغلى ئابدۇللاھتىن نەقىل قىلىنىشىچە، نەبى ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇمۇ شۇ قەۋمگە تەۋەدۇر.»»

بۇ ناھايىتى پەلسەپىۋىلىك جۈملە بولۇپ، «باشقا قەۋمگە ئوخشىۋالغان كىشى بارا-بارا شۇ قەۋمگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىدۇ» دەپ شەرھلەشكىمۇ، «شۇ قەۋمنىڭ بىر گەۋدىسىگە ئايلىنىدۇ» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە مەجبۇرى ھالدا خىتاينىڭ چاغان بايراملىرىدا ئۆيلىرىنى خىتايچە بىزەشكە، خىيايچە ياشاشقا زورلانغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇرلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ، غەربچە قارىغاي دەرەخلىرىنى ئۆيىمىزنىڭ تۆرىگە تىكلەپ قويساق، قۇرئان كەرىم ئوقۇشنىڭ ئورنىغا باشقا دىنىنىڭ كىتاپلىرىغا تەلپۈنسەك، نەي، ناغرا-سۇناي، دۇتا-راۋاپنىڭ ئورنىغا فىيانىنو چېلىشقا ئىشتىياق باغلىساق، ئۇ ھالدا ئۆزىمىزنى سىڭىپ يۇقاپ كېتىشكە قاراپ مېڭىۋاتىمىز دەپ بىلسەك بولىدۇ.

# ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمنىڭ سىرلىق ۋاپاتىنىڭ 5– يىلى

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن ئىسلامىي ئېقىملارنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان، مودېرنىزىم بىلەن ئەنئەنىنى زىتلاشتۇرمىغان، مىڭ يىللىق ئۇيغۇر ئىسلام ئەنئەنىسىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىپ، تەنقىتلەيدىغان، ئىسلاھ قىلىدىغان تەرەپلەرگە توغرا ئۇسۇل قوللىنىپ ئىنكارچى، تەكپىرچى، ھىزبچى فىتنىسىدىن يىراق تۇرغان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنىڭ تاغ ـ داۋانلىرىدا، ئافغانىنىڭ تورا ـ بورا تاغلىرىدا كۆسەي مىلتىق تۇتۇشنى ئۆگىنىش بىلەن ئەمەس، دەۋرگە ماس كېلىدىغان مائارىپنى چىڭ تۇتۇش بىلەن رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن دىنى ئالىم ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم ۋاپاتىنىڭ 5 ـ يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەرھۇمنى سېغىنىش ئىچىدە ياد ئېتىمەن.

رەھمەتلىك ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم تۇنجى ئىلىم تەھسىل قىلغان خوتەننىڭ گۇما ناھىيەسى، كۆكتېرەك يېزىسىدىكى ماڭا تونۇشلۇق پەرىشتە سۈپەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ھاياتتا قالغانلىرىنى ئاللاھ ئىگەم خىتاينىڭ شەررىدىن ساقلىغاي!

ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان) 1961 ـ قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدا، مەرىپەتپەرۋەر باغۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ھېسامىدىن ئابىد يېزىدىكى ئازنە مەسجىدىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىپى ئىدى. مەخسۇم باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى يۇرتى قاغىلىقتا تاماملىغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت بوشىغان پەيتتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيەسىدە دىنى تەلىم ـ تەربىيە ئالغان. 1984 ـ 1990 ـ يىللىرى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەشھۇر دىنىي ئالىمى مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم تەرىپىدىن قاغىلىقتا ئېچىلغان مەدرىسەدە دىنى دەرسلەرنى تاماملىغان ۋە پروگراممىا بويىچە پىلانلانغان ئوقۇشلۇقلارنى خەتمە قىلغانلىق ئىجازەتنامىسى ئالغان.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم 1986 ـ يىلى مەرھۇم ئۇستازى ئابدۇلھەكىمخان ھاجىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قاغىلىق ۋە باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇر

ياشلىرىغا مىللىي ۋە مەنىۋى قىممەت قارىشىنى ئۆگىتىش كۆرىشىنى باشلىغان بولۇپ، 1990-يىلغىچە خەلقنى ئاقارتىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان.

1990-يىلدىن 1992-يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندا كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ دەۋام قىلغان دىنىي ئوقۇ-ئوقۇتۇش پائالىيىتى بىلەن «2-ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم تەكلىماكان دەۋرىنىڭ ئەڭ پرىنسىپال ۋە ئىنتىزامچان مەدرىسىسىنى ئاچقان ۋە ئۇيغۇر-ئىسلام مەدەنىيىتىنى، كىملىكىنى قوغداش ئاساسىدا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۈزلىگەن ۋەتەن، مىللەت ۋە ئىسلام سەۋدالىرىغا دىنىي دەرس بەرگەن.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم 1992-يىلى ئىشغالچى خىتاي تەرىپىدىن «قانۇنسىز دىنىي تەلىم-تەربىيە بېرىش» بىلەن ئەيىبلىنىپ، 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ۋە تۈرمىگە تاشلانغان. نەتىجىدە، ئۇ ئاچقان مەدرىسە مەجبۇرىي تاقىۋېتىلگەن. نۇرغۇن يول مېڭىش ئارقىلىق 10 يىللىق جازا ھۆكۈمى تۆت يىلغا قىسقارتىلىپ، 1996-يىلى 2-ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل دەۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ھەر خىل بېسىم ۋە توسالغۇلىرىغا دۇچ كېلىپ، دىنىي مائارىپ پائالىيىتىنى دەۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، 1996-يىلى 12-ئايدا ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. 1996-يىلدىن 1997-يىلغىچە تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان، سەئۇدىي ئەرەبىستان، پاكىستان، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولغان ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم 1997-يىلى مىسىرغا بېرىپ، 1999-يىلى قاھىرەدىكى ئەرەب تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇشقا كىرگەن. 2001-يىلى ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دارۇلئۇلۇم پاكۇلتېتىدا ئىسلام پەلسەپىسى بويىچە ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى باشلىغان ۋە 2-يىللىق دەرس مەۋسۇمىنى پۈتتۈرۈپ، 2004-يىلى ماگىستىرلىق ماقالىسىنى باشلىغان. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن 2005-يىلى بىخەتەرلىك

سەۋەبلىرى تۈپەيلى مەكتەپنى تاشلاپ، مىسىردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە تۈركىيەگە كېلىپ، ئىستانبۇلغا يەرلەشكەن.

ئىستانبۇلغا كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ھەدىس تەتقىقات مەركىزىدە خىزمەت قىلغان، كېيىن بىر تۈركۈم قېرىنداشلار بىلەن 2006 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، تاكى ۋاپات بولغۇچە جەمئىيەتنىڭ نازىرلىقى ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرغان.

مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىنى مەقسەت قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نى قۇرۇشقىمۇ باشلامچىلىق قىلغان زات ئىدى. ئۇ مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە ھەرخىل ساھەدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ ھەر ساھەدىكى خىزمەتلىرىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتى، ئۆتكۈر پىكرى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا ئىتتىپاقلىشىش ۋە مۇرەسسە قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆلگىلىك رەھبەر سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ئۆلىما، جامائەت ئەربابى ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم 2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىستانبۇلدا سىرلىق ھالدا، تۇيۇقسىز ئارىمىزدىن ئايرىلدى.

مەخسۇمنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالار دۇنياسىغا كۆرسەتكەن ئەڭ ئۈنۈملۈك تەسىرلىرى بولسا، ئۇيغۇر مىللى خاسلىقىدىن ئېيتخارلىنىش، ئىسلام تەلىماتىغا زىت كەلمەيدىغانلىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى ئەرەب ئەنئەنىسىدىن ئەلا بىلىش، دۈشمىنىمىز خىتايغا قارشى كۆرەشتە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن تۈپ پرىنسىپلاردىن قەتئىي تەۋرىمىگەن ئاساستا، ھەرقانداق كىشى ۋە گورۇھلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش ... قاتارلىقلار ئىدى.

## ھەركىم ئۆزىگە ياراشقىنىنى قىلسۇن!

ئالىجاناپ كىشىلەرنەپرەتنى، جېدەلنىڭ ئۇلغىيىشىنى ئەمەس ئەپلەشتۈرۈشنى، ئىناقلىششىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ناۋادا، ئىككى ئىنقىلاپچى قەھرىمان ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ قالسا، ھەتتا كاللا قاپاقنى يېرىشسىمۇ، ئۇنىڭغا بېنزىن چېچىپ ئۇلغايتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى قانداق قىلساق تۈزەپ، مىللەتنىڭ ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ پايدىلىق يۆلىنىشكە ئېلىپ ماڭالايمىز دېگەننىڭ كويىدا بولۇشىمىز كېرەك. ئىنسان بار يەردە سۈركىلىشلەر، ماجىرالار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنى دۈشمەنلەر ۋە رەزىل كۆچلەر ھە دەپ كۆپتۈرۈپ، سۈيقەست نەزەرىيىسى بىلەن شەرھلىسە، ئۇنىڭغا تەڭ ھۆم سېلىشىپ بەرمەسلىك كېرەك.

بۇ ھەقتە ياراتقۇچى رەببىمىز ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئارقىلىق بىزگە مۇشۇنداق چاغلاردا قانداق يول تۇتۇشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان:

**وَإِن طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا فَإِن بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيءَ إِلَى أَمْرِ اللَّهِ فَإِن فَاءَتْ فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ**

ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تەرەپ تاكى ئاللاھنىڭ (تىنىچ ياشاشتىن ئىبارەت) ھۆكۈمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويۇڭلار. ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىل بولغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ (سۈرە ھۇجۇرات 9- ئايەت).

**إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ**

## لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، (ئارىسى يىرىكلىشىپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئاللاھقا تەقۋادار-مەسئۇلىيەتچان بولۇڭلار، ئۈمىدكى، مېھىر-شەپقەتكە سازاۋەر بولغايسىلەر (سۈرە ھۇجۇرات 10 - ئايەت).

تەرەپپازلىق قىلىپ جېدەلنى ئۇلغايتماي، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قۇيايلى! خىتايلار ۋە خىتايپۇرۇشلار دىققىتىمىزنى باشقا ياققا بۇراپ، بۆرگىنى تۆگىدەك كۆرستىپ ئويۇن كۆرمىسۇن.

# نېمە ئۈچۈن ھەجدە جېدەل قىلماسلىق تەكىتلىگەن؟

**الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُوا مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللَّهُ وَتَزَوَّدُوا فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُولِي الْأَلْبَابِ**

ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئىدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). كىمكى ئۇ ئايلاردا ھەج پەرز بولۇپ ھەجگە بارسا جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ساقلىنىشى، پاسىقلىق قىلماسلىقى ۋە جېدەل-ماجىرادا بولماسلىقى كېرەك. سىلەر قانداقلىكى ياخشى بىر ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئوزۇقلۇق تەييارلاڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋادار — مەسئۇلىيەتچان بولۇشتۇر. ئى ئەقىل-پاراسەت ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادار — مەسئۇلىيەتچان بولۇڭلار (سۈرە بەقەرە 197- ئايەت).

مەزكۇر ئايەت ھەج پائالىيىتىدىن ئىبارەت كىشىلەر قىستاڭچىلىقتا بىر-بىرىنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالىدىغان، بىر-بىرىنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جېدەللەشمەسلىكنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە، ھەرقانداق سورۇندا، ئاممىۋى پائالىيەت ۋە يىغىنلاردا ھەقسىزلىققا دۇچ كەلگەندىمۇ كەچۈرۈۋېتىش، غەلۋە-جېدەلدىن ساقلىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپلىگەن جېدەللەر ئادەملەر كۆپ يىغىلغان سورۇنلاردا يۈز بېرىدىغان بولغاچقا، ھەقىقەتەن ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىشىمىز كېرەك ئىكەن.

نامايىشقا نېمە ئۈچۈن چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ، ھېجاراپ خۇشال كەيپىياتتا نامايىشقا قاتنىشىشتىن تارتىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان، نامايىشقا قاتناشقان قېرىنداشلىرىنى رەنجىتىدىغان بىر قاتار ئىشلار بىر ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىكەن.

نامايىشنى ئۇيۇشتۇرغان كىشى ۋە تەشكىلاتلار نامايىشتا قانداق شۇئار توۋلاشتىن تارتىپ، نامايىشتا كىمنىڭ قانداق بايانات ۋە نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقىنى نەچچە كۈن ئاۋۋال بېكىتىۋالىدۇ.

بۈگۈن ئىستانبۇل خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى نامايىش بىزگە ساۋاق بولغاي! دوكتور بۇرھان ئۇلۇغيول قېرىندىشىمىزغا شىپالىق تىلەيمەن. ئىشقىلىپ، بۇ مەسىلە خىتاي ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت، مۇشۇنى باشقا ياقلارغا تارتىپ ئارىغا سوغۇقچىلىقلارنى سالىدىغان بولدى - دە.

# قەبىلىۋازلىقتىن پايدىلىنىپ پارچىلاپ يوقىتىش ھىيلىسى

مۇستەملىكىچىلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ئىندىئانلار جەمئىيىتىدە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈلمىسىدىن تارتىپ، دۆلەت تۈزۈلمىسىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتكۈل فورماتسىيە شەكىللىرى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ، قەبىلىۋازلىق ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ئىدى. ھەر قەبىلە ئۆز ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان زېمىندا مۇستەقىل ياشايتتى، ئىجتىمائىي سەۋىيىسىمۇ تەكشىسىز ئىدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ مايا دۆلىتى، ئازتېك دۆلىتى ۋە ئىنكا دۆلىتىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشى بوي سۇندۇرۇلغان قەبىلە ـ ئەزالىرىنىڭ قەلبىدە قىساس دېغى قالدۇرغان ئىدى. مۇستەملىكىچىلەر ئىندىئانلاردىكى بۇ خىل قەبىلىۋازلىق ھالىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدى. ئۇلار «قەبىلىلەر مۇستەقىللىقى» نى ھەدەپ بازارغا سېلىپ، يەرلىك ئاھالىلەر ـ ئىلگىرىكى قەبىلىسىنى قوزغاپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز خانلىقىغا قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتكەن ۋە كونا زىددىيەتلەرنى تىرىلدۈرۈپ، قەبىلىلەر ئارا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان، شۇنداقلا قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈشكە سەۋەب بولغان. شۇنداق قىلىپ، بىر قەبىلىنى يوقاتماقچى بولسا، ئالدى بىلەن شۇ قەبىلە ـ دۈشمەن قەبىلىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «ئىسپانىيەلىكلەر ئامېرىكا قىتئەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلىرىدا بىر قەبىلە ـ باشلىقنى تىرىك تۇتتۇۋالسا، بارلىق قەبىلە ـ ئەزالىرىنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغان، شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن پادىشاھ ياكى قەبىلە ـ باشلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆز مەقسىتىگە يەتكۈچە تىرىك ساقلاش ھىيلىسىنى قوللانغان». 1519 ـ يىلى كورتېس ئازتېك پادىشاھىنى ئالداپ، نەزەر بەنت قىلىۋالغان، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىشالمىغاچقا، ئىككى يىل ئىچىدىلا ئازتېكلار مۇنقەرز قىلىنغان. 1533 ـ يىلى پېسارررو ئىنكا دۆلىتىگە باستۇرۇپ بارغاندا ئالدى بىلەن پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش كويىدا يۈرگەن ئىندىئان ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارغا تەختنى ئېلىپ بېرىش ۋەدىسىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ـ ئېرىشكەن ۋە ئاز ـ ملىيون نۇپۇسلۇق ئىنكا دۆلىتىنى ئوڭايلا بېسىۋالغان.

1546 ـ يىلى يە ـ ە بىر مۇستەملىكىچى مۇنتەيىغ مايا دۆلىتى ـ ە باستۇرۇپ بارغاندا ئىككى چوڭ قەبىلە ـ ە ئوتتۇرىسىدا ھۇقۇق تالىشىش كۆرىشى بولۇۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا مۇنتەيىغ «ئاۋۋال بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇنىڭ دۈشمىنىنى يوقۇتۇش، ئارقىدىن ئۇنىمۇ ساق قويماسلىق» ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، ئىمپىرىيە ـ ە دەرىجىسىگە يەتكەن مايا دۆلىتىنى ئازغىنا ئەسكەر بىلەن مۇنقەرز قىلغان.

# ئۇيغۇرنىڭ پسىخىك ئانالىزى

شەرقىي تۈركىستاندىكى چاغ:

— چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار قالتىس ئادەملەر، بىزنى دۇنيادا ھەممە خەلقلەر تونۇيدۇ. بىزنىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنىمىز بار. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلىرىمىز كېچە-كۈندۈز بىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. ئۇلاردا بىر-بىرىگە ئورا كولاش يوق، ھەتتا ئۇشتۇمتۇت خىتايغا باستۇرۇپ كىرىپ، بىزنى ئازات قىلىۋېتىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى.

چەت ئەلگە چىققان دەسلەپكى يىللىرى:

— ئۇيغۇر دەۋاگەرلىرىنىڭ بەزى گەپلىرى خاتادەك قىلامدۇ نىمە؟ نەچچە مىڭ قوشۇنىمىز نەدىدۇر؟ ئامېرىكا ۋە تۈركىيەدىكى بازىلىرىمىز نەدىدۇر؟

بەش يىل بولغاندا:

— ئۇيغۇر دەۋاگەرلىرى ئۇخلاپ ياتىدىكەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرى زامانغا ماس كەلمەيدىكەن. ئەڭ ئاددىيسى، ئۇيغۇرچىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئاپتونومىيەچى، ھەتتا ئىندىجىنىسچىدەك قىلامدۇ نىمە؟

يەتتە يىل بولغاندا :

— ئۇيغۇر دەۋاگەرلىرى بىزنى سېتىپ خەجلەيدىكەن، ئەگەر ئۇلار مۇستەقىللىقنىڭ دەۋاسىنى قىلغان بولسا، ھازىرغا قەدىر مۇستەقىل بولۇپ كېتىدىكەنمىز. زادى مۇشۇ گۇيلار بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزگە توسالغۇ بولۇپتىكەن. ئاۋۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دېگەنمۇ گومىنداڭچى ئىكەن ئەمەسما؟ ئەيسا يۈسۈپ تەيۋەندىن پۇل ئالىدىكەنتۇق. تېخى ئەڭ موھىم ھۆججەتنى باسۇرۇپ يېتىپتىكەنغۇ؟ ھازىرقىلارنىڭ ھەممىسى شۇ خىتاي مەنبەلىرىدە ئېيتىلغىنىدەك «مىت»، «سىئا» ... قاتارلىق ئىستىخباراتنىڭ كونتروللىقىدا ئوخشايدۇ، ئىنگىلىزچە نىزامنامىغا باشقا گەپلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇرچىدا باشقا گەپلەرنى قىلىدىكەن، بۇ گۇيلار.

ئون يىل بولغاندا:

— ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈم تەشكىلاتتىن بىرنى قۇرۇپ، كۈرەشنى مەنلا قىلمىسام بولمىغىدەك، باشقا تەشكىلاتلار دەۋانى مونوپول قىلىۋاپتۇ. مېنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىمنى ئاڭلىماي، ئۆزى خالىغاننى قىلىدىكەن. بىز ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمايمىز، ئۇلارنى بىز سايلىمىغان تۇرساق. ياق، ئۇلارنى ئۆرۈۋېتىش كېرەك.

12 يىل بولغاندا:

— تەشكىلاتىنىمۇ قۇرۇپتىمەن، قىلغان ئىشلىرىممۇ چاغلىق بولدى. ھەي، ئاشۇ چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقايمۇ ـ يە؟ ماڭا بىر يول كۆرستىشى مۇمكىن .

15 يىل بولغاندا:

— ئەپسۇس، دەۋاگەر چوڭلار ئاللىقاچان تۈگەپ كەتتى. راستىنى ئېيتسام، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى تولىمۇ دانا ئىكەنتۇق.

20 يىل بولغاندا:

— ئىسىت، بىچارە چوڭلىرىم! سىلەرنىڭ قىلغان كۈرەشلىرىڭلارنىڭ قەدرىگە ئەمدى يەتتىم. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەن سىلەرنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىپتىمەن.

## ئىنكارچىلىق تەكپىرچىلىكنىڭ يېڭى ۋاريانتىمۇ؟

**عَـنْ أَنَـسِ بْـنِ مَالِـكٍ - رضي الله عنـه - قَـالَ: إِنَّ رَسُـولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ كَانَ يَقُـولُ: «لَا تُشَـدِّدُوا عَلَى أَنْفُسِكُـمْ فَيُشَـدَّدَ عَلَيْكُـمْ فَـإِنَّ قَوْمًا شَـدَّدُوا عَلَى أَنْفُسِـهِمْ فَشَدَّدَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ**

ئەنـەس بىننـى مالىـك رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكنـى نەقىـل قىلغـان: «سىلەر ئۆستۈڭلارغا قاتتىـق يۈكنـى يۈكلىۋالماڭلار، ئۇنـداق قىلساڭلار، ئـاللاھ تەئـالا سىلەرنى ئېغىرچىلىقلارغا دۇچـار قىلىـدۇ. (مەلـۇم) قـەۋم ئۆزىـگە قاتتىـق يۈكنـى يۈكلىۋالغـان ئىـدى، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى ئېغىرچىلىققا دۇچار قىلغان.»

بىـز تېخـى يېقىنقـى بىـر يىللىـرى شـەرقىي تۈركىستاندا يامراپ كەتكـەن تەكفىرچـى ئېقىمدىـن زارلىناتتـۇق، ئۇلارنىـڭ ئـەڭ كـۆپ ئىشلىتىدىغان سـۆز ئىبارىسـى «بىدئـەت»، «شـىرك»، «تاغـۇت» قاتارلىـقلار ئىـدى. قارىماققا ئۇلارنىـڭ ئىسلامغـا شـۇنچىلىك ئىخلاسـى بـاردەك كۆرۈنسـىمۇ، قىلىقلىـرى بەئەينـى خاۋارىجلارنـى ئەسلىتەتتى، دەۋاملىـق تەكرارلايدىغـان بىرنەچچىلا ھەدىسـى بـار بولـۇپ، كېيىـن مـەن ئەقلىمنـى تاپسـام ئـۇ ھەدىسلـەر رەسـۇلۇللاھنىڭ مۇئەييـەن ۋەقـە ۋە ھادىسـىلەرگە قارىتـا ئېيتقـان سـۆزلىرى ئىكەنتـۇق. ئـۇلار ئاشـۇ ھەدىسىنىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈپ، ھاياتتـا تەتبىقلىغىلـى بولمايدىغـان ئۆتۈپـك چۈشـلىرى ئۈچـۈن قالغـان قىلغـان ئىكـەن. ئـۇلار خىتايلارنىـڭ غالچىلىـرى بىلـەن ھەپىلەشـمەي، دائىـملا كونـا ئەھلـى ئىلىملەرگـە شـىلتىڭ ئېتىـپ، نەزرە-چىـراق قىلىشنى، قـەۋرە بېشـىدا سۈرە ئوقـۇپ تەبلىـغ قىلىشـنى «بىدئـەت» دەپ، ئۇيغـۇرلاردا دىنـى سـورۇن مۇنبىرىگـە ئايلىنىـپ بولغـان قـەۋرە بېشـىدا قۇرئـان ئوقـۇپ تەبلىـغ قىلىش، جىنـازە چىققـان ئۆيـدە پاتىھـە ئوقـۇش ئەنئەنىلىرىنـى يەردىـن يەرگـە ئۇراتتـى. قاغىلىقتىكـى ئابلىكـم مەخسـۇم، خوتەنـدىكـى ئابدۇلئەھەتخـان مەخسۇملارنى «چوڭ ئىشلارنـى قىلغىلـى ئۇنىمـاي تولۇقلۇۋالـدى...» دەپ، قىلغـان پۈتـۈن خىزمەتلىرىنـى نۆلگـە تـەڭ قىلىۋېتىشـەتتى. ئـۇلار «پوتـو

رەسىمگە چۈشۈش ھارام»، «ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە ئىشلەش ھارام»، «بانكىدا ئىشلەش ھارام»، «خىتايىنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىش ھارام»، «خىتايىنىڭ چىقارغان پۇلىنى ئىشلىتىش ھارام»... دەپ، خەلقىمىزنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ناھايىتىمۇ بىمەنە ئىشلارغا تەرغىب قىلىشاتتى.

ئىسلام تارىخىنىڭ رەسۇلۇللاھ ۋاپاتىدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خاۋارىج ناملىق بىر پىرقە ئۆتكەن بولۇپ، «ان الحكم الالله (ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا تەۋە)» دېگەن ئايەتنى ئۆزىگە قالقان قىلىپ، ئەينى دەۋردىكى ئىسلام خىلاپىتىگە قارشى فىتنە ئوتىنى تۇنجى قېتىم ياققان بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىغان مۇئاۋىيە قوشۇنلىرىنىڭ قولىدىكى نەيزە ئۇچىغا ئاسقان تېرە پارچىسىغا مەزكۇر ئايەتنى يېزىپ، شۇئار قىلغان ئىكەن. شۇ چاغدىكى خاۋارىجلار «گۇناھى كەبىرە ئۆتكۈزگەن كىشى كاپىردۇر، ئاللاھنىڭ نازىل قىلغىنى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىگەن كىشى كاپىردۇر» دېگەن گەپلەر بىلەن ھەزرىتى ئەلىگە قارشى كۈرەش قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش ئۈستىدىكى پاسسىپلىقىنىڭ بۈيۈك مەلۇم كەمچىلىكلىرىنى تۆگىدەك كۆرسىتىپ، چوقان كۆتۈرۈپ، تالاي مۇسۇلماننىڭ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى بەرپا قىلغان ئىكەن.

يېقىنقى زامان ئىسلام تۇپلۇقى ئىچىدە مىسىردىكى ئىخۋانۇلمۇسلىمىن ھەرىكىتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستاپا شەكرى رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان تەكپىر ۋە ھىجرەت ئېقىمى بىزگە ئاچچىق ساۋاق بولالايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدەك سىياسىي كۆز-قاراشقا ئىگە ئەمەس كىشىلەرنى كاپىرغا چىقارغان ۋە ئۆزلىرى كاپىرغا چىقارغان كىشىلەرنى كاپىر دېمىگەنلەرنىمۇ كاپىر دەپ، «مۇستەملىكىدە ياشاۋاتقان بارلىق ئەھلى ئىسلام ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تاغۇت رېجىمنى تاشلاپ، دارۇلئىسلامغا ھىجرەت قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئىمانسىز كېتىدۇ» دېگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۇرغۇن تەرەپتار توپلىغان. مۇشۇ ئېقىمدىن زەھەرلەنگەن نەچچە ئونمىڭلىغان خەلقىمىزنىڭ تېخى يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە ئەرەب چۆللىرىدە ھالاك بولغانلىقىنى ئۇنتۇمايلى.

ئىنكارچىلىقمۇ مەلۇم مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەكپىرچىلىك بىلەن قوشماق بولۇپ، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى قىلمىغان بىرەر كىشى ياكى

تەشــكىلاتنىڭ مەلـۇم خاتالىقىنــى تەنقىتلىگەنــدە دۈشــمەن پوزىتســىيەدە تـۇرۇپ، رەھىمسـىزلىق بىلـەن يەرگـە ئـۇرۇپ، بىـر ئۆمـۈر ياكـى ئـۇزۇن يىللىق ئەمگىكىنــى پۈتۈنلــەي ئىنــكار قىلىۋېتىشــتۇر. تېخــى بۇنىڭلــق بىلــەن كۇپايىلەنمـەي، سۈيىقەسـت نەزەرىيىسـى ئىشـلىتىش ئارقىلـق ئـەڭ بىغۇبـار پائالىيــەت ياكــى ئەمگەككــە باشــقىچە تەبىــر بېرىــپ خائىنغــا، مىللەتنــى سـېتىۋەتكەنگە چىقىرىشــتۇر. مــەن بــۇ مەنىدىــن ئېلىــپ ئېيتقانــدا «تەكپىرچىلىكتىــن ھالقىــپ، ئىنكارچىلىققــا يۈزلەندۇقمــۇ؟» دەپ ئــويلاپ قالىمەن.

شــەرقىي تۈركىسـتان خەلقىنىــڭ بـۇ مۇقــەددەس دەۋاســى كـۆپ قىرلـىق دەۋا بولـۇپ، بۇنىــڭ كىشــىلىك ھوقۇققــا چېتىلىدىغان، ئىنسانپەرۋەرلىككە، ئىســلام دۇنياســىغا ۋە تــۈرك دۇنياســىغا ئالاقىــدار فرونتلىــرى بــار. شــۇڭا بىر-بىرىمىزنــى ئىنــكار قىلــش بىلــەن تەشــكىلاتلار ئۆزئــارا بايانــات ئېلان قىلىشــىپ، «XX تەشـكىلات ئۇيغۇرغـا ۋەكىللىــك قىلمايــدۇ، بىــزلا يېگانــە ۋەكىــل...» دېگەنــدەك كۈلكىلىــك ماجرالارنــى تاشلىۋېتىشــى، دۈشــمەن ئوبيېكتىنىــڭ خىتــاي ئىكەنلىكىنــى ھــەر بىــر ئىش-ھەرىكىتىــدە ئاساســى پرىنســىپ قىلىشــى زۆرۈر. بۇنــداق قىلمىغانــدا، بىــز تەنقىتلىگــەن تەكپىرچىدىــن نېمــە پەرقــى بولســۇن؟ ھەرئىككىســى ئوخشــاش ئاقىۋەتكــە ئېلىپ بارىدۇ.

## «شىئەۋىن» نىڭ زۇلمى پىرئەۋننىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى

إِنَّ فِرْعَوْنَ عَلَا فِي الْأَرْضِ وَجَعَلَ أَهْلَهَا شِيَعًا يَسْتَضْعِفُ طَائِفَةً مِّنْهُمْ يُذَبِّحُ أَبْنَاءَهُمْ وَيَسْتَحْيِي نِسَاءَهُمْ إِنَّهُ كَانَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ

شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىك قىلىپ) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى تەبىقىلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىرتەبىقە (ئىسرائىل ئوغۇللىرى) نى بوزەك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئىپپىتىنى دەپسەندە قىلدى. پىرئەۋن راستتىنلا بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى (سۈرە قەسەس 4 ـ ئايەت).

ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيى ۋە بىزنىڭ ھايات كىتاۋىمىز قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالام تەۋە بولغان بەنى ئىسرائىل قەۋمى بىلەن ئۇلارنى ئەزگەن ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ ئاخىرى بېشىنى يېگەن قەدىمى مىسىر ھۆكۈمدارلىرىدىن قىبتى قەۋمگە تەۋە پىرئەۋننىڭ ئىبرەتلىك قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ. مۇسا پەيغەمبەر بىلەن پىرئەۋننىڭ كۆرەشلىرىدە بىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەك كۆپ تەرەپلەرنى ئۇچرىتىمىز؛ پىرئەۋن ھاكىمىيىتىنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى ئېزىشتە قوللانغان تاكتىكىلىرىنىڭ بىرى خەلقنى سىنىپلارغا بۆلۈش، ئۇلارنى ئۆزئارا جەڭگە جېدەلگە سېلىش ئارقىلىق ئۆز ـ گۈشىنى ئۆز يېغى بىلەن قورۇش بولغان. بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدىن چىققان ساتقۇن، مىللىي روھتىن مەھرۇم قالغان ھامان ۋە قارۇندەكلەرنىڭ قولى ئارقىلىق يەھۇدىي مىللىتىنى دەھشەتلىك قىينىغان. ئۇلارنى مىسىردىن چىققىلى قويماي قۇل ئىشچى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن ۋە ئەرلىرىنى قىرغىن قىلىپ، خوتۇن ـ قىزلىرىنى خورلىغان.

بەنى ئىسرائىل مىللىتىگە تەۋە ھامان پىرئەۋننىڭ ۋەزىرى بولۇپ، قورچاق سىياسىي ئەمەل تۇتۇش ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ ئېزىلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. قارۇندىن ئىبارەت داڭلىق كارخانىچىمۇ بەنى ئىسرائىل مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشىغا قارىماي، پىرئەۋننىڭ سېپىدە

تۇرۇپ، زالىمنىڭ دۇمبىقىنى چېلىپ، يەھۇدىي قەۋمىگە ساتقۇنلۇق قىلغان. بۇ سەۋەپلەردىن بەنى ئىسرائىللارنىڭ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش مەنزىلى بارغانچە ئۇزىراپ كەتكەن.

پىرئەۋن ئەينى چاغدىكى مېديا-ئاخباراتنى چىڭ تۇتقان بولۇپ، بەنى ئىسرائىلنى قۇل قىلىش سىياسىتىنى پەردازلاپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بەنى ئىسرائىل خەلقى ئىچىدە ئۆتمۈشىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ تىركىشىۋاتقان مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، ئۇلارنى خاپىسالىدىغان ئېقىم يامراپ كەتكەن. ھەتتا مۇسا پەيغەمبەرنى تىل يامغۇرىغا تۇتۇپ: «سەن پەيغەمبەرمەن دەپ پىرئەۋنگە قارشى چىققانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ زۇلۇم بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلدى. سەن رادىكالىنىڭ تۈپەيلىدىن بىز مۇشۇنداق ئارقىدا قالدۇق، سېنىڭ كاساپىتىڭدىن مۇشۇ كۈنگە قالدۇق» دەپ چوقان سېلىپ، پىرئەۋنگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇش بىلەن ئېنىرگىيەسىنى خۇراتقان.

## فَاسْتَخَفَّ قَوْمَهُ فَأَطَاعُوهُ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ

پىرئەۋن خەلقىنى ماڭقۇرتلاشتۇرغانلىقتىن، خەلقى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق-يولدىن چىقىپ كەتكەن بىر خەلق ئىدى (سۈرە زۇخرۇف 54- ئايەت).

پىرئەۋننىڭ مىڭە يۇيۇش سىياسىتىگە قۇربان بولۇپ كەتكەن بەنى ئىسرائىل قەۋمى پىرئەۋنگە بويۇن ئەككەن، لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام نىمە دېسە ئۇنىڭغا قارشى تەتۈر شۇئار تووۋلاپ قويىدىغان، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ قۇرۇق گەپ بىلەن شەھەر ئالىدىغانلار كۆپ بولغان، نەتىجىدە، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ھاياتى قالغانلىرى مىسىردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئانا ۋەتىنى بولغان كەنئان دىيارىغا كىرىشكىمۇ جاسارىتى قالماي، 40 يىل تىھ قۇملۇقىدا سەرسان بولۇپ، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئەۋلاتلار يېتىشىپ چىققانىدا ئاندىن ۋەتەن نېسىپ بولغان. بۇنىڭغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىمۇ كۈپايە قىلمىغان.

قارۇننىڭ پۇل ئۈچۈن پىرئەۋننىڭ يېنىدا تۇرغانلىقى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

**إِنَّ قَارُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَى فَبَغَى عَلَيْهِمْ وَآتَيْنَاهُ مِنَ الْكُنُوزِ مَا إِنَّ مَفَاتِحَهُ لَتَنُوءُ بِالْعُصْبَةِ أُولِي الْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُ قَوْمُهُ لَا تَفْرَحْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْفَرِحِينَ**

قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان ئىدى. قارۇنغا شۇ قەدەر مول خەزىنىلەرنى بەخش ئەتكەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى كۆتۈرۈش كۈچتۈڭگۈر بىر تۈپ كىشىگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا قەۋمى قارۇنغا ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايدۇ» (سۈرە قەسەس 76 ـ ئايەت).

ئەمدى بىزنى قۇل قىلىپ، پىرئەۋندىنمۇ ۋەھشى زۇلۇم قىلىۋاتقان شىئەۋن (شى جىنپىڭ) نىڭ گېپىگە كەلسەك:

خىتايلار 1970 ـ 1960 ـ يىللىرىدىكى ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى دەۋرىدە بىزنى گوروھلار ۋە سىنىپلارغا بۆلۈپ، ھەتتا بالىنى ئاتا ـ ئانىغا، ئايالنى ئېرىگە، ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقۇچىغا، ئىشلەمچىنى خوجايىنغا دۈشمەن قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ يېغى بىلەن قورۇپ ئازابلاپتىكەن. سەل قول ئىلكىدە بار ئۇيغۇرلىرىمىز «بۇرژۇئا»، «پومىشچىك» دەپ دۇمباللىنىپ زىندانلارغا تاشلانغان بولسا، ئەھلى ئىلىملەر «جاھالەت پىرى»، ئوقۇمۇشلۇقلار ئاللىقانداقتۇر «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەندەك قالپاقلار بىلەن، كۆرمىگەن كۈنىمىز قالماپتىكەن.

2016 ـ يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئەۋج ئالغان خىتاينىڭ 2 ـ ئەۋلات زور «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە باستۇرۇش سىياسىتى ۋەتەن ئىچىدىكى مىللىتىمىزنىڭ خېلى زور كۆلىمىنى ھالاك قىلىپ تۈگەشتۈرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلەنمىگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ناھايىتى زور مەبلەغ ئاجرىتىپ، «چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى تۈگەشتۈرۈش» شۇم پىلانىنى كۈنتەرتىپكە ئالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ئەسلىدە، مۇشۇنداق ئۆز ـ يېغى بىلەن ئۆزىنى قورۇپ دۈشمەننى يوق قىلىش تاكتىكىسى تارىختىن بۇيانقى پۈتكۈل مۇستەملىكىچىلەرنىڭ

ئورتاق ئۇسۇلى ئىكەن. مۇستەملىكە ئاستىدا ئۇزۇن يىل ياشىغان مىللەتلەردە ئۆز قەھرىمانلىرىنى، باغرىدىن چىققان جەڭگىۋارلىرىنى جىڭغا ئولتۇرمايدىغان باھانە-سەۋەبلەر بىلەن نۆلگە تەڭ قىلىپ، ھەممە مەسئۇلىيەتنى شۇلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىپلا، رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلىش كېسىلى ئەۋج ئالىدىكەن. بىز بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى قەدىمقى مىسىردا ئۆتكەن قىبتى مىللىتى بىلەن بەنى ئىسرائىل ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا، ئىنگلىزلار بىلەن ئاۋىستىرالىيەنىڭ يەرلىك خەلقى ئابورجىنلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزالاردا، ئىسپانلار بىلەن لاتىن ئامېرىكىلىق يەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى — مۇستەملىكە قىلغۇچى سىنىپ بىلەن ۋەتىنى بېسىۋېلىنىپ مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە ئوخشاپ كېتىدىغان تىراگېدىيەلەرنى كۆرەلەيمىز.

چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ناھايىتىمۇ ئاز نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىچىدە دەۋاغا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇۋاتقانلار ئاران 10 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى بىر ئاچچىق رېئاللىق. تور دۇنياسىدا ئاۋۇپ كەتكەن فىتنىلەرگە قاراپ، ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئىش قىلىۋاتقانلارنى سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ تىللاۋاتقانلىقىنى لەنەتلىمەكتە يوق، نومۇس قىلماي شۇلارغا دو سېلىشىپ بېرىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، ياقامنى چىشلەپ قالىمەن.

بۇ دېگەنلىك «داۋا قىلىۋاتقانلارنى تەنقىتلىمەڭ» دېگەنلىك ئەمەس، ئەركىن پىكىر، تەنقىت بولمىغان جەمئىيەت ئالغا باسمايدۇ. بىر خىل ئىدىيە، بىر خىل قېلىپ پەقەت كوممۇنىستلارنىڭ شۇئارى ۋە ھايات ئەندىزىسى. مېنىڭ دەۋاتقىنىم، ئىش قىلغانلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش — ئىش قىلىۋاتقانلارغا توسقۇنلۇق قىلىشتۇر.

# ياۋروپادىكى ئىندىجىنس پىپىل- ساملار

مەن ئىندىجىنس پىپىل مۇنازىرىسى ئارقىلىق مەلۇم تەشكىلات ياكى دەۋا ئىچىدە بەلگىلىك تۆھپىسى بىلەن تونۇلغان كىشىلىرىمىزنىڭ تۆھمەت ئاستىدا قېلىشىنى خالىمايمەن، بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ياكى خىتاي ئالۋاستىلىرىنىڭ ئىندىجىنس غەۋغاسى قوزغاپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئوبرازىنى يەرگە ئۇرۇپ نۆلگە چۈشۈرۈۋېتىشىنىمۇ خالىمايمەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇتۇقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى بىلەن بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىزدۇر، شۇنداقلا بىرەر كىمنى ئاقلاش ۋەزىپەممۇ يوق. سىياسەت ۋە سىياسەتۋازلىقنى ياقتۇرۇپمۇ كەتمەيمەن، لېكىن مەن مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇرنىڭ «ئىندىجىنس» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىن بىئارام بولىمەن. غەربنىڭ ئىندىجىنس پىپىلغا قىلغان قىلمىشلىرى تولۇپەيلى ئېنگىلىزلار ماكانلىشتىشىن بۇرۇنقى ئاۋسترالىيەدىكى ئابورجىنلار ۋە ئامېرىكىدىكى قىزىل تەنلىكلەرگە ھېسداشلىق بىلدۈرىمەن. ئىسپانىيەلىك مۇستەملىكىچىلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىدا ئېلىپ بارغان ئاسسىملاتسىيە ۋە بويسۇندۇرۇش قىلمىشلىرىنى زىنھار قوبۇل قىلمايمەن. بىر قەۋمنىڭ يەنە بىرقەۋمنى بۇزەك قىلىشى ۋە يۇرتىنى تارتىۋېلىپ دېموكراتىيە ئېلىپ كېلىشىنىمۇ، تەرەققى قىلدۇرۇش نامىدا يۇتۇۋېلىشىنىمۇ، ھەتتا «پەتھى قىلدۇق» دەپ بويسۇندۇرۇشىنىمۇ قەتئى قوبۇل قىلمايمەن. كولۇمبۇسنىڭ ئامېرىكىغا ئاياق بېسىشىنى «ئامېرىكىنى تاپتى» دېگىنىمۇ تامامەن پەدەزلەنگەن گەپ، ئۇنى ئامېرىكىنى بېسىۋېلىشىنىڭ يولىنى ئاچقان كىشى دېسەك جايىدا بولىدۇ. مەن ئادالەت نوقتىسىدىن شۇنداق قارايمەن.

«ئۇتنى كىم تۇتقان بولسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ»، «شەرىئەت كەسكەن بارماق ئاغرىمايدۇ» دەيدىغان ئىدىئوم بويىچە بەزى چۈشەنچىلىرىمنى ئورتاقلاشماقچىمەن، ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلار بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلغاي!

ياۋروپانىڭ مەن ھەرگىز قوبۇل قىلمايدىغان قىتئە ئاتلاپ مۇستەملىكىچىلىك قىلىش ئۆتمۈشىدىن باشقا يەنە ياۋروپا ئىچىدە سامى ۋە يەھۇدى ھەتتا سىگانلارغا قارىتا يۈرگۈزگەن بەزى ئېچىنىشلىق

ئۆتمۈشلىرى بار. گېرمانىيەدىكى، چېخىيەدىكى نازىي كاملىرى، يەھۇدىي ئابىدىلىرى، پولشادىكى يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى خاتىرە ئابىدىلىرى ھېلىھەم گۇۋاھچى سۈپىتىدە شاھىت، ئۇنى ھەركىم ئىزدىنىپ بىلىۋالالايدۇ. ساملار بىزگە ئوخشاش قىرغىنچىلىققا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، نورغۇن يەكلىنىش ۋە كەمسىتىلىشكە دۇچ كەلگەن. ھېلىھەم تەلەپ قىلىۋاتقان بەزى ھەق-ھوقۇقلىرى بار.

ساملار يەرلىك خەلق، يەنى شۇ جاينىڭ قەدىمقى ئىگىلىرى دەپ قوبۇل قىلىنىسىمۇ، ياۋروپادىكى ئىندىجىنس پىپىل، يەنى «تاغلاردا ياشايدىغان ئىپتىدائى خەلق» دەپ قارىلىدىكەن.

سامىلارنىڭ «دۇنيا ساملار ئۇيۇشمىسى» (www. saamicouncil. net) ناملىق چوڭ تەشكىلاتلىرىدىن باشقا ھەر دۆلەتتە يەرلىك تەشكىلاتلىرىمۇ بار ئىكەن. دۇنيادا سامىلارنىڭ ئومۇمى نوپۇسى تەخمىنەن 100 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، نورۋېگىيەدە 60 مىڭ، شۋېتسىيەدە 36 مىڭ، فىنلاندىيەدە 10 مىڭ، روسىيەدە 2 مىڭ ئەتراپىدا سامى ياشايدىكەن. سامىلارنىڭ ئاككالا، ئىنارى، كېمى، لۇلە. نورتەم، پىتە، سكولت، تېر، سوۋتېرن، ئۇمە قاتارلىق تىل شىۋىلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ يېرىمى لۇتېرىيان مەزھىبىدىكى خرىستىيان، يېرىمى پارسلاۋىيان مەزھىبىدىكى خرىستىيان، يەنە ئاز بىرقىسمى شامان ئىكەن.

(https: //en. wikipedia. org/wiki/S%C3%A1mi_people)

مەن فىنلاندىيەنىڭ ساملار ياشايدىغان قۇتۇپ رايۇنىغا بېرىپ باقتىم، گەرچە بۈگۈن باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش ھەق-ھوقۇققا ئىگە بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ سىماسىدىن ئۆتمۈشنىڭ دىشۋارچىلىق كەچۈرمىشلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، خۇددى ئوغرى-قاراقچىلار ئۆزىنىڭ ئاشۇ ناكەس ھۈنىرىنى بىر-بىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆگىنىپ ماڭغانغا ئوخشاش، مۇستەملىكىچىلەرمۇ بويۇنتۇرۇقنى ئېلىۋالغان مىللەتنى قانداق بويسۇندۇرۇش، قانداق يوق قىلىش تاكتىكىلىرىنى بىر-بىرىدىن ئۆگىنىۋېلىپ ماڭىدىكەن. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىمۇ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان كۈندىن باشلاپ قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەپ، بۈگۈنكىدەك ئەڭ ۋەھشىيانە باستۇرۇش، بىزنى پۈتۈلەي يوق قىلىۋېتىش

شۇم نىيىتىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. خىتاي «بىزدە 56 مىللەت بار» دەپ قويۇپ، ئارقىدىن «ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتى» دەپ كەلدى. ئۇيغۇر، تىبەت ۋە موڭغۇل قاتارلىق قەۋملەردىن باشقا ھەممىسىنى ئاساسەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ ئېرىتىۋەتكەن خىتاي، بىز ئۇيغۇرلارنى 70 يىلدىن بۇيان ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنىڭ نەتىجە بەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، 2016-يىلدىن باشلاپ جازا لاگېرلىرنى قۇرۇشقا باشلىدى ۋە نەچچە مىليون خەلقىمىزنى يوق قىلىۋەتتى. ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ئىسمىدىن ئۇيغۇرنى تەلەپپۇز قىلماسلىق باسقۇچىغا ئۆتكەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرى سالاھىيەتنى بىكار قىلىش تەشەببۇسلىرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى ئەتە قوپۇپ، ئۇيغۇرلارنى «ئىندىجىنس پىپىل» دەپ ئېلان قىلسا، ئۇچاغدا قانداق قىلىمىز؟

تارىختا نەچچە ئون دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ ئىندىجىنس پىپىل قاتارىغا كىرىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن دەۋاگەرلىرىمىز بۇندىن كېيىن ئىندىجىنس پىپىل يىغىنلىرىدىن يىراق تۇرۇشى، رەسساملىرىمىز ئۇيغۇر ئوبرازىنى سىزغاندا مايماق تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان، ئوتتۇرا ئەسىرنى ئەسلىتىدىغان ئىپتىدائى ئىنسان قىياپىتىنى سىزىشتىن قول ئۈزۈشى كېرەك. شۇنداقلا ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ بىلىدىغان ھەربىر ئۇيغۇر زامانىنىڭ ئىلغار مائارىپى بىلەن ئۆزىنى قۇراللاندۇرۇشى، قىلغان ئىشىنى ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ، بەئەينى بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ قايتىدىن قەت كۆتۈرگىنىدەك زامانىنىڭ كەينىدە قالماسلىقى، ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىپ دىن-ئىماندىن يىراقلاشماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەن ئىچىدە ئۇيغۇر بولۇپ ئەبەدىلئەبەت ياشىشى، خىتايغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتمەسلىكى، چەت ئەلدىكىلەرنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى يىگانە قورالى — ئىسلامدىن يىراقلاشماسلىقىدۇر.

ئىندىجىنس خەلقىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ياكى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى «ئىندىجىنس پىپىل» ئىپتىدائى قەۋم بولۇپ، ھورۇن، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن كىشىلەر توپىنى كۆرسىتىدىكەن.

ئاخىرىدا شىمالى ياۋروپادىكى بىرقىسىم تەشكىلاتلار بۇندىن كېيىن ساملارنىڭ يىغىن-پىغىنلىرىغا بارمىسا بولغۇدەك. ساملار چاقىرغان

يىغىنغا بېرىپ، ئۆزىمىزنى ئىندىجىنىس پىپىل قاتارىغا زورلاپ تىققانىنىڭمۇ پايدىسى يوق. ب د ت دىكى يىغىنلاردىمۇ بۇندىن كېيىن ئىندىجىنىس پىپىل يىغىنلىرىغا قەتئىي كىرىپ سالماسلىقنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى ھۆرمەتلىك دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمدىن ۋە باشقا دەۋاگەرلەردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن.

# خىتاينىڭ تۈگمەس ۋەسۋەسىسى

1952 ـ يىلى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىم سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە مىلىتلەر بىر جاپادا سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ تائىپ شەھرىگە دىئاسپورادىكى ئۇيغۇر ئاكتىپلارنى، جامائەت ئەرباپلىرىنى ۋە سەرخىللارنى چاقىرىپ، تۇنجى قۇرۇلتايىنى ئاچقان ئىكەن. شۇ چاغدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەر ئەيسا ئەپەندىمنى پاسىبان سايلاپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن خىتاينىڭ چەت ئەلدىكى بىر ئۇچۇم پىنتوزىلىرى «ئەيسا ۋەزىپىدىن چۈشۈپ كېتىشى كېرەك! ئەيسا ئىستىپا بەرسۇن! مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا باش بولۇشى كېرەك!» دەپ دەپ چوقان كۆتۈرۈپ روچىۋىنىدەك غوڭۇلداپتىكەنمىش. ئۇلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئەيسا ئەپەندىمگە ھۇجۇم قىلىشاتتىكەن، ھەتتا بۇ ئىككى مويسىپىتنى بىر ـ بىرىگە قارشى كۈشكۈرتۈپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھاياتىنى شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغان مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىم گەپ توشۇپ كەلگەن پىتنىخورلارنىڭ دەككىسىنى ئىزچىل بېرىپ، دەۋادىشى ئەيسا ئەپەندىمنى ئۈزلۈكسىز قوللايدىكەنتۇق. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىم ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ـ يۇ، قىزىل خىتاي ئۇ مەرھۇمنى «گومىنداڭچى» دەپ قارا سۇۋاپ، گۆرىدىمۇ جىم ياتقۇزمىغان ئىكەن.

مۇھاجىرەت ھاياتىنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئاتاپ ياشىغان ئەيسا ئەپەندىم تاكى 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋاپات بولغانغا قەدەر تۆھمەتخور، قىتغور، فىتنىخور ئەبۇجەھىلسىمان دەرۋىرداشلارنىڭ تىل ـ ئاھانىتى توختىماپتىكەن. ئۇ ۋاپات بولغان كۈنى خىتاينىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى «ئۇھ» دەپ تەنتەنە قىلىشىپتىكەنمىش.

ئەيسا ئەپەندىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يەنە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر سەرخىللار مۇزاكىرىلىشىپ، تۈركىيە ئارمىيىسىدىن ئەمدىلا دەم ئېلىشقا چىققان گېنېرال مەھمەت رىزا پاشامنى پاسىبان سايلىغان ئىكەن. خوتەننىڭ ئىلچى يېزىسىدىن 15 يېشىدا ئايرىلغان مەرھۇم رىزا پاشام يېشى بىر يەرگە بېرىپ قېلىشىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتى

كۆپ ئىشلارغا ئىمزا ئاتقان بولسىمۇ، خىتايپۇرۇشلار ھېلى «تۈركىيە ئۈچۈن ئىشلەيدىغان شپىيون» دېسە، ھېلى «دېموكراتىك سايلام بىلەن باشلىق بولمىدى، ئورۇننى بوشىتىشى كېرەك» دەپ قىتىغۇرلۇق قىلاتتىكەن.

رابىيە قادىر خانىم خىتاي تۈرمىسىدىن چىقىپ، ئەركىن ئالىپتېكىننىڭ كەڭ قۇرساقلىق بىلەن ئورۇن بوشىتىپ بېرىشىدىن كېيىن ئۇزۇن يىل دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا باش بولدى. يەنە رابىيە قادىرنىڭ ئۈستىدىن پىتنە-ئىغۋا توقۇپ ئارام بەرمىگەن خىتاي، دېموكراتىيە ۋە سايلامنىڭ غەلۋىسىنى تولا قىلىپ، ئاخىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. لېكىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا بولغان ھۇجۇمى توختىمىدى.

بۇ قېتىم دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7- نۆۋەتلىك ئۇمۇمى يىغىنىدا دېموكراتىك ئۇسۇلدا بىلەت تاشلاش ئارقىلىق قايتىدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمۇ ئىلگىرىكى دەۋا پېشىۋالىرىغا ئوخشاشلا 1- نومۇرلۇق ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندى. بۇنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق. «ئىندىجېنىس پىپىل»، «ئادىل بولمىغان سايلام»... دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسى باھانە، پەقەت خىتاينىڭ پىتنىسى شاھانە.

ھەر ئىنساننىڭ كەمچىلىكى بولىدۇ، بەزى ئىشلارنى خاتا قىلىپمۇ سالىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن بىز 30 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ بەلگىلىك تۆھپە قوشقان-دولقۇن ئەيسا، ئابدۇقادىر ياپچان، ھىدايىتۇللاھ ئوغۇزخان، ئۆمەر قانات، مەمەت توختى، پەرھات يۇرۇڭقاش ... ۋە ئىسمىنى يېزىپ بولالمىغان، مىللەتنىڭ خىزمىتىگە ئۆزىنى ئاتىغان تالاي ئادەملىرىمىزنى ئىككى توك-توكنىڭ گېپى بىلەن سېتىۋەتمەيمىز. بىز ئۇلارنى ئۇزۇن يىلدىن بۇيان تونۇيمىز.

ئەگەر سىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياكى سىز ھۇجۇم قىلىۋاتقان بىرەر ئۇيغۇر تەشكىلاتىدىن ياخشىراق پىلانلىرىڭىز بولسا، دېموكراتىك ھەق-ھوقۇقىڭىزدىن پايدىلىنىپ سىزمۇ دەۋاغا ئاتلىنىڭ. ئۇلار خاتا قىلغان ياكى يېتىشەلمىگەن پىلانلارنى سىز رۇياپقا چىقىرىڭ. نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، لېكىن گەپنى ئاز قىلىپ، ئىشنى جىق قىلىڭ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە زىيان سالماڭ.

# بكار تەلەت جامائەتتن دەشنام ئشتكەن ئمامغا ئاللاھتن سەۋر-تاقەت تلەيمەن

مەلۇم بر ئسكاندناۋيە دۆلتدە بر مەسچت بولۇپ، جامائتى هەر ۋاقت نامازدا لقمۇ-لق تۇشۇپ تۇردكەن. جامائەت ئاساسى جەهەتتن دېگۈدەك ئششزلاردن تەركپ تاپقان بولۇپ، كۈن بويى ئەشۇ مەسچتتە چۈشەنسۇن-چۈشەنمسۇن، ئشقلپ، كۈنلكى بر نەچچە پارە ئەرەبچە قۇرئان كەرم ئوقۇپ قويغاچ، چايخاننڭ ئورندا گەپ سېتپ ئولتۇرۇپ، هەم شۇنداقلا تەهەججۈت، نەپلە نامازلرنى پەقەت قاچۇرۇپ قويمايدكەن. ساقالنى سېرق بوياپ، ئشتاننڭ ئايغنى ئۇشۇقتن ئۇزۇن قلۋەتمەي، ئادەتتە چش چوتكسى بلەن ئېغزنى ئانچە تازلاپ كەتمگەن بلەن هەر نامازدن ئلگرى ئەرەب يېرم ئارلدن چقدغان تەۋەررۈك دەرەخنڭ قۇرۇتۇلغان شېخى بلەن چشنى ئېرغداشنى، مسۋاك ئشلتپ پەيغەمبرمزنڭ سۈننتنى ئەهيا قلغانلقنى ئلگرى سۈرۈپ، ئۆزلرچە تولمۇ تەقۋادار كۈن ئۆتكۈزدكەن. هۆكۈمەت كۆرسەتكەن ئشنى ياراتماي، هەر خل يالغان باهانە سەۋەبلەرنى كۆرستپ، ئشلمەستن بەش كاپالەت پۇل بلەن جان باقدكەن. ئۇ دۆلەتنڭ تلنمۇ ئۆگەنگلى ئۇنمايدكەن، هەتتا بەزلرى خرستيان ئامشلاردەكلا نەچچە خوتۇن ئېلشۋالغاننى «پەيغەمبەر سۈننتى» دەپ بلدكەن. روزى تۇتقان كۈنلرى ئۆزلرى ياشاۋاتقان دۆلەتنڭ ئېپتارلق كالندارلرنمۇ مەنستمەي، مەككننڭ تەقۋمى بويچە سوهۇرلۇق يەپ، ئېپتارلق ئېغز ئېچپ، قۇتۇلۇشقا ئېرشدغان مۇۋەههد پرقننڭ پەقەتلا ئۆزلرى ئكەنلكنى، باشقلارنڭ يا ئازغۇن سۇپى، يا ئلمانى پاسق ئكەنلكنى ئلگرى سۈرۈپ، دۇنيادكى باشقا سۈلۈك-ئېقمغا تەئەللۇق مۇسۇلمانلارنى هەرگز مەنستمەيدكەن. شئەلەرنى «كاپر» دېيشتن باشقا، يەنە خېلى زور تۈركۈمدكى ئەهلى ئسلامنى «كاپر» دەپ ئۆچ كۆردكەن. باللرنى «خرستيان بولۇپ كېتدۇ» دەپ يەسللەرگمۇ بەرمەي، ئۆيلردە هەپتيەك ئۈگتدكەن. ئۇلارنڭچە بولغاندا كاپرنى ئالدسا بۇلاۋېردكەن. پەيغەمبرمزنڭ «من غشنا فليس منا (بزنى ئالدغان بزگە تەۋە ئەمەس)» دېگەن سۆزنى گۇيا يەهۇدىلاردەكلا

چۈشۈنۈۋېلىپ، باشقا دىندىكىلەرنى ئالداشنى «پاراسەت» دەپ بىلىشىدىكەن...

بىر كۈنى تۈركىيەدىن كەلگەن بىر ئىمامنىڭ شۇ مەسچىتكە يولى چۈشۈپ، جامائەت بىلەن پىشىن نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، شۇنچە كۆپ جامائەتنىڭ مۇشۇنداق بىر خىرىستىيان دۆلىتىدىمۇ كۆجۈم ھالەتتە نامازغا كېلىدىغانلىقىدىن مەسلىكى كەپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئىش ۋاختىدا ئىشلىمەي، مەسچىتتىلا كۈن ئۆتكۈزىۋاتقان بۇ 21- ئەسىرنىڭ دەرۋىشلىرىگە ئېچىنىپتۇ - دە، ئاخىرى بولماي مىنبەرگە چىقىپ ئاللاھنىڭ ھالالدىن ئىشلەپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ ھايات كەچۈرۈش ھەققىدىكى «اعملوا فسيرالله عملكم و رسوله والمؤمنون (ئىشلەڭلار، ئەمگىكىڭلارنى ئاللاھمۇ كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە مۆمىنلەرمۇ كۆرىدۇ...)» ئايىتىنى ئوقۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسلىرىنى شەرھلەي دەپ تۇرسا، جامائەت: «سەن گۇي دۇنيا پەرەسلىكنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنا! چۈشە مىنبەردىن، ھەي ئازغۇن!» دەپ مەسچىتتىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ. بۇ ئىمامغا سەۋر-تاقەت تىلەيمەن.

## گەپنى كونتېكستدىن بۆرۈۋېتىش ۋە يالغانغا قۇلاق سېلىش

ئاللاھنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى — گەپنى قاراتمىلىقىدىن بۆرۈۋېتىش، كونتېكستىدىن يۈتكۈۋېتىپ، ھەتتا باش ئاخىرىنى كېسىۋېتىپ بورمىلاش، يالغانغا بەك قۇلاق سېلىپ، بىراۋنى قارىلاش ئىكەن. ئەينى چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققان جوھۇتلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى بورمىلاپ، قاراتمىلىقىدىن يۈتكەپ، «مۇھەممەد پالانى چاغدا مۇنداق دېگەن ئىدى، ئەمدى مۇنداق دەۋاتىدۇ...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئىغۋاگەرلىك قىلاتتىكەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ نەدە يالغان-ياۋىداق گەپ بولسا بەك دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان، ئەمما راست گەپ قولىقىغا كىرمەيدىغان خۇيى قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تىلغا ئېلىنىپ قامچىلانغان.

تۆۋەندە سۈرە مائىدىنىڭ 42 - 43- ئايەتلىرىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىدۇم:

**يَـا أَيُّهَـا الرَّسُـولُ لَا يَحْزُنْـكَ الَّذِيـنَ يُسَـارِعُونَ فِي الْكُفْـرِ مِـنَ الَّذِيـنَ قَالُـوا آمَنَّـا بِأَفْوَاهِهِـمْ وَلَـمْ تُؤْمِـن قُلُوبُهُـمْ وَمِـنَ الَّذِيـنَ هَـادُوا سَـمَّاعُونَ لِلْكَـذِبِ سَـمَّاعُونَ لِقَـوْمٍ آخَرِيـنَ لَـمْ يَأْتُـوكَ يُحَرِّفُـونَ الْكَلِـمَ مِـن بَعْـدِ مَوَاضِعِـهِ يَقُولُـونَ إِنْ أُوتِيتُمْ هَـذَا فَخُـذُوهُ وَإِن لَّـمْ تُؤْتَـوْهُ فَاحْـذَرُوا وَمَـن يُـرِدِ اللَّهُ فِتْنَتَـهُ فَلَـن تَمْلِـكَ لَهُ مِـنَ اللَّهِ شَيْئًـا أُولَئِـكَ الَّذِيـنَ لَـمْ يُـرِدِ اللَّهُ أَن يُطَهِّـرَ قُلُوبَهُـمْ لَهُـمْ فِي الدُّنْيَـا خِـزْيٌ وَلَهُـمْ فِي الْآخِـرَةِ عَـذَابٌ عَظِيمٌ**

ئى رەسۇل! ئېغىزلىرىدا «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇپ، دىللىرىدا ئىشەنمەيدىغانلاردىن كۇپۇردا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقانلار سېنى قايغۇغا سالمىسۇن. يەھۇدىيلەشكەنلەردىن بىر تۈركۈمى باركى، يالغانغا

بـەك قـۇلاق سـالىدۇ، سـېنىڭ سـۆھبىتىڭگە ھازىـر بولمىغـان باشـقا قـوۋم (يەنـى خەيبـەر يەھۇدىيلـىرى) نىـڭ سـۆزىگىمۇ بـەك قـۇلاق سـالىدۇ، ئـۇلار سـۆزلەرنى جايلىرىدىـن ـ كونتېكىسـلىرىدىن بۇرمىلىـۋېتىـدۇ. ئـۇلار: «ئەگـەر سـىلەرگە بـۇ (ھۆكـۈم) بېرىلسـە، ئۇنـى قوبـۇل قىلىـڭلار، ئەگـەر ئـۇ بېرىلمىسـە يـىراق تـۇرۇڭلار» دەيـدۇ (بۇمـۇ سـېنى قايغۇغـا سالمىسـۇن). ئـاللاھ بىـر كىمنىـڭ پىتنىگـە گىرىپتـار بولۇشـىنى ئـىرادە قىلىدىكـەن، ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ئاللاھقـا قارشـى قولۇڭدىـن ھېـچ ئـىش كەلمەيـدۇ. ئەنـە شـۇلار ئـاللاھ دىللىرىنـى پاكىزلاشـنى خالىمىغـان كىشـىلەردۇر، ئـۇلار دۇنيـادا خارلىـق-زارلىققـا، ئاخىرەتتـە چـوڭ ئازاب-ئوقۇبەتكـە قالىـدۇ (سـۈرە مائىـدە 42- ئايەت).

## سَمَّاعُونَ لِلْكَذِبِ أَكَّالُونَ لِلسُّحْتِ

(ئـۇلار) يالغانغـا بـەك قـۇلاق سالغۇچىلار، ھارامنـى كـۆپ يېگۈچىلـەردۇر (سۈرە مائىدە 43- ئايەت).

مـەن يۇقىرىقـى ئايەتلەرنـى ھـەر ئوقۇغىنىمـدا ئۇيغـۇر قەۋمىنىـڭ پىسىخىكىسـىنى بـۇزۇش ئۈچـۈنلا دۇنياغـا ئاپىرىـدە بولغانـدەك، ئۇيغـۇر مىللىتىنىـڭ جانىجان مەنپەئەتىگـە قارشـى ھەرقانـداق سـۆز-چۆچەك بولسـا ئاشـۇنى تېپىـپ چىقىـپ، زېھـن دۇنيارىمىزنـى بۇزۇشـقا تىرىشـىدىغان بىرقىسىم زاماندىش جوھوتلارنى ئېسىمگە ئالىمەن.

«مېنىـڭ دىنىـم»، «مېنىـڭ قۇرۇلتىيىـم»، «مېنىـڭ دەۋايىـم»، «مېنىـڭ ۋەتىنىـم»، «مېنىـڭ بايرىقىـم»، «مېنىـڭ خەلقىـم»، «مېنىـڭ دەرنىكىـم»... قاتارلىـق سـۆزلەر ئىختىيارسـىز ئېغىزىدىـن تۆكۈلىدىغـان ئىرادىگـە كەلمىگەنلەرنىـڭ ئۇيغـۇر ئاكتىپلارنـى ئۇنى-بۇنـى دېيىشـىگە، قىلغـان ھاقارىتىنـى دېموكراتىيـە ۋە ئەركىنلىـك رامكىسـى ئاسـتىدا ئېلىـپ بېرىشـىغا ئىچ-ئىچىمدىـن نارازىلىقىمنـى بىلدۈرىمەن. مۇشـۇنداق سۈپەتلىك كىشـىلەر قۇرئـان كەرىمـدە تەنقىـت قىلىنغـان جوھـوت ئوبرازىغـا دەل چۈشـىدۇ. ئەينـى چاغدىكـى جوھـوتلار مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەنـدە ۋاي ئالىيلـىرى! بىـز دېگـەن ئۆزلـىرى بىلـەن بىرسـەپتە دەپ قويـۇپ، رەسـۇلۇللاھقا ئـۇرا كـولاپ، خەيبەرلىـك دۈشـمەنلەرنىڭ پىتنـە گەپلىرىگـە بـەك قـۇلاق سـالغان بولسـا، بىزنىـڭ ئۇيغۇرچـە سـۆزلەيدىغان زامانـداش جوھوتلىرىمىزمـۇ ئېغىزىـدا چوڭ-چـوڭ شـۇئارلارنى تەكـرارلاپ،

گىزى كەلسە ئۇيغۇر دەۋا سىپىدە بىز بىلەن بىر سەپتە دەپ قويۇپ، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ ھەر قانداق پىتنىلىرىگە بىجانىدىللىق بىلەن قوللاق سېلىپ، ھاياتىنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئاتاپ كۆرەش قىلىۋاتقانلارغا زەھەرخەندىلىك قىلىدىكەن.

## خاتا يەرگە ئىشلىتىپ كېلىنگەن «تەۋەككۇل» سۆزى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «تەۋەككۇلچىلىك» بىلەن قۇرئان كەرىمدىكى ۋە ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدىكى «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش» نىڭ قەتئىي مۇناسىۋىتى يوق.

تۆۋەندىكى ئايەتلەردىكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھقىلا تايىنىش تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ دېگەنلىك «دەتتىكامغا ئىش قىلىش» دېگەنلىك بولماستىن، ياراتقۇچىدىن باشقىغا تايانماسلىق، ئىشەنچنى يىگانە ئاللاھقىلا قىلىپ، ئاللاھ بەخش ئەتكەن قابىلىيەتنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىك بولىدىكەن.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قازا ۋە قەدەر، جىھات قاتارلىق بىر پاتمان ئۇقۇملار بورمىلانغان بولۇپ، بۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، بۇ تىكەنلىك يولدا خۇداسىزلارنىڭ قولىغا كوزىر تاشلاپ بەرمىگەن ئاساستا كۆرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر تەۋەككۇل سۆزى تىلغا ئېلىنغان سۈرە ۋە ئايەتلەردۇر:

**وَاللَّهُ وَلِيُّهُمَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ ﴿١٢٢ آل عمران﴾**

ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىگىسىدۇر. ئىمان ئېيتقۇچىلار پەقەت ئاللاھقىلا تايانسۇن (سۈرە ئالى ئىمران 122 ـ ئايەت).

**فَـإِذَا عَزَمْـتَ فَتَـوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يُحِـبُّ الْمُتَـوَكِّلِينَ ﴿١٥٩ آل عمران﴾**

بىر ئىشقا قارار قىلساڭ، ئاللاھقا تايانغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئاللاھقا) تايانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ (سۈرە ئالى ئىمران 159 ـ سۈرە).

**وَإِنْ يَخْذُلْكُـمْ فَمَـنْ ذَا الَّذِي يَنْصُرُكُـمْ مِـنْ بَعْـدِهِ وَعَلَى اللَّهِ**

فَلْيَتَوَكَّلِالْمُؤْمِنُونَ ﴿١٦٠ آل عمران﴾

ئەگەر ئاللاھ سىلەرنى ياردەمسىز تاشلىۋەتسە، ئۇ چاغدا سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا كىم ياردەم بېرەلەيدۇ؟ مۆمىنلەر يالغۇز ئاللاھقىلا تايانسۇن! (سۈرە ئالى ئىمران 160 ـ ئايەت).

فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ وَكَفَىٰ بِاللَّهِ وَكِيلًا ﴿٨١ النساء﴾

سەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن، ئاللاھقا تايانغىن، تايانچ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر (سۈرە نىسا 81 ـ ئايەت).

وَاتَّقُوا اللَّهَ وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ ﴿١١ المائدة﴾

ئاللاھقا تەقۋادار ـ مەسئۇلىيەتچان بولۇڭلار، مۆمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن (سۈرە مائىدە 11 ـ ئايەت).

وَعَلَى اللَّهِ فَتَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ ﴿٢٣ المائدة﴾

ئەگەر (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار ئاللاھقىلا تايىنىڭلار (سۈرە مائىدە 23 ـ ئايەت).

وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَيْءٍ عِلْمًا عَلَى اللَّهِ تَوَكَّلْنَا ﴿٨٩ الأعراف﴾

رەببىمىزنىڭ بىلىشى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىز ئاللاھقىلا تاياندۇق (سۈرە ئەئراف 89 ـ ئايەت).

وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا وَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ ﴿٦١ الأنفال﴾

ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تايانغىن (سۈرە ئەنفال 61 ـ ئايەت).

**وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ ﴿٥١ التوبة﴾**

مۆمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن (سۈرە تەۋبە 51- ئايەت).

**فَإِنْ تَوَلَّوْا فَقُلْ حَسْبِيَ اللَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ﴿١٢٩ التوبة﴾**

(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (سەندىن) يۈز ئۆرۈسە، سەن: «ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تاياندىم» دېگىن (سۈرە تەۋبە 129- ئايەت).

**فَعَلَى اللَّهِ تَوَكَّلْتُ فَأَجْمِعُوا أَمْرَكُمْ وَشُرَكَاءَكُمْ ﴿٧١ يونس﴾**

مەن پەقەت ئاللاھقىلا تاياندىم، سىلەر ئىلاھلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە جەم بولۇپ (مېنى قەستلەش ئۈچۈن) نېمە قىلىدىغانلىقىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار (سۈرە يۇنۇس 71- ئايەت).

**إِنْ كُنْتُمْ آمَنْتُمْ بِاللَّهِ فَعَلَيْهِ تَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُسْلِمِينَ ﴿٨٤ يونس﴾**

ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە تەسلىم بولغان بولساڭلار، ئۇنىڭغىلا تايىنىڭلار (سۈرە يۇنۇس 84- ئايەت).

**فَقَالُوا عَلَى اللَّهِ تَوَكَّلْنَا رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ ﴿٨٥ يونس﴾**

ئۇلار ئېيتتى: «يالغۇز ئاللاھقىلا تايانىدۇق. ئى رەببىمىز! بىزنى زالىم قوۋمنىڭ بېسىم-زىيانكەشلىكىگە دۇچار قىلمىغايسەن» (سۈرە يۇنۇس 85- ئايەت).

**إِنِّي تَوَكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ رَبِّي وَرَبِّكُمْ ﴿٥٦ هود﴾**

شۈبھىسىزكى، مەن مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان

ئاللاھقا تاياندىم (سۈرە ھۇد 56 ـ ئايەت).

**وَمَـا تَوْفِـيقِي إِلَّا بِـاللَّهِ عَلَيْـهِ تَوَكَّلْـتُ وَإِلَيْـهِ أُنِيـبُ ﴿٨٨ هود﴾**

ئاللاھنىــڭ ياردىمــى بولغانــدىلا ئاندىــن مۇۋەپپەقىيــەت قازىنالايمــەن، ئۇنىڭغىلا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن (سۈرە ھۇد 88 ـ ئايەت).

**وَإِلَيْهِ يُرْجَعُ الْأَمْرُ كُلُّهُ فَاعْبُدْهُ وَتَوَكَّلْ عَلَيْهِ ﴿١٢٣ هود﴾**

ھەممــە ئىــش پۈتۈنلــەي ئۇنىڭغــا قايتۇرۇلــىدۇ (يەنــى ئاللاھنىــڭ دىگــەن بىرىگــە كىلىــدۇ). شۇڭا ئۇنىڭغــا بەندىچىلىــك قىلىــڭلار، ئۇنىڭغــا تايىنىڭلار (سۈرە ھۇد 123 ـ ئايەت).

**إِنِ الْحُكْـمُ إِلَّا لِلَّهِ عَلَيْـهِ تَوَكَّلْـتُ وَعَلَيْـهِ فَلْيَتَـوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُـونَ ﴿٦٧ يوسف﴾**

بارچــە ھۆكــۈم پەقــەت ئاللاھقــىلا مەنسۇپتۇر. مــەن ئاللاھقــا تايانــدىم، تايىنىدىغانلار پەقەت ئاللاھقىلا تايانسۇن (سۈرە يۈسۈپ 67 ـ ئايەت).

**قُـلْ هُـوَ رَبِّي لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُـوَ عَلَيْـهِ تَوَكَّلْـتُ وَإِلَيْـهِ مَتَـابِ ﴿٣٠ الرعد﴾**

(ئــى مۇھەممــەد! بــۇ مۇشــرىكلارغا) ئېيتقىنكــى: «ئــۇ مېنىــڭ رەببىمــدۇر، ئۇنىڭدىــن باشــقا ھېــچ ئــىلاھ يوقتــۇر، مــەن ئۇنىڭغــىلا تايانــدىم ۋە ئۇنىــڭ ھۇزۇرىغا قايتىمەن» (سۈرە رەئىد 30 ـ ئايەت).

**وَمَــا كَانَ لَنَا أَنْ نَأْتِيَكُــمْ بِسُــلْطَانٍ إِلَّا بِــإِذْنِ اللَّهِ وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِالْمُؤْمِنُونَ ﴿١١ ابراهيم﴾**

ئاللاھنىــڭ رۇخستىســىز ســىلەرگە ھېچقانــداق (مۆجىزىــۋى) دەلىــل ـ پاكىــت كەلتۈرۈش قولىمىزدىــن كەلمەيدۇ. (چىــن يۈرەكتىــن ئىشــىنىدىغان)

مۆمىنلەر پەقەت ئاللاھقىلا تايانسۇن (سۈرە ئىبراھىم 11 ـ ئايەت).

**وَمَا لَنَا أَلَّا نَتَوَكَّلَ عَلَى اللَّهِ وَقَدْ هَدَانَا سُبُلَنَا ﴿١٢ ابراهيم﴾**

ئاللاھ بىزنى (مېڭىشقا تېگىشلىك) يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئاللاھقا تايانمايمىز؟ (سۈرە ئىبراھىم 12 ـ ئايەت).

**وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَىٰ مَا آذَيْتُمُونَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُونَ ﴿١٢ ابراهيم﴾**

سىلەرنىڭ بىزگە سالغان جەۋرۇجاپالىرىڭلارغا ئەلۋەتتە بەرداشلىق بېرىمىز. تايانغۇچىلار ئاللاھقا تايانسۇن! (سۈرە ئىبراھىم 12 ـ ئايەت).

**وَتَوَكَّلْ عَلَى الْحَيِّ الَّذِي لَا يَمُوتُ وَسَبِّحْ بِحَمْدِهِ ﴿٥٨ الفرقان﴾**

سەن ۋاپات تاپماي مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئاللاھقا تايانغىن. ئۇنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئۇلۇغلىغىن ـ تەسبىھ ئېيتقىن (سۈرە فۇرقان 58 ـ ئايەت).

**وَتَوَكَّلْ عَلَى الْعَزِيزِ الرَّحِيمِ ﴿٢١٧ الشعراء﴾**

سەن مۇتلەق ئۈستۈن، ناھايىتى رەھىمدىل ئاللاھقا تايانغىن (سۈرە شۇئەرا 217 ـ ئايەت).

**فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّكَ عَلَى الْحَقِّ الْمُبِينِ ﴿٧٩ النمل﴾**

(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھقا تايانغىن، شۈبھىسىزكى، سەن روشەن ھەق ئۈستىدەسەن (سۈرە نەمله 79 ـ ئايەت).

بىز پەقەت ئاللاھقىلا تايىنىمىز، لېكىن ئاللاھ ياراتقان قانۇنىيەت بويىچە قاتتىق تىرىشىمىز، ھېچبىر ئىشنى «دەتتىكام» دەپ ئاتمايمىز.

# توردا «ھۇمەزە» ۋە «لۇمەزە» لىك قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر

ھۇمەزە ۋە لۇمەزە دېگەن نېمە، بىلەمسىز؟

قۇرئان كەرىمدە «ھۇمەزە» سەرلەۋھەلىك بىر سۈرە بار بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ بېشى «بارچە غەيۋەتخور، قاش-كۆز ھەرىكىتى بىلەن مەسخىرە قىلغۇچىنىڭ ھالىغا ۋاي!» دەپ باشلىنىدۇ.

بۇ سۈرىدە ئۇلۇغ ئاللاھ ئۈچ خىل پىرسۇناژنى ناھايىتى دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، بىز «غەيۋەتخور» دەپ قىسقا تەرجىمە بېرىپ كەلگەن «ھۇمەزە» پېئىلى بولۇپ، بۇ پېئىل باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىش، ئۇنى-بۇنى دەپ ئەيىپلەپ قۇسۇر ئىزدەش، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ سۆز ياكى يازمىلىرى ئارقىلىق بىراۋنىڭ يۈز-ئابرويىنى تۆكۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى پىرسۇناژ «لۇمەزە» لىك بولۇپ، بۇ بىراۋنى مەنسىتمەسلىك، مەسخىرە قىلىش، زاڭلىق قىلىش قاتارلىق قىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى پىرناسۇناژ بولسا، مال-دۇنياغا چوقۇنۇپ، ئولتۇرسا-قوپسا غېمى مال-دۇنيادىلا بولىدىغان، ھالال-ھارامنى ئىلغىمايدىغان، پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق يامانلىقنى قىلىشتىن تەپ تارتمايدىغان، يوقسۇللارغا، يېتىم-يېسىرلارغا ياكى دەۋا يولىدا پۇل سەرپ قىلىشقا رايى بارمايدىغان ناچار خۇينى كۆرسىتىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسى تۆۋەندىكىچە:

بارچە غەيۋەتخور، قاش-كۆز ھەرىكىتى بىلەن مەسخىرە قىلغۇچىنىڭ ھالىغا ۋاي (1)! ئۇ مال ـ مۈلكۈم مېنى ئاداققىچە ياشىتىدۇ دەپ چاغلاپ، (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماستىن) مال-مۈلۈك توپلاش ۋە ئۇنى ساناش بىلەنلا بولۇپ كەتتى (2). ياق، ئۇ چوقۇم ھۇتەمەگە تاشلىنىدۇ (4). سەن ھۇتەمەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ (5). ئۇ يۈرەكلەرگە ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئاللاھنىڭ يېقىلغان ئوتىدۇر (6 ـ 7). ئۇلار چوقۇم ئۇزۇن دىملەر بىلەن تاقىلىدىغان دوزاختا سولىنىدۇ ( 8 ـ 9).

ئۆزىمىزنىڭ ھالىمىزغا باقماي ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانلارنىڭ يامان گېپىنى قىلساق، ئەيىبىنى كولاپ قىلىۋاتقان

ئىشىغا توپا چاچساق، ئۆزىمىز ئوڭدا يېتىۋېلىپ ئاكتىپ ياخشىلارغا ئورا كولىساق، مەھشەر كۈنى بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ھۆتەمەگە بىلەت ئالغان بولىمىز ـ شۇ.

يەنە سۆرە ھۇجۇراتنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىمۇ تېمىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك:

مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، (ئارىسى يىرىكلىشىپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئاللاھقا تەقۋادار ـ مەسئۇلىيەتچان بولۇڭلار، ئۈمىدكى مېھىر ـ شەپقەتكە سازاۋەر بولغايسىلەر (10). ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، (كىم بىلىدۇ؟) بەلكىم مەسخىرە قىلىنغان قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ ئۆز ئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (كىم بىلىدۇ؟) بەلكىم مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر ـ بىرىڭلارنى قارىلىماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا لەقەم قويماڭلار، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن «پاسىق» دېگەن ئاتاققا قېلىش نېمىدېگەن يامان! (بۇنداق چەكلەنگەن ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلغانلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر (11). ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! تولا گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر. (كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى) كوچىلىماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى، يامان گېپىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار ياقتۇرمايسىلەر. ئاللاھقا تەقۋادار ـ مەسئۇلىيەتچان بولۇڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىمدىلدۇر (12).

# ئۆز گەپ قىلىش مۆمىنلەرنىڭ، سەت گەپ قىلىش مۇناپىقلارنىڭ خىسلىتى

فەيسبۇك ۋە ۋاتساپ قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېقىپ يۈرگەن ئاجايىپ سەت پاراڭلاردىن بەكمۇ بەك سەسكەندىم ۋە مۇنۇ ئايەت، ھەدىسلەر ئېسىمگە كەلدى.

**عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ عُقْبَةَ بْنِ عَمْرٍو الْأَنْصَارِيِّ الْبَدْرِيِّ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنَّ مِمَّا أَدْرَكَ النَّاسُ مِنْ كَلَامِ النُّبُوَّةِ الْأُولَى: إِذَا لَمْ تَسْتَحِ فَاصْنَعْ مَا شِئْتَ» . رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ**

ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بارچە ئەنبىيالاردىن ئىنسانىيەتكە يېتىپ كەلگەن سۆز شۇكى: <شەرمى-ھايارىڭ بولمىسا خالىغىنىڭنى قىل>» (بۇخارى).

**وَإِذَا رَأَيْتَهُمْ تُعْجِبُكَ أَجْسَامُهُمْ وَإِنْ يَقُولُوا تَسْمَعْ لِقَوْلِهِمْ كَأَنَّهُمْ خُشُبٌ مُسَنَّدَةٌ يَحْسَبُونَ كُلَّ صَيْحَةٍ عَلَيْهِمْ هُمُ الْعَدُوُّ فَاحْذَرْهُمْ قَاتَلَهُمُ اللَّهُ أَنَّى يُؤْفَكُونَ**

سەن ئۇ (ئىككى يۈزلىمچى-مۇناپىق) لارنى كۆرگەن چېغىڭدا سىرتقى قىياپىتى، بەدەن قۇرۇلۇشى سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، (گېپىنىڭ جەلپكارلىقىدىن) سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ قالىسەن، (قەلبىنىڭ ئىماندىن خالىيلىقىدا) ئۇلار گويا يۆلەپ قويۇلغان (چۈرۈك) كۆتەكلەرنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇلار (توخۇ يۈرەكلىكىدىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزىگە قارشى زىيانلىق دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ھەقىقىي دۈشمەندۇر، شۇڭا ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، ئاللاھ ئۇلارنى گۇمران قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدىغاندۇ؟ (سۈرە مۇنافىقۇن 4- ئايەت).

**وَقُولُوا لِلنَّاسِ حُسْنًا**

ئىنسانلارغا چىرايلىق گەپ قىلىڭلار (سۈرە بەقەرە 83ـ ئايەت).

**عــن عبــدالله بــن عمــرو (رضي الله عنهمــا) عــن النبي ـ صلى الله عليــه وســلم ـ قــال: «أربــع مــن كــن فيــه كان منافقــا، ومــن كانــت فيــه خصلــة منهــن كانــت فيــه خصلــة مــن النفــاق حتى يدعهــا: إذا حــدّث كــذب، وإذا وعــد أخلــف، وإذا خاصــم فجــر، وإذا عاهــد غــدر» (اخرجــه البخاري ومسلم).**

ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئۆمەردىــن راۋايــەت قىلىنىشــىچە، مۇھەممــەد ئەلەيھىسسالام مۇنــداق دېگــەن ئىكــەن: «تــۆت ئىللــەت باركــى، ئــۇلار كىمدە كۆرۈلســە ئــۇ مۇناپىقتــۇر. ئــۇ ئىللەتلەرنىــڭ بىرەرســى ھەرقانــداق كىشــىدە ســادىرلا بولىدىكــەن، تاكــى ئۇنــى تــەرك ئەتمىگۈچــە ئــۇ كىشــىدە مۇناپىقلىقنىــڭ بىــر ئىللىتــى تېپىلغــان بولىدۇ؛ گەپ قىلسا يالغــان ئېيتىدۇ، ۋەدە قىلســا ۋەدىســىدە تۇرمايــدۇ، تاكاللىشــىپ قالســا ئاغزىنــى بۇزىــدۇ، توختام تۈزسە رىيائىيە قىلمايدۇ (بۇخارى ۋە مۇسلىم).

بىــز بۇنــداق ئۇرۇشــقاق، جېدەلخــور، چۇجەخــوراز ئەمــەس ئىــدۇق. بىزگە نېمە بولغاندۇ؟

## سەلمان رۇشتىنى باغرىغا باسقانلار گوللاندىيەلىك لالەگۈلنىمۇ باغرىغا باسقان

ئېيتىشلارغا قارىغانـدا، گوللاندىيـەدە تـۈرك ئاتا-ئانىنىـڭ پۇشـتىدىن تۆرىلىـپ چـوڭ بولغـان 23 ياشـلىق لالەگـۈل ئـۆز كەچۈرمىشـلىرىنى چۆرىدىگـەن ھالـدا گوللانـد تىلـدا «Ik ga leven» (ياشاۋاتىمەن) ناملىـق بىـر رومـان يازغـان. گوللاندىيـە تىلىنـى كۈندىلىـك ھاجىتىدىـن چىققۇدەكلا بىلىدىغـان ئاتا-ئانىسـى باشـتا «قىزىمىـز ھـەر نىمـە بولسـا گوللاندىيـە تىلىـدا رومـان يېزىۋاتىدۇغۇ!» دەپ بـەك ئېرەنسـىمىگەن. كىتـاپ بېسىلىـپ تارقىتىلغـان كۈنىنىـڭ ئەتىسـىدىن بـاشلاپ تـۈرك ئاتا-ئانىغـا تـەرەپ تەرەپتىـن تېلىفـۇنلار كېلىـپ نارازىلىـقلار ۋە تـىل- ھاقارەتلـەر يېغىشـقا، لالەگۈلگـە ئۆلـۈم تەھدىتلـىرى قىلىنىشـقا باشـلىغاندا كىتاپقا قارىسـا، تـۈرك ئۆرپ-ئادەتلـىرى «مەتـۇ» دەپ مەسـخىرە قىلىنىدىغـان ۋە مۇسـۇلمانلارنى يەرگە ئۇرىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغان ئىكەن.

ئوغـۇللار بىلـەن ئايناقشـىپ مۇھەببەتلىشـىپ يۈرۈشـىنى توسـقان، دىسـكوغا بېرىشـىغا قارشـى تۇرغـان ئاتا-ئانىسـىغا دەرغـەزەپ بولـۇپ، ئۆزىنىـڭ ئىـسلام دىنىدىـن يانغانلىقىنـى قەلەمگـە ئالغان لالەگـۈل كىتاۋىـدا دادىسـىنى «خـوراز»، ئانىسـىنى «سـۈۋەرەك» دەپ ھاقارەتلـەپ، ئىـسلام دىنى قائىدە-يۇسۇنلىرىنى مەسخىرە تېمىسى قىلغان.

لالەگـۈل باشـتا ئۆيدىـن تالاغـا چىقالمايدىغـان، ئـادەم بـار يەرگـە بارالمايدىغان ئوخشايمەن دەپ ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرسا، تۇساتتىن ئامستېردام شـەھەر باشـلىقىنىڭ ئالقىشـىغا ئېرىشـكەن ۋە گوللاندىيەدىكـى بىـر قىسـىم تاراتقۇلارنىـڭ چولپىنىغـا ئايلانغـان. يەرلىـك بـەزى تېلېۋىزىيـە قانالللـىرى خۇددى ئەنگۈشـتەر تېپىۋالغانـدەك خۇشـال بولـۇپ، لالەگۈلنـى «ئەركىنلىـك ئىزدىگۈچى فېمىنىسـت» دەپ پارقىرىتىپ، تۈرك ۋە مۇسـۇلمان ئەنئەنىسـىنى قاتتىـق تەنقىتلىگـەن. بـۇ ۋەقەدىـن كېيىـن لالەگۈلنىـڭ دادىسـى تـۈرك جامائىتىدىـن ئايرىلىـپ قالغـان بولسـا، ئانىسـى بـۇ زەربـە تۈپەيلـى ئېغىـر كېسەلگە گىرىپتار بولغان.

ئەينـى چاغـدا ھىندىسـتاندا تۇغۇلـۇپ كېيىـن ئەنگلىيىـدە ئۆرلـەپ

ئوقۇغان مۇرتەد سەلمان رۇشتىمۇ «شەيتانىنىڭ ئايەتلىرى» نامدا كىتاپ يېزىپ، ئىسلام دىنىغا قاتتىق ھاقارەت قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇ كىتاۋىمۇ غەربتە مۇكاپاتلانغان ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، تېخى يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئالدىدا بىر ئۇيغۇر «مەن شىنجاڭدىن كەلدىم» دەپ كىتاپ يېزىپ، خىتاي مېدياسىنىڭ چولپىنىغا ئايلانغان ئىدى. چولپان بولۇش ئاسان، مەسىلە ھەقىقەتنىڭ چولپىنى بولۇشتا.

ئىنشائاللاھ، ئۇيغۇرلاردىن سەلمىناخۇن، لالەگۈلخانلار چىقمىغاي!

## بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈش — پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرۈش

بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈش، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرۈش بىلەن باراۋەر؛ بىر ئىنساننىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش بولسا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش بىلەن باراۋەر!

بۇ پىرىنسىپ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان نازىل قىلغان ۋەھىيلىرى ۋە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق بىز ئىنسانلارغا تاپىلاپ كەلگەن پەند-نەسىھەتىدۇر.

**مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ كَتَبْنَا عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنَّهُ مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا وَلَقَدْ جَاءَتْهُمْ رُسُلُنَا بِالْبَيِّنَاتِ ثُمَّ إِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم بَعْدَ ذَلِكَ فِي الْأَرْضِ لَمُسْرِفُونَ**

شۇ سەۋەبتىن بىز (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا: «كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ خۇددى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ؛ كىمكى بىرەر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرغاندەك بولىدۇ» دەپ يازغان ئىدۇق. پەيغەمبەرلىرىمىز ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا راستتىنلا ئوچۇق پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ تولىسى زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى (سۈرە مائىدە 32- ئايەت).

ئەھلى سۈننەتنىڭ «ئەقائىد» كىتاپلىرىدا ئەھلى قىبلىنى تەكپىر قىلماسلىق (كاپىر دېمەسلىك) تۈپ پىرىنسىپ دەپ تەكىتلەنگەن ۋە ئايەت ھەدىس بىلەن دەللىنىپ كېلىنگەن.

شىئە مەسچىتىنى بومبىلاتقان خىتاي چۈلۋىرى، قولىدىكى ئاتالمىش خىلاپەتچى مەنتىقىسىنى ئىشقا سېلىپ، قورچاق ئۇيغۇر زوۋان ئالۋاستىلارغا

«شـىئەلەرنىڭ بۇتخانىسـىنى پارتىلىتىـپ، تالىبانغـا زەربـە بـەردۇق» دېگۈزۈشكە باشلاپتۇ. مەسچىت قاچاندىن بۇيان بۇتخانا بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ ماڭا بىر قىسىم سەلەپىيلەرنىڭ بەزى ئاشقۇن پىكىرلىرىنى ئەسلەتتى. ئۇلارنىڭچە، سەلەپى ئەقىدىسىدە ئەمەسلەر «مۇشرىك» دەپ قارىلاتتى. ئەقىدە قىڭغىر كەتسە، مۇشۇنداق بالايى-ئاپەتنىمۇ دىن نامىدىن ئېلىپ بارىدىغان، بىرىنى مۇرتەد دەپ ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىرىنى كاپىر دەپ ئۆلتۈرۈدىغان، ئەھلى قىبلىنىڭ مەسچىتى كۆزىگە «بۇتخانا» كۆرۈنىدىغان ئىش چىقىدۇ.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرىمۇ بىر ئىككى تەتۈر پىشانە تايلاندقا بېرىپ بۇتخانىنى پارتلاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەندىمۇ، ئۇيغۇر ئوبرازىغا داغ يەتكۈزۈلگەن ئىدى.

ھېلىغۇ بىرەر شىئە مۇسۇلمانىنىڭ سەجدىگاھىنى بومباردىمان قىلىش ئىكەن، مۇسۇلمان ئەمەس ھەرقانداق بىگۇناھ جانغا زامىن بولۇشىمۇ ئەقەللى بىر ئىنسانىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. دىنىي ئىلىم بىلەن ھەپىلەشكەنلەر ئەقىدىسىنى قايتىدىن قۇرئان كەرىم بويىچە رۇسلاپ، مەزكۇر ئايەتنى زىكىر-تەسبىھ ئورنىدا ئوقۇشى زۆرۈر بولغان زامانىدا ياشاۋاتىمىز.

# ياۋروپا ھەققىدە ئىككى شىڭگىل قاڭسىق گەپ

بىۇرۇنلاردا تۈركىيىەدە ئۇيغىۇرلار ئۇچرىشىپ قالسا بىر ـ بىرىدىن: «ئىقامىتىڭىز چىقتىما؟» دەپ سورىشاتتىكەنتۇق، كېيىن «نوپۇسىڭىز چىقتىما» دەپ سورايدىغان بولغانمىش، ئەمدى «ياۋروپاغا ماڭمىدىڭىزما؟» دەپ سورايدىغان بولدىمۇ نېمە؟

مەن ھازىرغا قەدەر، ئالاھەزەل، بىرەر يۈزدەك ئۇيغۇرنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى سوئالىغا يۈز تۇرانە، تور ۋە تېلېفون ئارقىلىق مەسلىھەت بېرىپتىمەن. مەسلىھەتىم بويىچە كېلىۋالغانلارمۇ، ۋاز كەچكەنلەرمۇ خېلى بار. ئۇلار بىلەن مۇبالىغە قىلماي، يۇشۇرماي، قىزغانماي پايدىلىق دەپ قارىغان جەريانلارنى ئورتاقلىشىپ كەلدىم. بىرەر ئۇيغۇرنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىكىگە چىراق بولالىساق ساۋاب دېگەن ئەنە شۇ.

ياۋروپاغا كېلىۋالغان بىلەن ھەممە ئىش تەل بولۇپ كەتمەيدۇ، ياۋروپانىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق جاپاسى بار. ياۋروپا چۈشى كۆرگەنلەر ياۋروپاغا كېلىپمۇ ئوسماڭلارغا قانىسىلەر! سىلەرنى ياۋروپادىكى ساقچىلار قىزىل گىلەم سېلىپ كۈتۈۋالمايدۇ، پەقەت ئىنسانى نوقتىدىن ۋاقتىلىق تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ ـ شۇ. بۇ يەر راۋايەتلەردىكىدەك، كىنو ئېكرانلىرىدىكىدەك ئۇنچىۋالا گۈل ـ گۈلىستانلىقمۇ ئەمەس. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن قوينىڭ ئارىسىغا ئۆچكە كىرىپ قالغاندەك تىكەندەك ياشاشقا باشلايدىغان گەپ. قوبۇل قەغىزىڭلار چىقىپ بولغۇچە ئايلاپ، ھەتتا يىللاپ ئوپچە ياشايدىغان كامپتا ھەر ۋاخ تاماق يېگەندە خورسىنىپ، يۈزۈڭلار قىزىرىپ تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولىدىغان ئىشلار بار (مۇتنى ئېلىشمۇ ئاسان ئەمەس. بالىلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ كەمبەغەللىكتىن باشلايدۇ). بارغان دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكىمۇ نەچچە يىل كېتىدۇ، تىل ئۆگىنىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلەر ياكى تىل ئۆگىنىش قابىلىيىتى يوقلارنىڭ ئىشى سەل ئېچىنىشلىق. نى ـ نى تەقۋا ئادەملەر لەقۋالىشىپ كېتىدىغان ئىشمۇ، يالغۇز ياشاپ پىسخىكىدىن چاتاق چىقىپ، توردا ھە دېسە مۇسۇلماننى، تۈركنى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ تىرىكلىرى ئاز كېلىپ قالسا، ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى گورىدىن سۆرەپ چىقىپ تىللاپ، يۇخادىن چىقماقچى

بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ سادىر بولىدۇ. شۇڭا غەربتە ياشايدىغان بىزلەردە ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلاردىن، نەزەرىيەچىلەر سەل كۆپراق بولۇشىدىكى سەۋەپ ئەنە شۇ.

ئۇيغۇرچە بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقى بولمىغان شۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشمۇ ئاسان ئەمەس، تىل ئۆگىنەلمىسە ئىش تاپالماي بەشكاپالەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدىغان، گرازدانلىققا ئىلتىماس سۇنالمايدىغان، گاس-گاچا بولۇپ ياشايدىغان بىر مۇھىت سىلەرنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئاردا سىلەرگە ئۇيغۇرچە ئىنجىل ئەكىلىپ سۇفلەپ، ئەيسا خۇدا نامىدىن دۇئا قىلىشقا باشلايدىغانلارمۇ، يەھۋا، مورمون تەرىقىتىگە مۇرىت قىلىش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن تۇتقىلى كېلىدىغانلارمۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بېرىپ باھائىي، قادىيانى پىرقىسىغا دەۋەت قىلىپ، مەھدىيچىلىك ئارقىلىق سىلەرنى نىجاتلىققا چىللايدىغانلەرمۇ يولۇقىدۇ. ئۇلار ئادەتتە پەرىشتە سۈپەت بولۇپ، سىلەرنى مەھلىيا قىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ، ئۆتمۈشۈڭلارنى ۋە قايسى قەۋمدىن كەلگەنلىكىڭلەرنى زىنھار ئۇنتۇماڭلار.

بۇ يول تىكەنلىك يول، پۇرسەتلەر بولغانغا لايىق، خىرىسلىرىمۇ كۆپ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن پاراۋانلىققا ئېرىشكەن بىلەن، چىڭ تۇرمىساڭلار مەنىۋى دۇنيارىڭلار بارغانسېرى زەربىگە ئۇچرايدۇ. ئىنسان دېگەن ئۆزگىرىشچان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، بارا-بارا مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇقەررەر. بۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ يەكۈنى.

قوبۇل قەغىزىڭلار چىقىپ نورمال ھاياتقا قەدەم باسقاندا، ئىش تېپىپ ئىشلەشكە باشلىغان كۈنى ئالغان مائاشىڭلارنىڭ 15 ـ 20 پىرسەنتىنى دۆلەتكە تاپشۇرۇشۇڭلار كېرەك. ئەگەر باج ئوغۇلارپ ياكى قارا ئىشلەپ دۆلەتنى ئالدىساڭلار، ئىشلەپ تۇرۇپ سوسيالدىن پۇل ئالساڭلار «قۇل ھەققى» يېگەن بولىسىلەر، بۇ قۇل ھەققىنىڭ كەچۈرگىسىز ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى قۇرئاندىلا ئەمەس، بارلىق ساماۋى كىتاپلاردا، ھەتتا بۇددا نومىدىمۇ تەكىتلەنگەن. شۇڭا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئالدامچىلىق قىلغانلار بىزدىن ئەمەس» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئىنساۋىڭلار بولسا ئۇيغۇر تۇپلۇقىغا ئارىلىشىپ، كۆك بايراقتىن قورقماي ئايدا-يىلدا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان

خىتايغا قارشى نامايىشقا كېلەلەيسىلەر. ئىنساۋىڭلار بولمىسا، ئاستا خىتاينىڭ ئاشخانىسىدا قاچا يۇيۇپ، مىڭكاۋخەنلەردىن تەشكىل تاپقان توپلۇقۇڭلارنى قۇرۇپ، ئىچىپ-چېكىپ ياشاپ كېتىۋېرىسلەر.

مەن ئالدىنقى ھەپتە خېلسىنكى تۈرك دىيانەت مەسچىتىدىكى بىر يىغىلىشقا قاتناشقان ئىدىم. يىغىن تۈگىگەندە بىر نەچچىمىز مۇڭدىشىپ قالدۇق، ئىمام: «مەن تۈركىيەگە قايتسام <فىنلاندىيە تۈرك جامائىتى ئۆلدى> دەپ جىنازە نامىزى ئوقۇيمەن» دېدى ۋە سەۋەبىنى دەپ كېلىپ، 10 مىڭ تۈرك ياشايدىغان فىنلاندىيەدىكى تۈرك دېئاسپوراسىدىن بەك ئەپسۇسلىنىپ، كىملىكىنى يوقۇتۇپ قويۇۋاتقان ئەۋلاتلارنى مىسالغا ئېلىپ ئۆتتى، ھەتتا ئالدىنقى يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۈرك ئاشپۇزۇل ۋە كارخانىچىلارنى دۇكانمۇ-دۇكان بېرىپ زىيارەت قىلىش جەريانىدا بەزى كارخانىچىلارنىڭ «مەرھەمەت» دەپ بىر پىيالە چاي قۇيۇشقىمۇ رايى بارمىغانلىقىدىن ئېچىنىپ ئۆكۈندى.

خېلسىنكى دىيانەت جەمەسىنى تۈركىيە دىيانەت باشقارمىسى پۇل چىقىرىپ سېتىۋالغان ۋە ئىمامنىڭ مائاشىنىمۇ دۆلەت ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئىمام ناماز ھەققى ۋە ئۆشرە-زاكات ئالىدىغان ھالدا ئەمەس ئىدى. پۇل ئالماي قۇرئان كەرىم ئۆگىتىمەن دېسە كېلىدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ، مەسچىتكە كېلىدىغان جامائەتنىڭ ئازلىقى ئىمامنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ قويۇپتۇ. مەزكۇر ئىمام يەنە بىر يىلدىن كېيىن تۆت يىللىق خىزمەت مۇددىتىنى توشقۇزۇپ، تۈركىيەگە قايتىدىكەن. مەن ئىمامغا تەسەللى بېرىپ: «غوجام، سىلى بولسىلىرىمۇ ئۈمىتلىرىنى يوقاتمىسىلا! ....» دېدىم ۋە شارت قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىمىنىڭ تۈرك قېرىنداشلاردىن بەتەر ئەھۋالى ئېسىمگە كەلدى.

مەن ياۋروپادىكى بەزى ئاچچىق رېئاللىقنى ئورتاقلاشتىم. ھەر كىمنىڭ مۇھىم دەپ بىلىدىغانلىرى، قىممەت قاراشلىرى پەرقلىق بولغاچقا، يازمىنى ئۆز كونتېكسىدا چۈشىنىپ پايدىلىنىشىڭلارغا تىلەكداشمەن. مەن پەقەت بىرقىسىم سەلبى تەرەپلەرنىمۇ دەپ قوياي دېدىم، خالاس.

## تو ۋا دېمىسە!

ئادەم دېگەن راستىنلا مۇشۇكتىنمۇ ئۆتە تۇز كور نېمىكەن، شۇڭا خۇدايىم:

إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَكَفُورٌ

ئىنسان ناھايىتىمۇ تۇزكوردۇر (سۈرە ھەج 66 ـ ئايەت) دەپ بىكارغا ئېيتماپتىكەن.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى ھۆرمەتلىك ئەردوغان ئەپەندىم تۆنۈگۈنكى ب د ت نىڭ 76 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدىكى نۇتقىدا زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنى تىلغا ئالغاندا، ئەڭ بېشىدا دىپلوماتىك «داڭقان پوت» ئۇسلۇپ بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتسە، بۇنىڭغا خۇشال بولماقتا يوق، «بېسىۋېلىنغان زېمىن دېمىدى»، ئۇنى دېمىدى، بۇنى دېمىدى، باشقا غەرىزى بارەي... ئاقلەي ـ شاقلەي... دېگەنلەر چىقىپتۇ، تېخى ئالدىرىمساق «بۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى باشقا ئىدى، تۈركچىنى بىزگە بورمىلاپ تەرجىمە قىلىپتۇ» دەپ مەسىلىنى سۇلاندۇرۇشقا ئورۇنىدىغانلارمۇ چىقىدۇ. مۇشۇ يازمىنى ئوقۇۋاتقانلىرىڭلارنىڭ نۇرغۇنى تېخى ۋەتەندىكى چاغدا، 2009 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن ئەردوغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا «بۇ بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر. بىز بۇ مەسىلىنى ب د ت غا كۆتۈرۈپ چىقىمىز» دېگەندە، دۇنيا مەتبۇئاتلىرى بۇنى «چاقماق خەۋەر» قىلىپ تارقاتقان ئىدى. شۇ چاغدىمۇ ئىچىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئەردوغاننىڭ بۇ گېپىنىمۇ باشقا ياقلارغا تارتىپ باققان ئىدى. دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى، دىپلوماتىك نۇتۇقنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس بولمىسا بۇ زاتى مۇھتەرەملەر.

ناۋادا بىرەر غەرب دۆلىتىنىڭ رەئىسى چىقىپ ب د ت مۇنبىرىدە مۇشۇنچىلىك گەپنى قىلغان بولسا، ھەقچان دوپپىسىنى بېشىغا ئېتىپ كېتىشەتتى. دېمەك، قوش ئۆلچەملىك تارازا مودىلى قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس، جۇمۇ!

بىز بىر دۆلەت ئىگىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالىغۇدەك سەۋىيىگە يېتىشىمىز كېرەك. بىرلىكتە بايراق كۆتۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش قولىمىزدا ئەمەسمۇ؟

يەنە نېمىگە غىڭشىيسەن دەيمەن، ئەي، غاپىل ئۇششۇقلار؟!

ۋەتەننى خىتايغا تۇتقۇزۇپ قويغانلار بىز تۇرۇپ، يەنە نېمانچە باشقىلاردىن ئارتۇقچە نەرسە تەلەپ قىلىمىز؟

## ياۋروپا، تۈركىيە ۋە مەككە-مەدىنىمۇ ئاللاھنىڭ

بۇ تېما توۋەندىكى ئايەتتە ئېنىق ئىپادىلەنگەن:

**وَلِلَّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا فَثَمَّ وَجْهُ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ**

شەرقمۇ، غەربمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھنىڭدۇر، مەيلى قايسى تەرەپكە يۈزلەنمەڭلار، ئاللاھنىڭ زاتى-تەرىپى شۇ يەردىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھەممە نەرسىنى) قورشاۋى ئىچىدە تۇتقۇچىدۇر، (ھەممىنى) بىلگۈچىدۇر (سۈرە بەقەرە 115- ئايەت).

مەن ئالدىنقى ھەپتە ئەرەبلەرنىڭ كلابھائۇزدىكى بىر مۇنازىرىسىگە داخىل بولۇپ قاپتىمەن، قارىسام مۇنازىرە تېمىسى «ياشلار نېمىشقا غەربكە كۆچۈپ كېتىشكە بۇنچىۋالا ھەۋەس قىلىدۇ؟ ۋەتىنىمىز شۇنچىۋالا ناچارمۇ؟» دېگەن مەزمۇندا ئىدى. تېما بارا-بارا كېڭىيىپ، دىن نامىدىن شەرھىلىنىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئاساسەن ياش ئەۋلاتلارنىڭ غەربكە بېرىپ، ئۇزۇن يىل ئۆتكەندىن كىيىن بارا-بارا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشى ۋە ئەڭ مۇھىمى، ناسارا بولۇپ كېتىشى ئىكەن. بۇنى قىسمەن توغرا چۈشەندىم، لېكىن كۆپىنچىسى غەربنى كوچا پاراڭلىرىدىن ئاڭلىۋالغاندەك قىلاتتى. غەربكە كۆچۈش ھارام دېگەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ئېھتىمال، غەرب جەمئىيىتى ناھايىتى بۇزۇق بولۇپ، كوچا-رەستىلەر يېرىم-يالىڭاچ خوتۇنلار بىلەن توشۇپ كەتكەن، مەكتەپلەردە ھەركۈنى خىرىستىيانلار داڭ چېلىپ چىركاۋغا چاقىرىۋاتقاندەك بىر ئاڭ باردەك قىلاتتى.

مەن ئۇلارنىڭ بۇ مۇنازىرىسىنى تىڭشاۋېتىپ ئۆزەمچە ئويغا پاتتىم. تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان ئۇ ئەرەبلەرنىڭغۇ ھېچبولمىسا، نامدا بولسىمۇ مۇستەقىل دۆلىتى بار ئىكەن، بىزنىڭ ئۇمۇ يوق. خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنى مۇھاجىرەتتىمۇ راھەت قويماسلىق ئۈچۈن قولى يېتىدىغانلىكى دۆلەتلەردە بىئارام قىلىۋاتماقتا.

بىز ئۇيغۇرلارغا يا مەككە-مەدىنە قۇچاق ئاچمىسا؟ يا گىرازدانلىق

ئالالمىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تۈركىيەدە راھەت تۇرالمىسا؟ رەقەملىك كود قويۇلۇپ قالغان بەزى ئۇيغۇرلىرىمىز دەككە-دۈككە ئىچىدىلا ياشايدىغان ھالغا كەپ قاپتۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ غەربكە كېلىپ ناسارا بولۇپ كەتكەنلەر ئاز-تولا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن بۇ ئومۇمى كەيپىيات ئەمەس. ياۋروپانىڭ ئىجابى تەرەپلىرى ۋە پۇرسەتلەر كۆپ بولغاندەك، خىرىسلىرىمۇ كۆپ.

مەن 2015-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىپ تۈركىيەگە توشۇپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلىكىگە مەسىلىكىم كېلىپ «غەرپكە كېتىشكە بەك ھەۋەس قىلىپ كەتمەسلىك» مەزمۇنىدا بىر يازمىمۇ يازغان ۋە «ئۆزى غەربكە بېرىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ بېرىشىغا سوغۇق قارايدىكىنە ماۋۇ غوجام» دەپ ئىنكاس يازغانلارمۇ چىققان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئەۋلات ساھابىلىرى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىغاندا، تۇنجى ھىجرەت دىيارى ھەبەشىستاندىن ئىبارەت ناسارا يۇرتى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

بەزى ئۇيغۇلارنىڭ تۈركىيەدە قېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك بولسا، يەنە بەزى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن غەربكە كېتىۋېلىش خەيرلىك بولۇشى مۇمكىن. ھەر كىمنىڭ شارائىتى ئۆزىگە مەلۇم بولغاچقا، غەربكە كېتىشنى بەك توسۇپ كېتىش ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس. قولىمىزغا ئىتتىك پىچاقنى ئېلىپ، پالانى دۆلەتكە كېتىشنىڭ دىنى ھۆكمى ئۇنداق، مۇنداق دەپ ئەھكام كەسمەي، «كىم نەدە ئاللاھقا سادىق ياشىسا، ئاشۇ ئەڭ ئەۋزەل» دېگەننىڭ گېپىنى قىلساق، ئاشۇ قۇرئانغا ۋە سۈننەتكە دەل چۈشىدۇ.

بىر ئىنسان قەيەردە ياشىسا ياشىسۇن، ئۇنىڭ پەقەت ئۆز ئىش-ھەرىكىتىلا دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت سائادىتىنى بەلگىلەيدۇ.